

رادىي فىش (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# جالالىددىن رۇمى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جالالىددىن رۇمى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7 - 228 - 01596 - 7
I·534(民文)定价：3.50元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رادىي فىش (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# جالالىددىن رۇمى

(تارىخىي بىئوگرافىك رومان)

ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھاكىم مۇسا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........................................ 1
بىرىنچى باب نىجات ........................................ 1
ئۆگزىدىكى بالا ........................................ 1
خارەزمشاھ، ئۆلىمالار ۋە سوپىلار ........................................ 7
بىشارەت ........................................ 21
سەكرەش ........................................ 26
كارۋان ........................................ 32
ئىككىنچى باب باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ........................................ 36
كەچكى سۆھبەت ........................................ 36
سىرنامە ........................................ 48
بىرىنچى شام ........................................ 61
دارۇسسالام ........................................ 72
راۋاب ........................................ 80
بىرىنچى شامنىڭ ئاخىرى ........................................ 93
ئورۇنسىز جازا ........................................ 96
ئۈچىنچى باب گۆھەر ........................................ 100
قوشۇن ........................................ 100
گۈلخانىلار ........................................ 109
گۆھەر ........................................ 118
ئىككىنچى شام ........................................ 121
«ئايال دېگەن نېمە؟» ........................................ 138
چېقىمچىلىق ........................................ 152

تۆتىنچى باب قورغان ........................ 159

بەسلىشىش ........................ 159

مۆجىزە ........................ 167

سىپىللار ........................ 179

لەرزە ........................ 200

بىلىش ۋە ياشاش ........................ 210

سىناش ........................ 220

قايغۇ ساداسى ........................ 234

بەشىنچى باب قۇياش بىلەن ئۇچرىشىش ........................ 257

يولۇچى ........................ 257

مەرجە ـ ئەل ـ بەھرەيىن ........................ 270

ئىنسانىي كامىل ........................ 284

ھىجران ۋە ۋىسال ........................ 299

قاتىللىق ........................ 324

ئالتىنچى باب ئورما ........................ 346

داپ ساداسى ........................ 346

سۆز ........................ 361

مەڭگۈلۈك ........................ 384

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

بۇ زور شېئىرىي مىراس يېزىپ قالدۇرغان شائىر ھەققىدىكى كىتاب. ئۇنىڭ جاھانغا مەشھۇر «مەسنەۋى»لىرى ئوتتۇزبىرمىڭدىن ئوشۇۋقراق مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ «دىۋانى كەبىر»ى تەخمىنەن قىرىق تۆت مىڭ مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئۈچ غەزەل كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ پەلسەپەۋى ۋە لېرىك تۆتلۈك شېئىرلىرى، رۇبائىيلىرى تۆت مىڭ مىسرادىن ئاشىدۇ.

لېكىن شائىر ئۆز قولىغا قەلەم ئېلىپ يازغىنىنىڭ ھەممىسى ئون سەككىزلا مىسرا، خالاس. قالغان يەتمىش توققۇزمىڭ مىسرانىڭ تولىسى شېئىرىي پارچىلار بولۇپ، ئۇلار ئاتالمىش شاگىرتلىرى تەرىپىدىن توپلىنىپ «كىتابۇل ئاسرار»غا كىرگۈزۈلگەن. مانا يەتتە ئەسىردىن بۇيان، بۇ ئەسەرلەر كىتابخانىلار ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا زوق بېغىشلاپ، چوڭقۇر مەزمۇنى، ئاجايىپ تەسىرچانلىقى، پەۋقۇلئاددە ئاھاڭدارلىقى ۋە شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئىخلاسمەنلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا.

شائىرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ نۇتۇقلار، سۆھبەتلەر توپلىمى ۋە كىشىلەرگە يازغان بىر يۈز قىرىق پارچە مەكتۇپى بىزگىچە يېتىپ كەلدى.

ئەنە شۇ كىتابلار سەھىپىسىدە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا شەرقنىڭ بۈيۈك دانىشمىنى، غەربتە يۇنانىستاندىن تارتىپ، جەنۇبتا ئىران ۋە ھىندىستانغا قەدەر سوزۇلغان جۇغراپىيىلىك رايوندا

دىئالېكتىك پىكىر جەۋھەرلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان ئاجايىپ ئەللامانىڭ قامەتى نامايان بولىدۇ.

شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۆمۈر بويى دىنىي ئەقىدىلەر ئىستىبداتىغا قارشى تۇرۇپ، ئىنسان روھىي ئەركىنلىكىنى ھىمايە قىلدى. سەلىپچىلەر يۈرۈشى ۋە فاناتىزم ھۆكۈم سۈرگەن بىر دەۋردە، ئۇ ئىرقىي، تىل ۋە دىنىي مەزھەپلەردىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلار باراۋەرلىكىنى تەشۋىق قىلدى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە سۆھبەتلىرىدە شەھەر ئاھالىسى تۆۋەن تەبىقىلىرىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە، دىنىي ئېتىقادنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىقىغا قارشى نارازىلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

بىراق كىتابخانلارنىڭ ئىختىيارىغا ھاۋالە قىلىنىۋاتقان بۇ كىتاب شائىرنىڭ پەلسەپىسى ھەققىدىكى مونوگرافىيە شۇنداقلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىغىلا بېغىشلانغان تەتقىقات بولماستىن، بەلكى بىئوگرافىك روماندۇر.

شائىر ھايات چېغىدىلا ھەر خىل تەقىپ ۋە ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان، ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دىن ۋە شەرىئەتكە زىت دەپ ئېلان قىلىشقانىدى. شائىرنىڭ خەلق ئارىسىدىكى داڭقى ئۇنى جىسمانىي جازادىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى شۇنداق جازادىن ساقلاپ قالالمىغان.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئەسىر ئىلاھىيەتكە ئىدىيىنىڭ باشقا ھەممە شەكىللىرى: پەلسەپە، سىياسەت، ئەخلاقىي تەرەپلەرنى قوشۇپ، ئۇلارنى ئاشۇنىڭ بۆلەكلىرىگە ئايلاندۇردى. ئاممىنىڭ ھېسسىياتى پەقەت دىنىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلدى، شۇڭلاشقىمۇ، ئاممىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىگە دىنىي لىباسلار كىيگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىش زۆرۈر ئىدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇتەئەسسىپ روھانىيلار شائىرنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ دىنىي لىباسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۇمانىستىك مەزمۇنلارنى دىنىي روھتا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتى.

شائىر «ئىنسان قەلبى مۆجىزىسى»دىن باشقا مۆجىزىگە ئىشەنمەيتتى. لېكىن شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر شائىرنى «مۆجىزىدار ئەۋلىيا» دەپ تەسۋىرلەشتى.

شائىر ئۆمۈر بويى تاشتەك قېتىپ قالغان دىنىي ئەقىدىلەرگە، پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى زەنجىر بىلەن باغلىغۇچى قائىدە-يوسۇنلارغا قارشى جەڭ قىلغانىدى. ئەمما شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، ۋە ئادەتلىرى، ئۇسۇللىرى، كىيىنىشلىرى ۋە شېئىرلىرى قەتئىي قائىدىلەرگە سىلىنىپ، دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى.

شائىر ھەممىدىن كۆپرەك قۇلچىلىقنى، مۇتەئەسسىپ كۆز قاراشلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شائىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دەرۋىشلىك يولىنى تۇتتى. بۇ گۇرۇھتىكىلەرمۇ باشقا دىنىي گۇرۇھلارغا ئوخشاش خىيالىي پىكىر ۋە تۇيغۇلارغا بوغۇلۇپ ئەزگۈچىلەرگە خىزمەت قىلىپ تاكى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كېلىشتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يەتتە ئەسىردىن بېرى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىسيانكار ماھىيىتىنى، جاسارىتىنى، خۇداگۆيلۈق تەلقىنلىرى توپىسى بىلەن كۆمۈپ كەلدى.

بۇ كىتاب تارىخىي پاكىتلار ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن دەلىللەرگە تايىنىپ، شائىرنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىشلەر تارىخىنى تىكلەشنى كۆزلىگەن بىر ئۇرۇنۇشتۇر.

بۇ دەلىل-ئىسپاتلار ئارىسىدا شۈبھىسىزكى، كېيىنكى ئون يىل جەريانىدا تۈركىيە ۋە ئىراندا شائىرنىڭ مەكتۇپ ۋە

سۆھبەتلىرى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىنغان ئىجادىي مىراسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە تۈركىيىدە قول يازما ھالىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەر رويخېتىمۇ نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرنىڭ ئاتىسى باھاۋىددىن ۋەلەد، ئۇستازى بۇرھانىددىن تېرمىزى، دوستى شەمسىددىن تەبرىزىلەرنىڭ سۆھبەتلىرى، شائىرنىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ كىتابلىرى بار.

ئالاھىدە بىر گۇرۇھ قاتارىدا ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ھاياتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن، شائىر ۋاپاتىدىن ئەللىك يىل كېيىن شەيخ ئەھمەد ئەفلاكىي تەرىپىدىن پۈتۈلگەن «تۆھفەتۇل ئارىفىن» كىتابىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. ئۇنىڭدا تەقۋادارلىق روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر بىلەن بىللە، شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ۋەقەلىرىگە دائىر تەپسىلاتلار بېرىلگەن، بۇ قىممەتلىك ماتېرىيال تەنقىدىي تەھلىلدىن ئۆتكۈزۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىندى.

كىتابتا كۆرسىتىلگەن شەخسلەر، ئۇلار مەيلى «تارىخىي سىمالار» بولسۇن ياكى پەقەت شائىرغا يېقىن كىشىلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئۆتكەن شەخسلەردۇر، تەسۋىرلەنگەن ئىشلارمۇ شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر.

پەقەت قەھرىمانلار تەسۋىرى، ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ ۋە خاراكتېرلىرى، ۋەقەلەرنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئىزچىللىقىنى يېزىشتا، ئاپتور ئىنچىكىلەپ يىغقان پاكىتلىق ماتېرىياللىرىغا تايانىدى، رەسسام - تەمىرچى دەۋر روھى، مۇسەۋۋىر ئۇسلۇبىنى① ئۆگىنىپ، ھازىرقى زامان پېنىنىڭ ئۇتۇقلىرىغا تايىنىپ، كۆزگە ئىلىنار-ئىلىنماس كىچىككىنە ئالامەتلەر ئاساسىدا قەدىمكىي تەسۋىرنى

① شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكى بىرخىل ئۇسلۇب — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىكلىگىنىدەك، يېتىشسىز ئورۇنلىرىنى خىيال ـ تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن تولدۇردى.

ئاپتور يالغۇز قەھرىمان پىكرىنىڭ نەتىجىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ كۆرسىتىشكە ۋە قەھرىمانىنىڭ نۇتقىنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. بۇ شائىرنىڭ ئۆز مەكتۇپلىرى، شېئىرلىرى ۋە ئىچكى مونولوگلىرىغىمۇ تەۋەدۇر. ئۇلار شائىرنىڭ ئۆز مەكتۇپلىرى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ شاھىدلىق ماتېرىياللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان ...

بۇ كىتاب ئۈستىدە يىگىرمە يىلچە ئىزدەنگەن ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، بولۇپمۇ، جالالىدىن رۇمى ـــ مۇكەممەل بىر گەۋدە، ئاپتورنىڭ كۈچى بولسا چەكلىك. پۈتۈنسۇرۇك شەرقشۇناسلار ئەۋلادىنىڭ ئەمگىكى مەدەت بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى زايا كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرك ئالىمى ئابدۇلقادىر گۆلپىنارلى، تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بەدىئۇز زامان فۇرۇزەنفەر، بولۇپمۇ سوۋېت شەرقشۇناسلىرى ئى. ئې بېرتېلىپ ۋە ب. ئا. گوردلېۋسكىنىڭ ناملىرىنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم. ئاپتور ئۆزىنى ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايدۇ.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى قول يازما ھالىتىدە ئوقۇپ، ئۆز مۇلاھىزە ۋە مەسلىھەتلىرى بىلەن ياردەملەشكەن نى. سى. براگىنسكىي، ئا. ئې. بېركېلىپ ۋە ز. گ. ئوسمانوۋالارغا ئۆز تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## نىجات

مېنىڭ قېشىمغا ئىشلىرىڭلارنى قويۇپ،
ئىخلاسىڭلار بىلەن كېلىڭلار.

ئىبنى تايمىييە

### ئۆگزىدىكى بالا

قىشنىڭ قىزغۇچ قۇياشى ئولتۇرماقتا، ئۇنىڭغا قارىمۇ قار-
شى تەرەپتىن بەلخ شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى، شەپەق نۇرىغا پۈر-
كەنگەن دەشتى- سەھرانى قاپلاپ شامال چىقىۋاتاتتى.

ئۇشۇقىدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن تون كىيىپ، كەڭ يەڭلىرى-
گە قوللىرىنى تىقىپ، جەينەكلىرىنى قامللاپ تۇتۇۋالغان جالالى-
دىن سامانلىق لايدا سۇۋالغان ئۆيىنىڭ تۈپتۈز ئۆگزىسىدە
تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئۈزمەي پەسكە، خۇددى چۆمۈلىلەردەك مىغىلداپ
يۈرگەن ئادەملەر ئېقىمىغا قاراپ تۇراتتى. دانىشمەنلەرنىڭ دې-
گىنىگە قارىغاندا، بۇ ئادەملەر ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى مانا
مۇشۇ يەردە ئۆمىلىشىپ يۈرۈشمەكتە. بۇ شەھەرنى باسقۇنچىلار
نەچچە قېتىم يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى، لېكىن بۇ شەھەر
يەنىلا مانا مۇشۇنداق تۇرماقتا، تۈرلۈك تىللار، شاۋقۇن- سۈرەن-

لەر بىلەن تولغان بۇ پاك ماكان يەنىلا مىغىلدىماقتا.

ئەمىر قورغانى ھىندۇۋان بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تۆت چاسا شەكىلدىكى قۇم سۇۋاق ئۆيلەر، ھاممامىلار، مەدرىسە-خانىقالارنىڭ گۈمبەزلىرى ئارىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئەمما مەسچىت جامەنىڭ مۇنارلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز بولۇپ ئاسمان قەرىگە بوي تارتقانىدى.

بەلخاپ دەرياسىنىڭ بوتقا سۈيىگە تولغان قانال، ئېرىق-ئۆستەڭلەر قويۇق دەل-دەرەخلىك باغلارنى ئارىلاپ ئېقىپ، يەر ئاستى سۇ يوللىرىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولاتتى، يەنە قەلئە سېپىلىنىڭ سىرتىدا پەيدا بولۇپ، ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىپ، ئەتراپتىكى يېزا-قىشلاقلارنىڭ قىزغۇچ تۇپراقلىق يەرلىرىگە ھايات بەخش ئېتەتتى.

قۇش بازار تاكى قەلئە سېپىلىغىچە سوزۇلغان بولسىمۇ، خۇددى ئالىقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۇكانلار تاقىلىشقا باشلىغان، مۇھتەسىپ① ئۆز ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سودا-تىجارەت پەيغەمبەر قائىدە-يوسۇنى بويىچە قىلىنىشىنى تەكشۈرۈپ رەستىمۇ-رەستە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھەر خىل قورال-جابدۇق ياسايدىغان دۇكانلارنىڭ ئوچاقلىرىدىكى ئوتلىرىمۇ ئاستا-ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. مىسكەرچىلىك، زەرگەرلىك، بۆشۈك ياسىغۇچىلار، ھارۋا ياسىغۇچىلار رەستىلىرىدىكى قۇلاقنى گاراڭ قىلىدىغان تاراق-تۇرۇقلارمۇ جىمىقتى. پىچاق چاقلىغۇچىلارنىڭ چاقىدىن چىقىدىغان يىلانغا ئوخشاش ۋىژىلدىغان ئاۋازلارمۇ بېسىقتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىت كوچىنى ياقىلاپ بىر بۆلۈم ئاتلىق تۈرك ئەسكەرلىرى ئېتىنى ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ يەتتە دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ قايتىشقانىدى.

① بازار تەرتىپى، تارازىلارنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرگۈچى

ئۆگزىدىكى بالا سوغۇقتىن شۈركۈنۈپ، دۈمبىسىنى شامالغا قارشى ئۆرۈدى. شەھەرنىڭ كۆل رەڭ خىشتىن ياسالغان شەرقىي نەۋباھار دەرۋازىسىنىڭ گۈمبەزلىرى پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ شولىسىدا، خۇددى كۆيۈۋاتقاندەك يالقۇنجاپ كۆرۈنەتتى. بۈگۈن ئاتىسى مەسچىت جامەدە بېشارەت قىلىپ دېگەن دەھشەتلىك زەربىگە بىرىنچى بولۇپ ئاشۇ دەرۋازا يولۇقاتتى.

كېيىنكى ھەپتە ئاتىسىنىڭ قورۇ-جايى باھالىنىپ، ئانىسىنىڭ مېھرى ھەققىگە تەگكەن باغلار، ئۈزۈمزارلار سېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۆيلىرىدىن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئىچكىرىدىكى ھويلىدا ئاتىسىنىڭ قېرى ئىنىكئانىسى نەسىبە خېنىم ئۈننى چىقارماي، كۆز ياشلىرىنى يۇتۇپ (ئاتىسى يىغلاشنى مەنئى قىلغان) ئىش قىلىۋاتاتتى، گىلەملەر، ئورۇن-كۆرپىلەر، جايناماز لار يىغىشتۇرۇلۇپ، بىر-بىردىن بوپىلىنىۋاتاتتى، مىس جابدۇقلار، جاۋۇرلار، كوزىلار، لىگەن ۋە مەنقاللار① يىغىشتۇرۇلماقتا ئىدى. ئاتىسىنىڭ شاگىرت ۋە مۇرىتلىرى سودىگەرلەر بىلەن سودىلىشىپ، كارۋان باشلىرى بىلەن كېلىشىشكە تىرىشاتتى. ئەنە شۇنداق تەشۋىش، ئالدىراشچىلىقتا پەيغەمبەر ئەۋلادى سەئىدلەر ئورايدىغان كۆك سەللىنىڭ پېشى خۇددى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىدىغان ئاجايىپ بىر قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشاش تىنىمسىز لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇ ئاتىسىنىڭ خەلىپىسى — سەئىد بۇرھانىدىن بولۇپ، ئۇ سوقا يۈزى، ئېگىز، قاتما گەۋدىسى بىلەن ھەققەتەنمۇ بىر يىرتقۇچ قۇشنى ئەسلىتەتتى، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىش قىلىدىكەن، مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇش، تىلاۋەت قىلىش، ئۇستازىنىڭ پەندۇ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ياكى ئۇنىڭ بالىلىرىغا ساۋاق بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەققەتەن ئەستايىدىللىق بىلەن قىلاتتى.

① كۆمۈر قاتارلىق يېقىلغۇلار يېقىلىدىغان قۇيما كۆچمە ئوچاق — ت.

كىتابلارنى ئاتىسىنىڭ ئۆزى تاللاۋاتاتتى: جىلد-جىلد ھەدىسلەر — پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى، پەندۇ ھېكمەتلىرى، رىۋايەتلەر، ئىسلام قانۇنلىرى — شەرىئەت بىلىمدانلىرىنىڭ ئىشلىرى، مۇتەننەبى، سانائى، ئەتتارغا ئوخشاش شائىرلارنىڭ توپلاملىرى، غەززالىي، ئەل-خارەزمىگە ئوخشاش مەشھۇر ئالىملارنىڭ شىكەستە خەتتى① شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلىرى، بۇ يەر، يەنى خۇراساننىڭ ئانا شەھىرى بەلختە، ھىراتتا، خارەزم، سەمەرقەندلەردە، نىشاپۇر، تەبرىزلەردە، دەمەشقتە، نىجاپ-بەسىرلەردە، ئومۇمەن مەرىپەتلىك ئىسلام ئالىمىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ياغاچ، ئۈچكە تېرىسىدىن تەييارلانغان خۇرۇم ياكى ھەل بېرىلگەن مۇقاۋىلار بىلەن مۇقاۋىلانغان، بەلخ ۋائىزلىرى② ۋە ئۆلىمالىرىنىڭ بىرنەچچە ئەۋلادىدىن بۇيان توپلانغان، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مۇسەننەفاتلىرى③ ئۇنىڭ قارامتۇل قولىنىڭ كەڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدىن بىر خىلدا ئۆتۈۋاتاتتى.

سەئىد بۇرھانىدىن تاللىۋېلىنغان كىتابلارنى ئىككى قوللاپ، تەزىم-تەۋەززۇ بىلەن ئېلىپ، كۆلچەكلىك ھويلىغا توشۇپ، تېكمەت ئۈستىگە تىزاتتى. سەككىز قىرلىق كۆلچەك بويىدىكى مەجنۇنتال ئاستىدا كىتابلار ئاۋۋال كىگىز، كېيىن ئەيلەنگەن تېرىلەر بىلەن ئورىلىپ پۇختا تېڭىلدى. ئەمدى ئۇلارغا كېچىپ ئۆتىدىغان تاغ دەريالارنىڭ دولقۇنلىرى، بېسىپ ئۆتىدىغان چۆل-جەزىرىلەرنىڭ كۆيدۈرگۈچى يالقۇنلىرى تەسىر قىلالمايتتى. ھەر بىرى پاختا تېيىلدەك كېلىدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۈچ ھەسسە

---

① ھەرپلىرى چېكىتسىز ۋە بىر - بىرىگە قىستاپ يېزىلغان ئەرەبچە خەت تۈرى - ت.

② ۋائىز — ۋەز-نەسىھەت ئېيتقۇچى — ت.

③ مۇسەننەفات — بۇ يەردە ئەسەرلەر مەنىسىدە.

ئېشىرراق كىتاب باغلاملىرى ئۇن تۆگكە يېتىپ ئاشاتتى، لېكىن ئاتىسى يەنىلا كىتاب تالالاۋاتاتتى ...

جالالىدىن ئاكىسى بىلەن سەئىدكە ئەگىشىپ كۇتۇپخانا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئاتىسىنىڭ كىتاب جازىسىدىكى بىر كىتاب ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىتابنى خۇددى قۇرئان سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغاندەك ئاستا ۋاراقلايتتى، بارماقلىرى بىلەن سىلاپ-سىيپايتتى، بەدىنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى، لەۋلىرى ئۈنسىز قىمىرلايتتى، كۆزلىرى بولسا تامغا قاراپ قادالغىنىچە تۇراتتى.

سەئىد بۇرھانىددىن ئۇستازىنىڭ بۇ ھالىنى ياخشى چۈشەنەتتى. چۈنكى ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ئاللىقاچان ئېيتىلىپ بولۇنغان، «شاگىرت ئۇستازىغا ئايان بولغان ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولدى. ئەمدى ھەق سۆزنى مۇستەقىل ئېيتالايدۇ» دېگەن مۆھۈرلۈك شاھادەتنامە نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ساقلاقلىق تۇراتتى. ئۇ يىراقتا تۇرۇپ، تۇم قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان خەتتى نەستەلىقىنىڭ① خۇددى ئۈنچە تىزىقلىرىدەك ئىمىر-چىمىر قىلىپ تۇرغان قۇرلىرىنىڭ ئايرىم جايلىرىدىكى ھۆرمەت مەنىسىدە قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان سۆزلەرگە قاراپ كىتابنى تونۇدى. ئۇ «شەيخى ۋەلتەراش»② دېگەن نام ئالغان ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئەبۇل جانىپ نەجمىددىن كۇبرانىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان قۇرئاننىڭ تەپسىرى ئىدى.

كىتاب جازىسى ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرغان بۇ زور قامەتلىك، ئۇلۇغۋار بوۋاي بىر چاغلاردا خارەزمگە بېرىپ، شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ تۇرار جايىغا تاۋاب قىلغان. ئۇنىڭغا مۇرىتلىققا قول بېرىپ، ئۆزى كېيىن سەئىدكە بەرگەن شاھادەتنامىسىدەك

① خەت ئۇسلۇبلىرىنىڭ بىر تۈرى — ت
② ئەۋلىيالار ياقتۇرىدىغان شەيخ.

مۆھۈرلۈك ئىسپات ئېلىشقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ھازىر پىرى مۇرشىدىدىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئۇنىڭ كىتابى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، شەيخ بىلەن غايىبانە خوشلىشىپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراۋاتاتتى. ئۇ نېمىشقا ئانا شەھىرىنى تاشلاپ كېتىشكە تۇتۇندى، شەيخ نەجمىدىن كۇبرا بولسا ھېچقاچان بۇنداق قىلمىغان بولار ئىدى.

ئۇستازى، مويسىپىت باھاۋىددىن ۋەلەدگە قاراپ سەئىدنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

لېكىن ئاللادىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ ئالدىدا تىز چۆكمەيدىغان ئاتىسىنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشى جالالىدىنغا تەسىر قىلمىدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە يىراق سەپەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تېخى ئۆزى كۆرمىگەن مەملىكەتلەر، ئۆلكىلەر، شەھەرلەر، سەلتەنەتلىك جايلارنىڭ تاماشىلىرىنى كۆرۈش كويىدا بىرخىل خۇشاللىق، ھاياجان ئىچىدە يۈرەتتى.

ئون ئىككى ياشلىق بالا ھىجرانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

ھازىر پەقەت ئۇنىڭدا ئاتا ماكانى بولغان قەدىردان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئاخىرقى قېتىم تۇرۇپ، شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن شەھەرگە قاراپ، گېلىغا بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. يەنە قۇلىقى تۈۋدە ئاتىسىنىڭ مەسچىت جامەنىڭ ئىچىدە گۈركىرىگەن غەزەپلىك ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ھەي، ۋەخشىنىڭ قازىسى، ھەي، پەخرىددىن رازىغا ئەگىشىپ، ھەق يولدىن ئازغان ئاسىيلار! ھەي، خارەزمشاھ مۇھەممەت! خەۋەردار بولغىنكى، پانىي دۇنيا جاھالىتى كۆزۈڭنى كور قىلدى! ئۆزۈمچىلىكنىڭ سېنى بىپەرۋالىق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈردى! بۇ قىلمىشلىرىڭ

ئاخىر سىزنى يامانلىق يولىغا جەزمەن ئېلىپ بارىدۇ. مانا، جا-
ھالەت نەدىن كەلدى، بەزى ئۆلىمالاردىكى رەزىللىكلەر نەدىن
پەيدا بولدى، پۇچەكلىك، ئىپلاس ھاۋايى-ھەۋەسلەر، كۆپرى-
گۇمانخورلۇقلار نەدىن پەيدا بولدى! سىاگا ئىدراك ياتتۇر، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۆز سەلتەنىتىڭدە ئۆزۈمچىلىك غادىيىپ باش كۆ-
تۈرگەن. ئەمما ئاتا-بوۋىلارنىڭ دېگىنىدەك: «ئۆزۈمچىلىك ھۆ-
كۈمران بولغان سەلتەنەت مەلئۇن سەلتەنەتتۇر!»

جۇمە نامىزىدا ئاتىسى تۇۋلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەۋاتاتتى.
خالايىق شەھەرنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمىنىڭ سۆزىنى قورقۇنچ ئىچىدە
باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئاڭلىدى. شەرىئەت نامىدىن سۆزلەپ،
شەرىئەت نامىدا ھۆكۈم يۈرگۈزگەن شاھنىڭ ھۇزۇرىدىكە ئېرىشى-
كەن قازىيۇل قۇززات، سۇلتاننىڭ يېقىنى رازىنى دىيانەتسىز
دېيىش! بۇ ئازلىق قىلغاندەك، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەڭ
قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى — خارەزمشاھنىمۇ قوشۇپ
ھاقارەتلەش! ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

## خارەزمشاھ، ئۆلىمالار ۋە سوپىلار

ۋائىز بۇرھانىددىن ۋەلەدنىڭ «ئۆزۈمچىلىك روھى» نىمىنى
كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. خارەزمشاھ
مۇھەممەد ئالدىراقسانلىق، نادانلارچە بىپەرۋالىقتا نام چىقارغانى-
دى. ئۆزىنى بارچە مۆمىنلەرنىڭ باشپاناھى ۋە نىجاتكارى
دەپ ئاتىغان بۇ پادىشاھ بەلخ شەھىرىگە شۇنچىلىك باج-سېلىق
سالغانىدىكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق سېلىقلار بۇنىڭ
ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش-يۈرۈشلەرنى قىلىپ بىرمۇنچە مەملىكەت-
لەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مەملىكەت ئىچىدە ھەر

تۆرلۈك گۆرۈھ ـ تەپرىقىچىلەرنىڭ تالان ـ تاراجلىرىنى بېسىقتۇرال ـ
مىغانىدى.

بەلخ خەلقىئارا سودا يوللىرى ئۈستىگە جايلاشقانىدى.
چىن ـ ماچىنىدىن دەمەشىقە، مەككەئىي مۇكەررەمىگە، مىسىرغا،
ھىندىستاندىن رۇسلارنىڭ سوغۇق ئۆلكىلىرىگە، بۇخارا، سەمەرقەندـ
لەردىن ۋىزانتىيە پادىشاھلىقىغا، ماھىر پەرەڭلەر يۇرتلىرىغا
بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. جەڭگەـ
جېدەللەر، يوللاردىكى بۇلاڭچىلىقلار، شاھ سارىيىدىكى كۆپرانىي
مەئىشەتلەر بەلخنىڭ ئىككى ئىقتىسادىي يىلتىزىغا ــ ھۈنەرۋەنلىك
ۋە تىجارەت يىلتىزىغا پالتا چاپاتتى. ئۇزۇندىن بېرى ھۈنەرـ
ۋەنلەر جامەسى ــ ئەخىيلەرنىڭ(1) يوشۇرۇن مەجلىسلىرىدە، سودىگەرـ
لەرنىڭ كارۋان سارايلىرىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلار
ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىناتتى.

دىن پېشىۋالىرىمۇ نارازى ئىدى. ھەر كۈنى بازار، مەھەلـ
لىلەر، مەسچىت، كوچىلاردا سەدىقە تىلەپ يۈرگەن تىلەمچىلەرـ
نىڭ خۇرجۇنلىرىغا پۇل كەمدىن ـ كەم چۈشەتتى. مەدرىسلەردە
ئىلمىي ئىلاھىيەت ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىدىن دەرس بەرگۈچى
ئۆلىمالارنىڭمۇ تاپاۋىتى كېمىيىپ، نەزىر ـ چىراغلار ئازلاپ كەتـ
كەنىدى. شەھەر بايلىرىنىڭ ساخاۋىتى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ
كېلىۋاتقان خانىقادىكى ئەھلى ـ شەيخ، دەرۋىشلەرنىڭمۇ ئەھۋالى
قىيىن ئىدى.

دەرۋەقە، ئۆلىمالار ئۈچۈن بىرلا يول، ئۇ بولسىمۇ شاھ خىزـ
مىتىنى ياخشى ئىشلەش، تاپاۋىتى كۆپ قازىلىق مەنسىپىنى قولغا
كىرگۈزۈش، ساراي ئۆلىماسىغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەرـ
خىل ئىشلىرىغا پەتىۋالار چىقىرىپ بېرىش يولىلا بار ئىدى.

(1) ئەخىيلەر ــ ھۈنەرۋەن، كاسىپلاردىن تەشكىللەنگەن تەرىقەتچىلەر مەزھىپىگە
تەۋە بىر دىنىي گۇرۇھ ـ مەزھەپ ــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز جېنىنى شەيتانغا سېتىشقا، ۋەخىش قازىسىغا ئوخشاش پۇل ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن بولۇشچە ھۆكۈم چىقىرىشقا ياكى يېقىندا ۋاپات بولغان پەخرىددىن رازى-غا ئوخشاش پادىشاھنىڭ ئاشۇ ئەسكىلىكلىرىنى پەتىۋالار بىلەن پەردازلاشقا ماقۇل بولىشىۋەرمەيتتى. ئۆلىمالار كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا تۇپراققا ئايلىنىدىغان پانىي ئالەم ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى بىردىنبىر ۋە ئەبەدىي ئاللاغا خىزمەت قىلىشلىرى، شۇنىڭدەك ئاللانىڭ ھەقىقەت سۆزىنى ئۆلىمالارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئىزھار قىلىشى لازىم ئىدى. بۇنى باھاۋىددىن ۋەلەد ئۆز تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ياخشى چۈشەنگەنىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭغا غايىبتىن بېشارەت بولغانىدى.

ماھى مۇھەررەم يەنى رامىزاندا كۈندۈزدىكى روزا تۇتۇش ئازابى، كېچىسىدىكى ئۇيقۇسىزلىقتىنمۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسقاندەك بولدى. كۆزى ئىلىنىپلا چۈش كۆردى. چۈشىدە گويا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇنى — باھاۋىددىن ۋەلەدنى بۇنىدىن كېيىن سۇلتانۇل ئۆلىما دەپ ئاتاشنى ئەمرۇ-مەرۇپ قىلغانمىش. باھاۋىددىن ۋەلەد ئاجايىپ بىر تىترەك ئىچىدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ ئويغاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ چىقارغان پەتىۋالىرىنىڭ ئاستىغا «سۇلتانۇل ئۆلىما» دەپ ئىمزا قويىدىغان بولدى. پۈتۈن ئۆمرىنىڭ مەھسۇلاتى ھېسابلانغان «مائارىپ» دېگەن كىتابىغىمۇ ئىسمىنى شۇنداق دەپ يازدى. بۇنىڭغا يا ۋەخىش قازىسى، يا زەينىددىن فەرازىي رازى ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۆز تەقۋادارلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان مويسىپىت مەرۋازى ئۆزىگە بۇ ھەقتە غايىبتىن بىشارەت بولغانلىقى — چۈشىدە ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر بىر قامەت كۆرۈنۈپ، باھاۋىددىن ۋەلەدنى شۇنداق ئالىي ئۇنۋان بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇغانلىقنى ئېيتسىمۇ، دۈشمەنلەر تېخىمۇ ھەسەت قىلىپ، مەزكۇر ئۇنۋاننى باھاۋىددىن-

نىڭ پەتىۋالىرى ۋە كىتابىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلى-
شاتتى. ئۇلارچە، ئۇ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ ئۆلىما، ئەمما خۇراساندا
مۇنداق ئۆلىمالار ئازمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئەقلى خۇددى
يېغىر قىرچاڭغۇ ئاتنىڭ كۆزىدەك يىراقنى كۆرمەسمىش: ھەقى-
قەتنىڭ روھىغا ئەمەس، ئۇنىڭ شەكلىگە ئېسىلىۋالغانمىش. كونا
ئەقىدىلەرنى ئىلمىي ئىرپان ئۇتۇقلىرىغا تايىنىپ، كۆز كۆرۈپ،
قۇلاق ئاڭلىمىغان زامانلارغا سېلىشتۇرۇپ، چۈشەندۈرىدىغان
ئەللامىلارنى ھاقارەت قىلارمىش...

«بىرلا ۋاقىتتا غايىبتىن ئىككى بېشارەت بولۇپ تۇرۇقلۇق-
لۇقمۇ، بۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىشمىدى! بۇ نېمىدېگەن كورلۇق،
نېمىدېگەن رەزىللىك! يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رىغان بۇ يېڭى تەرەققەتچىلەر پەقەت ئىلاھىي ئىقتىدارلا
ئېنىق بىلەلەيدۇ، دەپ قارىلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى تەپەككۇر
كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولۇشاتتى. ئاللا
ياراتقان مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ مەنتىق يولى بىلەن ئېنىقلىنىشىغا
ئىشەنمىسە بولامدۇ! ئۇلارنىڭ ھەممىسى (ۋەھىش قارىسى
قاتارلىقلار) مۇئەممەرلىك بىلەن پەلسەپە سېتىپ، خارەزمشاھ
مۇھەممەدنىڭ يامان ئىشلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھارام
تاماقنى يېيىشكەن - دە!...»

باھاۋىددىن ۋەلەد ئۆزىنىڭ ھەقىقەت يولىدا چىڭ تۇرغان-
لىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ھالدا شۇنداق دەپ ئويلايتتى.

ئېھتىمال، يەتتە ئەسىر كېيىن ياشاۋاتقان كىتابخان نېمە
ئۈچۈن شۇنچىۋالا تالاش-تارتىش بولۇۋاتقانلىقىدىن كۈلۈپ،
قەدىمكىي بەلخ شەھىرىدىن چىققان ئۆلىما باھاۋىددىن ۋەلەدنى
تازا بىر مۇتەئەسسىپ ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالار. ھەئە، ئەل-
ۋەتتە ئۇ ئۆز ئېتىقادىدا مۇتەئەسسىپ ئىدى ۋە يەتتە ئەسىر-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن ئاددىي بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ، تېپىشماق تېپىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى ھەقىقەت دەپ بىلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ زاماننىڭ تەپەككۇرىغا مەنسۇپ ھەممە نەرسە — ئىلمىي نۇجۇم، خىمىيە، ئىلمىي ھەندەسە①، ھوقۇق، تارىخ، تىل ئىلمى، ئىبنى سىنانىڭ «ئەل - قانۇن»ى، ئەپلاتۇننىڭ غايىلىرى، تەركىدۇنيا سوپىلارنىڭ پەلسەپە نەزەرىيەلىرى ئۇنىڭغا ئايان بولسىمۇ، بىراق ئۇمۇ، كۆپلىگەن ئۆزگە زامانداش ئالىملارغا ئوخشاش، ئەقىل - ئىدراك (تەپەككۇر) ياشاشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىن - يېشىشتىن ئاجىز، دېگەن ئەقىدىدە ئەمەسمىدى؟ چۈنكى شۇ دەۋرنىڭ تەپەككۇرى مەزكۇر مەسىلىلەرنى يېشىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئۆلىمالار بولسا، بىر ئاز باشقىچىرەك پىكىر قىلىشاتتى. ئۇلار ئەرەستۇچىلارنىڭ تەسىرى بويىچە مەنتىقىي دەلىللەرنى ئىشقا سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن قېتىپ قالغان ئەقىدىلەرنى يېڭى تارىخىي شارائىتلارغا ماسلاشلاشتۇرۇپ، ئاخىر تەپەككۇرنى ئاشۇ ئەقىدىلەر زەنجىرىدىن ئازاد قىلىش يولىدا يېڭى بىر قەدەم باسماقتا ئىدى. ئەمما ئۇلار قولغا ئالغان ئاشۇ كىچىككىنە چەكلەنگەن ئازادلىق دەسلەپكى چاغلاردا زۇلۇمنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىگە، ئەقىدىلەردىن قۇتۇلغان ئىستىبداتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە خىزمەت قىلاتتى.

ئاممىنىڭ ئازاد بولۇش يولى تەپەككۇرنىڭ ئازاد بولۇش يولى بىلەن ئوخشىمايتتى. ف. ئېنگېلسنىڭ تەبىرىچە، خەلق ئاممىسى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۇرمۇش تەلەپلىرىگە جۇلۇقى چىققان ئىلاھىي لىباسلار كىيگۈزىدۇ.

ئەركىن پىكىر مەھسۇلىدىن كۆپ ھاللار ئەزگۈچىلەر ھەممىدىن بۇرۇن بىرىنچى بولۇپ بەھرىمەن بولىدۇ.

① گېئومېترىيە ئىلمى — ت.

پەقەت ئىلگىرىلەش ئارزۇسى، مۇتەئەسسىپلىك ئەمەس، شەھەرلىكلەرنىڭ ياردىمى، پۇقرالار بىلەن بىر سەپتىكى روھانىيلارنىڭ مەدەتلىرىنى جانلىق ھېس قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق، باھاۋىددىن ۋەلەد ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە بولغان ئىتىقادىنى ئاشۇراتتى، ئىشەنچىسىگە ئىشەنچ قوشاتتى. بۇ ئارىلىقتا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى «خۇدانىڭ يەردىكى سايىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇ سۆزلەرنى پادىشاھلىق مۆھۈرىگە ئويدۇرۇپ يازدۇرغان خارەزمشاھ مۇھەممەد شەيخلەرنىڭ بىر دەككىسىنى بېرىپ قويماقچى بولدى. شەيخلەر ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالار ئىچىدىكى نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ باشباشتاق ھاكىمىيىتىنى چەكلەشكە ئۇرۇناتتى. خارەزمشاھنىڭ قەھرى - غەزىپى مەشھۇر سوپى ۋە شائىر شەيخ مەجدىددىن باغدادىنىڭ بېشىغا ياغدى.

باھاۋىددىن بىلەن باغدادى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاكا ـ ئىنىدىنمۇ يېقىن ئىدى. ئۇلار ئۇستازى مەشھۇر شەيخ نەجمىددىن كۇبرا خانىقاسىغا بىر قېتىم بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشقانىدى. شەيخ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان، گويا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدىن، تۇرمۇش تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، چۈشىنىكسىز خەتلەرنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ئۆچۈرگەن. كېيىن سەمەرقەند قەغىزىدەك تازا يۈرەكلىرىگە ئۆزىنىڭ سىزىقلىرىنى يازغان. ھەق يولىدىن ئۇلارنى ھېچقانداق نەرسە ئاينىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىرادىلىرىنى پىدائىيلىق سىناقلىرى ۋە جاسارەت يالقۇنىدا قايتا تاۋلىغان. ئۇلار ئاۋۋال قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىلا باشقىلارغا باشلامچىلىق قىلىش ھوقۇقى ــ ئىجازەت ئېلىشقا ئېرىشتى.

بىراق ئۇلارنىڭ كۆزقاراش، تەبىئەتلىرىدە پەرق بار ئىدى. شۇڭلاشقا شەيخ ئۇلارنى باشقا ـ باشقا يول بىلەن باشلىدى. باھاۋىددىننىڭ قىزىق قانلىقى قاتتىق قوللۇق بىلەن چەك-

لەنگەچكە ئۇ ئىزىغا چۈشتى. بۇ خىسلەتلەر كەڭ بىلىملەر بىلەن قوشۇلغاچقا، ئۇ يالغۇز سوپىلا ئەمەس، شەرىئەت بىلىمدانى، هالال ـ هاراملىق مەسىلىلىرىدە دادىل مۇنازىرىلەشكۈچى زامان ئەللامىسى بولۇپ تونۇلدى.

باغدادى بولسا، ئۆز هېسسىياتىغا كۆمۈلۈپ ئۆز قىزغىنلىقىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە، ئۆزىنى يوقىتىش هالىتىگە چۈشۈپ، سوپىلىقتا شائىرلىق يولىنى تاللىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خۇراساندا دەسلەپكى سوپى نەسلى ئەرەب، مۇهەممەد خارەزمشاهدىن تۆت يۈز يىل بۇرۇن بەلختە هاكىم بولغان شاراپەتلىك شاه ئىبراهىم ئىبنى ئەدهەم ئىكەن.

شاه بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، بىر قۇلانىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنمىش. ئوقيايىدىن ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭغا تەگكەچكە، پادىشاه ئولجىغا قاراپ ئاتنى چاپتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇ چاغ قۇلان خۇددى ئادەمدەك زۇۋانغا كىرىپ: «هەي شاه، سەن هېمايىسىز هايۋانلارنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈنلا تۇغۇلغانمىدىڭ؟» دەپتۇ. شاه خىجالەت بوپتۇ. ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، كېچىچە تائەت ـ ئىبادەت قىپتۇ. ئەتىگىنى قارىسا، ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر بەدەۋى چوپان يۈرگۈدەك. پادىشاه ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ساقچىلارنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار چوپاننى تۇتۇپ كەپتۇ. شاه ئىبراهىم ئۇنىڭدىن: «مېنىڭ سارىيىمنىڭ ئۆگزىسىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. بەدەۋى: «تۆگەمنى يوقىتىپ قويدۇم، شۇنى ئىزدەپ يۈرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تۇنۇگۈنكى ئاجايىپ هادىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، شاه غەزىپىنى بېسىپ يەنە ئۇنىڭدىن: «سەهرادا يوقالغان تۆگىنى ئوردا سارايلىرىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئىزدەش هاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. چوپان: «تەختتە ئولتۇرۇپ، تەڭرىنى

ئىزدەش تۈنگىدىنمۇ ھاماقەتلىكرەكقۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن شاھ جەندى كىيىپ، ئىككىنچى كۈنىلا سارايىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. قەلەندەر بولۇپ تەرىقەت ـ تەقۋادارلىق يولىنى تۇتۇپ، ئۆمرىنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى چۆلدە تىكەن چېپىپ ئۇنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئەنە شۇ شاھ ئىبراھىم، شەيخۇل ئەزەم ئىبراھىم بەلخگە ئايلىنىپ، كېيىنرەك تەسەۋۋۇپ① دەپ نام ئالغان تەرىقەتكە ئاساس سالغانىكەن.

بەلختە ھەقىقەتەنمۇ ئىبنى ئەھمەد شاھ دېگەن بىر ئادەم دۇنياغا تۆرۈلۈپ، ئۆمۈر سۈرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز. ئىلىم ـ پەنگە مەلۇم بولغىنى شۇكى، ئىسلام ئېتىقادىدا پەيدا بولغان تەركىدۇنياچىلىق ھەرىكىتى شەھەر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئەھۋالىدىن نارازىلىقى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى روھانىيلار، يۇقىرى تەبىقىلەر ۋە دۆلەت مەنپەئىتىگە يەم قىلغۇچى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ زۇلۇم ـ ئاسارەتلىرىگە بولغان نارازىلىقى تۈپەيلىدىن راۋاجلانغان. بۇ نارازىلىق، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئاكا ـ ئۇكا دەپ ئېلان قىلغان ئىسلام پەتىۋا ـ پەرمانلىرى بىلەن ۋە يەنە خۇددى شۇ دىن نامى بىلەن ئىش قىلىدىغان، مەنپەئەتپەرەس روھانىيلارنىڭ پەتىۋاسىغا تايانغۇچى ھۆكۈمدارلار زوراۋانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن بارغانچە چوڭقۇرلىماقتا ئىدى. بۇ نەرسە ئىبراھىم بەلخىي ھەققىدىكى رىۋايەتتىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: جانىۋارلارنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىشى، تەنسىز، جىسمسىز روھلار

① غەيرى ـ تەبىئىي ئالەمگە، ئىلاھىي كۈچلەرگە، ئادەملەرنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان دىنىي ئېتىقاد، مىستىكا ـ ھ.

www.uyghurkitap.com

بىلەن بولغان سۆھبىتى ئىنسان روھىنىڭ ئىستېتىك ئەكس سادالىرىدۇر.

ئۆز ئەتراپىدىكى ۋەقەلىكنى ئادالەت قانۇنلىرىنىڭ ئۆزگەرتەلىشىگە قادىر كۈچلەرنى كۆرەلمىگەن مۇسۇلمان تەرىقەتچىلىرى ئەرەبلەر «سۇف» دەپ ئاتىغان، قوپال توقۇلغان پالازلاردىن جەندى كىيىپ، دەشتۇ سەھرالارغا چىقىپ كېتەتتى ياكى ئۆيلىرىدە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىنسان تەبىئىتى ۋە تەڭرى ماھىيىتى ئۈستىدە پىكىر - خىيال قىلىشاتتى. ئۇلارنى كىيىملىرىدە قاراپ قەلەندەر - سوپىلار دەپ ئاتىشاتتى، ئۇلار قۇرئاندىكى ھالال ۋە ھارام چۈشەنچىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس ئەخلاقىي تەلىمات يارىتىشتى. ئۇلارچە ھۆكۈمرانلارغا تېگىشلىك ھەر خىل ماددىي نېمەتلەر شەك - شۈبھىسىز ھارام سانىلاتتى. چۈنكى ئۇ، زوراۋانلىق ۋاستىسى بىلەن قولغا كەلگەن، دەپ قارىلاتتى. ھەتتا تەقۋادار بىر كىشى، پادىشاھقا قاراۋۇل بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ دانلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز توخۇسىنىمۇ ھارام سانايتتى. ھەددىدىن ئاشقان تەقۋادارلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك تەرى سىڭگەنلىكى ئۈچۈن خەير - سەدىقە ئېلىشتىنمۇ ھەزەر قىلاتتى. پەقەت چۆلدىكى تىكەن بىلەن بۇلاقتىكى سۇلا بۇلاردىن خالىي سانىلاتتى. چۈنكى ئۇلار ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇنى ئۆزلىرى توشۇپ ياكى يىغىپ ئەكەلگەچكە، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھەققى سىڭمىگەن بولىدۇ. بۇنىڭغا زوراۋانلىق ۋە ئادالەتسىزلىك ئارىلاشمىغان بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

«ئۆزىنى بىلگەن خۇدانىمۇ بىلىدۇ» دېگەن مەشھۇر ھەدىسنى ئۆز ئىختىيارىچە شەرھلىگەن سوپىلار ئىچكى، مەنىۋى تۇرمۇشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ يول بىلەن «سائادەت»كە يېتىشنىڭ پۈتۈن سۇرۇك تەرتىپلىرىنى ئىشلەپ چىقىشتى. ئۇلار ئىشق - مۇھەببەتنى

مەدھىيىلەيدىغان شېئىرىيەتنىمۇ ياراتتى. ئۇ ئەسەرلەر شۇندىن بۇيان جاھان ئەدەبىياتىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

سۇلتانۇل ئۆلىما دەۋرىگە كەلگەندە سوپىلارنىڭ ھەرىكىتى كۆپ ئەسىرلىك يولنى بېسىپ ئۆتكەن، مۇنتىزىم بىر كۈچكە ئايلانغانىدى. سوپىلار روھانىيلارنىڭ شەخسنىڭ مەنىۋى ھايا- تىنى دۆلەت رەسمىي يوسۇنلىرىنىڭ مۇرەككەپ قائىدىلىرىگە بويسۇندۇرۇشىغا قارشى چىقىپ، خۇدا بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتنى ھەركىمنىڭ ئۆز شەخسىي ئىشى دەپ ئېلان قىلىشاتتى.

نارازىلىقنىڭ دىنىي مىستىتسىلىك تەسەۋۋۇپنىڭ مۇسۇل- مان فېئوداللىزمى مۇھىتىدا ياشاپ قېلىشىغا ياردەم بەردى، ئەمما بۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايىنىپ ھۆكۈمران سىنىپ- لارنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئىنسان روھىنى بوغۇش ۋاستىسىگە ئايلىنىشىغىمۇ سەۋەب بولدى.

ئاۋۋالقى تەرىقەتچىلەر ھۆكۈمرانلاردىن بىر بۇردا ناننىمۇ ئالمايتتى. لېكىن ھۆكۈمرانلارغا مەسلىھەت بېرىشنى ئۆزلىرىگە پەرز دەپ بىلىشەتتى. ئاشۇلارغا ئوخشاش، شەيخ مەجدىددىن باغدادى ئۆمرىنى مۇھەممەد خارەزمشاھقا مەسلىھەت بېرىشكە سەرپ قىلدى.

خارەزمشاھقا قارشى تۇرالىغۇدەك بىردىنبىر كۈچ ئۇنىڭ خىللانغان تۈرك قوشۇنى ئىدى. كۆچمەن تۈرك بېگ- نىڭ قىزى، خارەزمشاھنىڭ ئائىلىسى، ئەقىللىك ۋە قەتئىي- نىيەتلىك تۇركان خاتۇن مەخسۇس بىر گۇرۇھقا باشچىلىق قىلاتتى، مۇشۇ گۇرۇھ ئىمتىيازلىق تۈرك ھەربىيلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خارەزمشاھ ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلەشكە ئىنتىلەتتى. ئوغلى ئۇرۇش سەپىرىدىكى چاغلاردا خارەزمدە ھۆكۈمدار بولۇپ قالىدىغان تۇركان خاتۇن مەجدىددىننىڭ ئەۋلىيالىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سارايغا تەكلىپ قىلدى. مەجدىددىننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەقىل

ۋە ئېھتىراس ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەلىكە شائىرنى ئۆزىگە پىر ئۇستاز قىلىپ، ئۇنى خانىقاسىدىكى يىغىنلارغا قاتناشتۇرىدىغان بولدى.

مەجدىددىن سارايدا بەزى ـ بەزىدە كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ تۈركان خاتۇن بىلەن ياراتقۇچى ئاللاغا سىغىنىش يوللىرى توغرىسىدا سۆھبەتلىشەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، ھەق ئالدىدا خىجالەتچىلىككە سالىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، «نىيمكى قىلمىغىن، پەرۋەردىگار ھازىرو نازىر» دېگەن ھېكمەتنى ئېسىدە تۇتۇش لازىملىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركان خاتۇنى تەقۋادارلىق يولىغا باشلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇغلىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ئۈمىد باغلىغانىدى.

ساراي جاسۇسلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار خۇداگۆيلۈق بىلەن ئۆتىدىغان ئۇنداق سۆھبەتلەردىن بىرى ھەققىدە شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپ، شەيخنىڭ شېئىرلىرىدىكى مۇھەببەت تەگرىگە ئەمەس، ئەۋرە ـ چەۋرىلىك بولغان تۈركان خاتۇنغا بېغىشلانغان دەپ تۆھمەت چاپلاشتى.

خارەزمشاھ مۇھەممەد ئۇ شەيخنى قەتلى قىلىشقا بۇيرۇدى. مەجدىددىن باغدادنىڭ بېشىنى كېسىپ، جەسىتىنى جەيخۇن دەرياسىغا تاشلىدى.

روھانىيلارغا شۇنداق ئەدەب بەرگەن شاھ ئەمدى پەيغەمبەر نائىبى، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ دانا سەردارى خەلىپە ھاكىمىيىتىگە تېگىشكە قارار قىلدى. ئۇ يالغۇز خۇراساننىڭ بەلخ، مەۋر، نىشاپۇر ۋە باشقا شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلىپىلىك پايتەختى باغدادى شەرىپىنىڭ ھەممە مەسچىتلىرىدىمۇ ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەلچىلەر ئەۋەتتى. بۇ ــ خەلىپە ناسىرنى خارەزمشاھ پايدىسىغا ئۆز ھاكىمىيىتىدىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاز كەچسۇن دېگىنى ئىدى. ئەمما خارەزمشاھ باشقا مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلىرىغا ئوخشاش خەلىپىنىڭ قول ئاستىغا قارام سانىلاتتى. باغدادتا خارەزمشاھنىڭ بۇ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

ئۇ چاغدا مۇھەممەد ئۆز تەۋەلىكىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىنى يىغىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى دىنىي ئىسلام يولىدا، جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن پادىشاھ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىۋاتقان پىتنىخور خەلىپىنى شەرىئەت نامىدىن تۈپتىن يوق قىلىشقا ھەقلىقتۇر، دېگەن پەتىۋانى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلىمالار باغدادنىڭ قىسمىتىنى ئەسلەپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ بولسىمۇ شۇنداق بىر پەتىۋا بېرىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇ، ئەمدى شاھ خەلىپىگە قارشى يۈرۈش قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

1217 - يىلىنىڭ قىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولدى. باغدادقا ئەۋەتىلگەن خارەزمشاھ قوشۇنلىرى كوردىستان تاغلىرىدا قار - بورانىدا قالدى. يالاڭ كىيىنگەن مىڭلاپ ئەسكەرلەر توڭلاپ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن ئامان قالغانلارنى ئۇرۇشقاق كوردلار قىرىپ تاشلىدى. شاھ تەرىپىدىن جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن پۈتۈن - سۈرۈك قوشۇندىن بار - يوقى قىرىق - ئەللىك نەپەرلا قايتىپ كېلەلىدى.

شاھنىڭ ئابرويىغا قاتتىق تەسىر يەتتى، لېكىن ئۇ بەرىبىر ھوشىغا كېلەلمىدى.

كېيىنكى يىلى يازدا خارەزمشاھ تەۋەلىكىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا جايلاشقان ئوترار شەھىرىگە چىڭگىزخاننىڭ سودا كارۋىنى كەلدى. بۇ كارۋاندا تۆت سودىگەر باشچىلىقىدىكى تۆت يۈز ئەللىك كىشى بار بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئىدى. بەش يۈزگە يېقىن تۆگىگە ئىپار، قۇندۇز ۋە تىيىن تېرىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەدەپ ۋە نېغىرىت تاشلىرى①، شۇنىڭدەك يىپەكتىن چىڭگىزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگودىن ئولجا ئېلىنغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە يىپەك ماللار ئارتىلغانىدى. چىڭگىزخان نامىدىن ئۆزئارا تىنچلىق كېلىشىمى بىلەن تىجارەت قىلىش تەلىپىنى خارەزمشاھقا ئەكەلگەن بۇ ئەلچىلەردىن باشلاپ، ئۆزئارا كۆپلەپ سودا كارۋانلىرىنىڭ كېلىشى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى باشلاپ، بېرىش مۇمكىن ئىدى.

لېكىن تەكەببۇرلۇق ھەۋىسىگە چۈشكەن مۇھەممەد سودىگەرلەرنى جاسۇسلار سۈپىتىدە قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ تۆت يۈز ئەللىك كىشى بىر كېچىدە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ئوترار ھاكىمى تەرىپىدىن شاھقا ئەۋەتىپ بېرىلدى. شاھ ئۇلارنى بۇخارا ۋە سەمەرقەند سودىگەرلىرىگە يۇقىرى باھادا سېتىپ، پۇلىنى ئۆزى ئالدى. پۈتۈن-سۈرۈك بۇ سودا كارۋىنىدىن پەقەت بىرلا تۆگە باققۇچى قېچىپ قۇتۇلدى. بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى چىڭگىزخانغا ئاشۇ تۆگىچى يەتكۈزدى.

موڭغۇللار ھۆكۈمدارى غەزىپىگە چىدىماي، ھاكىم — ھەمىمگە ھاكىم، دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىپ، خارەزمشاھقا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، قىلغان ئەسكىلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنە-دەشناملار قىلىش بىلەن بىرگە قىرغىن، قاباھەت سەۋەبچىسى — ئوترار ھاكىمىنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

لېكىن شاھ ئەلچىلەرنىڭ باشلىقىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ ساقىلىنى كېسىپ قوغلىۋەتتى.

ئارقىمۇ-ئارقا ئۈچ قېتىملىق كۈپۈرلۇق — شەيخىنىڭ

① تەبىئەتتە كۆپىنچە ئاق ياكى يېشىل رەڭدە ئۇچرايدىغان مىنېرال ماددا — ت.

ئۆلتۈرۈلۈشى، خەلىپىگە ھۇجۇم قىلىپ قوشۇن ماڭغۇزۇش، ئاخىرىدا مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش مەملىكەتتىكى ھەممە تەبىقىلەرنى — روھانىيلار، سىپاھىلار، سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نارازىلىقىنى چېكىگە يەتكۈزدى. شەيخ مەجدىددىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن خەلىپىگە قارشى مەجبۇرىي پەتىۋا چىقارغۇزغانلىق ئەلىمىدىن تېخىچە كۆڭلىدىكى غۇمنى چىقىرالمايۋاتقان ئۆلىما ۋە شەيخلەر ئۇنىڭغا ئىلاھىي جازانىڭ مۇقەررەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل كارامەت سۆزلىرىنى قىلىشقا باشلىدى.

خارەزمشاھ ھەممىلا يەرگە ئۆزىنىڭ جاسۇسلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، تىڭ-تىڭچىلار، خۇپىيانە ھەرىكەت قىلغۇچىلار، ئالاقىچىلار ھەر قەدەمدە ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇراتتى. لېكىن ۋەقەلەردىن خەۋەر تېپىشتا ماشايىقلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ھەتتا ئۇلاردىن ئۈستۈنمۇ تۇراتتى: ئىلىمۇ ئىرپان ۋە تىرىكچىلىك كويىدا تېنەپ، دۇنيا كەزگەن مىڭلىغان قەلەندەرلەرگە خانىقالارنىڭ ئىشىكى ھەمىشە ئوچۇق ئىدى.

ئايرىم-ئايرىم جايلارغا ئورۇنلاشقان ھۈنەرۋەن ئۇستىلار، سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ پىر ئۇستازلىرىغا يەتكۈزۈشنى پەرزى ئەين① دەپ بىلىشەتتى.

ئوترارىدىكى جىنايەت، ئەلچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى — بىر ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. چىڭگىزخاننىڭ تۆمۈردەك ئىرادىسى بىلەن مىسلى كۆرۈلمىگەن كۈچ-قۇدرەت بولۇپ ئۇيۇشقان، جۇڭگونى بويسۇندۇرغان ھېسابسىز كۆپ كۆچمەن گورۇھلىرى بىلەن بولىدىغان بۇ ئۇرۇشتا خارەزمشاھ ۋە ئۇنىڭ دۆلىتى ھالاكەتكە يۈزلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.

① مۇسۇلمان بولغانلىكى كىشىنىڭ ئەمەل قىلىشى، ئورۇندىشى شەرت بولغان قائىدەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بېشارەت

ئاشۇ 1219 - يىلىنىڭ قىش ئاخشىمى شامالدا دۈگدىيىپ، قەدىردان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە، شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن نەۋباھار دەرۋازىسى تەرەپكە تىكىلىپ تۇرغان بالا، ئېھتىمال بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاتىسى — ۋائىز ۋە ئۆلىما باھاۋىددىن ۋەلەدنىڭ مەسچىت جامەنىڭ گۈمبەزلىرىدە قۇدرەتلىك ئىلاھنىڭ نىداسىدەك گۈمبۈرلەپ ئەكس سادا بېرىۋاتقان ئاۋازى ياڭرايتتى.

— مەن بىلىمەن. لېكىن خەۋەردار بولۇپ قېلىڭلاركى، مەن كەتكەندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ يەر - زېمىننى چېكەتكىدەك باسقان سان - ساناقسىز قوشۇنى يېتىپ كېلىدۇ. ھەدىس مۇبارەكتە ئاللاتائالا: «مەن ئۇلارنى ئۆز قەھرۇ غەزىپىمدىن ياراتتىم» دېگەن. ئاللاتائالانىڭ قەھرۇ غەزىپىدىن يارالغان بۇ قوشۇن مۇلكىي خۇراساننى زەبت قىلىدۇ. مىڭلىغان بالايە ئاپەتلەرنى ياغدۇرۇپ، بەلخ ئەھلىگە ئەجەل شارابىنى ئىچۈرىدۇ. شاھ مۇلكىدىن ئايرىلىپ، ئۆمرى غۇربەتتە، يالغۇزلۇق ۋە مۇشكۈلات ئاستىدا ئۆتكۈسى...

ئون ئىككى ياشلىق جالالىددىننىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى تىترەك باستى. «مەن ئۇلارنى ئۆز قەھرۇ غەزىپىمدىن ياراتتىم!... ئەجەل شەربىتىنى ئىچۈرىدۇ!»

ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۇقان سېلىپ يىغلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ نالىسىنى يەنە ئاڭلىغاندەك، ئايىغى ساقاللىرىغا مۆلدۈرلىگەن كۆز ياشلىرى تۆككۈلگەن بوۋايلارنى، ھوشىدىن كېتىپ يىغلىغان دەرۋىشلەرنى يەنە كۆرگەندەك بولدى.

ئۇنىڭغا ئەقىل كىچىكىدىن ھەمراھ. ئۇ زېمىندەك مۇستەھكەم، تاشتەك چىڭ ئاشۇ كۆمىلاچ تاملار، مەسچىتلەر، كوچىلار،

قورغانلار، ئىنىكئانىسى نەسىبە خانىم، بىرگە ئويناپ ئۆسكەن دوستلىرى، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ھازىر ئۇخلاشقا باشلىغان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان تونۇش ۋە ناتونۇش ئادەملەرنىڭ بىر دۆۋە ئۇستىخان ۋە تۇپراققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ، ئەمما ئاتىسى ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راستلىقىغا زادىلا گۇمان قىلمايتتى. شۇ ھامان ئاتىسى ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ چاغقىچە ھېچ كۆرۈنمىگەن بىر قىياپەتتە خۇددى پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك، جەسۇر ھەم ھەيۋەتلىك بولۇپ كۆرۈندى...

لېكىن ئاتىسىغا بولغان مېھرى ۋە ئىخلاسى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئوت چۈشۈپ ئۇلغىيىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ مۇشۇنداق چاغدا ھازىرقىدەك تونۇغىلى بولمايدىغاننى تونۇيالايدىغان، كۆرگىلى بولمايدىغاننى كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ بۇ ئوتنى دەرد - ئەلەم يىلىنى دەپ ئاتىغانمۇ بولاتتى. بىراق بالا ئۇ يىلاننىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويمىدى، ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ھەيدەشكە تىرىشتى.

شۇ چاغدا ئۇ كۆڭۈلدە ئىنسانلارغا مۇھەببەت بولمايدىكەن، ئۇنداقتا ھەرقانچە بۈيۈك ئىلىمۇ - دانىشمەنلىكمۇ پايدىسىز، ھەتتاكى، يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن. دەرۋەقە بۇنداق چاغدا ئىلىمۇ - دانىشمەن قانچىلىك ئۇلۇغ بولسا، شۇنچىلىك دەھشەتلىك بولاتتى.

ئادەملەر ھەممە دەۋرلەردە ئوخشاشلا غايىب پەردىسىدىن ھالقىپ، ئىستىقبالنى كۆرۈشنى، ھازىرغا قاراپ كېلەچەكنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. دۇنيانى قانچىلىك ئاز چۈشەنسە، ئۇلارنىڭ زېھنىنى يورۇتقۇچى ئابروي - ئېتىبارلىق سىمالارغا شۇنچە كۆپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باھاۋۇددىن ۋەلەدنىڭ بېشارىتى سەل كەم بىر يىلدىن كېيىن ئەمەلىيەتتە كۆرۈنگەنلىكتىن، بۇنى بىر ئىلاھىي كارامەت دەپ مەنە بېرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەيران قېلىشلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، لېكىن سۇلتانۇل ئۆلىما تۇرغۇن زامانداش ئەللامىلارغا ئوخشاش، ئۆزىنى ئەۋلىيا دەپ ھېسابلىمايتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىمى ئىدى ۋە شۇ دەۋر مىزانى بىلەن پىكىر قىلاتتى. شۇ دەۋر ئەقىدىلىرى بويىچە بولغاندا جىنايەت جازاسى كېلىشى مۇقەررەر ئىدى. مەرىپەتلىك ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ياخشى خەۋىرى بار باھاۋۇددىن ۋەلەدتەك بىر ئادەم ئۇچۇن ئەلقىساسۇل مىنەل ھەق قايىسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

1219-يىل جۇمادىل ئاخىر ئېيى، سۇلتانۇل ئۆلىما مەسچىت جامەنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ، ئاخىرقى قېتىم ۋەز ئېيتىۋاتقان دەل شۇ مىنۇتلاردا ئۇن مىڭلىغان موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرى بەختى قارا ئوترارنى قورشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قوي ۋە بۇقا تېرىلىرىدىن تەييارلانغان تۇلۇملار بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى جورجى باشچىلىقىدا سەيھۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى تەرەپكە يۈرۈش قىلىشتى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى ئاساسىي كۈچلىرى بىلەن چەكسىز قۇم سەھراسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يول بويى شەھەرلەرنى بۇلاپ-تالاپ، بۇخاراغا قاراپ ماڭدى. بۇ دەھشەتلىك قىرغىن ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن قورقۇنچقا چۈشكەن ئادەملەر يوللاردا توپ-توپ بولۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ قېچىشاتتى. سۇلتانۇل ئۆلىما تېخى ئىنسان روھىنىڭ ئۆلمەسلىكى توغرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەردىن يىراق، پەقەت ئۆز سەركەردىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇتپەرەسلىكنىڭ مەلۇم رەسمىي-يوسۇنلىرىغىلا بويسۇنغۇچى چىڭگىزخان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىپ ئالغان مۇسۇلمان

شەھەرلىرىنى قانداق ۋەيران قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، لېكىن موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن جۇڭگوغا بېرىپ كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئېيتقان ھېكايىلىرىدىن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بىر ئۇچى سۇلتانۇل ئۆلىما ئوغۇللىرىنىڭمۇ قولىقىغا يەتكەنىدى.

موڭغۇللار ئادەتتە شەھەرلەرنى ئىگىلەپ، ئاھالىسىنى قەلئە سىرتىغا، دالالارغا چىقىشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن شەھەرنى بۇلايتتى، قارشىلىق كۆرسىتىلسە، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، شەھەرلىرىنى تۈزلىۋېتەتتى. ھۈنەرۋەنلەرنى، ياش ئاياللارنى ئايرىۋېلىپ، ئۇلارنى قۇل قىلىپ، قالغانلىرىنى قاتار تۇرغۇزۇپ، قىرلىق ئېغىر توقماقلار بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، چىڭگىز بېسىپ ئۆتكەن ئاشۇ جۇڭگو مەملىكىتى خۇددى دەشتى-باياۋانغا ئوخشاپ قالغان. يەرلەر جەسەتلەر بىلەن تولغان، مۇردىلارنىڭ سېسىغان پۇراقلىرى ھەممىلا جاينى قاپلىغان، بېيجىڭ دەرۋازىلىرى يېنىدا تاغدەك ئۇستىخانلار دۆۋىلەنگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، موڭغۇللار شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئاتمىش مىڭ خەنزۇ قىزى دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى سېپىلدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالغانمىش.

ئۇنىڭدا، بەلخ خوتۇن-قىزلىرىنىمۇ شۇنداق بىر قىسمەت كۈتەمدىغاندۇ! نېمە ئۈچۈن! قايسى گۇناھلىرى ئۈچۈن! ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن شۇنچە دەھشەتلىك جازاغا تارتىلارمۇ! مۇبادا ھەركىمنىڭ نىيىتى، قىلمىشىغا يارىشا جازا بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مېھرىبان ۋە پاك ئاچىسى، يېقىندا ياتلىق قىلىنغان، ھازىر ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان

پاتىمە خېنىمنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇ بىتەلەي كېتەلمەي ئەمدى شۇ يەردە قالدۇ. ئاتىسىغا مۇرىت بولغان قوشنىسىنىڭ قىزى، يۈزى ئايدەك دوپدومىلاق ئۇن ياشلىق گۆھەرىيەنىڭ ئەيىپى نېمىدۇ.

بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىغان ئۇن ئىككى ياشلىق جالالىدىن بىرىنچى قېتىم بىردىنلا غەزەپلىنىپ كەتتى. لېكىن ئۇ كىمگە قارشى؟ شاھقىمۇ، تەقدىرگىمۇ، ياكى بىگۇناھ جانلارنىڭ ھالاكىتىدىن بېشارەت بەرگەن ئاتىسىغا قارشىمۇ؟

ئۇ قورقۇشقا باشلاپ يۈزىنى قىبلىگە، مەككە تەرەپكە بۇرىدى، ئۇ تىزلىنىپ ئالقىنىنى يۈزىگە يېپىپ، تۇۋا - تەزەررۇ ئېيتىپ، ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىن، كۆڭلىدە ئاللانىڭ لۇتفى - شاپائىتىگە گۇمان پەيدا بولۇپ قالسا، شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ ئۆگەتكەنىدى. بىراق ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئارام تاپالمىدى. قەلبىنى ئازابلاۋاتقان دەھشەتلىك خىياللاردىن قۇتۇلالمىدى.

شۇ خىياللار ئىچىدە يەنە گۆھەرنىڭ دوپدومىلاق ئاي يۈزى ئايان بولدى. شۇ ھامان ئۇ مۇنۇلارنى ئەسلىدى: قىزنىڭ ئانىسى، شەيخ سولتانۇل ئۇلەمانى دەپ سەمەرقەندتىن بەلخكە كۆچۈپ كەلگەن سودىگەر شېرىپىددىن لالا يېقىندا، پىرىمنىڭ ئىتەكلىرىنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، پىرىمغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بېرىشقىمۇ تەييارمەن، دەپ ئېيتقانىدى. دېمەك گۆھەرمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىدۇ. شۇ خىيال ئۇنى بىرئاز بەزلىدى. ئۇ ئورۇپ چىقىلىپ، تۇيۇقسىز ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان، ئەمما قايتا دۇنياغا زادىلا كەلمەيدىغان بىباھا گۆھەرنى ئۆز قولى بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ گۆھەرنى بار - يوقى بىر ئىككىلا قېتىم كۆرۈپ، بىر

ئىككى ئېغىز لا سۆزلەشكەنىدى. نېمىشقا مۇشۇنداق دەھشەتلىك خىيال يەيتلىرىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىزنىڭ ئايدەك يۈزى، ئادەمگە تىكىلىپ قارايدىغان دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرى شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈندى؟ كۆزلەر ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قاچان ئورنىشىۋالدىكىن؟

شۇنى ئەسلىدى ـ دە، خۇددى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

## سەكرەش

بۇ يەردە بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇ خاسىيەتلىك جۈمە كۈنى بىر ۋەقە بولغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك ئىدى. چۈنكى، سەئىد بۇرھانىددىن ئاكىسى بىلەن ئۇنىڭغا دائىم ياد ئالدۇرىدىغان سەرفۇ نەھۋى، تەپسىرى قۇرئان ۋە باشقا مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلغانىدى. جالالىددىن دەرسلەرنى قىينالماي ئاسان ئۆزلەشتۈرۈۋالسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىردىر شېئىرنى دىۋانىنى ۋاراقلاپ بالىخانىنىڭ پېشايۋىنىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئادەتتىكىدەك تەڭتۇش دوستلىرى، ئاتىسىغا مۇرىتلىققا قول بەرگەن قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى، مەھەللىدىكى بالىلار چىقىشتى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن كەلگەن دوستلىرىنى سەممىمىي ـ سىپايىلىك بىلەن قارشى ئېلىپ، ئاستىغا كۆرپە سېلىپ كۈتتى. جالالىددىن بولسا بورچىنىڭ بالىسى سىنان بىلەن شاھمات ئويناش ئۈچۈن پېشايۋانغا ئۆتتى. باشقىلار كوچىدىن ئويان ـ بۇيان ئۆتكەنلەرنى زاڭلىق قىلىشىپ، بەزىلىرى ئوشۇق ئويناش، بىر ـ بىرى بىلەن كۈچ سىنىشىش قاتارلىق ئويۇنلارغا كىرىشىپ كەتتى.

جالالىددىن دوستى بىلەن شاھمات ئورۇقلىرىنى تاختىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىزىپ ئەمدىلا ئويۇننى باشلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، كوچىدا ناغرا چېلىنىپ قالدى. بالىلار گۆرۈندە ئۆگزىنىڭ قىرغىقىغا كېلىشتى.

خان پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ بىر توپى تۇرنىلاردەك قاتار تىزىلىشىپ شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى تەرەپكە كېتىشىۋاتاتتى. ئالدىدا كېتىۋاتقانلار ئالا-چىپار ئات مىنگەن تورك ئاتلىق ئەسكەرلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇپ، بەلباغلىرىغا پىچاق ئېسىۋالغان، قوپال نەيزىلەرنى كۆتۈرۈشكەن پىيادە جەڭچىلەر، ياشلار، قېرىلار، قىپچاقلار، تاجىكلار، ھىراتلىق، خارەزملىكلەر كېلىۋاتاتتى. ئۇلارغا نەسىللىك جىرەن ئايغىر مىنگەن، يوغان سەللىسىنىڭ ئۇچى ئوڭ قۇلىقىغىچە چۈشۈرۈلگەن، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ساقىلى ئېسىل تونىنىڭ ياقىسىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يۈز بېشى سەردار ئىدى.

بالىلار شەھەرنى قوغدىغۇچى قىسىملارنىڭ خارەزمشاھ باشلىغان كاساپەت ئۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاتىلىرىدىن ئاڭلاشقانىدى. ئۇلارنى ھەرخىل نەيزىلەرنىڭ قۇياش نۇرىدا يالتىرلاشلىرى، يۈز بېشى ئېسىۋالغان قىلىچ سېپىنىڭ پارقىرىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىۋالدى.

ناغرا ئاۋازلىرى شەھەر سېپىللىرىدىن چىقىپ خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن بېسىقتى. ئەسكەرلەرگە يول بوشىتىپ، بۇلۇڭ-بۇلۇڭلارغا تىقىلىشىپ تۇرغان خالايىق يەنە ئادەتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن ئۆز ئىشلىرىنىڭ كويىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇچاغدا فەقىھ — ھوقۇقشۇناسنىڭ ئوغلى مەسئۇد خارەزمشاھنىڭ شەيخۇل ئەزەم سوھرەۋەردى بىلەن ئۇچرىشىشى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. سوھرەۋەردى باغدات خەلىپىسىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ شاھ بىلەن ئۇچراشقىنى بۇ ئۇرۇشقا سەۋەب بوپتۇ.

شاھ دەسلەپتە شەيخنى ئىشىك ئالدىدا تازا ساقلاتقۇزۇپ
ئاندىن قوبۇل قىلىپتۇ، شەيخنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلماپتۇ. شاھنىڭ بۇ ئىشى يالغۇز
ئەلچىلىك ئىناۋىتىگىلا ئەمەس، بەلكى شەيخلىك شەنىگىمۇ ھاقا-
رەت ھېسابلىنىدىكەن. شەيخ سوھرەۋەردى پەيغەمبەر ھەدىسىنى
ئوقۇشقا ئىجازەت سوراپتۇ. خارەزمشاھ ئىجازەت بېرىپ، ئادەت
بويىچە تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز
مۇسۇلمانلارغا ئابباس خانىدانىغا زىيان سالمىغايسىلەر، دەپ ۋە-
سىيەت قىلغانىكەن، خەلىپە ناسىر شۇ ئابباسىلاردىن ئىدى.

خارەزمشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن غەزىپىنى ئىچى-
گە يۇتۇپ، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋاپتۇ. «مەن دېگەن تۈركدۇر-
مەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئەرەبچە سۆزلەرنى زادى چۈشەنمەيمەن.
لېكىن بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇم. ئابباس ئەۋلادىغا زىيان
يەتكۈزۈش ئويۇمدىمۇ، خىيالىمدىمۇ يوق. ئەمما ماڭا ئېيتقىنى،
خەلىپە رويى زېمىن ئۆلارنىڭ كۆپىنى زىندانلاردا ساقلاۋاتقاچقا،
ئۆلار شۇ يەردە تۇغۇلۇپ، ئۆمرى شۇ يەردە ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى بۇياققا ئەۋەتكۈچى زاتنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ
بەرگەن بولسىڭىز كۆپ پايدىلىق ئىش بولغان بولاتتى» دەپتۇ.
جاۋاب ئورۇنسىز بولماپتۇ. خەلىپە ناسىر خارەزمشاھ مۇھەممەد-
تىن قېلىشمايتتى. ئۇمۇ يول، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي، تاج-
تەخت دەۋاگەرلىرىنى زىندانىدا تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

باللار مۇسىيبەت ئۆلىمالارغا ئوخشاش بەس - مۇنازىرىگە
چۈشۈپ كېتىشتى. خەلىپەئى رويى زېمىننىڭ پۈتۈن جامائەتنىڭ
مەنپەئىتىنى دەپ مۆمىن مۇسۇلمانىنى، يەنە كېلىپ ئابباسىلار
خانىدانىدىن چىققان بەزى كىشىلەرنى زىندانغا قامىشى توغرى-
مۇ؟ ئاشۇ خانىدانىنى پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى قوللاپ، خەيرلىك
قىلغانمۇ؟ بەس - مۇنازىرە سوزۇلۇپ كەتتى. ھەممىسىلا چوڭلار-

دىن ئاڭلىۋالغانلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزلىرىنىڭ دېگۈدەك مۇستەقىل سۆزلىرى - دەلىللىرى يوق ئىدى.

جالالىدىن بۇ تالاش - تارتىشقا ئارىلاشمىدى. ئۇ مۇستەقىللىكنى سۆيەتتى، لېكىن ئۇنى كەلسە - كەلمەس كۆز - كۆز قىلىشنى خالىمايتتى.

— كۆپ گەپ — ئېشەككە يۈك! — دەپ بۇ تالاش - تارتىشنى بولدى قىلدى بۆزچىنىڭ ئوغلى سىنان، — ھەي قانۇنشۇناس يىگىت، كەل، بەسلەشمىز، نوچى بولساڭ ئاۋۇ تەرەپكە سەكرەپ باقە ...

ئۇ سەمەرقەندلىك سودىگەر شېرىپىدىن لالانىڭ ئۆگزىسىنى كۆرسەتتى ۋە يېڭىدىن بۇخاراچە كەشتە تىكىلگەن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، — بۇنى تىكتىم! — دېدى.

بالىلار ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ پەسكە قاراشتى: ئىككى ئارىلىقتا قويۇق لويلا - كۆكاتلار ئۆسكەن بولۇپ، ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش گەزدىن كەم ئەمەس ئىدى.

قانۇنشۇناسنىڭ ئوغلى بىلەن بۆزچىنىڭ ئوغلى خۇددى سودىگەرلەرگە ئوخشاش قول تۇتۇشتى.

سىنان ئۆگزىنىڭ بۇ چەت لېۋىگىچە شوخشۇپ باردى - دە، ئېتىكىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، دوپپىسىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن قۇشتەك ئېتىلغىنىچە قېرىقى ئۆگزىگە سەكرىدى، كېيىن يەنە شۇ يول بىلەن ئارقىسىغا قايتتى. پەقەت ھەسئۇتلا ئەمەس باشقا بالىلارمۇ قەيسەرلىكى تۇتۇپ بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن سەكرىشىپ ئۆتۈشتى. ئاندىن بالىلار جالالىدىنغا قارىدى، سەكرىمەي ھەممىنىڭ كەينىدە قالغىنى شۇ ئىدى.

سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى ھەممىنىڭ كەينىدە قالاتتىمۇ؟ تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز، خىيالچان ۋە تەسىرچان جالالىدىن يۈگۈرۈپ - سەكرەپ يۈرۈشنى، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئويناشنى ياخشى

كۆرمەيتتى. لېكىن ئانىسى مۆمىنە خېنىم كاشىلا قىلمىغان بولسا، بەلكى ئاشۇ كاساپەت بەش گەز ئارىلىقتا سەكرىگەن بولارىدى. بىراق بۇنىڭغا زىتلاشقاندەك دەل شۇ پەيتتە ئانىسى بالىلىرىنى چاقىرىش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىقىپ قالدى. ئۇ ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا قاراپ شامالدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بالىسىنى كۆرۈش بىلەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— جالال!

بۇ دەھشەتلىك ئاۋاز چىققان تەرەپكە ھەممە بالا بىردەك قاراشتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان جالالىدىن ئۆزىنى تۇختىتىۋالالماي، قوللىرىنى ھەريان پۇلاڭلاتقىنىچە پەسكە — ئارىلىققا چۈشۈپ كەتتى...

ئادەتتە كۆيۈمچان ئاياللار ۋە ئانىلار ئۆز بالىلىرى ۋە مەھبۇبلىرىنىڭ ناتونۇش تەرەپلەرگە بېرىشىغا ئۇناشمايدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشىدۇ. ئەقىل - ئىدراك نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان بۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ئالەمنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلىدىغان ئاشۇ نارەسىدە روھلارغا يار - يۆلەك بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەنجىر بىلەن ئېسىلغان تاش بولۇپ، ئۇلارنى يارامسىز ۋە پەسكەشلىك ئورىكىگە قاراپ سۆرەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرىدا ئالەم بىلەن ئادەملەر بىرلىكىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ.

ئانىسىنىڭ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىشى جالالىدىننىڭ قۇلاقلىرىنى تېشىۋەتكۈدەك بولدى. ئۇنىڭغا يېشىل ياپراقلىق دەرەخ شاخلىرى بىلەن يۈز بېشىنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ كېتىۋاتقان ساقىلى، ئاتلارنىڭ تەرلەپ كەتكەن ساغرىلىرى بىلەن قەلئە دەرۋازىسى تەرەپكە كېتىۋاتقان سەرۋازلارنىڭ نەيزە ۋە دۇبۇلغىلىرى قوشۇلۇپ، قالايمىقان بىر نەرسە بولۇپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

ئۆگزىدىكى بالىلار بۇرۇلۇپ قاراشقىنىدا جالالىدىن يوق ئىدى. نە ئۇ چەت، نە بۇ چەتتە كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار ۋارقىراشقىنىچە ئۆگزىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى ئۆي ئارىلىقىدىكى لويلا - كۆكاتلار قىمىرلىماي تۇراتتى.

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دەسلەپتە كۆرگىنى قاپقارا ۋە دۇپدۇ-گىلەك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قىزنىڭ پەرىشتىدەك يۈزى بولدى. بۇ، بۈگۈن ئاخىرقى قېتىم ئۈزلىرىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن سەمەرقەندلىك سودىگەر لالانىڭ قىزى — كىچىككىنە گۆھەربانۇنىڭ يۈزى ئىدى.

جالالىدىننىڭ رەڭگى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن، يۈزلىرى سۈرۈلۈپ يارىلانغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بالىلارنى، كېيىن ئانىسى بىلەن ئىنىكئانىسى نەسىبە خېنىمىنى كۆردى. ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە پەقەت كۈلكە - مازاق قىلىشنى كۆرسىمۇ، بۇنىڭغا ھەر ھالدا چىداشلىق بېرەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە يىقىلغانلىقا شەپ-قەت، ئاجىزغا ئىچىنىش ئالامەتلىرىنىمۇ كۆرۈپ قالدى. قەلبىدە ئاتىسىنىڭ غۇرۇرى قوزغالدى.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئىختىيارسىز ئاتىسىنىڭ سۆز-ئىبارىلىرى بىلەن ئاخىرقى مىنۇتتا كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن روھىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەشكە باشلىدى:

— مېنى يېشىل لىباس كىيگەن نەۋكەرلەر ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشتى. ئەرشئەلا ئەتراپىدا ئايلاندۇردى. سىلەرنىڭ ۋار-قىراشقان نالە - زارىڭلارنى ئاڭلاپ يەرگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويۇشتى، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىچىنىش ۋە مەس-خىرە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئالماشتى: ھە، بۇنداق ئىشقا پەقەت

سۇلتانۇل ئۇلەمانىڭ ئوغلىلا مۇيەسسەر بولغاي! لېكىن يەتتە ياشلىق گۆھەرنىڭ كۆزلىرىدە يەنىلا ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ شۇ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئۇ مۇنداق دېدى:

— مۇشۈكلەرمۇ، ئاغمىخانىلارمۇ تامدىن - تامغا سەكرىيەلەيدۇ، لېكىن روھلار دىيارىغا پەقەت ھىرىسەن كىشىلەرلا سەيلە-ساياھەت قىلالايدۇ. ھە، شۇنداق!

ھازىر ئۇ ئون ئىككى يېشىدا ئاتىسىنىڭ ئۆيى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئىززا تارتىپ قالدى. ئېنىقراقىنى دېگەندە، ئاشۇ سۆزلەرنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ قايسى تۇر ۋە ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىشىنى، شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشقا ئۈندىگەن غۇرۇرىنى ئەسلەپ ئىززا تارتتى.

لېكىن، ئۇ بابا ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنى ئالدىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ خەتەرلىك سەكرىشى ئۇنى يۈكسەك روھىي چوققىلارغا قاراپ ماڭغان چەكسىز سەيلە-سەپىرىدە باسقان كىچىك، ئەمما بىرىنچى قەدىمى ئىدى.

## كارۋان

— جالال! جالال! — دەپ ئانىسى تۆۋەندە چاقىردى. دەل شۇ چاغ ئۇنىڭغا ئەكس سادا يەرگەندەك، بەلخ شەھىرىنىڭ ھەممىلا مۇنارلىرىدىن مۆمىنلەرنى نامازغا چاقىرىپ، مەزىنلەر ئەزان ئېيتىشقا باشلىدى.

— ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر!

كۈن ئولتۇردى. جالالىدىن خۇش ياقمىغان ھالدا شوتىغا قەدەم باستى. قوللىرى بىلەن تاملارنى سىپاشتۇرۇپ قاراڭغۇلۇق باسقان ھويلىغا چۈشتى.

ئۆيدە شام چىراغ يېقىشتى. چىراغ شولىسى لىپىلداپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىچىنى ئاستا يورۇتتى.

ئاتىسى ئاكىسى بىلەن جايىنامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

سۇلتانۇل ئۆلىما ئۆز ئانا شەھىرىدە ئاخىرقى قېتىم ئىنىتا- يىن بېرىلىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. شۇ كېچىسى ئۇن ئىككى ياشلىق جالالىدىن ئۇياقتىن- بۇياققا ئۆرۈلۈپ، ئاكىسىنىڭ بىر قېلىپتا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىغا قۇلاق سېلىپ، خېلى ئۇزۇن- غىچە كۆز يۇممىدى.

ئۇ ھويلىغا چىقىپ، كۆل بويىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تۇردى.

شامال يوق، كۆپكۆك يېپىلغان شايىدەك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. پەقەت ئېغىلدىكى ئاتلار پۇشقۇرۇپ تۇياقلىرىنى يەرگە ئاندا- ساندا ئۇرۇپ، دوكۇلدىتىپ قويۇشاتتى. نەدىندۇر بىر يەردە يۈگۈرۈك تۆگىلەرنىڭ ئۈيقۇسىراپ «بوق» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ئەنە شۇ تۆگىلەر ئەتە ئۇلارنى ناتونۇش يوللار بىلەن ئۇزاق- ئۇزاقلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

ئۇ ئاسمانغا قارىدى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا يېلىلداپ غۇۋا كۆرۈنگەن ئۆز يۇلتۇزىنى تاپتى. يېقىندا ئاتىسىنىڭ بىر مۇرىتى ئۆزىنىڭ كۆلچىكىگە چۈشكەن يۇلتۇزلار شولىسىدىن ئۇنى تونۇۋالغانىدى. جالالىدىن يۇلتۇزىغا تەلمۈرۈپ، مەڭگۈلۈكتەك چەكسىز تۇيۇلغان بۇ ئۆمۈر يولىدا بىر ھەپتە، بىر يىل، ئون يىلدىن كېيىن مېنى نېمىلەر كۈتىدىغاندۇ، دېگەن ئويغا چۆكتى.

ئۇلارنى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇشتى. ھوي- لىدا تۆگىلەرگە يۈك ئارتىشىۋاتاتتى: ھەر تۆگىگە ئىككى تېڭىق، ھەر تېڭىقتا سەككىز پۇد①، بۇنىڭ بارلىقى

① بىر پۇد ئون ئالتە كىلوگىراممغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

كىتابلار ئىدى. تۆگىلەرنىڭ بۆكىرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، يۈكلەرنى تىڭشۇۋاتقانلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. سەئىد بۇرھانىددىن بىردە ئېغىر - بېسىق تۇرۇپ كارۋانبېشى بىلەن نېمىدۇر بىرنېمىلەر توغرۇلۇق سۆزلەشەتتى، بىردە ئۇقتەك ئېتىلغىنىچە يۈك ئارتىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا بار كۈچى بىلەن ياردەملىشەتتى. سەئىد ئۇلارنى بىرىنچى قونالغۇغا قەدەر ئۇزىتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۆز شەھىرى تېرمىزغا قايتماقچىدى.

ئەنە شۇ ئۇپۇر - توپۇر ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇپ تۇرغان پەقەت ئۇنىڭ ئاتىسىلا ئىدى. ئۇ يوغان سەللە ئوراپ، ئاددىي مەللەرەڭ تون كىيگەنىدى. خىزمەتچى خادىم يوپيۇق يېپىلغان ئاتنى ئالدىغا ئېلىپ كەلگۈچە شۇ ئەلپازدا جىم تۇرىۋەردى. سەئىد ئۆزەڭگىنى توغرىلاش بىلەنلا ئۇ ئۆمۈر بويى ئات مىنىپ يۈرگەن ئادەملەردەك، ئەپچىللىك بىلەن لىككىدە ئىگەرگە ئولتۇردى. ئاتمىش ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا سالاپەت، سوغۇق قانلىق بىلەن ھويلىدىن چىقتى. كوچا كارۋانلار ۋە باشقىلار بىلەن لىق تولغانىدى. يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر خۇددى تۇرنىلاردەك قاتارلىشىپ تىزىلىپ تۇراتتى. بىرىنىڭ بۇرۇن باغ چۇلۋۇرى يەنە بىرىنىڭ يەلباغلىرىغا باغلاپ چېتىپ قويۇلغان. ئەمما مىنگەن ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىدە نە زىننەت بۇيۇملىرى بولسۇن، نە تۆگىلەرنىڭ ئۆركەشلىرىدە يىپەك گىلەم، نە باشلىرىدا بېزەك - پۆپۈك يوق ئىدى. يۈك تېڭىقلىرىغا پەقەت بۆز ماتا، كەندىر ۋە ئەيلەنگەن تېرىلەرلا يېپىلغان. بۇنىڭدىن بۇ كارۋان ئىگىسىنىڭ بۇ پانىي دۇنيانىڭ مال - دۇنياسىنى ئەمەس، كۆڭۈل بايلىقىدەك ئەبەدىي، تەڭداشسىز ئېغىر ھەقىقەت جەۋھەرلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. پەقەت ئايرىم تۆگىلەرنىڭلا ئۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىگە ئاددىي سۇرۇپ رەختىلەردىن سايىۋەنلەر ئورنىتىلغان، ئايال-
لار، بالىلار ۋە ئاجىزلارلا ئەنە شۇ تۆگىلەردە ماڭاتتى. جالال-
دىن ھەر قانچە تىركەشسىمۇ، ئانىسى ئۇنىماي ئۇنى ئەنە شۇ
سايىۋەنلىك تۆگىلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

ئاتىسىنى مۇرىتلىرى ئورىۋېلىشتى. ئۇنىڭ تەرەپتە سەئىد
بۇرھانىددىن بىلەن شەيخ ھوجەگى، سول تەرەپتە شەيخ نەججاج
ھەجاجى بىلەن قانۇنشۇناس ئەھمەد ۋە سەمەرقەندلىك شىرىپىددىن
لالالار تۇرۇشاتتى.

كارۋان ئاقساقىلى قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئاۋ-
ۋال ئېشەك مىنگەن كارۋانلار، كەينىدىن ئات مىنگەن ئاتىسى
ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يولغا چۈشتى.

كارۋان بېشى بىرىنچى تۆگىنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن
چۇلۋۇرنى سىلكىدى ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئېگىرىنىڭ غانجۇغىسىغا
باغلىدى. كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان تۆگىنىڭ بوينىدىكى
قوڭغۇراقمۇ كولدۇڭلاشقا باشلىدى. ئەنە شۇ ئاۋاز ئاستىدا تېخى
خېلى كۆپ يىللار ئۆتىدۇ. بەلخ شەھىرىدىن چىققان ئەنە شۇ
كىچىك بالا بىر كۈنلەر كېلىپ، كىشىلىك دۇنياسى، ئىنسانىيەت
پەخىرلىنىدىغان شائىر ۋە دانىشمەن جالالىدىن رۇمى بولۇپ تو-
نۇلىدۇ. لېكىن ئۇ ھېچقاچان كارۋان قوڭغۇرىقىنىڭ بىر خىلدا
رىتىملىك جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئۇنتۇمايدۇ، چۈنكى بۇ سادا ئۇ-
نىڭغا زامان ئۆمرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ
چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھەمىشە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش

كىمىكى كامىل، بولمىغاي غەپلەت ئاڭا،
باسسا غەپلەت ـ ئەقلىنى پالەچ ئېتەر.
كىمكى جاھىل، بولمىغاي ھېكمەت ئاڭا،
ئىلىممۇ بىر كۈن جاھالەتنى پاش ئېتەر.
جالالىددىن رۇمى

### كەچكى سۆھبەت

يەنىلا شۇنداق بىر كۈن ئىدى. باشقا بىر ئۆلكىدە، ئۇ قەدىردان ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ بەلخ شەھىرىگە ئاخىرقى قېتىم تەلمۈرگىنىچە قارىغان ئاشۇ كۈندىن يەتتە ـ سەككىز يۈزلىگەن كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئارىدىن ئونلاپ يىللار ئۆتكەن بىر كۈن، ئونلاپ يىللار ئەمەس، بىر ئۆمۈر ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈن ئىدى.

ئۇ پەقەت مۇنۇ بىر مىسراغىلا ئىخچاملىدى:

«غورا ئىدىم، پىشتىم، سارغايدىم».

ھازىر جالالىددىننىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان دوستلىرى، شاگىرتلىرى ئارىسىدا ئاشۇ ئون ئىككى ياشلىق بالا چېغىدىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن بىرىمۇ يوق، ئاللىقاچان تۇپراققا ئايلانغان ئۇ چىرايلارنى تاكى ھازىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ قەلبىدە ساقلاپ كەلمەكتە، بىراق بۇنىڭدىن نېمە پايدا چىقاتتى؟

ئەنە، بۈگۈنكى كۈنىمۇ دېرىزە كەينىدە ئاستا ئولتۇرماقتا ئىدى. تاملاردىكى يېشىل كاھىشلار كۆكۈچ رەڭگە كىرگەندەك بولۇپ قالدى. پاختەكلەر گۈمبەزنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنىڭ چۆرىسىدە گۇگۇكلىشىپ، كېچىلىك قونالغۇ جاي ئىزدەشمەكتە.

جالالىدىن ئۆزىگە تونۇش قەدىردان چىرايلارغا بىر-بىردىن نەزەر تاشلاپ چىقتى، ئاخىرىدا مېھرىبانلىق بىلەن تولغان كۆزىنى ھېسامىددىن چەلەبىيگە تىكتى. مانا ئارىدىن ئونلاپ يىللار ئۆتۈپ، بۈگۈن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ قېرىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئەكسىنى ئەينەكتە كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سەللىسى بىلەن ئاپئاق ساقىلىنى، قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن بادام شەكلىدىكى كۆزلىرىنى ئەمەس، ياق، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئەھۋال، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى — تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرىنىڭ ھەر بىر خاراكتېرىنى كۆردى.

ھېسامىددىنمۇ قېرىپ قالدى. بۇ يەرگە ئۇ نەۋقىران يىگىت ۋاقتىدا كېلىۋىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭدا ئەقىل-پاراسەت، سالماق-ۋەزمىنلىك، تىرىشچان-پىداكارلىق، ئومۇمەن ھەممە نەرسە يېتىپ-ئاشاتتى. ئۇنىڭدا ئۆز ئەقلى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ھۈنەرۋەنلىك خىسلىتى تولۇق بار ئىدى.

ھۈنەرۋەن ئەخى بولغىنى ئۈچۈن بىر چاغلاردا باغداتتا شائىر ھەللاجنىڭ تېرىسىنى شىلىپ سويغاندەك، بۇ شەھەردە ئۇنىڭمۇ تېرىسىنى شىلمىغانلىقتىن، ھېسامىددىن چەلەبىي يار-يۆلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى كىتابى — «مەسنەۋىي»نى كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئەگەر ئۆمرى يار بەرسە، بىر مىسراغا يىغىنچاقلاپ سىغدۇرغۇدەك ھاياتىنى ئەمەس، پۈتۈن ئىلمىي-مەرىپىتىنى، ھەقىقەت يولىدا بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن يولىنى،

بىلگەن ـ ئاڭلىغان، ئىگەللىگەن، شان ـ شەرەپ قازانغان، ئۆزىدىن بۇ يورۇق ئالەمگە مىراس بولۇپ قالغۇدەك نېمىلا بولسا، ھەممىسىنى ھېكايە قىلىپ بەرمەكچىدى.

ھېسامىتدىن شۇ كىتاب ئۈستىدە بىرگە ئىشلەشكەن يىللاردا بىر قېتىممۇ ئۆزىنىڭ ھېرىپ ـ چارچىغانلىقىنى سەزدۈرمىدى، ئەكسىچە، بىر مەزگىل ئۇستازىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە ئەخىلەر شەيخى ـــ ئاتىسىدىن قالغان مىراس بىلەن ئۆزىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى قانداق سەرپلىگەن بولسا، ئۆزىنىمۇ شۇنداق سەرپلەۋەردى.

مانا، جالالىدىن كۆپ يىللاردىن بېرى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنى ئۆلچەپ، ھۆكۈم چىقىرىپ، يەنە شۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەر ھەققىدىمۇ ئويلىنىيالايتتى. بۈگۈن پەندى ـ نەسىھەت قىلىۋېتىپ، ھېسامىتدىنىنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن قانداق قولاي پۇرسەت تاللىغانلىقىنى ئەسلەپ كۈلۈپ قويدى. چۈنكى قولاي پەيت دېگەن بۇلۇتقا ئوخشاش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاخشام ئىككىسى يالغۇز ئولتۇرۇشقاندا، ھېسامىتدىن كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ: «غەزەللىرىڭىز ئۇنلاپ دىۋانغا پۈتۈلگۈسى، ئۇلارنىڭ نۇرى ـ ئەسرارى① مەغرىپتىن مەشرىققىچە يورۇتقۇسى. ئەمدى دوست ـ مۇخلىسلىرىڭىزغا ئاتاپ، سانايى ۋە ئەتتارغا ئوخشاش بىر كىتاب يازسىڭىز، مۇرىتلىرىڭىز سىز بىلەن ئۆزلىرىنى شەرەپلىك ھېسابلىغان بولاتتى» دېگەنىدى.

جالالىدىننىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئۇنى سىر قىلىپ ساقلىغان پىكرىنى ھېسامىتدىن ئېيتقانىدى! دوستى بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن كىشىلا مۇشۇنداق دېيەلەيدۇ.

① ئەسرار ـ مەزمۇنى، سىرى، غايە ـ نىشانى، مەقسىتى.

شۇ ئاخشىمى جالالىددىن سەللىسىنىڭ قېتىدىن تۆت پۈكلەنگەن بىر قەغەزنى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان تۇنجى ئون سەككىز مىسرا شېئىرى ئىدى:

ئاڭلا، ئەي مۇنداق ھېكايەتلەر قىلۇر،
ئايرىلىشلاردىن شىكايەتلەر قىلۇر...

ئۇنى ھېسامىددىنغا بەردى: «خوپ، چەلەبىي، مەن دەي سەن يېزىۋال!»

شۇنىڭدىن بۇيانقى يىللار ئىچىدە بىللە ئۆتكۈزگەن ھاياتى ئۇلارنىڭ روھىي بىرلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. شۇكۈندىن ئېتىبارەن ھېسامىددىن مىس قەلەمدانغا سېلىنغان قومۇش قەلەم بىلەن دۇۋەتتىن ئايرىلمىدى. ئۇنىڭ بەلبېغىدا سىزغۇچ، يېنىدە بىر باغلام قەغەز ھەمىشە ھەمراھ ئىدى. مانا ئۇ ئۇستاز بىلەن شاگىرت يۈرۈش - تۇرۇشتىمۇ بىللە بولدى. ئۇستازىنى نەدە ئىلھام قىستىسا — مەيلى كوچىدا، ھاممامدا، دوستلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، يىغىلىش - سامالاردا، بازاردا، مەسچىتتە بولمىسۇن، ھېسامىددىن ئېيتىلغان مىسرالارنى شۇ بويىچە سۆزمۇ - سۆز، قۇرمۇ - قۇر يېزىۋالاتتى.

بەلكىم، يەنە جالالىددىننىڭ (ئەمدى ئۇنى ھەممە «مەۋلانە» دەپ ئاتىشاتتى) ئۆز شاگىرتى ۋە خەلىپىسىگە شۇنچىلىك مېھرىبانلىق بىلەن قارىشىدىكى سەۋەب ھېسامىددىن — ئۇنىڭ ئاخىرقى ياخشى كۆرگەن ئادىمى، ئۆمىد يۇلتۇزى ئىكەنلىكىدىندۇر. ئادەتتە، يىراق ۋە جاپالىق يول ماڭغان يولۇچى تۈن قوينىدا دائىم يۇلتۇزغا قاراپ، ئاخىرقى مەنزىلنى نىشانلاپ ماڭىدۇ. ئۇنى ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن، ئېنىقراقى، ئومۇمىي ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان نەرسە ھېسامىددىندا جەملەنگەنىدى. شۇڭلاشقا جالالىددىن، ئىنساننىڭ كامالىتى ئۇنىڭ ئۆز ئەسلى ماھىيىتىگە يېتىشىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئانىسى مۆمىنە خېنىمنىڭ سۆتى، ئاتىسى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ قاتتىق غەيرىتى،

ھەم ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىننىڭ قەتئىيلىكى، دەرۋىشلەر شاھى شەمس تەبرىزىنىڭ قۇياشتەك نۇرلۇق شولىسى، زەرگەر سالاھىد- دىننىڭ خۇددى ئاي نۇرىدەك دەرد- ئەلەملەرگە دەرمان بولىدىغان چىرايى، ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ، ھېلىقىلار قاتارىدا ئاللىقاچان تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگەن بەلخلىك قىزچاق گۆھەر خېنىمنىڭ مېھرى ئىخلاسى ھەممىسى بىرىكىپ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېسامىددىن چەلەبىيدە جۇغلانغاندى. ئۇ ئادەتتە، ئىنتايىن دىققەت قىلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇستا- زىنىڭ ھەر بىر پىكرى، سۆزلىرىنى يېزىۋالاتتى. دەرۋەقە بىر چاغلاردا جالالىددىننىڭ ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ سۆزلىرىگە شۇنداق بېرىلىپ قۇلاق سالغان ئەمەسمىدى.

«ھەي، ھېسامىددىن سەن بويۇنۇڭغا ئارغامچا سېلىپ، مەسنەۋىياتنى ئىلگىرى تارتىۋاتىسەن. سېنىڭ شاراپىتىڭ ۋەجىدىن كىتاب جىلد- جىلد بولۇپ ئالدىڭغا توپلانماقتا... لېكىن كۆزى تېڭىلغان ئاتتەك نەزەرى تار نادانلارغا مەنپەئەت بولسىلا بولدى، ئۇلارغا سەن كۆرۈنمەيسەن. گۈللەر، رەڭلەردىن كۆزلىرى قاماشقانلار نېمىشقا كۈننىڭ نۇرىنى بايقىشالمايدىغاندۇ. ئەمما كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى بولمىسا، نە گۈل ئېچىلسۇن، نە رەڭ بولسۇن. سەن شۇ باشلىنىش نۇقتىسى، سەن ھە- قىقەتسەن، ھېسامىددىن!»

ئۇ ئۆز قەلبىدە مېھرى ئۇرغۇپ، پۈتۈن بارلىقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆڭلىگە نېمىلىكى پۈكۈلسە، شۇ ئاندىلا ھەممىسىنى شاگىرتلىرى ئالدىدا ئۇلارغا ئىبرەت، مەھبۇبىغا مۇكاپات يوسۇندا ئېيتقۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۆزىنى باساتتى: تىلەك شارابىغا ئوخشاش، ئۇ قانچە ئۇزۇن تۇرسا شۇنچە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— سەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، — گۈمبەز ئاستىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جالالىدىننىڭ مەيۈس ئاۋازى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — پەقەت بىر نەرسىنى ئۇنتۇمىدىڭ، يەنى، دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئۆزۈڭنى ئەرزىنىگىلا گۆرۈڭگە قويۇپ سېتىۋەتمە، ئەمما سېنىڭ باھايىڭ يۇقىرى...

ئۇ سول تەرەپتە كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي، مەھلىيا بولۇپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئالاھىددىن سىريانۇسقا قارىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە جالالىدىن دوستلىرى بىلەن قەبرىستانلىققا ماڭدى، ئۇ ئاتىسى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقچىدى. ئۇ ئات بازىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققاندا، توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالدى. بىرنەچچە يىگىت توپتىن ئايرىلىپ، ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى:

— خۇدا ھەققى، مەۋلانە، مەددەت بېرىڭ!

— نېمە ئىش؟

— يۇنانلىق بالىنى ئۆلتۈرگىلى ماڭاتىدۇ!

— گۇناھى نېمىكەن؟

سىريانۇس قۇل ئىدى، خوجايىنى ۋاپات بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن ئازاد بولغان. لېكىن كوچىدا ئاچ قالغان. ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزىنى يەنە قۇللۇققا تۇتۇپ بەرگۈسى كەلمەي، ئوغرىلىق قىلىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، دۇكاندىن نان ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان ۋە قىيچىشقا ئۇرۇنۇپ، دۇكاندارنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان.

جالالىدىن ئۆزىدىكى خىيالدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغاندەك ساقىلىنى سىلاپ قويدى. لېكىن ئۇكۈنكى ئەھۋاللار كۆز ئالدىدىن قاتارلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ياردەم ھەققىدىكى ئىلتىجالارنى ئاڭلىغان جالالىدىن قەتئىي قەددەم تاشلاپ قاتىللىق مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەر

توپى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شائىرغا يول بېرىشتى. قوللىرى كەيـ
نىگە قىلىپ باغلانغان قىزغۇچ سېرىق چاچلىق ياش بالا ساقـ
چىلار قورشاۋىدا قوي تېرىسى ئۈستىدە تىزلاندۇرۇلغان ھالدا
تۇراتتى، جاللات ئۇنىڭ يېنىدا تەييار ئىدى.

جاللادىن تونىنى يېشىپ، يىگىتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ
قويدى ۋە سۆزمۇ قىلماي، كەينىگە بۇرۇلۇپ شەھەرگە قايتىپ
كەتتى.

— سەن بەلكىم قارشىلىق بىلدۈرەرسەن: مەن ئۇلۇغ ئىشـ
لار بىلەن بەنت بولۇۋاتىمەن... — جاللادىنىڭ ئاۋازى دائىم
ياڭراپ تۇراتتى، — ھوقۇقشۇناسلىق، ئاسترونومىيە ئىلمى، تىبـ
بىي ئىلىم ئۆگىنىۋاتىمەن... — بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز ئۆزۈڭ
ئۈچۈنلا. ماھىيىتىڭ ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت تالان - تاراج قىلـ
مىسۇن، كىشىلەرنى خورلىمىسۇن، ئۆلتۈرۈشمىسۇن دەپ قانۇنشۇـ
ناسلىقنى ئۆگىنىسەن، يۇلتۇزلارغا قاراپ مال - مۈلۈك باھاسىنى
بەلگىلەپ، زۆرۈر بولغان ياخشى كۈننى تايىن قىلىشقا قادىر
بولاي، دەپ ئىلمىي ھەيئەتكە قول ئۇزىتىپسەن. تىببىي
ئىلىمنى ئۆگىنىش مەقسىتىڭ — تېنىڭنى، ئۆزۈڭنى ئاسراش.
ئەمما سەن پەقەت يالغۇز تەندىنلا ئىبارەت ئەمەسسەنغۇ!
تېنىڭ بىر ئات، سەن — شۇ ئاتقا مىنگۈچىسەن. ئات مىنگۈچى
ئەقىللىك كىشى ئاتنى ئوقۇرسىز قويمىغاي، لېكىن ئۆزى ئاشۇ
ئوقۇرغا چۈشۈپ ياتمىغاي. ئاتنىڭ يېمەكلىكى ئات مىنىدىغان
كىشىگە ئوزۇق بولماس. سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا ئەمەس، ئات
سېنى ئۆز يولىغا سالغۇسى...

جاللات ۋە ساقچىلار تەمتىرەپ قېلىشتى: سۇلتان ۋە ئۇـ
نىڭ نائىبى مۆئىنىددىن پەرۋانىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان دانىشمەن
شەيخنىڭ تونىنى ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان مەھكۇمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىن ئېلىشۋېتىش ياكى جىنايەتچىگە قوشۇپ ئۇنىمۇ چېپىپ تاشلاش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭغا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتاندىنمۇ، خۇدادىنمۇ تەپ تارتماسلىق كېرەك بولاتتى...

— سەن پۈتۈن بىر دۇنياغا ئەرزىگۈدەك ئادەمسەن، بىراق، ئۆز قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ بىلمەيسەن!

سۇلتانغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىشقاندا، ئۇ قۇلنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى: «بىر يۇنانلىق بولسا نېمە بولاتتى! مەۋلانە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى تىلەشكە ئاللاھى كەرىم ئالدىدا مۇتەۋەككىل① !»

يۇنانلىق يىگىت دۇنياغا قايتا كەلگەندەك بولدى. نىجاتكارى مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇرىتلىققا قول بەردى. مۇسۇلمانچىسىغا ئالاھىددىن دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ سىريانۇس ساددا دىل كىشىلەرگە خاس ساداقەتمەنلىك بىلەن جالالىدىنغا سىغىندى. ئەنە شۇ ئىشى ئۈچۈنمۇ بېشى كېتىشكە تاس قالدى.

شائىرنى كۆرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئوردا ئالدىدىكى ئىززەت-ئابرويىغا ھەسەت قىلىدىغان ئۆلىمالار، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ زىتىغا تېگىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈشەتتى. ئاشۇلار قازى سىراجىددىنغا چېقىمچىلىق قىلىپ ئەرز يېزىشتى. يېڭى مۇرىتى جالالىدىننى تەڭرىگە تەڭلەشتۇرۇپ، ئۇنى ئىگەم، دەپ ئاتاپتىمىش...

سىريانۇسنى يەنە قامىتىپ قويۇشتى. قازىخانىغىمۇ سۆرەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھوشيارلىقى بىلەنلا قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇنى ئاشۇ خەتەرلىك كۈندىن باشلاپ ئۈچىسىدىن چۈشۈر-

① ئاللاغا تەۋەككۈل قىلغۇچى — ت.

مەي كىيىپ يۈرۈۋاتقان مەللە رەڭ تونىنىڭ شاراپىتىدىن دەپ بىلدى، تون ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئۇچىسىدا، رەڭگى ئۆڭۈپ، جۇلىقى چىققان... بىرمۇنچە يېرىگە ئۇستىلىق بىلەن ياماقمۇ ساپتۇ، دەپ ئويلىدى جالالىدىن... ياق، نە ئۇستىدىكى تون، نە كۆڭلەك، نە بارمىقىدىكى ئۈزۈك، نە قولىدىكى تەسبىھلەر ئۇنىڭ ھېسامىتدىنغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە نىشان بولالمايدۇ، زامان ئۇلارنى ئۇپىرىتىپ، تۇپراققا ئايلاندۇرغۇسى. ئۇنىڭغا مۇناسىپى — سۆيۈملۈك شائىرى ئەتتار ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىنغا بولغان مىننەتدارلىقى، ئۇنىڭ سۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى يۈرەك مەدھىيىسىدۇر.

جالالىدىن بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن ئاۋۋالقىدەك سىلىق ئەمما تېتىك، يېقىملىق، بىر خىل ئاۋاز بىلەن ئۇستازى سەئىد ۋە ئىلمىي رەمنى① ئۆگەنمەكچى بولغان شاھزادە ھەققىدىكى ھېكايىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ياخشى كۆرۈندىغان شاگىرتى ھېسامىتدىنغا قىلغان بۈگۈنكى سوۋغىتى ئىدى.

— بىرى سەئىد بۇرھانىددىنغا: «ئۆز قولىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، پالانچى سىزنى ماختىدى» دەپتۇ. بۇرھانىددىن ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ ئۆزى كىم بولىمىش، مېنى نېمىشقا ماختايمىش؟ مېنى قانداق بىلگۈدەك؟ سۆزۈمگە قاراپلا بىلگەن بولسا خاتالىشىدۇ. چۈنكى سۆز ۋە تاۋۇش، ئېغىز ۋە كالپۇك پەقەت بىر ئىشارەت-ئالامەتلەردۇر. ئەگەر ئىشىمغا قاراپ بىلسە، ئىش دېگەنمۇ ئىككىنچى ۋە ئۆتكۈنچىدۇر. مۇبادا مېنىڭ ماھىيىتىمنى ئۇققان بولسا، ئىقرارمەنكى، مېنى ماختىشى مۇمكىن ۋە شۇ ماختىشى مېنىڭ سۆزۈمگە شۇنداقلا ئىشىمغا ئەمەس، ئۆزۈمگە تەئەللۇقتۇر» دەپتىكەن.

بۇرھانىددىن ماھىيەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

① پالچىلىق ھەققىدىكى ئىلىم — ت.

ئۆزىگە خاسلىق ياكى پەرق دېگىنىدە نېمىنى كۆزدە تۇتقان؟ بۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ئۈچۈن رىۋايەتكىمۇ قۇلاق سېلىڭ.

بىر پادىشاھ بوپتىكەن، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. لېكىن شاھزادە شۇنچىلىك نادان ئىكەنكى، ئۇنىڭغا شاھلىق سەلتەنەت، ھەتتا ئاددىي ئىشنىمۇ تاپشۇرۇشقا بولمايدىكەن. شاھ ئوغلىنى قانداق ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەرسەمكىن، دەپ ئۇزاق باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى پالچىلىقنى لايىق تېپىپتۇ. ئۇستا پالچىلار بۇ مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئىلاجىسىز ئۈستىگە ئېلىشىپتۇ...

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ، شاھزادىنى سارايغا باشلاپ كىرىشىپتۇ. ئۇلار شاھ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تەزىم بىلەن: «ئالەم پاناھىمىز، ئوغلىڭىز پالچىلىقنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىپ بولدى. بىزگە نېمە ئايان بولسا — ئۇنىڭغىمۇ شۇ مەلۇم. باشقا ئۆگەتكۈدەك نەرسىمىز قالمىدى» دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ئۈزۈكنى ئالىقىنى ئارىسىغا تىقىۋېلىپ تۇرۇپ: «ئېيتقىنا، قولۇمدىكى نېمە؟» دەپ ئوغلىنى سىناپتۇ. شاھزادە قۇمغا سىزىپ، رەم ئېچىپ، ئاخىرىدا: «قولىڭىزدىكى — ئۆزى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆشۈك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھ خۇش بولۇپ: «بارىكاللا، سەن ئالامەتلىرىنى ئېيتتىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيت» دەپ قىستاپتۇ. شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ، ئاخىرىدا «تۈگمەن تېشى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاھ ئاھ چېكىپ: «بىلىم كۈچى بىلەن ھەممە ئالامەتلەرنى ئېيتتىڭ! لېكىن بىر ئادەمنىڭ ئالىقىنىغا تۈگمەن تېشى سىغمايدىغانلىقىغا پاراسىتىڭ يەتمىدى!» دەپتۇ.

بۇ رىۋايەتنى جالالىدىن توقۇپ چىقارمىغانىدى، ئۇنى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەيىر» دېگەن كىتابىدىن ئوقۇغانىدى. ئەتتار بولسا ئۇنى تىبابەت ۋە دورىگەرلىككە دا-

ئىز ساۋاق ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇستازى مەجدىددىن باغدادىدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ سۇلتانۇل ئۆلىما بىلەن بىرگە ئوقۇغان. بۇ كېيىن بەدبەخت خارەزمشاھ تەرىپىدىن بېشى كېسىلگەن شەيخ مەجدىددىن ئىدى.

ئادەتتە ھېكايەت ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، بۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدىكىن، دەپ تەقەززا بولۇشىدۇ. ئەمما جالالىدىن ئۈچۈن سەنئەت ھەمىشە ۋاستە ئىدى.

— شۇنىڭغا ئوخشاش، — دەپ دەرسىنى خۇلاسىلىدى ئۇ، — بىزنىڭ ھازىرقى ئالىملىرىمىز ئۆز ئىلىملىرىدا قىلنى قىرىق يېرىشقا قادىردۇر. ئۆزلىرىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىغىچە ئۇلارغا ئايان. ئەمما، ئەجەبلىنەرلىكى، ئۆزلىرىگە ھەممىدىن مۇھىم، يېقىن ۋە مەلۇم بولغان نەرسىنى — ئۆز ماھىيەتلىرىنى، يەنى، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ. قانۇنشۇناس ۋە ئۆلىمالار دۇنيادا نېمىكى بولسا ئۇنى ھالال ۋە ھارامغا، پاك ۋە ناپاككا ئاجرىتىشقان، ئەمما ئۆزلىرى قانداق — پاكمۇ، ناپاكمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق. ئۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ ...

شاگىرتلار تارقىلىشتى. ھېسامىددىن ھەممىدىن كېيىن قەغەزدىكى سىياھىنى قۇم بىلەن قۇرۇتۇپ، ئۇستازى ئىنئام قىلغان بۈگۈنكى ساۋاقتىن قەلبىنى تولدۇرغان خۇشاللىقنى يوقىتىپ قويۇشتىن چۆچۈگەندەك، جىملا تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

سوغۇق چۈشتى. پەنجىرىدىن كىمنىڭدۇر «لىپ» قىلىپ ئۆتكەن سايىسى كۆرۈنۈپلا غايىب بولدى. ھەقاچان ئوغلى ۋەلەد بولسا كېرەك، پەقەت شۇلا ئاتىسىنىڭ خىيالىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن بۇياققا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى پاختىلىق چاپىنىنىڭ يەڭلى-
رىگە تىقىپ ئولتۇراتتى، بارماقلىرى ئارىسىدىن تىنىمسىز سىرغىپ
ئۆتۈۋاتقان تەسۋى دانىچىلىرى بىر - بىرگە ئۇرۇلۇپ بىلىنەر - بى-
لىنمەس شىرىقلايتتى، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئالەمدىكى ھەممە
قېرىلارغا ئوخشاش دۇنيانى شۇ ھالىتىچە بار ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ دەيدىغان، ئەمما ئۆزى ئالىقاچان ئالەمنى تەرك
ئېتىپ كەتكەن بىرى ھەققىدە ئىدى.

ئۇن ئىككى ياشلىق بالا، ئاتىسى بىلەن تىنتىلىپ كەتكەن
ئەسكى چاپان كىيگەن، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى
تەلۋىلەرچە ئالاق - جالاق قىلىپ قارايدىغان بىر بوۋاينىڭ سۆھ-
بىتىدىن نېمىنى چۈشىنىدۇ دەيسىز. سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ مەغرۇر
ئوغلى قۇرئاننى يادقا بىلەتتى، ھەدىس ۋە شەرىئەت قانۇنلىرىنى
بىلەتتى. ئەرەب تىلى سەرف - نەھۋىلىرى بىلەن شېئىر
تۈزۈلۈشلىرىنى بىلەتتى، ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى
مۇتالىئە قىلاتتى، ئەمما ئۆزى توغرىسىدا قانچىلىك بىر نەرسە
بىلەتتى؟ ئۇ پەقەت ئاتىسى ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىغا ئاپارغان
كىشى — بۈيۈك شائىر پەرىدىدىن ئەتتار ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.
جالالىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيتتى، لېكىن
ئۇ شېئىرلاردىكى روھىي ھالەت ۋە چەكسىز چوڭقۇرلۇقلارنى تېخى
بىلمەيتتى. ئۇ ھەتتا باغدادمۇ ئىپتىخارلىنىدىغان ئۇنداق دانىش-
مەنلى شۇنچىلىك مەرىپەتلىك شەھەردىن نېمىشقا قوغلاندى
قىلىپ، دەشتى - باياۋانلاردا ئاۋارە قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ
بىلمەيتتى.

بوۋاي ئۇنى خۇددى ئالىقىنىدىكىدەك كۆرۈپ تۇراتتى.
ئەمدى ئۆزى قېرىپ، بوۋايلىق ھالىتىگە كەلگەن جالالىدىن ھا-
زىر بۇنى ياخشى بىلەتتى...

## سىرنامە

... ئۇلار كۆپ ئۆتمەي، باشلىرىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ سۈكۈتات
ئىچىدە جىمىرلاشلىرى، تۆگىلەرنىڭ بىر خىلدا سالماقلىق بىلەن
ئىغىناقلاپ مېڭىشى، تۆگىچىلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان
ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن نالە ئارىلاش ناخشىلىرى، دەريا ۋە جىرالارنى كېـ
سىپ ئۆتۈشلىرى، ئىزغىرىن شامال ئۇچۇرغان قۇملارنىڭ كۆكلەك
ياقىسىدىن كىرىپ بىئارام قىلىشى، ۋە ئۇنىڭ چىش ئارىلىقلىرىدا
غىچىرلاشلىرىغا كۆنۈپ قېلىشتى. يوللارنىڭ ئەتراپى كۇمىلاچ
تاملار بىلەن ئورالغان، كۆرۈنۈشلىرى قوپال، جاللاتلارغا ئوخشايـ
دىغان نۆكەرلەر قوغداۋاتقان بېكەت ـ ئۆتەڭلەردە تۈنەشلەر،
كارۋان سارايلاردا تۈنەپ، پىلىلداپ تۇرىدىغان چىراغ يورۇقىدا
ئەخلەت ـ چاۋا ئۈستىدە يېتىش، بۈرگىلەر مىغىلدىغان بورا،
كىگىزلەردە يېتىپ، ئاتخانىدا ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇپ، تېپچەكلەشلىـ
رىگە قۇلاق سېلىپ يېتىشلارغىمۇ ئۆگىنىپ قېلىشتى. يوللاردا
ئۇچرىغان شەھەرلەردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلاردا ئۇچرىشىشلارمۇ
ئادەتكە ئايلاندى. سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان شەيخـ
لەر، ئۆلىمالار، ۋائىزلار، دەرۋىشلەر توپلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا
قارشى ئېلىشىپ چىقىشاتتى. مەنزىللەر، مەنزىرىلەر، تۈرلۈك ـ
تۈمەن قىياپەتلەر، چىرايلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر مەھەل
كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن يول دەپ ئاتالغان بۇ دەريايى ئەزىم ئۇ
نەرسىلەرنى دەرھال ئارقا تەرەپكە ئېقىتىپ كېتەتتى. ئۇلار شۇ
ھالەتتە ئىككى ئاي ئەمەس، ئۆمۈربويى ماڭىدىغاندەك تۇيۇلاتـ
تى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن
باغلاردىن، يالغاچ ئېتىزلاردىن ئۆتۈپ، شۆھرىتى بەلخ شەھىرىدىن
قېلىشمايدىغان يەنە بىر شەھەر قەلئەسىگە ئۇلاشتى. بالىلىقى
ۋە ياشلىقى ئۆتكەن قەدىردان ئۆيىمۇ، بەلخ شەھىرىمۇ گويا

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن بولغان بىر چۈشتەك بولۇپ قالغانىدى.

خۇراسانىنىڭ پايتەختى نىشاپۇر، يېقىندا كەلكۈن كەلگەنـ
لىكى ئۈچۈن ئۇلارنى پاتقاقچىلىقتا تولغان كوچىلىرى بىلەن
قارشى ئالدى. تەزىم ـ تەۋەززۇ ۋە ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدە بۇ
بەلخ ئۆلىماسى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى شەھەرنىڭ سابونىيى مەدرىـ
سىگە باشلاشتى. خىزمەتكارلار يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئاتلارنىڭ
تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلاشتى. چوڭلار ئىشىكى ئىچكىركى كەڭ
هويلىغا قارايدىغان هۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇلدى. يول هارغىنلىقى
باسقان ئاتىسى مەدرىس مۇتىۋەللىسى بىلەن سۆزلەشتى. مۇتىـ
ۋەللى شۇنچىلىك قېرى ئىدىكى، بىر تۇتام ساقىلىمۇ خۇددى پىلنىڭ
ئۇستىخىنىدەك سارغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى. باللار ئانچە ـ مۇنچە
يۇيۇنۇپلا مەشھۇر قۇرئان تەپسىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراشتى. ئۇ بۇنىڭـ
دىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن
نىشاپۇرغا چاقىرىلغان ئونلاپ ئالىملار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇـ
رۇلغان ئەڭ ئۇلۇغ تەپسىر ئىدى. تارىخچى ئەل ـ ئۇتبىينىڭ
ئېيتىشىچە، شۇ زاماننىڭ پادىشاھى بۇ ئىشنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئىنتاـ
يىن كۆپ پۇل ــ يىگىرمە مىڭ دىنار خەجلىگەنىكەن.

كۇتۇپخانىدا كىتابلار كۆپ، ئەمما ئۇلار سالنامىلاردا ئېيىـ
تىلغىنىدەك، يەردىن تورۇسقىچە تىزىلمىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىـ
سىدا تەپسىرى ئەزەممۇ كۆرۈنمەيتتى. خىزمەتچى خادىم باللارغا
بۇنىڭدىن يەتمىش يىل ئىلگىرى كۆچمەن ئوغۇز قەبىلىلىرى شەـ
هەرنى تالاشقاندا، ئۇ تەپسىر يوقالغان، دەپ چۈشەندۈردى.

مەدرىس هۇجرىلىرىنىڭ قىبلىنى تاملىرى زەيرەك ۋە سىپىـ
سىلىق، ئۇزۇندىن بۇيان تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوقۇغان تالىپلارـ
نىڭ تاملارغا سۈركىلىشلىرىدىن خۇددى ئەينەكتەك غىلىتاڭ
بولۇپ قالغانىدى. پەقەت ئۇ يەردە، بۇ يەردە يۈزگە چۈشكەن
قورۇقلاردەك دەزلەر بۇنىڭدىن ئون يىلچە بۇرۇن بۇ يەردە

يۈز بەرگەن دەھشەتلىك يەر تەۋرەشنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار نىشاپۇرغا ھەۋەس ۋە ھاياجان بىلەن كىرىپ كېلىشتى. نى ـ نى ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر، نى ـ نى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى نىشاپۇر بىلەن باغلانغانىدى. بۇ شەھەر ئەسىرلەردىن بۇيان جەڭگىۋار شۆھرەتلىرى، دەھشەتلىك ئىستىبلا ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ قانلىق ئۇرۇشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى روھىي جاسارەتلىرى بىلەن داڭق چىقارغانىدى.

بىر چاغلاردا زاھىدلارنىڭ مۇناپىقلىقلىرىغا قارشى «مەلامەتىيلەر»① نامى بىلەن كۆتۈرۈلگەن ھەرىكەتمۇ مۇشۇ شەھەردىن باشلانغانىدى. مۇسۇلمان دۇنياسى ھۆكۈمدارلىرى ئۆز مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەقۋادارلىق بىلەن نام قازانغان زاتلارنى ئوردا ـ سارايلىرىغا تەكلىپ قىلىشىپ، ئىنئام ـ ئېھسانلارغا كۆمۈشەتتى. يىللار ئۆتۈپ، تەقۋادارلىق ساماۋى شان ـ شەرەپنىڭ ئورنىغا دۇنياۋى نېمەتلەرنى كەلتۈرىدىغان ھۈنەرگە ئايلاندى. ئۇ چاغدا «مەلامەتىيلەر» ئۆز تەلىماتلىرىنى ئالغا سۈردى. بۇ تەلىمات بويىچە، گۇناھى ـ كەبىردىن قۇتۇلۇش ھەركىمنىڭ شەخسىي ئىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەت ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، سىزنى قانچىكى ئاسىي گۇناھكار دەپ بىلىشسە، چەكلىمە، ھاقارەتلەرگە كۆمۈشسە، نەپرەتلەنسە، شۇنچە ياخشى، دېمەك، سىز ھەق يولدا تۇرغان بولىسىز، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ـ ئەۋلىيالارنىمۇ ھەممىشە تەھقىرلىگەن ۋە ھاقارەتلىگەن.

«مەلامەتىيلەر» زاھىدەن باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرماسلىقى لازىم ئىدى. ئۇلار خىرقىمۇ②، جەندىمۇ يېپىنماي، ئوردا خىزمەتچىلىرىدەك كىيىنىشەتتى. شۇڭلاشقا سىپاھلار تەبەقىسىگە مەنسۇپلۇقنىڭ ئۆزىلا ھالال نان تېپىش ئىمكانىيىتىنى چەكلەپ

① گۇنايى ـ كەبىردىن قۇتۇلۇش ھەركىمنىڭ شەخسىي ئىشى دەپ قارىغۇچىلار — ت.
② قوپال رەخت ياكى پالازدىن تىكىلگەن چاپان — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوياتتى. ئەگەر «مەلامەتىيلەر» خەبەر ـ سەدىقە سورىماقچى بولسا، باشقىلاردا رەھىم ـ شەپقەت ھېسسىنى ئويغاتماسلىق، ئۆزى تاللىغان ئېختىيارىي گاداھلىقنى ھۈنەرگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق ئۈچۈن سەدىقىنى قەستەن قوپال، ھەتتاكى ھاقارەتلىك بىر يوسۇندا سورىشى شەرت ئىدى. كېيىنچىرەك «مەلامەتىيلەر» تەلىماتى خۇراسان سوپىلىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىكى ئىستىبداتلىق بىلەن دىنىي خۇراپاتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك ـ تەبىئىيلىكنى ياخشى چۈشەندۇرگەن سۇلتان ماھمۇت غەزنەۋى زامانىسىدا شەھەرگە ھاكىم ـ رەئىس قىلىپ ئەشەددىي خۇراپات ئەبۇ بەكرى كەررەمى دېگەن بىرى تەيىنلەندى. كەررەمى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئەقىل ـ ئىدراكقا ئەمەل قىلىدىغان دىنىي ـ ئەخلاقىي تەرەققەتلەرگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇشاتتى. ئۇلار سۇلتانىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولۇۋېلىپ، «يولدىن ئازغانلار»نى ئاممىۋى جازاغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋېلىپ، ئاسىيلىقتا ئەيىبلەنگەنلەردىن پارە ـ خىيانەت ئۇندۇرۇۋېلىشاتتى. ئومۇمەن دىن يولىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەللەرنى شەخسىي بايلىق، دۆلەت يىغىش مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقانىدى. لېكىن نىشاپۇرلۇقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قەھرى ـ غەزىپى تۈپەيلىدىن كەررەمى ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلدى. تەقۋادارلىق ۋە ئۆلىمالىق، دۆلەت خىزمىتىدىكى مەرتىۋە ۋە مەنسەپ، دۇنياۋى نېمەتلەرگە ئىنتىلىش بىلەن كېلىشەلمەيدۇ، دېگەن ئەقىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى.

نىشاپۇرنىڭ كۆپلىگەن خانىقالىرىنىڭ بىرىدە مەشھۇر سوپى شەيخ ئەبۇسەئىد مەيخانىسى خالايىق ئۈچۈن يىغىلىشلار تۈزۈپ، ئىشق ـ مۇھەببەتنى مەدھىيىلەيتتى، قۇرئاننى تەلقىن قىلىش، پەي-

ھەممەر ھېكمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئورنىغا خەلق قوشاقلى-
رى، ئاشىقلىق ھەققىدىكى قوشاقلارنى ئېيتىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا
روھى بېغىشلايتتى. ئۇ باي ـ بەدەۋلەت سودىگەرلەرنىڭ نۇرغۇن-
لىغان ئىنئام ـ ئېھسانلىرى ھېسابىغا ساز چېلىش، ئويۇن ـ كۈل-
كە، بەزمە ـ زىياپەتلەر ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. شەكسىزكى بۇ
نەرسە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ نەزەرىدە دىنغا شەك كەلتۈرگۈچى
شەككاكلىق ھېسابلىناتتى، لېكىن خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان
مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن چۆچۈپ كاشىلا قىلىشمايتتى. ئۇلار جەندى
كىيىمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە، «بەزىدە زەرباب، بە-
زىدە جۇلدۇر چاپاندىمۇ ئاللاغا ئىمان كەلتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ
قارىلاتتى، نىيەتنىڭ خاسلىقى رەسمىي ـ يوسۇنلارغا رىئايە قىلىش-
تىن ئۈستۈن ئىدى. ئەبۇسەئىد ئۇلۇغ ھەكىم ۋە مۇتەپەككۇر،
شۇ دەۋر بىلىملىرىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتىدە «كىتاب ـ
ئەش ـ شىپا» ۋە كۆپ توملۇق «ئەل ـ قانۇن» ئەسەرلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، خۇراپات ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى
ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا بىلەن ئۇچراشقانىدى. ئىبنى سىنا ئۆز شا-
گىرتلىرىغا: «مەن چۈشىنىدىغاننى ئەبۇسەئىدمۇ ھېس قىلالاي-
دۇ» دېسە، ئەبۇسەئىد: «مەن ھېس قىلالايدىغاننى ئىبنى سىنا
ئىدراك قىلالايدۇ» دېگەنىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككى
ئەللامە ماددىي ئالەم ۋە ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بىلىشتە
ئەقلىي ـ مەنتىقى ۋە ھېسسىي ـ تۇيغۇ يوللىرىنىڭ باراۋەر، تەڭ
ھوقۇقلۇقىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلىشقانىدى.

نىشاپۇر ھۈنەرۋەنلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، كېيىن شۇ شە-
ھەردە ۋاپات بولغان كىشىلەردىن بىرى، ئەڭ مۇكەممەل قۇيياش
كالىبىندارىنىڭ ئىجادچىسى، مۇنەججىم ۋە جاپاكەش ئۆمەر ھەييام
ئىدى. ئۇ دەھشەتلىك ئىستىبدات زامانىدا روھىي ئەركىنلىكنى
ماختايدىغان رۇبائىيلارنى توقۇپ، شان ـ شۆھرەت قازاندى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا خۇراسان پايتەختى نىشاپۇردا سۇلتانۇل ھەقىقەتيار دەپ نام ئالغان شەيخ ۋە شائىر پەرىدىددىن ئەتتار بار ئىدى.

ئۇلار نىشاپۇرنىڭ تېيىلغاق كوچىلىرىدىن لاي كېچىپ كېتىشۋېتىپ، خانىقا، مەسچىت ـ مەدرىسلەرگە چوڭ ئىشلەردەك دىققەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىپ، بازارلاردىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرگە، دەرۋىشلەرنىڭ تۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، سەئىد بۇرھانىددىن ئېيتىپ بەرگەن شان ـ شۆھرەتلىك قىياپەت ـ كۆرۈنۈشلەر ۋە ئاجايىپ ئەپسانىلەرنى قايتا ـ قايتا ئېسىگە ئېلىشاتتى.

شەھەردە مۈشۈك ئاجايىپ كۆپ ئىدى. ئۇلار مەيدانلاردا توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى، تاملارنىڭ تۈۋىدە يېتىشىپ، ئاپتاپسىنىشاتتى، ئۈچەي ـ قېرىن، كاللا ـ پاقالچاق ساتقۇچىلارنىڭ دۇكانلىرى ئالدىدا توپلىشىۋېلىپ، دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى تىككىنىچە خوجايىنىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىشەتتى.

جالالىدىنىنىڭ ئاكىسى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتتى. جالالىدىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، قاردەك ئاپئاق، لېكىن ئورۇق، سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان مۈشۈككە كۆزى چۈشتى. مۈشۈك خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئاپئاق ئاسلىنى گەجگىسىدىن چىشلەپ كۆتۈرۈپ، لايدا ئېھتىيات بىلەن كېتىپ باراتتى. جالالىدىنىنىڭ بىردىنلا ئاشۇ ئاسلاننى قولىغا ئالغۇسى كېلىپ، مۈشۈكنى تۇتماقچى بولدى، لېكىن مۈشۈك بىرلا سەكرەپ يان تەرەپتىكى باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. جالالىدىن تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ياق، ئۇ قىلغىنىغا خىجالەت بولۇپ تۇرۇپ قالمىدى، بەلكى پاكار تامدىن كوچىغا ئارتىلىپ چۈشكەن ئالۇچا دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا خۇددى ئاچ يېشىل يېنىۋاتقان ئوت يالقۇنىنىڭ تىلىدەك پارقىراپ تۇرغان،

دەسلەپكى چېچەك بىخلىرىنى كۆرۈپ قالدى. پاھ! ئۇ جەنۇبىي خۇراساننىڭ دالا ۋە باغلىرىغا كېلىۋاتقان باھارنىڭ خۇش پۇراق هاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، بىردىنلا بۇ ئالەم بىلەن، بۇ يات، ۋاڭچۇڭلۇق شەھەردىكى ھەر بىر ئادەم بىلەن، ھېلىقى مۇشۇك بىلەن، ئايىغى ئاستىدىكى قىزغۇچ تۇپراق بىلەن، ئەمدىلا سۈرۈۋاتقان بىخلار بىلەن، پەرىجىلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى سىلكىشتۈرۈۋاتقان شامال بىلەن، ئۆزى يول بويى كۆرۈپ كەلگەن شەھەرلەر، چەكسىز زېمىن بىلەن بىر تۇتاشلىق تۇيغۇسىنى سەزدى. گويا ئۇنىڭ ئۆز تېنىمۇ چەكسىزدەك، پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ داۋامىدەك ھېس قىلاتتى. شۇ تۇيغۇ خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ قەلبىدە تاۋلىنىپ خۇددى ئاپئاق نۇر تارقاتقۇچى گۆھەرگە ئايلانمىغۇچە، ئۇ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي ئۆزلۈكىدىنلا مەست بولۇپ، كوچىلاردا ئاكىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئەمتىرەپ يۈرۈۋەردى.

ئۇ گۆھەرنى ئەسلىدى. قىزنى بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئالدىراپ-سالدىراپ سابۇنچى مەدرىسىگە قاراپ ماڭدى.

گەرچە سۇلتانۇل ئۇلما، خارەزمشاھ مۇھەممەد تىرىك بولسىلا، خارەزم تۇپرىقىدا بىردەممۇ تۇرمايمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن بولسىمۇ يەنىلا بىرنەچچە كۈن نىشاپۇردا تۇرۇشقا توغرا كەلدى: ئات ۋە ئادەملەر بىرئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ، دەشتى كەبىردەك چوڭ چەزىرىنى بېسىپ ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىش كېرەك ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئانا يۇرتنى مەڭگۈ تاشلاپ كېتىشتىن ئاۋۋال «مەنتىقۇت-تەيىر»نىڭ مۇئەللىپى پەرىدىددىن ئەتتار بىلەن كۆرۈشمەي كېتەلمەيتتى. ئەتتار ئۇنىڭدىن ئۇنبەش ياش چوڭ بولسىمۇ، لېكىن سوپىلىقنىڭ مۇبارەك لىباسى-خىرقەنى،

ئۇنىڭ ئاتاق ئاكىسى ۋە خارەزمدە مەكتەپدىشى بولغان، مۇر-
تەد شاھ مۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ شەيخ مەجدىددىن
باغدادىنىڭ قولىدىن ئالغانىدى.

لېكىن ئۇ ئەپسۇس ۋە نادامەت بىلەن ئاڭلىدىكى، شائىر-
نىمۇ «يولدىن ئازغان» دېگەن ئەيىب بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىشقان، كېيىن ھۆكۈمنى سەل بوشىتىپ مال - مۈلكىنى مۇسا-
دىرە قىلىپ، ئۆزىنى شەھەردىن قوغلاندى قىلغانىكەن. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ئۇ شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا نەزەر-
بەنتتە كۈن كەچۈرىدىكەن. سۇلتانئول ئۆلىما پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ
قائىدە بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سابونىي مەدرى-
سىگە كەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى، شۇڭا شا-
ئىرنى ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىغا بېرىپ كۆرۈش نىيىتىدە ئى-
كەنلىكىنى ئېيتتى.

مەدرىسىنىڭ قېرى مۇددەرىسى يولباشلىغۇچى قىلىپ بەر-
گەن ئورۇق - جانسىز دەرۋىش، ئېشىكىنى يورغىلاتقىنىچە شەھەر
سىرتىغا باشلىدى. شەھەرگە تۇتاش باغلار، ئۈزۈمزارلىقلارنى
ئارىلاپ، بىر يېزىغا كىرىپ كېلىشتى. بۇ يەردە چىنار دەرەخ-
لىرى تېخى يالىڭاچ پېتى ئىدى، قىڭغىر - سىڭغىر شاخلىرىدا
بۇلتۇرقى قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقلار ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە كۆزگە
چېلىقاتتى. ئۇلار ئۈچ سائەت يول مېڭىپ، تاپتاقىر بىر تاغ-
قا يېقىنلاشتى. ئاتىسى ئاتتىن چۈشۈپ، سالماق قەدەملەر بىلەن
يۇقىرىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان غارغا قاراپ ماڭدى. دەر-
ۋىش ھۆرمەتتىنمۇ ياكى ئېھتىيات يۈزىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئات-
لارنىڭ يېنىدا قالدى. جالالىدىن ئاكىسى بىلەن بىللە ئاتىسىغا
ئەگىشىپ ماڭدى.

غار ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن
ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن ئەتتار خەۋەردار ئىدى. ئاتىسى

دۈۋىلەپ قويۇلغان قۇمغا يېقىنلاشقاندا، غارنىڭ خوجا-
يىنى شۇ يەردە گۈلخان ياقسا كېرەك—ئۈچىسىغا قارىيىپ كەت-
كەن يەشمەت، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگەن، ئاجىزلاپ كەت-
كەن بىر بوۋاي ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا
چىقتى. ئۇنىڭ يۈرۈشىدىن ئەندىشە ئەمەس، بەلكى شىددەت
چىقىپ تۇراتتى. گويا ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە
تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا بىرئەزىز مېھمان كېلىپ قالغاندەك ھا-
لەتتە ئىدى. ئۇ شۇ مېڭىشى بىلەن كېلىپ، گويا كۆرۈنمەس
بىر توساققا دۈچ كەلگەندەك چېپپىدە توختىدى ۋە ئاستا ئې-
گىلىپ سالام قىلدى. ئۇلار ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىشقاندىن كېيىن،
ئۆچۈپ قالغان گۈلخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر-بىرىگە قارى-
مۇ-قارشى قويۇلغان تاشلارغا ئولتۇرۇشتى: بېشىغا سۇس مەل-
لە رەڭلىك سەللە ئورىغان ئېگىز بويلۇق، سۆرلۈك قىياپەتلىك
ئۆلىما ۋە كىگىزدىن دەرۋىشلەرچە ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن،
قەددى پۈكۈلگەن شائىر لام-جىم دېمەي، بىر-بىرىگە قاراپ
ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى.

— ئۇلار نېمە توغرىسىدا ئويلىنىشقاندۇ؟ تەڭرى-تائالا ھەق-
قىدىمۇ؟ ئۆزلىرى ھەققىدىمۇ؟ قەتل قىلىنغان شەيخ باغدادى
ھەققىدىمۇ؟ ئۆتكەن ئۆمۈر ۋە قىسمىتى ئەزەلىنىڭ ئويۇنلىرى
ھەققىدىمۇ؟ ياق، بىر-بىرىگە شۇنچىلىك تىكىلىپ تۇرۇشلار-بىر-
بىرىنىڭ ماھىيەتلىرىگە كىرىپ، باشقا بىر كەيپىياتقا چۆشۈش
ئۈچۈن. بۇ يەردە سۆزنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟

جىملىق ئۇزاققا سوزۇلدى، بولۇپمۇ جالالىدىنغا شۇنداق
تۇيۇلدى. ئۇ ئەدەب يۈزىسىدىن قولىنى كۆكسىدە قوۋۇشتۇرۇپ،
ئاكىسى بىلەن بىللە ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. شائىرنىڭ
يېشى نەچچىدىدۇ-يەتمىشتىمۇ ياكى توپتوغرا يۈزدىمىدۇ،
بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. بوۋايلارنىڭ يېشى-ئۇلارنىڭ باشلىرى-

دىن يوشۇرۇن ئۆتكەن سىرلىرى. دەرۋەقە ئالدىڭدا — ھىندىستانغىچە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنى كېزىپ چىققان، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ساپ گۆھەرلىرىنى قەلبىگە پۈككەن، «مەنتىقۇت-تەيىر» دەك ئەسەر يېزىپ، ئىنساننىڭ يېتىلىش يولىنى سىزىپ بەرگەن، ئونلاپ شېئىرىي كىتابلىرى بىلەن دۇنياغا داڭقى چىققان، لېكىن زادىلا ئەمەلدار ۋە دۆلەتمەنلەرنى مەدھىيىلەپ قەلىمىنى بۇلغىمىغان بىر سىما تۇرغان يەردە ياشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مانا شۇ ساقال-بۇرۇتى گىچىرماچ ئۆسۈپ كەتكەن، مازلىرى چۈۋۈلۈپ تۇرغان تون كىيگەن، ئورۇقلاپ قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان بوۋاي قىلغانمىدۇ؟ ئاتىسىدىن قالغان ئەتتارلىق دۇكىنىنى ماگدۇرۇپ، توق ۋە كەڭ-كۇشادە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسا بولماسمىدى؟ ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار بولسا شۇنداق قىلماسمىدى؟ ئۇنى بۇ يولغا باشلىغان نېمىدۇ؟

تېخى ئىككى دۇنيا — پانىي دۇنيا بىلەن ئۆز دۇنياسى ئاچىلىدا تۇرغان، ئۇلاردىن بىرىنى باشتىن-ئاخىر بېسىپ ئۆتكەن بوۋايغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتقان ئون ئىككى ياشلىق بالا بۇ گەپلەرنىڭ تەكتىگە يېتەلمەتتى.

ئەمما، ئەتتار ئۆزىنىڭ «مەنتىقۇت-تەيىر» داستانىدا بۇ سوئالغا بىر رىۋايەت بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى: بىر شائىر خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ، مەھشەر كۈنى مېنى جەھەننەمگە تاشلىسا، لېكىن تېنىمنى شۇنداق بەھەيۋەت-زور قىلسۇنكى، ھەتتا جاھاننامە ئەينىكىدە باشقىلارغا ئورۇن قالمىسۇن، دېگەنىكەن...

جالالىدىن «مەنتىقۇت-تەيىر» نى ئۇستازى بىلەن بىللە ئوقۇغانىدى. ئۇ بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش مۇلاھىزە قىلمايلا ئوقۇمايتتى.

لېكىن ئويلاش ــ باشقا، بىلىش ــ باشقا، تۈركلەر: «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.

باشقىلارغا بولغان ئاتەشتەك مېھىر ـ مۇھەببەت، ئەتتار ۋە ھەقىقەتنىڭ باشقا پىداﺋﯩﻴﻠﯩﺮﯨﻨﻰ يولغا باشلىغان نەرسە مانا شۇ ئىدى. ئۇن ئىككى ياشلىق جالالىدىن بۇنى ئەقلەن ئۇقمىسىمۇ، قەلبىدە ھېس قىلاتتى. بۇنى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتتار-نىڭ شىددەتلىك نەزەرىگە دۇچ كەلگەن چاغدىلا ھېس قىلدى. شۇ دەم شائىر سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئۇنىسىز سوئالىغا جاۋاب بەر-گەندەك، جىملىقنى بىرىنچى بولۇپ بۇزدى.

ــ غايىب ئالەمدىن ئۆزلىدىم ـ ئۇچتۇم،
بۇ نەغمە ـ ناۋاغا يېتىشتىم، چۈشتۇم.
ھېچكىمگە ھەمراھ بولمىدى بۇنداق پىنھان،
ئۇۋىسىز، ئۆلچىسىز بۇ جاھاندىن كەچتىم...

شائىرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى، لەۋلىرى ئۇمچەيگەندەك كۈرۈنۈشكە باشلىدى. جالالىدىن ئاغزىنى گۆردەك ئېچىپ تۇرغان ئاشۇ غار ـ ئىۈككۈر ئالدىدىكى قاپقارا تۇپراققا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ قېزىپ، كۆيۈپ قاغجىراپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى...

ــ كۆڭلۈمنىڭ كۆزى بىلەن سېنى كۆپ يىلدىن بۇيان ئىزدىدىم، شەيخ، پەرزەندىدىن، ــ دېدى شۇ ئارىدا ئاتىسى، ــ ئال-لانىڭ مەرھەمىتى بىلەن دىدارىڭنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم...

كېيىن ئۇلار نېمىلەر توغرۇلۇق سۆزلەشكىنىنى جالالىدىن ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ بۇ بوۋايغا رەھمى كېلىپ، كۆڭلى بۇزۇل-دى. ئۇچلۇق تەقىيە كىيىۋالغان بۇ ۋىجىك بوۋايغا ئەمەس،

بەلكى كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان دۇنياغا كۆڭ-
لى بۇزۇلدى. بالا ئەتتارنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنى ئېنىق بىلدىكى،
ئۇ هاياتلىق بىلەن هەممە هېساب - كىتابىنى قىلىپ بولغان،
پەقەت بىر نەرسىنى ــ ئۆلۈمنى كۈتەتتى.

ئۇ ئۇزاق كۈتمىدى، بىر يىلدىن كېيىن، 1221 - يىلى-
نىڭ 10 - ئاپرېل كۈنى چىڭگىز قوشۇنلىرى نىشاپۇرغا باستۇ-
رۇپ كەلدى، نىشاپۇرلۇقلارنىڭ شەپقەت قىلىشىنى تەلەپ قىل-
غان ئىلتىجالىرى رەت قىلىندى. شەهەر ئۇچۇن بولغان جەڭ-
لەردە بىر موڭغۇل سەركەردىسى ئۆلگەنىدى، شۇنىڭ قىساسى
ئۈچۈن بۇ شەهەر ئاهالىسى ئىچىدە تۆت يۈز هۈنەرۋەندىن
باشقىلارنىڭ هەممىسى چېپىپ تاشلاندى، شەهەر تۈپتۈز تۈزلى-
ۋېتىلىپ، ئاقىتاما قىلىپ هەيدىۋېتىلدى. قالغان - قاتقانلارنىڭمۇ
ئامان قالماسلىقى ئۈچۈن خارابىزارلىقلاردا بىر بۆلۈم موڭغۇل
ئەسكەرلىرى قاراۋۇللۇققا قالدۇرۇلدى.

چىڭگىز ئەسكەرلىرىدىن بىرى، ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ ئارى-
سىدا مۇسۇلمانلار ئەۋلىيا دەپ بىلىدىغان بىر بوۋاينىڭمۇ بارلى-
قىنى ئۇقۇپ، ئۇ شائىرنى ئەسىر ئالغان نۆكەرگە مىڭ دەرهەم
پۇلغا سېتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى.

ــ مېنى ئەرزانلا سېتىۋەتمە، ــ دېدى شائىر كۈتۈلمىگەن
شۇنچە بايلىقنى ئاڭلاپ هودۇقۇپ قالغان نۆكەرگە، ــ سەن مېنى
يەنىمۇ قىممەتىرەك سېتىشىڭ مۇمكىن، ــ دېدى.

نۆكەر چىڭ تۇرۇۋالدى، خېرىدار قولىنى شىلتىپە ئېتى-
نىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىغىنىچە كېتىپ قالدى.

ئەتتار ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن
ئەمدى ئۇنىڭغا هاياتنىڭ قىزىقى قالمىغانىدى.

قېرى، يۈمۈپ بوۋاينى بىر دەرهەمگىمۇ ئېلىشمىدى. بىر

كۆڭلى ئەسكەرلەردىن بىرى ئامىتى قاچقاق دوستىنى زاڭلىق قىلىپ: «قېرى مايمۇننىڭ ئۈچۈن بىر قاپ سامان بىرىمەن» دەپ توۋلىدى. شائىر خېلىدىن بېرى كۈتكەن پەيت كەلگەنىدى.

«تېزرەك سېتىۋەت، — دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئارىلىشىپ، — مەن بۇنىڭدىن ئۇشۇققا ياردىمايمەن!»

غەزەپلەنگەن ھېلىقى ئەسكەر قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى. شائىر ئۇزاقتىن ئويلاپ كېلىۋاتقان ئارزۇسىغا يەتتى، ئۇ پانىي دۇنيانى تەرك ئەتتى.

مانا ئاردىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، جالالىدىن ھەر دائىم ئۇنى ئەسلىگەندە، يۈرىكى ئىنتايىن ئېچىشىپ كېتەتتى. خۇددى شۇ چاغدا ئۇ پەردىدىن ئەتتارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەرىشان ھالىغا ئېچىنغاندەك ھالەتتە تۇراتتى.

شائىر ئەتتار شۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، دوستىنىڭ ئارقىسىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆزە تۇرغان بالىلارغا قاراپ قويۇپ، ئۆڭكۈرىگە قاراپ ماڭغان ۋە ئۆڭكۈردىن بىر كىتاب ئېلىپ چىققانىدى.

— كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قەلبىدە دۇنيا قەلبىنى ئوت ئالغۇسى، — دېگەنىدى ئۇ بالىلارغا ئىشارەت قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنلىنىدۇ...

كىتابنى ئاتىسىغا بېرىۋېتىپ، پەردىدىن ئەتتار جالالىدىنغا ئاجايىپلا تىكىلىپ قارىغانىدى. ئۇ چاغدا جالالىدىننىڭ قەلبىدىكى ئېچىنىش تۇيغۇسى يېشىنىڭ بىر خىل مۇڭ بىلەن ئالماشقانىدى.

ھازىر ياشانغان بۇ جالالىدىن بىلىدىكى، بۇنىڭ ئەجەبلىنگۈدەك يېرى يوق. بۈيۈك دىلشۇناس، چىرايىغا قاراپ دىلىنى بىلىۋالىدىغان ئەتتار ئۇچۈن بالىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى تۇيغۇلىرىنى بىلىش، ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىنى باغلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چەكسىز رەھمەتلىلىكىنى بايىقاش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئەتتارغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ مۇسىبىتى ئۇنىڭمۇ مۇسىبىتى ئىدى.

شەھەرگە قانداق قايتىشتى، بۇنى جالالىدىن ئەسلىيەلمەيدۇ. ئېسىدە قالغىنى نىشاپۇرلۇقلارنىڭ ئالدىراپ-تېنەشلىرى — ھودۇقۇش، ھۆرمەتلەشلىرى — خۇشامەتچىلىك، ئەندىشە قىلىشلىرى — قورقۇنچاقلىق بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئاتىسىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى خىزمەتكارغا تۇتقۇزۇپ، شەيخ خوجاگىيسكە دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئەركىن نەپەس ئالغانىدى.

— ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز!

## بىرىنچى شام

ئۇ ئاياغ شەپىسىگە ئۆرۈلۈپ قارىمىدى، مەدرىس ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇققا چۆككەن، ئۆرۈلۈپ قارىغان بىلەن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى. ئەمما ئۇ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەتتى. بۇنداق سىپايى، ئەدەب ۋە ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋەلەد ئىدى.

شام نۇرىنى توسۇغان قولىنىڭ سايىسى ئاجايىپ چوڭ شەپەرەڭدەك يەلپۈنۈپ، تامدا سۆرۈلەتتى. ساقال كۆلەڭگىسى ھەر قەدەم باسقاندا تورۇسقا نەيزىدەك سانجىلىپ، يەنە گۆرزىدەك يەسكە چۈشەتتى... بىزمۇ شۇنداقلا بىر سايە — خالاس. ئاشۇ سايىگە ئوخشاش «لىپ»لا قىلىمىز-دە، غايىب بولىمىز. بىز پەقەت كۆكسىمىزدە يېنىپ، باشقىلارغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى، بۇ خۇددى ھازىر ئوغلىنىڭ نەدىنىدۇر تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن شامنى ئۇنىڭ ئالدىغا جىممىتىلا ئەكىلىپ قويغىنىغا ئوخشاش. بىزنى كۆيدۈرگەن ئوت قانچىكى يالقۇنلۇق بولسا، ئۇ شۇنچە ئۇزاق يانىدۇ. بىز خۇددى ئۆسۈملۈك نوتىلىرىغا سىڭگەن شىرنىلەرگە

ئوخشاش، ئالەم بويلاپ تارالغان ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىن چاپلىشىمىز...

كىتابخان، سىز بىلەن بىز ئۆزىمىز بىلىۋالغان تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنى ھەقىقەت دەپ ئېيتىمىز. جالالىدىن ئۇنى خۇدا دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئەمما دانىشمەننىڭ بېشىغا قونۇۋالغان قۇش ئۇنىڭدىن كۆرە يىراقنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ نەزەرىنىڭ ئۆتكۈر، ئۆزىنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر ئاز ئېگىزرەكتە تۇرغانلىقىدىندۇر.

— ئىنساننىڭ يېگانە ۋە قۇدرەتلىك، ھەممىلا جايدا ھازىر نازىر خۇدا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا مەجۇسىلىققا نىسبەتەن ئالغا قاراپ قويۇلغان زور قەدەم ئىدى. چۈنكى بۇ ئوخشىتىشتا ئالەمنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە، ئادەمزاتنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىكلىكى، ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارلىقى ۋە بىرلىك ھەققىدىكى ئارزۇسى بىر ئاز غايىبانە بولسىمۇ گەۋدىلەنگەنىدى. بىزچە، تارىخ — خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇرۇنۇشلار جەريانىدۇر. مانىستىك① دىنلارنىڭ بولۇشى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن فىزىئولوگىيىلىك ۋە روھىي ھادىسىلەر، تەن ۋە ئاڭ، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغان بىر ئىنتىلىش ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئۇ چاغدا كىچىك ئاسىيانى رۇم دەپ ئاتىشاتتى. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى رۇمدا ئۆتكەچكە رۇمى تەخەللۇسىنى قوللانغان جالالىدىن ئۆز ئەسىرىنىڭ پەرزەنتى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆز پىكىرلىرىنى ئىلاھىي پەردىلەرگە ئورايتتى.

① بارلىقنىڭ ئاساسى بىرلا (ماتېرىيە ياكى روھ) دەپ ھېسابلىغۇچى پەلسەپىلىك تەلىماتقا ئاساسلانغان دۇنيا قاراش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن ئىنسان تەبىئەتنىڭ سىرلىرىغا دادىل ۋە چوڭقۇر كىرەلىگەن جالالىددىن (بىز ئەمدى بىلدۇقكى، ئالەم بارلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر)، شۇنىڭغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇقكى، دۇنيا زىددىيەتلەر بىرلىكىدىكى «زىددىيەتلەر جېڭىدۇر»، دۇنيا قاچانلاردۇر بىراقلا باقىي قىلىپ يارىتىلمىغان، بەلكى، «ئۈزلۈكسىز قايتىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ».

جالالىددىن دىئالېكتىكا سىستېمىسىنى ياراتتى، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى، جۈملىدىن يۇنانىستان، رىم، ئەرەبىستان، ھىندىستان ۋە جۇڭگو مۇتەپەككۇرلىرى باشلاپ بېرىشكەنىدى.

گېگېلنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە جالالىددىن رۇمى ئۇنىڭغا دىئالېكتىك مېتود يارىتىشقا ياردەم بەرگەن ۋە بۇ مېتود قايتا ئىشلىنىپ، دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

بىراق جالالىددىن گېگېلدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىمى سۈپىتىدە پىكىرلىرىنى مەۋھۇم مەنتىقىي كاتېگورىيىدە ئەمەس، بەلكى قىزغىن شائىرانە مىساللار ۋاسىتىسىدە تەلقىن قىلدى.

شەرقتىن چىڭگىزخاننىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، غەربتىن سەلىبچىلەر يۈرۈشلىرىنىڭ ياۋايىلىقلىرى بولۇۋاتقان، دىنىي ئۇرۇشلار ۋە پاناتىزم ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۇ زاماندا ئۇ ئىنسانلارنى سۈلھ-سالاھ، تىنچلىق-ئامانلىققا چاقىردى: ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ماناتېئىستىك① دىنلارنىڭ ماھىيىتى بىر خىل ئىدى. قۇللۇق ئىستىبداتلىق ۋە زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر دەۋردە ئۇ ئادەملەرنىڭ بايلىقى، ئىرقى، دىنى، نەسىل-نەسەبى، مەنسەپ-مەرتىۋىسىدىن قەتئىينەزەر، دوستلۇق-باراۋەرلىك غايىـ

① بىر خۇدالىق ئېتىقادچىلىقى.

سىنى ئالغا سۈردى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەملەر پەقەت ئىنسانىي كامالەتكە قانچىلىك يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى ۋە ھەر بىر كىشى ئاشۇ مۇكەممەل ئىنسانغا ئۆز ئەمگىكى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ يېقىنلىشالايتتى... ئۇ ھەقىقەت تەشنالىرىغا ئاتاپ ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە مۇنداق دېگەنىدى:

ئاياسىز، جان تىكىپ ھەممىشە ئىزدەيسىز ئىلاھنى،
ئۇنى ئىزدەش ھاجەت ئەمەس، ئىلاھىي ـ سىز ئىلاھىي ـ سىز!

ئۇ ئۆز شېئىرىيىتىدە «خۇدا» تەشبىھىنىڭ رېئال ماھىيىتىنى مانا شۇنداق ئېچىپ بەرگەنىدى.

ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم، ئاڭ ۋە بارلىق ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت، زامان ۋە ماكان بۇ مۇئاممالار تارىخ داۋامىدا ھەر خىل قويۇلۇپ كەلمەكتە ... ئىنسان ياشىغانىكەن، ئۇلار يېڭى ـ يېڭى شەكىللەر بىلەن قايتا ـ قايتا قويۇلۇۋېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، بۇرۇنقىدەك يەنىلا ھەقىقەتكە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

كېلىڭ، كىتابخان، يەنە يەتتە ئەسىر ئارقىغا، 1268 ـ يىلىنىڭ بىر كۈز كۈنىنىڭ زۇلمىتىگە چۆككەن كىچىك ئاسىيانىڭ كونيا شەھىرىگە، جالالىدىن رۇمىي يالغۇز شام يورۇقىدا خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان ئاشۇ مەدرىسىگە قايتايلۇق، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆمۈر يولىنى كۆزىتەيلى. كونىرىغان ئىبارىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادە ئۇسۇللىرىدىن تەپ تارتماي، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدە يوشۇرۇنغان بۈيۈك بىر تارىخىي ئىنتىلىشنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلايلى. ئېھتىمال، ئەسىرلەر قاتلاملىرىدىن ئۆتەلىگەن ئاشۇ زاتنى ئۆرتىگەن ئوتنىڭ جانلىق يالقۇنلىرىنى ھېس قىلارسىز.

① تەشبىھ — ئوخشىتىش

www.uyghurkitap.com

«سۆز ـ لىباس، مەنە ـ ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر» دەيتتى جالالىدىن رۇمى.

ۋەلەد شامنى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭغا خۇدۇكسىرىگەن، سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىدىن تەشەككۈر بىلدۈرگەن ئالامەتنى كۆرۈپ، ئاۋالقىدەك يۇمشاق، ئېھتىياتكار قەدەم بىلەن دىلىدىكىنى ئېغىزىدىن چىقارماي چىقىپ كەتتى. ئاشۇ ئېيتىلمىغان سوئال پۈتۈن تەپەككۇر ئېقىمىغا چېتىلىپ، قانداقتۇر بىر تېپىشماقتەك نەرسىنى ئېسىگە سالدى. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشىپ، پەردىدىن ئەتتار نېمىشقا ئۆزىگە، كىچىك بالىغا ئۆزىنىڭ «ئەسرارنامە» كىتابىنى تەقدىم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بىرنى، ئېھتىمال ئەڭ مۇھىمىنى ئۇقۇۋالدى: بۇ ـ ئۈمىد، ئارام بەرگۈچى ۋە ئۈمىدلەندۈرگۈچى، ئۆزۈڭ ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان سۆزلەرنى قۇلىقىڭغا شىۋىرلاپ، بايلىقتىن پانىيلىققا قاراپ يېتەكلىگۈچى ئۈمىد ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلار قىلالمىغاننى، بالىلارقىلار، ئۇلار بىزدىن كۆرە ياخشىراق، بىزدىن كۆرە كامىلراق بولار، دېگەن ئۈمىد ئىدى ...

ئەمدى نەدىلا بولسۇن، ئاۋۋالقى ھالىمىزدىن بىر قەدەر ياخشىراق، كامىلراق بولالىدۇقمۇ؟ ياق، تىرىك ئىكەنسەن، ئۆزۈڭدىن كۆرە دۇرۇستراق ۋە لايىق بىر نەرسە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۈمىدنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا ئۇچماي ئىشلىشىڭ، تىنماي جاپا چېكىشىڭ كېرەك. ئېھتىمال، شۇ چاغدىلا ئەۋلادلار بىز قىلالمىغاننى قىلالار، بىز يېتەلمىگەنگە يېتىشەر. ئېھتىمال ...

ئەتتار ئۆزىنى ئايىماي جاپا چەكتى. لېكىن ئۇ زارىقىپ ئاتمىش يېشىدا كۆرگەن ئوغلى ئون سەككىز يېشىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئاردىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، جالالىدىن قېرى شائىرنىڭ گۆرگە ئوخشاش قاراڭغۇ غار ئاغزىدا ئۆزىگە

تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئەنە شۇ قايغۇنىڭ تەسىرىنى بىلدى.
ئۇ ئۆز باللىرىنى — ئاشۇ ئاي يۈزلۈك گۆھەر خېنىم تۇ-
غۇپ بەرگەن ئوغۇللىرىنى ئەسلىدى. تۇنجى بالىسىنى ئاتىسىنىڭ
شەرىپىگە ۋەلەد دەپ ئاتىدى. بالىنى ئەللەيلەپ كۆتۈرۈپ تۈن-
لەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزسىمۇ ئەركە بالا ئۇخلىمايتتى. بىر ھې-
سابتا پەرۋەردىگار ۋەلەددىن ھېچنېمىنى ئايىمىغانىدى: ئەقىل،
بىلىم، ئەدەب-ئەخلاق جەھەتتە كامالەت ئىگىسى ئىدى. ئاتا-
بالا بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىدى: ئاتىسىنىڭ پىكرىمۇ ئۇ-
نىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ
كېتەلەمدىكىن؟
جاللادىن ئىككىلىنىپ قالدى. ۋەلەد ئۇنىڭ ياخشى كۆرى-
دىغان سۆيۈملۈك ئوغلى ئىدى. ئادالەت يۈكىنى ئوتتۇنچىنىڭ
تارازىسىدا ئەمەس، زەرگەرنىڭ تارازىسىدا تارتىش كېرەك ئىدى.
ئېھتىمالىم، سۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا قىيىن-
دۇر: مانا، ئۇ ھەدېمەيلا قىرىق ياشقا كىردى. ئېڭەكلىرىنى
قاپقارا ساقال باستى. ئۇ دائىم ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۈرەتتى،
ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن چىقمايتتى. ۋەلەد ئاتىسىنى چۈشىنەتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاتا مىراسىنىڭ قەدرىنى ئانچىلىك بىلىپ كېتى-
شى، ئۇنى ئاياپ-ئاسرىشى ناتايىن بولسا كېرەك. ۋەلەدنىڭ
ھەممە بىلىدىغىنى — ئۆزلەشتۈرۈۋالغان، مىراس قىلىۋالغان نەرسى-
لەر بولۇپ، ئۆزى ئىزدەپ تاپقان نەرسىلەر ئەمەس ئىدى.
مىراستا ئالغان نەرسىنىڭ قىممىتى باشقىچە بولىدۇ. ئۇغۇ ئۆمۈر
بويى ئالتۇن يىغمىدى، بىرەر مەملىكەتنى ئىستىلا قىلمىدى،
شۇنداقلا باغ-ۋاران ئۆستۈرمىدى، بىراق ئۇلارنى ئاسراپ ساق-
لاش شۇنچىلىك زۆرۈرمىدۇ؟! بۇ دۇنيادا باشقا نەرسىلەرگە
ئوخشاش سۆزنىڭ ئۆمرىمۇ باقىي بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئىشلىتىلىۋې-
رىپ، ئۇپرايدۇ، تۆشۈك ئىدىشتا سۇ توختىمىغاندەك مەنىسىنى تۇتال-

مايدۇ. ھەقىقەت بولسا، دائىم تىرىك، ھەردەم قايتا تۇغۇلىدۇ، ئالاھەزەل ئۇنىڭ بىرەر ئۇچۇمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر دائىم يېڭى ئىدىش كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا قاچىلانغان نەرسە يەنىلا كونا ھەقىقەت بولۇشقا قارىماي، يېڭى سۆزلەر كونا سۆزلەرگە زىت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما سەن راستىنلا ئۇنىڭغا تەشنا بولساڭ، ئۇ ئىدىشنىڭ شەكلى ـ پەكلى بىلەن كارىڭ نېمە؟

ۋەلەدتە ئاتىسىنىڭ مىراسىغا بولغان ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئاسراش مەيتۇنلۇقىنى يەڭگۈدەك كۈچ ۋە جاسارەت بار-مىدۇ؟ ئەسلىدە، ھەقىقەتنى ئاسراش — ئۇنى تېپىش، قولغا كىر-گۈزۈش، دېگەن سۆز. ئەكسىچە بولغاندا، سانسىز مەزھەپلەرنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان يېڭى بىر مەزھەپلا كې-لىپ قوشۇلىدۇ، خالاس... ھالبۇكى ئۇ ھاسىل قىلغان ئىشەنچ-ئېتىقاد شۇكى، ئىنسانلارنىڭ مەزھەپلەر، تەبىقىلەر، دىنلارغا بۆ-لۈنۈشى — تەڭداشسىز قاباھەتتۇر، ئادەمزات ھەقىقەتكە ئوخشاش ۋاھىد ـ يېگانىدۇر.

جالالىدىن سەسكىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ۋەلەد ئۆز مەسلىكىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدىغان، تولىمۇ بوشاڭ ۋە كۆڭۈلچەك بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ، تاقاچ يۈزلۈك، ئىككى مەڭزى ھەمىشە قىپقىزىل بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ ساقاللىرىمۇ يوشۇ-رالمايتتى. تېخى مەرھۇم سەئىد بۇرھانىددىن ھايات چېغىدىلا مۇرىتلىرىدىن بىرى: «نېمىشقا مەۋلانىنىڭ يۈزلىرى ئاپئاقۇ، ۋەلەد-نىڭ يۈزى قىپقىزىل؟» دەپ سورىغانىدى. سەئىد شۇ چاغدا: «جالالىدىن ھەمىشە ئاشىق، ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇر-دىغان، رەڭگىرويى سۇنۇق بولىدۇ. ۋەلەد بولسا ياشلىقىدىنلا سۆيۈملۈك ـ ئوماق بالا ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇنى ئاڭلىغان جالالىدىن كۈلۈپ قويغانىدى. مەرھۇم ئۇس-تاز راست ئېيتقانىدى. ھەقىقەت ئاشىقى ۋە ھەقىقەت مەشۇقى —

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلىك نەرسە... ئوغلى نىمىلا
قىلمىسۇن — ياكى شېئىر يازامدۇ ياكى ۋەز ئېيتامدۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسىلا توغرا ۋە ئاقىلانە ئىدى. پەقەت بىرئاز چۈچۈمەلرەك،
شېئىرلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشايتتى.

ۋەلەدتە قانداقتۇر ئاجىزلىق، يۇمشاقلىق، ئۆزىدىن ئۆزى
ئېھتىيات قىلىش بار ئىدى. ئۇنىڭدىكى نۇرمۇ، ئاي شولىسىدەك،
باشقا بىر نۇردىن يارالغان. پاژىلداپ كۆيدۈرەلمەيدۇ، سىلاپ-
سىيپاپلا ئۆتىدۇ. گەرچە دائىم ئاتىسىغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلـ
سىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى-قەلبىدە گۆھەر خېنىم ياشايدۇ.
شۇڭلاشقىمۇ ئاتىسى باشقا ئوغۇللاردىن ئۇنى كۆپرەك ياخشى
كۆرىدۇ.

ئۇ شېئىر يازسىمەن دەپ بىكارلا ئاۋارە بولىدۇ. ئۇنىڭ
نىمە كېرىكى بار؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆز يولىنى تاپسا، بىرەر
نىمىدىن گۇمانلانسا، ئىسيان كۆتۈرسە ياخشى ئەمەسمۇ! ... ئۇنـ
داقتا، ئۆزگىچۇ؟ جالالىدىن، ئۆزۈڭ ئاتاڭ سۇلتانۇل ئۇلىما
ھاياتى چېغىدا تۈرلۈك گۇمانلارغا بېرىلىپ، ئىسيان كۆتۈرگەنـ
مىدىڭ؟ ياق، پەقەت ئۇنى ئەگىشىپلا يۈردۈڭ، راست، بەزىدە
شۈبھىلىنگەندىڭ ...

مەككىدە ئاتىسى بىلەن زىيارەتچىلەر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ
مۇبارەك خانا-كەبە ئەتراپىنى ئايلىنىشتى. ئوقۇلۇۋاتقان دۇئايۇ
تىلاۋەتلەر ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز شاۋقۇنىنى ئەسلەتتى، تۇۋـ
لاشلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن سانسىز قۇشلارنىڭ ئۈركۈگەن ئاۋاـ
زىغا ئوخشايتتى. ئادەملەر ھېچ تارتىنماي، كۆز ياشلىرىنى يۈزـ
لىرىگە سۈركەپ يىغلىشاتتى. بىرلىرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىـ
لاتتى. ئارزۇلاپ كۈتۈلگەن، ھاياجانلىق پەيتلەر، ئۆز-ئۆزۈڭـ
نى ئۇنتۇپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن كەلگەن مىڭلىغان خاـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لايىق بىلەن قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ كېتىدىغان دەقىقىلەر. بۇ مۆجىزىدىن كېيىن ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشى شەرت ئىدى. ئەمما ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ بۇرادەرلىك دېڭىزىدا بىر تامچە دەپ ھېس قىلغانلار يەنە نېمىشقا زالىملىق، بېخىللىق ۋە مەنمەنلىك قىلىش يولىغا ماڭىدىغاندۇ؟

لېكىن ئۇ شۇ كۈنىلا دەرۋىشلەرنىڭ تەقۋادارلىق ئۈستىدە تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ياقا سىقىشقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. مۇشتلار، ئۇچى نەيزىدەك ئۆتكۈر ھاسىلار ھاۋادا پۇلاڭلىدى، ساقاللىرىدىن كۆز يېشى ئەمەس قان تامچىلىدى، كۆزلەر مېھىر-مۇھەببەت نۇرى بىلەن ئەمەس، غەزەپ ۋە نەپرەت ئوتى بىلەن ياندى، تىللاردىن زىكرى-سانا ئورنىغا دەشنەم-ھاقارەتلەر ئۇچتى...

مەككىدىن مەدىنىگە بېرىشتا، ئۇلارنىڭ كارۋىنىدىن ئىسىل ئەرەب ئاتلىرىنى ئوينىتىپ قاپقارا يۈزلۈك بىر توپ ئاتلىقلار ئۆتۈپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئېسىل تون، بېشىدا چوڭ سەللە، ئۇلار بىلەن بىللە باشلىرىغا شۇلارنىڭكىگە ئوخشاش سەللە ئوراپ، يالىڭاياغلىرىغا كەشە كىيىۋالغان، بارماقلىرىنى زىدە-يارا باسقان مۇلازىملار يۈگۈرۈشۈپ مېڭىشاتتى. ئەرەب قىياپىتىدىكى بەدەۋلەت ھاجى ئون ئىككى ياشلىق جالالىدىنغا مەغرۇر بىر قامەت بولۇپ كۆرۈندى. بۇنداق تەكەببۇر-كەبىر-لىكنىڭ باشقا ھاجىلاردىمۇ ئوخشاشلا بارلىقىنى بىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىدىن: ئۇلار مۇسۇلمانچىلىق پەرزىنى ئۆتەش ياكى گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھەج قىلىشقا كەلمىگەن، ئۇلار ھاجى نامىنى ئېلىپ، شۇ نام بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدا يەنە يامان ئىشلارنى، بۇزۇقچىلىقلارنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىشكەنىكەن، دېگەن ئوي كەلدى.

ياق، مۆجىزە كۆرۈلمىدى. جالالىدىن كۆڭلىدە تۇيغان،

ئۇنىڭ نەزەرىدە باشقا زىيارەتچىلەرمۇ تەڭلا ھېس قىلغان مەغرۇر ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ئۆزگىرىش ياسىمىدى. ئۇنداقتا ھەجگە بېرىپمۇ ئاسىيلىغىچە قىلىشنىڭ ياكى يۇرتىتىن چىقىماي تۇرۇپلا تەقۋادار بولۇشۇڭ مۇمكىن، دېگەن پىكىر ئويغاندى. ئەمما بۇ پىكىرنى ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى خاپا قىلدۋالدى. ئاتىسىنىڭ: «ئادەملەر — مىسالى ئەينەك، ئۇلارنىڭ گۇناھىدا سىنىڭ گۇناھلىرىڭ ئەكس ئېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىغا چۈشتى. ھەققانىي سۆزلەر ئۇنلارچە يىلدىن كېيىن كەلدى:

ئايا زىيارەتچىلەر، سىزلەر قاياندا!
كېلىڭ، سىز ئىزدىگەن مەھبۇبە بۇ ياندا!
ئۇنى ئاختۇرۇپ، سىز ھەر دەم ئاۋارە،
ئۇ — سىزگە ئەڭ يېقىن دوست، ھەمسايە.
شامالدەك چۆلدە سەرسان كەزمەسەن،
ھەرەم ھەم ھەج بىلەن قۇددۇس - ئۆزۈڭسەن ...

نەدىمۇ ئىسيان كۆتۈرسۇن؟! ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا بەزىبىر ئىشلاردىن گۇمانلانسىمۇ، زادىلا شەك كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇغۇل بالا پەقەت ئاتا ۋاپاتىدىن كېيىنلا ھەقىقىي ئۇغۇل بالا بولىدۇ، دېگەنى راست ئوخشايدۇ.

ئاتىسى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدىكى پەرق تەخمىنەن ئەللىك يىل ئىدى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندا جالالىدىن تېخى يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى. چوڭ ئوغلى ۋەلەد بولسا ئۇنىڭدىن ئون توققۇز ياش كىچىك ئىدى. ئۇ ھازىر قىرىق ياشقا يېتەي دەپ قالدى.

ئۇ ئاچچىقىدا «ئىسيان قىلىش» ئىبارىسىنى تىلغا ئېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەنلا بىرىنىڭ قىياپىتى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىزەك پاشىدەك ئايلىنىپ كۆزىگە كىرىۋالدى. ئۇنى قوغلىۋەتمەكچىدى، ئۇ كەتمىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋالدى!

ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق تۇرۇۋالغان، ھەتتا ئىسمىنى خىيالىدىمۇ تەكرارلاشنى خالىمايدىغان ئاشۇ بىزەك پاشا — ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ھە، ئۇ ئىسيان قىلدى. ئەمما قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاتا يولى تار كەلگىنى ئۈچۈن ئەمەس، غەيرىي ئادىتى ۋە خەتەرلىك بولۇپ تۇيۇلغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئاتىسىنى يالغۇز ئۆزى ئۈچۈن تۇتۇۋالماقچىدى. خۇددى سۇدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۆز قۇتقۇزغۇچىسىغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇنى تۆۋەنگە تارتقىنىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئاتىسىنى تۆۋەنگە قاراپ تارتتى — ياق، سەن ئىسيان كۆتۈرمىدىڭ، ئەقىل ۋە نومۇسنى تەرك ئەتتىڭ، سېنىڭدە ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك قېنى ھۇجۇم-توپىلاڭ قىلدى. سەن كىمگە قارشى قول كۆتۈردۈڭ؟! ھەقنى سۆزلىگىن، يەنى: «بىر ئادەمنى تىرىلدۈرگەن ھەممىنى تىرىلدۈرگەنگە تەڭ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ھەممىنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر!»

ئۇ ئۆزىدە ئويغىنىپ-قوزغىلىۋاتقان، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان تۇيغۇغا ھاياجانلىنىپ قۇلاق سالدى. قارىغاندا بۇ — قەھرى-غەزەپ ئىدى. ئۇ قەھرى-غەزەپ چېكىگە يەتتى، دەپ ئويلايتتى، نېمىشقىدۇر بىر چاغلاردا غەزىپىنى قوزغىغۇچى نەرسىلەر ئەمدى ئېچىنىش ۋە نادامەت ئويغىتاتتى.

«ئۆز روھىي دۇنيارىڭنى بىلىش ۋە ئىگىلەش بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۈشكۈلرەك. لېكىن ھەممىدىن مۈشكۈلى كېيىن كېلىدۇ، ھەممىنى ئۇقىسەن. ئەمما دۇنيادىكى تەلۋىلەرگە قاراپ، ئۇنى زەررىچە بولسىمۇ ئۆزگەرتىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ! قىيىندىن-قىيىن مەسىلە مۇشۇ!»

جالالىددىن ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى — قەھرۇغەزىپىنى تونۇپ، ئۇنى دەرھال تىزگىنلىۋالدى. ئۇنىڭغا كۆزى «مىت»مۇ قىلمىدى. تەسۋى دانىچىلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تىنىمسىز بىر خىلدا شىلدىرلاپ ئۆتەتتى.

ئۇ قەھر - غەزەپنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇمۇ ئاتا مىراس ئىدى. مىجەزى ئىغىر - بېسىق، مۇستەھكەم مەسلەكلىك سۇلتانۇل ئۇلىما قەھر - غەزەپكە كەمدىن - كەم يول قوياتتى، بىراق يول قويدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ شىددىتى گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك بولاتتى. ئاتىسى بەلخ مەسچىت جاماسىدە ئاخىرقى بىر قېتىملىق قىلغان ۋەزىدە جالالىددىننى شۇنداق ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭدىغۇ جىددىي سەۋەب بار ئىدى، ئەمما باغدات يېنىدىكى داۋاندىچۇ...

## دارۇسسالام

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن پىلىنىڭ پۇتىدەك يوغانلىقتىكى خورما دەرىخىگە يۆلىنىپ، تېپىز پىشۇرۇلغان تېرىق نانغا پىشلاق ئوراپ يېيىشمەكتە ئىدى، يول ئازابىدىن بەدەنلەر سىرقىراپ ئاغرىيتتى. چەكسىز دەشتى كەبىر ۋە كۇردىستاننىڭ تاغ - داۋانلىرى كەينىدە قالغانىدى. ئەڭ ئاخىرقى كېچىلەپ داۋان ئېشىش ھەممىنى، ھەتتا نىشاپۇردىن بۇيان تۆگىگە مىنىپ كېلىۋاتقان ئاتىسىنىڭمۇ ھالىنى خارابلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇ ئالدىرىغاچقا تۆگىدىن يۆكلەرنىمۇ چۈشۈرۈشكە يول قويمايتتى.

تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى دەرەخلەرنىڭ سايىسىگە چۆكتۈرۈشتى، باشقىلار تاماق تەييارلىقى بىلەن كارۋان سارايغا كىرىشتى.

بالىلار سالقىندا ھوزۇرلىنىپ نان يەپ، بىر چاغلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بابىل پادىشاھلىرى ماڭغان يولغا، ئېشەكلەرگە مىنىۋېلىپ ھەددىدىن زىيادە ئەرزان پىشلاق، توقاچ نان ۋە خورما ساتقۇچى سودىگەرلەرگە، ھورى چىقىپ تۇرغان قازانلارغا قىزىقسىنىپ قاراشتى.

ئەتىسى تاڭ ۋاقتى ئىدى. ئەمما يول زىچ ئادەمگە تولغان، بۇنىڭدىن خەلىپە پايتەختىنىڭ يېقىنلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بىر خەۋەرچى بولۇجىستاننىڭ قوڭۇر تۆگىسىنى يۈگۈرتۈپ شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق يۈگۈرۈك تۆگىلەردە كۈنىگە ئوتتۇز پەرسەڭ يول① يۈرگىلى بولارمىش. ئۆرە ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك ئۈستىدىن ئاقۇچ يالاڭ پەرىجە كىيىۋالغان ئەركەكلەر، گۈلدار لىباسلار كىيىپ، باشلىرىدا سېۋەت كۆتۈرۈۋالغان چۆرىلەر، كەڭ ۋە ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازىلىق قورغانلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەشەمەتلىك ۋە غەلىتە تۇيۇلاتتى.

ئاكىسى سودىگەرلەرنىڭ توۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، جالالىدىننى نوقۇدى.

— بۇ يەردە ئېلىپ-ساتارلارمۇ ئەرەبچە سۆزلىشىدىكەن، سەرفۇ نەھۋىنى ھەجىلەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىكەن.

جالالىدىن «پىخ»خىدە كۈلۈۋەتتى. لېكىن بۇرۇلۇپ قارىمىدى. يولدا كارۋان كۆرۈندى. بۇلار قانداقتۇر جالالىدىنغا تونۇشتەك كۆرۈندى. ئەمما كىملىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. پەقەت كارۋان يېقىنلاشقاندىلا ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كارۋان بېشىغا قاراپ يۈگۈردى. جالالىدىن خاتالاشمىغانىدى. بۇلار — ئۆز يۇرتلۇقلىرى، بەلخلىك سودىگەرلەر ئىدى.

كارۋانلار سۇلتانئۇل ئۆلىمانىڭ بۇ يەردە قونغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئارىسىدا سودىگەرلەر ئاقساقىلى شىبرىپىدىن لالامۇ بارلىقىنى ئۇقۇپ، ھەيران قېلىشتى ۋە توختاش قارارىغا كېلىشتى.

ئۇلار يۇرتىنىڭ بىرەر يېڭىلىقىنى ئېيتىشالمىدى، ئۇلار بەلختىن چىققىلى خېلى بولغان بولۇپ، ئايلانما يول بىلەن كېلىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ نازۇك ماللىرى سەھرا ئىسسىقىغا چى-

① بىر پەرسەڭ تەخمىنەن يەتتە-سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ — ت

داشلىق بېرەلمەيتتى. يۇرتلۇقلىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن سودىگەرلەر تېڭىقلىرىدىن بىرىنى يېشىشتى. بۇنىڭدا پەقەت ئۆز ئانا يۇرتلىرىدا تەييارلانغان قوغۇن قېقى، ئۈجمە قېقىلا بار ئىدى.

جالالىدىن قوغۇن قېقى تەييارلايدىغانلارنىڭ ماھارىتىگە دائىم ھەيران قالاتتى. ئۇلار پىچاقنى قوغۇنغا بىر تەگكۈزگىنىچە ئۈزۈلدۈرمەي ئايلاندۇرۇپ قوغۇننىڭ شاپىقىنى بىراقلا سويۇۋالاتتى.

جالالىدىن ھېلىقىدەك قىزارغان قوغۇن قېقىنى قانغۇچە پۇرىدى، دىمىقىغا ئانا يۇرتىنىڭ ئىللىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. بۇ ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ ئاخىرقى سالىمى ئىدى.

ئەمما يۇرتلۇقلىرى بىلەن ئۇچرىشىش سۇلتانۇل ئۆلىمانى يۇمشىتالمىدى، گويا بەلخ بىلەن ئۇنى ھېچقانداق نەرسە باغلىيالمايتتى.

تاماقتىن كېيىن ئىككى تۆگىچى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— بۈگۈن ھېچنەگە قىمىرلىمايمىز، تۆگىلەر ھېرىپ كەتتى.

— ھازىر دەم ئېلىش ۋاقتى ئەمەس!

ئاتىسى ئۇلارغا بىر نېمىلەرنى ئۇزاق چۈشەندۈردى، ئەمما ئۇلار «تۆگىلەر ھېرىپ كەتتى!» دېگەن سۆزگە مەھكەم يېپىشىۋېلىشتى. شۇندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ قولى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ يىرىك ئالىقىنى تۆگىچىلەرنىڭ كاچىتىغا چاڭگىدە تەگدى. سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ قولى قاتتىق ئىدى، بىردىن شاپىلاق بىلەن ئىككى تۆگىچى يىقىلدى. باشقىلار ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.

— تۆگىلەرنى ھەيدە، ھارامزادىلەر!

تۆگىلەر ھەقىقەتەن ھېرىپ قالغانىدى، لېكىن ھەممىدىنمۇ تۆگىچىلەرنىڭ شۇ يەردە قېلىپ يۇرتلۇقلىرى بىلەن سۆزلەشكۈسى بار ئىدى. ئاتىسى يالغانچىلىققا تاقەت قىلالمايتتى. لېكىن شۇ زىغىردەك يالغاننى دەپ قول كۆتۈرۈش ھاجەتمىدى؟ ئۇ ئالدىراپ نەگە بارار ئىدى؟

جالالىدىن ئەمدى چۈشەندى: تۆگىچىلەرنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ھىيلىسى ئاتىسىنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرغان ئاخىرقى تامچە بولغانىكەن. ئۇنىڭ قەلبىدە خېلىدىن بېرى يىغىلىپ قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غان غەزەپ ـ ئەلەملىرىنىڭ پارتلىشىغا ئوت ياققانىكەن. باغدادتا يەنە باشقا بىر نەرسە: سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ شۇنچىلىك ئالدىراپ ـ تېنەشلىرىنىڭ سەۋەبى مەلۇم بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ يەردىكى قەھر ـ غەزىپى ۋە كايىشلىرى ھەممىدىن كۆرە باللارنى تولىمۇ قورقۇتۇۋەتكەنىدى.

خەلىپە پايتەختىدىن ئىككى چاقىرىمچە بېرىراقتا ئۇلارنى توختاتتى. زامان تىنچ ئەمەس، ھەممە يوللارغا قاراۋۇللار قويۇلغانىدى. كارۋاننى ساقچى ئەرەبلەر ئورىۋېلىشتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز، نەگە بارىسىز؟

كېيىنكى قونالغۇدىن بېرى يۈزىنى كۆرسەتمەي كېلىۋاتقان ئاتىسى سايىۋەننىڭ پەردىسىنى ئاچچىقى بىلەن ئېچىپ، ئەرەبچىلەپ قەتئىي جاۋاب بەردى:

— تەڭرىدىن كېلىمىز، تەڭرىگە بارىمىز، ئاللانىڭ سەلتەنىتىدىن بۆلەك سەلتەنەت يوق. غايىبتىن چىقىپتۇق،غايىبقا يەتكەيمىز!

ساقچىلار سەل چۆچۈپ قېلىشتى. ئەرەبلەر پەيغەمبەر تىلىدا ئېيتىلغان سۆز ئالدىدا سەجدە قىلىشىدۇ. بۇ غەلىتە يولۇچىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىمۇ، ئاھاڭى قورقۇنچلۇق ئىدى. كارۋاننى قويۇۋېتىشىنىمۇ، قويۇۋەتمەسلىكىنىمۇ بىلەلمەي قېلىشتى. كېيىن باغدادنىڭ شەيخۇل ماشايىقى سۇھرەۋەردىگە خەۋەرچىنى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى كارۋان بىلەن شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى.

خەۋەرچى دارۇسسالامغا (ئۇ چاغدا خەلىپىلىك مەركىزى باغدادنى شۇنداق دەپ ئاتىشاتتى) كارۋان كېلىۋاتقانلىقىنى، بارلىق ئالامەتلىرىگە قارىغاندا ئۇنىڭ خۇراساندىن چىققانلىقى، كارۋاندا ئۆلىمالار ۋە دەرۋىشلەر كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غەلىتە سۆزلىرىنى يەتكۈزگەندە، شەيخ سۇھرەۋەردى دەرھال پەملىدى:

— ئېھتىمال بۇ بەلخ ئۆلىماسى باھاۋىددىن ۋەلەد بولسا كېرەك، پەقەت، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچكىممۇ بۇنچىلىق تىل بىلەن ئەرز ـ ھال ئېيتالمايدۇ...

باغدادنىڭ داڭدار ئۆلىمالىرىدىن بىرى، بىر چاغدا خارەزمشاھ مۇھەممەدكە ئەلچى بولۇپ بارغان سۇھرەۋەردى ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق تونۇلغان شەيخ ۋە سوپىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. باھاۋىددىن ۋەلەد بىلەن شاھ سارىيىنىڭ ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلاردىمۇ خەۋەردار ئىدى. بۈگۈن مەشھۇر شەيخ ۋە ۋائىز خارەزمشاھنىڭ تۇپرىقىنى تەرك ئەتكەنىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئابباسىيلار خاندانى ئۈچۈن ياخشى دەستەك ئىدى، ھەممە مۆمىن مۇسۇلمانلار ئاشۇ ئىنسابسىز خارەزمشاھ تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىمانىنىڭ پېشىۋاسىنى خەلىپەئى روبى زامانىنىڭ قانچىلىك ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلغانلىقىنى بىر كۆرۈپ قويۇشسۇن.

خەلىپە پايتەختىنىڭ قورغىنى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇ تەرەپتىن ئاق قېچىر مىنگەن سۇھرەۋەردى باشچىلىقىدا بىر توپ كىشى كارۋاننىڭ ئالدىغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

سۇھرەۋەردى بىرنەچچە قەدەم بېرىدا قېچىردىن چۈشۈپ، سۇلتانۇل ئۆلىما ئولتۇرغان سايىۋەنگە يېقىنلاپ كەلدى. مېماننىڭ ئىجازىتى بىلەن باغدادنىڭ شەيخۇل ئەزەمى ئۇنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ، كۆزىگە سۈردى. بىزنىڭ قورغانغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز، دەپ لۇتپى - ئىلتىپات قىلدى. سۇلتانۇل ئۆلىما بۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە، ئەمما قەتئىي رەت قىلدى. ئۆلىمالارنىڭ مەدرىسلەردە قونىشىنى توزۇك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ دارۇسسالامدا كۆپرەك تۇرۇش نىيىتىمىز يوق، بېلىمىزگە مۇبارەك ھاجىلىق بەلبېغىنى باغلىغانمىز، خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن دەرھال مەككەيى مۇكەررەمگە قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك، دەپ ئىزاھ بەردى.

ئۇلار شەھەرگە دەجلا دەرياسىنىڭ تېز ئاقىدىغان لاتىقا سۈيىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان نەھرۋان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كىرىپ كەلدى.

ئاتىسى ئاۋۋالقىدەكلا «ئىچىمدىكىنى تاپ»، دەپ جىمغۇر بولۇۋالغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىلا چاقنايتتى. ئاشۇ كۆز-

www.uyghurkitap.com

لەردە غەزەپنىڭ ئاق-قىزغۇچ يالقۇنى بىلەن تولىمۇ مەغرۇرلۇقنىڭ قارا ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

ئىبنىقراقى، جالالىدىنغا ھازىر ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتكەچكە شۇنداق تۇيۇلدى، ئۇ چاغلاردا ئاتىسى ھەققىدە بۇنداق ئىبارىلەر بىلەن بۇنداق پىكىر يۈرۈتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئوت كۆمۈردىن تۇغۇلۇپ، كېيىن يەنە كۈل-كۆمۈر قالدۇرغىنىدەك، غەزىپىمۇ مەغرۇرلۇقتىن تۇغۇلۇپ، يەنە مەغرۇرلۇق پەيدا قىلىشىنى نەدىن بىلسۇن. جالالىدىن ئۆزىدە غەزەپ يالقۇنىنى ئۆچۈرىمەن دېسە، بۇ ئاشۇ ئاتا مىراس مەغرۇرلۇقنى تېزگىنلەش ئارقىلىق ئېرىشەتتى. لېكىن ئۇ قىلچىمۇ ياۋاش ۋە مۆمىنلەردىن ئەمەس ئىدى، شۇ ۋەجىدىن روھىيىتىنىڭ ھەرەم ئاغىلىرى ئۇنى «ئاسىي» دېيىشەرمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە ئامال، ئېھتىراس① قاپارغان قوللارغا دائىم قوپالدەك تۇيۇلىدۇ.

جالالىدىن باھاۋىدىن ۋەلەددىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭغا كۆزىنى مۇتەئەسسىپلىك تۇمانى بىلەن توسقۇچى ئاشۇ ئاتا مىراس غۇرۇرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى تۈپەيلىدىنلا ئىگە بولالىدى.

ئۇلار باغداد كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ئاستا كېتىپ باراتتى. قاش قارايغان، ئۇ يەر-بۇ يەردە رۇجەكلىك پەنجىرىلەر ئىچىدە چىراغلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن ئاسمان، قەسىرلەر، ھەيۋەتلىك ئېگىز ئايۋانلار، مۇنار، قورغانلاردا ياپپېشىل بولۇپ كۆرۈنگەن ئاشۇ ئاجايىپ باغداد ئاسمىنى يەنىلا يوپيورۇق شولىلار بىلەن تاۋلىنىپ تۇراتتى، ئۇ گويا كەچكى قاراڭغۇلۇققا

① قىزغىن ھېس-تۇيغۇ، زوقلىنىش، ھېرىس، سالماقلىق.

چۆكۈپ كېتىۋاتقان شەھەرنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكىنى ئۆزىگە كۆ-
چۈرۈۋالغاندەك ئىدى.
ئاببا سىيلار خانىدانىنىڭ سادىق خىزمەتكارى شەيخ سۇھ-
رەۋەردى دىن پېشىۋاسىغا مۇناسىپ ئىززەت - ئىھتىرام بىلەن سۇل-
تانۇل ئۆلىمانى مەدرىسكىچە ئۇزىتىپ باردى، ئۇنى ئەڭ ياخشى
ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپ، مېھماننىڭ توپا - توزان باسقان ئۇزۇن
قونچلۇق ئۆتۈكىنى ئۆز قولى بىلەن يەشتى. ئاتىسى بولارنىڭ
ھەممىسىنى، شۇنداق بولۇشى لازىمدەك تەكەللۇپسىز قوبۇل قىلدى.
بىراق بامدات نامىزىدىن كېيىن خەلىپە ئابدۇل ئابباس
ئەھمەدىدىن نەسرىدىنىللا بەقاۋۇل باشلىق قۇللار، خىزمەتكارلار
تىزىلىپ، سارايدىن پەتنۇسلار، يۇمىلاق مىس قاپقاقلار بىلەن
ئاغزى بېكىتىلگەن ئىدىشلاردا نازۇ نېمەتلەر، سېۋەت - سېۋەت
مېۋىلەر، مەجنۇنتال چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان خۇنچا تەخسىلەردە
يەمەن شېكىرى، شۇ قاتاردا بىر لېگەندە مىسىرنىڭ ئالتۇن دى-
نارلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشكەندە، سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ مەغرۇرلۇقى
يەنە قوزغىلىپ كەتتى.
— ھەممە نەرسىمىز بار، ھېچنېمىگە موھتاجلىقىمىز يوق.
ساق - سالامەت ۋە بەدەۋلەت كىشىلەرنىڭ خەيرى - ئېھسان قو-
بۇل قىلىشى گۇناھ، — دېدى.
ئۇ خەلىپىنىڭ سوۋغىتىنى شۇ يوسۇندا رەت قىلىپ، نازۇ-
نېمەتلەرنى خەيرىخانىغا، ئالتۇن - دىنارلارنى دەرۋىشلەرگە بۆ-
لۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى.
بۇنىڭدىن چىقتىكى، مېھمان خەلىپە سوۋغىتىنى ھارام دەپ
بىلدى، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھقا پېتىشنى خالىمىدى. بۇنى
ئۇققان شەيخ سۇھرەۋەردى رەنجىپ كېتىپ قالدى.
ئۇ خاتالاشمىغانىدى. مۇرىتلارنىڭ ھەيران بولۇپ قاراشلى-
رىغا جاۋابەن سۇلتانۇل ئۆلىما ئىزاھ بېرىشنى لايىق كۆردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ سەۋەبى خەلىپە يالغۇز دۆلەت ساھىبىلا ئەمەس، شۇنداقلا دىن پېشىۋاسىمۇ سانىلاتتى.

— ئەگەر سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلسام، ئۇممەتلەرنى يۆلىمەي، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن بۇ خەلىپە خۇدانىڭ قەھر-غەزىپىدىن ئامان قالۇر!

سۇلتانۇل ئۆلىما ئۆزىنى ئېزىپ-تېزىپ كەتمەيدىغان، خۇدانىڭ يەردىكى تائىبى دەپ بىلەتتى.

ئۇنىڭ بالىلىرى باغداد سارىيىدىكى زىب-زىننەت ھەشەمەتلىرى، خەلىپىلىك نامىغا لايىق بولمىغان ئەيش-ئىشرەتلەر ھەققىدە ئاڭلىغانىدى. خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ئەييانلىرى پەيغەمبەرنىڭ «ئۈچ ئۆيۈڭدا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ — ئات يۈگۈرتۈش، ئوق ئېتىپ مۇسابىقىلىشىش ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىدا» دېگەن سۆزلىرىگە تايىنىشاتتى. ئەمما، بىرىنچىدىن، بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىۋى باشلىنىش، يەنى ئىسناد① مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، ئىككىنچىدىن، ئۇ پايتەختتە ئاممىۋى تۈس ئالغان خوراز، بۆدىنە، قوشقار سوقۇشتۇرۇشلار، ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان تۈرلۈك بەزمە نەغمە-ناۋالارنى ئاقلاشقا ئاساس بولالمايتتى. ئاشۇ بەزمىلەردە مەيخورلۇق قىلىشلار، سالام-سائەت ئورنىغا بىر-بىرىگە گۈل ئېتىشىدىغان، ساز ئاڭلاپ، كېنىزەكلەرنىڭ بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە يوشۇرۇن ئولتۇرۇشلىرىدىكى قوشاقلىرىنى ئاڭلاشلار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەرىئەت پېشىۋاسى بولغان قازىلار ئوتتۇرىسىدا مۇسەللەسكە ساقاللىرىنى چىلاپ ئىچىش ئادەتكە ئايلانغانىدى.

شۇ چاغدا جالالىدىن خەلىپە ئابدۇل ناسىرنىڭ قىلمىشلىرىنى قانچىلىك يىرگىنىپ ئاڭلىغانلىقىنى دائىم ئەسلەيدۇ ... كې-

① نومۇس - ھايا.

يىنچە ئۆزى، ئاشۇ خۇداگۇي بالىنىڭ يىغلىشلىرىدا نەي ۋە راۋاب چېلىپ، ئۆز غەزەللىرىنى ئېيتىشنى، ھەتتاكى ئۇسسۇلغا چۈشۈشنى، ئولتۇرۇشلارغا ئاياللارنىمۇ قاتنىشىپ، ئۇنى گۈلگە كۆمۈۋېتىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇردى. بۇنى ئاتىسى ئاڭلىسا، نېمە دەر ئىدى؟!

## راۋاب

ئاھ، مۇزىكا، ئاھ راۋاب! ئېھتىمالكى، ئۇنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئېسىل ئىشتىياقى — شۇ ئاھاڭدارلىقى ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ شېئىر توقۇشىمۇ شۇ سەۋەبتىندۇر. شېئىردىي ئاھاڭلار سۆز سىغدۇرالمىغان مەنالارنىمۇ سىغدۇرۇشقا قادىر. دۇنيادا ھېچ نەرسە مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا ئوخشاش ئىنسان روھىنىڭ يوشۇرۇن قۇۋۋەتلىرىنى ئاشكارىلىيالمىغان، ئۇنى ئۇششاق-چۈششەك تەشۋىشلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز روھىي ئالىمى ئىچىگە باشلىيالمىغان بولار ئىدى. «ئىلمىي بەس-مۇنازىرىلەر ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، — دەيتتى جالالىدىن ئۆز شاگىرتلىرىغا، — ئەمما ساز ۋە ئۇسسۇل ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ».

ئىشق تىلى، راۋاب تىلىدەك سىر ئىمىش.
تۈرك، يۇنان ۋە ئەرەبكە بىر ئىمىش...

ئەجەبلىنەرلىكى، سوپى-ۋائىز بولغان سۇلتانۇل ئۆلىما مۇزىكىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى. ئۇنىڭدىن يۈز يىل ئاۋۋال مۆھتەرەم شەيخ ئەبۇ سەئىد نىشاپۇرى ۋە باشقىلار «سەما» — لاتىنچىسىغا ئېيتقاندا «ئاۋدىتسىيا بېئاتىفىسكا» تۈزۈپ، ئۇنىڭدا قۇرئان سۈرىلىرىنى ئەمەس، ئىشقىي قوشاقلارنى كۈيلەشمەكتە ئىدى.

تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ ئەمەلىيەتچى ۋە نەزەرىيەچىلىرى

www.uyghurkitap.com

«تەرىقەت»، يەنى ئەخلاقىي يېتۈكلۈككە يېتىشىش، «ۋەخدەت»
بىلەن قوشۇلۇش يوللىرى ھەققىدە مەخسۇس تەلىمات يارىتىپ،
ئۇنىڭغا «يولۇچى» ئىنتايىن چوڭ جاپا - مۇشەققەتلەر بەدىلىگە
ئېگە بولىدىغان بىر قاتار روھىي ھالەتلەرنى بەلگىلىدى ۋە ئۇ-
لارنى «مۇقام» دەپ ئاتىدى. كۈچلۈك روھىي ھالەتلەر بىلەن
بىرگە «يولۇچى»غا بەزىدە تۇيۇقسىز قوزغالغان شامالدەك كەي-
پىياتلارنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشىمۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن چەتتە
قالمىغانىدى. مەزكۇر كەيپىياتلارنى ئۇلار «ھال» دەپ ئاتاشتى،
يۇنانلار «ئېكىستاز»، بىز بولساق بۈگۈن «ئىلھام» دەپ ئاتىغان
بولاتتۇق. «ھال» بولسا «مۇقاملار»دىن پەرقلىك بولۇپ، ئۇزاق
ھەم تىنىمسىز مېھنەت ۋە رىيازەت بەدىلىگە كېلىدىغان بىر مۇ-
كاپات بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يالغۇز ئىرادە كۈچى، ئىنتىلىش بىلەنلا
ئېرىشكىلى بولمايتتى. ئىلھام ئۆز پىكرى - زىكرىنى يالغۇز
ئۇقتىغا قارىتقانلارغا مۇيەسسەر بولۇشى مەلۇم ئىدى، ئەمما ئۇنى ھەمى-
شەملا شۇنداق دېيىشكە بولمايتتى. ئىنسان روھىنىڭ نازۇك بى-
لىمدانلىرى بولۇپ تونۇلغان شەيخلەر ساز (مۇزىكا) كىشىنى ئاشۇ
«ھال كەيپىياتى»غا يېقىنلاشتۇرغۇچى بىردىنبىر ۋاستە ئى-
كەنلىكىنى ياخشى بىلىشەتتى.

مۇزىكا، سۆيۈملۈك راۋاب جالالىدىنغا پەقەت ئەقلى بىلەنلا
ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جىسمى بىلەن ئالەمگە، ئادەملەرگە قو-
شۇپ ئۆزىنى قۇدرەت ئىگىسى، تەڭرىگە تەڭ ئىنسانىي كامالەت
دەپ ھېس قىلىشقا ياردەم بەردى. دۇنيانى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ،
ئادەملەرنى پارچىلاپ، ماھىيەتنى ھادىسىدىن ئايرىماقچى بولغان-
لارنىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى ئەنە شۇ قورالغا قانچىلىك قۇتراپ ھۇ-
جۇم قىلىشقىنى بىكار ئەمەس.
راۋابقا بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن ئۇ تۈرلۈك بۆھتان-

لارغا ئۇچرىدى، نى-نى خەتەرلەرگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ئاخىر-
قىسى بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال بولغانىدى.)

ئۇ ھېسامىتدىن بىلەن كىتاب ئۈستىدە تۈننى كىرپىك قاق-
ماي ئۆتكۈزدى، ئەتىسى ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەي، ئىچى پۇ-
شۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئۆينىڭ تورۇسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان-
دەك تۇيۇلاتتى. ئاشخانىدىكى «تاق-تۇق» ۋە ئاياغ تاۋۇشلىرى،
سۆزلىشىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار، ئىشىتىلىپ، تۇرغان ئۆينىڭ
تاشقىرىسىدا تاماققا چىقارمىكىن، چاقىرىپ قالارمىكىن، دەپ ھە-
مىشە ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ ئۆتىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتى-
پى ئۇنى بىزار قىلاتتى.

ئۇ ئارقا ئىشىكتىن ئاستا چىقىپ، شەھەر چېتىدىكى ئۈزۈم-
لۈككە قاراپ ماڭدى. ھاۋا سۈپسۈزۈك، ئەمما «غۇر» قىلغان
شامال يوق، كۈننىڭ دىمىق ئىسسىق بولۇشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
قەلئە تېمىغا ياندىشىپ كەتكەن يولدا ئاندا-ساندا ئۇچرىغان
يولۇچىلارنىڭ سالاملىرىنى ئىلىك ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا،
ئۇنىڭ شۇ يېقىن ئارىدا سۇلتان ئەركى دەرۋازىسىغا يېقىن خەن-
دەك ئالدىدا بىر خىلۋەت-چەت جاي بارلىقى ئېسىگە چۈشۈپ
قالدى. قېرى چىنار تېگىدە، ئۈستۈنكى ئۇچى پاخپىيىپ چىق-
قان شاخلىرى بىلەن ئورىلىپ، قاپاق ھەرىلەر غوڭۇلدىشىپ ئۇ-
چۇپ يۈرگەن خالىي جايدا ئولتۇرۇپ، سەنائىي دىۋانىنى ئاچتى.
ساقچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى، ھارۋىلارنىڭ
ھىچىرلىشى بۇ يەرگە قىلچە تەسىر قىلمايدىغان، ئۆز قېلىپىدا
بىر خىل ئاقىدىغان ھايات ئىدى.

ئۇ مۇتالىئەگە كىرىشىپ كەتتى.

يېڭى بەتنى ئېچىپ، پەرىشانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى.
بەش قەدەمچە نېرىدا قوللىرىنى كۆكسىگە قوۋۇشتۇرۇپ، ۋىجىك
تۈرك — فەقىھ تۇراتتى. بىر تۇتام شالاڭ ساقىلى قورقۇشتىن تىت-

www.uyghurkitap.com

رەپ، ئەمما قىسىق كۆزلىرىدىن خۇشامەتچىلىك بىلەن ھەييارلىق چىقىپ تۇراتتى... «بۇ يەرنى تېپىپ كەلگىنىنى قاراڭ! ئېھتىمال، ئۇ يېقىنلىشىشقىمۇ، ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتقان بولسا كېرەك».

ئۇنىڭ كۆزىگە كۆزى چۈشۈشى بىلەن فەقىھ بېشىنى پەس قىلىۋالدى، ئاندىن گويا يەر يېرىلىپ ئۇنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك، قورقۇمسىراپ يېقىنلاشتى. يېقىندىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

كونيانىڭ ئەڭ چالا ساۋات ئۇستىداتسىز ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان بۇ بوۋاي دائىم ئامىتى بار ئەمەلدار كەسىپداشلىرى ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ پايپېتەك بولىدىغان، شۇ ئىشلىرى بىلەن قىرىغان چېغىمدا بىرەر چەت مەدرىسىگە مۇتىۋەللى ياكى بىرەر شەھەر قازىسىغا يارەمچى بولسام، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك تىرىشىپ-تىرماشمىسا ئارزۇسىغا يېتەلەمتى، ھەمىشە تەھقىر كۆزى بىلەن پەرۋاسىز قارايدىغان ئۆلىمالار، ھەر دائىم كۆڭۈلسىز بىر ئىش چىقىپ قالسا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكى تاپشۇرۇقنىڭمۇ خېلىلا كۆڭۈلسىزلىكىنى ئۇنىڭ خۇدۇكسىرەپ تۇرۇشىدىنلا بىلگىلى بولاتتى. جالالىدىن بۇنى بايقاپ قالدى ــ يەنىلا شۇ ساز ئۈستىدە بولسا كېرەك، ئۆلىمالار شەھەر قازىكالانى سىراجىددىنغا يېقىندىن چېقىمچىلىق قىلغانلىقى قولىقىغا كىرىپ قالغانىدى.

«ئەي، دىنىي مەرىپەت پېشىۋاسى، ئىلمىي ھېكمەتنىڭ خەزىنىسى، شەرىئەت تايانچى، پەيغەمبەر نائىبى، جانابىي قازىكالان ھەزرەتلىرى! ــ دېيىشىپ ھەسرەت چېكىشكەنىدى ئۆلىمالار، ــ نېمىشقا شۇنداق كۇپۇرلۇقلارغا يول قويۇلىدۇ، نېمىشقا بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا ساز بىلەن قوشاقلار قوشۇپ، مەسچىتلەردە مۆمىنلەرنىڭ ئاللا شەنىگە ئېيتىدىغان ھەمدۇ-سانالىرىنى بېسىپ، ھەددىدىن ئېشى-

شىدۇ؟! بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، بىقىسقان مەرەز ئادەتكە چەك قويۇلغاي، ئۇ، تۆپ يىلتىزى بىلەن يوقالغاي!»

جالالىدىن نەيچە قىلىپ ئورالغان مەكتۇپنى ئالسىمۇ، بىرەر رەنجىش ئالامىتىنى بىلدۈرمىدى. بوۋايدىن سورىدى:

— قازىنىڭ خېتىمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، قازىيۇل قۇززاتتىن، جانابىي سىراجىددىن ھەزرەتلىرىدىن! — ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي جاۋاب بەردى فەقىھ، ئۇ يەنە ئاللىقاچان ئاۋۋالقى جايىغا بىرىۋالغانىدى.

جالالىدىن مەكتۇپنى ئاچتى، ئۇنىڭغا نازۇك ھۆسنخەت بىلەن ھوقۇق ۋە مەنتىق، پەلسەپە ۋە پاساھەت، ئىلمىي نۇجۇم ۋە خىممىيە، تەپسىرى قۇرئان ۋە تىبابەتكە دائىر سوئاللار يېزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىرلىق مىسرالار بولۇپ، كۆپى ھەل بولمىغان، جالالىدىن بىلەتتىكى، ئۇلارغا ئاشۇ ئۆلىمالارنىڭمۇ چىشى پاتمايتتى. ئىلىم نانغا ئوخشايدۇ. ئۇن پاتمان ناننى كۆتۈرۈش ئوڭاي، ئەمما يېيىش قىيىن، بۇ ھامماللار ئىلىم نېنىنى يېيىشنى نەدىن بىلىشسۇن؟!

قازى سىراجىددىن بولسا — بىر ھىيلىگەر! ئۇ نۇرغۇن خەلق يىغىلىپ، مۇزىكا ۋە ناخشىلار بىلەن ئۆتىدىغان يىغىلىشلارنى تەھقىقلەپ، پەتىۋا بېرىشنى جان دەپ ياقتۇرىدۇ. ئەمما قانداق قىلسۇن، بۇ يەردە — كونيادا خالايىق مۇزىكا ۋە ناخشىلارنى سۆيىدۇ! سۇلتاننىڭ قۇدرەتلىك نائىبى مۇئىنىددىن پەرۋانە خەلقنىڭ مەيلىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، جالالىدىن ئۈچۈن ئالاھىدە سەمە يىغىلىشلىرىنى تۈزدى. بۇنداق سورۇنلارغا ئالىي ئەمەلدارلار، ھەتتا سۇلتان ئايىملارمۇ قاتنىشاتتى.

بۇ نادان ئۆلىمالار ئۆز چېقىمچىلىقى بىلەن تۇمشۇقلىرىنى تۈرۈشتۈرمەي تۇرۇشسا بولاتتى. لېكىن، بىرى ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلىنىدىمۇ، ئۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم. چېقىمچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىمچىلىقتىن ھالاك بولمىقى راست.

— قوينىمۇ، ئۆچكىنىمۇ ئۆزىنىڭ پۇتىدىن ئاسىدۇ، — دېدى سىراجىددىن ئۆلىمالارغا، — شۇنداق بولسىمۇ، بۇ زات قۇدرىتى ئىلاھىتىن بەھرىمەندۇر، ئۇنىڭ بىلەن تالىشىش بىھۇدىدۇر. ئۇ يالغۇز زاھىرىي ئىلىملەردىلا ئەمەس، باتىنى ئىلىملەردىمۇ تەڭداشسىز.

قازى سىراجىددىن قانداقلا بولمىسۇن، بايۋەچچىلەر بىلەن ھامماللارنى پەرقلەندۈرەلەيتتى. ئۇ جالالىدىنىنىڭ شېئىرلىرىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغان، شۇڭلاشقا مەۋلانىنىڭ نەسەب-مەرتىۋىلەرگە قايرىلىپ قارىماسلىقىنىڭ سەۋەبى — ئىلىمسىزلىك ئەمەس، ئىلىم-ئېرپان ئۇنىڭ خاتىرىسىدە يېتەرلىك تۇرۇپتۇ، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، ئۇ مەرىپەت بەزمىسىدە ئولتۇرۇپ، چىشىنى سۇندۇرغۇدەك قاتتىق قارا نان يېيىشنى ئىستىمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىدە، دەپ قارايتتى

...بىر كۈنى بىر تىلچى ئالىم كېمىگە قويدى قەدەم،
— سەرفۇ-نەھۇي بىلەمسەن كېمىچى؟ — سورىدى شۇدەم.
— ياق، ياق، نەدىن بىلەي، بىلمەيمەن ھەتتا بىر سۆز.
ئالىم دەر:
— يېرىم ئۆمرۈڭ ئۆتۈپتۇ زايا، ئەپسۇس.
كېمىچى يۇتۇپ رەنجۇ-ئەلەم، قالدى ئويلىنىپ،
شۇئان دېڭىزدا كۆتۈرۈلدى دولقۇن تولغىنىپ.
— بىلەمسىز سۇ ئۈزۈشنى، ھەزرىتىم؟ — سورىدى كېمىچى.
— ياق، ياق، قورقىمەن سۇدىن، ئۈزۈشنى بىلىش نەدىكى.
شۇندا كېمىچى تىلىغا كېلۇر مۇقەررەر بۇ سۆز:
— ئۇنداقتا پۈتۈن ئۆمرىڭىز زايا كېتىپتۇ ئەپسۇس.
جالالىدىن سوئاللارغا قۇلاق سالدى: ئۆلىمالار قازىنىڭ

سۆزىگە ئىشەنمەي، ئۇنى سىناپ بېقىشماقچى بولۇۋاتاتتى.
— قەغەز ۋە قەلەم! — دەپ ھەقەمگە بۇيرۇدى، گويا جاۋابىنىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرلا كۆرسىتىپ قويىمەن، دېگەندەك قىلىپ، ئۇ ھەر بىر سوئالغا ئالدىرىماي جاۋاب يازدى-دە، ئاندىن تەجرىبىلىك تىۋىپ تۈرلۈك-تۈمەن دورا خالتىلىرىدىن بىر «دەرمان» ياسىغاندەك ئۇلارنى بىر جايغا يىغدى، ئۇ خىلمۇ خىل ھادىسىلەر ئىچىدە پەقەت بىرلا ماھىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

جاۋابنى يېزىپ بولۇپ، بىر چەتتە جىممىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئاۋۇ بوۋاي «دەرمان»نى يەتكۈزۈش بىلەن، ئۇنى ئىچكەن ئىنتىھان ئالغۇچىلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ قانداق تۈرلىنىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. كېيىن قەغەزنىڭ ئارقا تەرىپىگە خېلىلا راھەتلىنىپ، تاشقى مۇلايىملىق — ئەخمىقانە، ئەمما، بۇ ئويۇننىڭ مۇقەررەر قائىدىلىرى شۇنى تەلەپ قىلاتتى — ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

«بۇ روھىي زېمىننىڭ ئۆلىمايى كەرەملىرى! مەلۇمىڭىز بولغايكى، قۇرئاننىڭ ئۈچىنچى سۈرىسىدىكى ئون تۆتىنچى ئايەتتە زىكىر قىلىنمىش «سىمۇزەر ئويۇملىرى، دۇلدۇل ئاتلار» ۋەھاكازالارغا خىردىس قىلىش بىلەن ھەۋەسنىكەمىنە خانىقا ھەم مەدرىسە بىلەن تەرك ئېتىپ، ئۇلارنى ئاكابىر ۋە بۇزرۇكزادىلەر خىزمىتىگە ھاۋالە قىلغانمەن. بىرەر مەنسەپنى دەۋا قىلمىغايمەن، ئىلايا، ئۇلۇغلارنىڭ دەۋلەتلىرى زىيادە، راھەتلىرى مول بولغاي. بىز ئۇلاردىن قول ئۈزۈپ يىراقلاشتۇق. شان-شۆھرەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقماس بولدۇق، ئەگەر خالىسا، شۇ شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ ۋە ھارام سانالمىش راۋابنىمۇ قول ئۈزۈپ، ئۇلارغا تۇتقايمىز. بىز ئۇنى نەزەردىن تاشقىرى، خار-ئەبگار ھالدا ئۇچرىتىپ ئىلكىمىزگە ئالدۇق، ئاللا، غېرىب-غۇربالارغا شەپقەت-ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە بولۇش — ھەقىقەت ۋە دىيانەت ئىگىلىرىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىدۇر، ئەزىزلەر چۆچۈرىنى خام سانىماڭلار! شۇ چاغقىچە راۋابنى تارتىۋالالمىدىڭلار، بۇندىن

كېيىنمۇ تارتىۋالالمايسىلەر. بۇ دورىنى ئىچىشنى مەيلى قانچىلىك كەينىگە سوزۇڭلار، ئۇنى ئاخىر ئىچمەي قالمايسىلەر...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەممىشە باشقىلارنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ، باشقا ئۇلىمالارغا تەقلىد قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان فەقىھ بوۋاي، ئالاھىددىن سىريانۇسنى زەرگەرلىك دۇكىنىدا ئۇچرىتىپ، چىداپ تۇرالماي «ئەمرى ـ مەرۇپ» قىلدى.

— شۇنداق، ئوغلۇم، شۇنداق، كەمىنە شۇنچىلىك كۆپ مۇتالىئە ئاڭلىغانمەنكى، ئۇ بىر ئىشەككە يۈك بولىدۇ. ئەمما بىرەر جايىدا راۋابنى شېئىر — دەپ ئوقۇمىدىم!

جالالىددىننىڭ چاپانچى ـ خۇشامەتچىلەر ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ سىريانۇس تەنتەنە قىلاتتى. ئۇ ئۇستازىغا ئوخشاش پىكىرنى تەكەللۇپ پەردىسىگە ئوراپ ئولتۇرمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ گەپىنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتتى:

— ئاتا، سىز ئىشەككە ئوخشاش ئوقۇپسىز، شۇڭلاشقىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەپسىز!

...ئاڭلىغىن پەندۇ پەيمانىمنى مېنىڭ،
بەرگۈچى ئاگاھ كالامىمنى مېنىڭ.

قارىغۇلارچە كىمكى تەقلىد ئەيلىگەي،
ئۆزىمۇ غەم ۋە ئۇياتتىن تەرلىگەي.

بىر قونۇپ ئۆتتۇشكە كەممۇ خانىقا —
بولدى بىر كۈن بىر يولۇچى بىناۋا.

ئېشىكىنى بىرىپ ئېغىلغا باغلىدى،
يەم ـ خەشەك، سۇ بەردى، شۇنداق ئاسرىدى...

خانىقادا ئولتۇراتتى ئۇلار قاتار،
بىر گۇرۇھ سوپى گادايىلار ئاچـۇزار.

بىلەمسەن سەن، ئەي قارنى توق كىشى،
نە ئويۇنغا سالمىغاي ئۇ ئاچلىق غېمى؟

سەكرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى ئۇلار،
بىر قارارغا كېلىپ ئېغىلغا يۈردى ئۇلار.

«ئول رۇسۇلى خالىقو خەللاق ئىگەم.
چارىسىز قالساڭ، ئۆلگىنىڭ شۇ، دېگەن!»

ساتتى ئېشەكنى ئۇلار ئېلىشىغا،
ئالدى مەي، تائام، شامنى بولۇشىغا.

«بۇگۈن بىر ئەيىش ئېتەرمىز!» — دەپ شۇئان،
ئول گۇرۇھ سالدى كېيىن شاۋقۇن - سۇرەن.

«جاپا - مۇشەققەت بولدى،جىم ياتمىدۇق، —
تۆت كۈن بولدى، چىشلەم دەم - تۇز تاتمىدۇق!

قاچانغىچە بۇ جاسارەت تۇرار چىداپ؟
بىزنى بۇ مەھكۇملۇق تۇرار ئوراپ؟

بىزمۇ ھەم ياشاش كېرەككۇ ئادەم سىياق،
بار كۆڭۈلدە بەزمىگە ھەممىمىزدە ئىشتىياق».

بارىكاللا، ئول بەزمىگە يېتىشتۇق،
ساھىبى ئېشەكنى تەكلىپ ئېتىشتۇق.

قىلدى رەت دىل ئىختىيارىنى ئۇنىڭ،
ئىسمى ھەم يۇرتى ـ ماكانىنى ئۇنىڭ.

كۆرسىتىپ لۇتپۇ ـ كەرەم، مېھرى ـ نىياز،
ئۇ ئەزىز مېھمان، بولار مېھمانلار ــ ساز.

بىرلىرى سىپپاشتۇرار ھاسا، خۇرجۇنىنى.
بىرلىرى تۇتار كېلىپ مۇبارەك ئاياغىنى.

قايسى بىرى سۆيدى كېلىپ زوقلىنىپ،
كەتتى ئۇ ئىبرىپ، سۆزلىدى روھلىنىپ:

«مەيلى ئەمىسە، قىزىسۇن بۇ بەزمىمىز،
گەر بۇگۇن ئىچىشمىسەك، بولمايدۇ زادى ھەممىمىز!»

يېدى ـ ئىچتى، ئاندىن شاراب ئىچىشتى،
كۆڭۈللىرى خۇش بولۇپ، ياپراپ كېتىشتى.

چۈشتى قاتار تىزىلىپ ئۇسسۇل ـ ساماغا،
كۆتۈرۈلدى چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ ھاۋاغا.

چۈشتى ئۇسسۇلغا ئۇسسۇلچى تولغىنىپ،
ئىچ ـ ئىچىدىن زوقى ـ شوقى قوزغىلىپ.

كۆر بۇلارنى، ئۆزلىرى سوپى ئىمىش،
كىممۇ ئۇلارنى پاك سوپىلار دەيمىش!

* * * * *

ئاھ، مەن قاچان بىر ھېكايەت ئەيلىسەم،
بىر ھېكايەت، بىر رىۋايەت ئەيلىسەم؟

كۈپرى-غەپلەت مۆھرىنى بۇزارمەنمۇ،
چىن ھەقىقەت مەدھىيەسىن تۈزەرمەنمۇ؟

كۆر، كۆپۈك ئوينايدۇ دولقۇن ئۈستىدە،
تىنماس دولقۇن ياشار ئۇنىڭ ئاستىدا.

ھەر رىۋايەتكە ھەقىقەت جا ① بولۇر،
گاھى بولسا پىنھان، گاھ پەيدا بولۇر.

سىزنى بەنت ئېتەر رىۋايەت ئاخىرى،
نېمە بىلەن پۈتەر ھېكايەت ئاخىرى.

كوچىلاردا تاتلىق-تۈرۈم ساتقۇچىلار،
بالىلارنى تۇۋلاپ يۈرۈپ قىزىقتۇرار.

ئاڭلا، مەن سۆزلەي، نېمە بولدى ئاقىۋەت،
دىنى نەدە، سامىنچۇ-كۆرگىن پەقەت.

* * * * *

بىرى ئەنە ئاشۇ تۆردە ئولتۇرۇپ،
باشلىدى ئۇ بىر قوشاقنى، ئاھلار ئۇرۇپ.

---

① قوشۇلغان، يار بولغان، ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆرتىنەتتى، ئاھىغا يوق ئىدى شەك،
خانىشى: «ئىشەك يوقالدى! ۋاي ئىشەك!»

شۇندا ھەممە سوپىلار چالدى چاۋاك،
بولدى جۆر: «ئىشەك يوقالدى! ۋاي ئىشەك!»

يولۇچىمۇ جۆر بولدى ئۇلگا بىگۇمان،
سالدى ئۇ: «ئىشەك يوقالدى!» دەپ سۈرەن.

تاڭغىچە خوپ ئەيش-راھەت سۈرۈشتى،
«خەير!» دەپ ئاندىن ھەريان يۈرۈشتى.

قالدى يولۇچى بىناۋا سەل ئارتىتاراق،
ھارغانىدى، يول يۈرۈپ غايەت ئۇزاق.

يولغا چۈشمەكچى بولۇپ ئاخىر تۇردى ئۇ،
تۇردىيۇ ئىبغىلغا قاراپ يۈردى ئۇ.

كەينىچە چاغ مېھمان دېدى: — ھاي خىزمەتكار،
تېزرەك سۇ كەلتۈر، ئىشەكنى سۇغار!

كەلدى خىزمەتكار ۋە لېكىن بۇ نېمە ھال؟
ھودۇقۇپ: «ئىشەك قېنى؟» دەپ سوردى چال.

«ۋاھ، ئەجەب... بۇ نېمە بالا بولغىنىدۇر؟
ئەي جاناب، بۇ خۇدانىڭ ئۇرغىنىدۇر!»

شۇندا مېھمانمۇ غەزەپتە دېدى: «قوي نېرى
سەن بۇ ھەييارلىقىڭنى، يالغان بەرى!

مەن ئېشەكنى ساڭا بەرگەنىدىم، ساڭا!
بەرگىنىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن ماڭا!

ئۆز سۆزىدە ئۇ رەسۇلى ھەق ئىگەم،
«ئالغىنىڭنى قايتۇرۇپ بەرگىن» — دېگەن.

كەلمىسەڭ ئىنساپقا، بىلگىن بىگۇمان،
قازىغا سۆرەيمەن سېنى شۇ زامان!»

شۇندا دېدى شورلۇق مۇلازىم، ئۇ ھەقىر:
ئېشىكىڭنى دوستلىرىڭ ساتتى ئاخىر!

مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئىدىم،
ھە، ئۇلار كۆپ، مەن بولسام يالغۇز ئىدىم.

كىم ئىشەنگەي مۇشۇكنى گۆش يېمەيدۇ دەپ؟
كىمكى ئىشەنسە، ئاخىرى دەيدۇلەر خەپ!

ئاشۇلارغا ئېشىكىڭىز بولدى يەم.
ئاچ بۆرىگە ئۇ قانچىلىك بولاتتى يەم!»

---

دېدى سوپى: «گەرچە شۇنداق بولغانىدىمۇ گەپ
ئۇ گۇرۇھ ئالدى ئېشەكنى بۇلاپ-تالاپ.

نە ئۈچۈن سەن دەرھال قېشىمغا كەلمىدىڭ،
ئۇ بۇزۇقلارنى ماڭا مەلۇم قىلمىدىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزاتتىم مەن ئىشەكنى ئىلاج قىلىپ،
تۇرلۇك ئامال، چارە ھەم تەدبىر قىلىپ!»

«كەلدىم ئۇچ قېتىم، بىراق سىز ھامان:
«ۋاي، ئىشەك يوقالدى!» — دەپ سالدىڭىز چۇقان.

(ئويلاپتىمەن، سىزگە بۇ ئىش مەلۇم ئىكەن،
بەلكى، بۇنىڭدىن ئەجەب كۆڭلى يايرايدىكەن.

بەلكى قىسمەت بەخت بېرەر سىزگە زىيادە،
ئەجەب ئەمەس بۇ، ئۆزىڭىز بىر ئەۋلىيا — دە!»

سوپى ئاھ چەكتى: «بۇ نادانلىقىم شورى
مەن ھالاك قىلدىم ئۆزۈمنى بىر يولى.

ئۆزۈمنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلاردەك مەي ئىچىپ،
يەپ — ئىچىش دەپ ئارۇ نومۇستىن كېچىپ!...»

بىرىنچى شامنىڭ ئاخىرى

... جالالىدىننىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئۇ بىردەم شۇ ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا نەدىدۇر چېلىنىۋاتقان راۋابنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

يېنىۋاتقان شامنىڭ ئوتى «چارس، چارس» قىلىپ يەلپۈندى. ئۇ ئۆز روھىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر، قاراڭغۇ گۇمبىزىنىڭ ئىچىدە راۋاب ساداسىغا بېرىلىپ، ئىلھامىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قايچا بىلەن شامنىڭ پوتلىسىنى ئالدى.

يەنە راۋابنىڭ تارىلىرى جاراڭلىدى. شۇ چاغدا ئوغلى ۋەلەد ئۇنىڭ قىلىۋاتقان خىيالىنى پەملىيەلىگەن بولسىچۇ؟ ياكى مۇزىكىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئېقىمىنى باشقا بىر يولغا سالماقچى بولدىمىكىن: كېيىنكى چاغلاردا ئوغلى ئاتىسىنىڭ كېچىلىرى يەككە-يېگانە ئولتۇرۇپ، ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيال سۈرۈشلىرىدىن سەل چۆچۈپ قالغانىدى. ياق، ياق، ئېنىقراقى، ھەقىقەت مەھبۇبى ۋەلەد ئولتۇرۇپ زېرىككەن، ئاتىسىدىن ئاۋۋال ئۇخلاپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، قولىغا راۋابنى ئېلىپ، مېنىڭ راۋاب چالغىنىمنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئۆزىچە مەشق قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ ئەجەب ئەمەس.

بۇ پىكىر ئويغىنىۋاتقان خۇشاللىق شولىلىرىنى ئۇچۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنى يەنە كونا يولغا، ئاتىسى باغداد مەدرىسىدە ئولتۇرۇپ خەلىپىنىڭ نامەشرۇ① ئىشلىرىنى ئەيىبلىگەن ئاشۇ كېچىگە بۇرىدى.

مۇزىكا ئايالغا ئوخشايدۇ. ئۇنى چۆرە دەپ قارايدىكەنسەن، خەلىپە ناسىرىدىنىللاغا ئوخشاش، ئۆزۈڭدە ئىنسانلىقنى ئۇخلىتىپ، ھايۋانلىقنى ئويغىتىسەن.

لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، بىر دولقۇندا ئاقالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن روھىيىتىڭدىكى چىن ئىنسانىي ماھىيەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمنى تاشلىيالىشىڭمۇ مۇمكىن.

سەما — ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى سورۇن. ئىشقىي-مۇھەببەت بىلەن ھېيرىسۇ-ھەۋەس باشقا-باشقا بولغىنىدەك، ئۇ خەلىپىنىڭ ئەرمەكلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇ ھازىر ئاتىسىنى چۈشەندى. سۇلتانۇل ئۆلىما سەمانىڭ

---

① شەرىئەت يولىغا خىلاپ —ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىمىلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىغا قارشى تۇرۇشىدا بۇنىڭ سەۋەبلىرى بار ئىدى.

سەما ـ ئويغىنىش. لېكىن زىنداندا ياتقان مەھبۇس ئويغىنىشنى خالىمايدۇ، ئويغىنىش ئۇنىڭ زىندانغا بەند قىلىنغانلىقىنى يەنىمۇ ئېسىگە سالىدۇ. باغۇ بوستاندا ياتقان كىشى بولسا، ئېغىر چۈشلەرنى كۆرۈپ ئويغىنىدۇ. مۇزىكا ـــ توي، بايراملارغا يارىشىدۇ، ماتەمگە مۇناسىپ ئەمەس.

«ھازىرغىچە سانايى ۋە ئەتتارغا ئوخشاش ھەممە بۈيۈك سوپىلار ئايرىلىش ـ ھىجراندىن سۆزلىشەتتى. بىزنىڭ سۆزىمىز ۋىسال مەدھىيىسى. مانا بۇ ماھىيەت».

سۇلتانۇل ئۆلىما ئاۋۋالقى ـــ پىغانۇ پەريادلار دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىن بولسا، باشقىچە يول تۇتتى.

نىمىشقىدۇر، كونيادا ھەممىلا كىشى مۇزىكا ۋە شېئىر ـ بېيىت دېسە جېنىنى بېرىدۇ. مۇشۇ شەھەردە يېرىم ئەسىر ياشىغان جالالىدىننىڭ قوشاق ۋە شېئىرلىرى، مەزىنلەرنىڭ مۇڭلۇق تىلاۋەتلىرىدىن كەم جاراڭلىمىدى. ئەگەر شاگىرتلىرىدىن بىرەرى قازا قىلسا، تاۋۇت ئالدىدا قۇرئان ـ قىرائەت قىلىدىغان ھاپىزلار ئەمەس، مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۇستازىنىڭ غەزەللىرىنى ئېيتىپ مۇرىتلار مېڭىشاتتى. نىمىشقىكى، تاۋۇتتا ئاددىي مۇسۇلمان ئەمەس، چىن ئاشىق ياتاتتى. ئاشىقلار ئۆلمەيدۇ. «ۋەسپىمىز ـ ۋەسپى① ۋىسال، ھىجران ئەمەس...»

بىراق ۋىسال ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن بارچە ھىجران ئەلەملىرىنى تارتىپ كۆرۈش لازىم، بەزىلەر بارلىق قوغۇن خىللىرىنى، بارلىق ھەرپ تۈرلىرىنى، بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى بىلىۋېلىشىدىغۇ، ئەنە شۇنداق.

① ۋەسپى ـــ ماختاش، مەدھىيە، تەرىپلىمەك ـــ ت.

ئۇ، زور ھىجران — ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئازابىنى دەسلەپ باغدادتا چەككەنىدى.

## ئورۇنسىز جازا

شەيخ سۇھرەۋەردىنىڭ تەلپى بىلەن ئاتىسى باغدادنىڭ مەسچىتى جامەدە ۋەز ئېيتتى. جالالىددىننىڭ ئېسىدە قالغىنى: يەردە قاتمۇ قات سېلىنغان چوغدەك گىلەملەر، تورۇسقا ئېسىلغان ھەيۋەتلىك قەندىللەر، بىللۇر شامدانلاردا يېقىلغان ھېسابسىز كافۇرى شاملار، نامازخانلارنىڭ زىچ سەپلىرى، ئۆلىمالارنىڭ ئاپئاق ساقاللىرى، بىراق ئۇنىڭ ئېسىدە بىرمۇ چىراي، ئاتىسى ئېيتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك ۋەزدىن بىرمۇ سۆز قالمىغان، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاتىسى بەلختە ئېيتقان سۆزلىرىنىلا تەكرارلىغانىدى.

ئەمما ھازىر ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەچكە، ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا تەسەۋۋۇرىدا باغداد مەدرىسىدىكى ھۇجرىنىڭ لاي سۇۋاق تاملىرىدىكى تەرخەمەكنى ئەسلىتىدىغان غەلىتە نەقىشلەر، ئۇششاق-چۈششەك ھەر خىل داغلار شۇنداقلىقچە پەيدا بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ تۈن بويى ئۇخلىماي تامغا قاراپ ياتقان، تۈن بويى ئاشۇ تامدا بەلختىن ئەبەدىي ئايرىلىشنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغانىدى.

ئۇلار مەسچىتتىن چىققىنىدا، پۈتۈن باغدادتا: «چىڭگىزخان قوشۇنلىرى خۇراساننىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، بەلخنى قورشىۋاپتۇ...» دېگەن ئۈمىسە خەۋەرلەر تارقالغانىدى.

ئۇ چاغدا سۇلتانۇل ئۆلىما ئوغۇللىرى ۋە مۇرىتلىرى بىلەن خۇپتەندىن تاڭ ئاتقۇچە ئىبادەتتىن باش كۆتۈرمىدى. ئاتىسى

ئېمىلەرنى دەپ تەكرىدىن ئىلتىجا قىلغانلىقىنى جالالىدىن بىلـ
مەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنسىز شىۋىرلىغان لەۋلىرىدىن «قۇدرەتـ
لىك ۋە مەرھەمەتلىك ئىگەم، دەرگاھىڭغا شۈكۈر!» دېگەن
نىدا بىرنەچچە قېتىم چىققانلىقىنى پەم قىلدى.

بەلكى ئاتىسى شۇ چاغدا دىيانەتسىز ئۆلىمالارنى جازاغا
مۇستەھىق① قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاغا شۈكرانا ئېيتقاندۇر؟ يا-
كى ئۇنىڭغا غايىبتىن خەۋەر بېرىلىپ، خۇراساننى تەرك ئېتىشـ
كە ئىشارەت قىلغىنى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتقاندۇر؟ كىم بىلىدۇ.
جالالىدىن بولسا كۆيۈپ-پىشىپ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلىتىپ ياش
تۆكۈپ، ئىنىسىنىڭ نەسىبە خېنىم، ئاچىسى پاتىمە خېنىم، ئۇ-
نىڭ تېخى قورساقتىكى تۇغۇلمىغان بالىسى، بىللە ئوينايدىغان
دوستلىرى، ئانا شەھىرىدىكى تونۇش ۋە ناتونۇش ھەممىسى يا-
راتقۇچىدىن شەپقەت - مۇرۇۋۋەت سورىدى. ئەسلىدە ئادەملەر
دۇئاسىنىڭ مەنىسى مەلۇم: «يا خۇدا، ئاشۇ كېلىدىغان بالانى كەلـ
تۈرمىگىن!»

لېكىن ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولمىدى. چىڭگىزخان
شەھەرنى ئالدى. شەھەر ئاستانىسىدا، چىڭگىزخاننىڭ قازا تاپـ
قان سۆيۈملۈك نەۋرىسى مۇتۇغاننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن
ھەممە كىشىنى قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى.

خارەزمشاھ مۇھەممەد ئاشۇ باھاۋىدىن ۋەلەدنىڭ بېشارەت
قىلغىنىدەك، شەرمەندىلەرچە قاچتى ۋە بەھرى ھەزەردىكى يىـ
راق بىر قۇملۇق ئارالدا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ دەھشەتلىك بېشارىتى ئەمەلدە كۆرۈلـ
دى. ئەمما ئۇ كارامەت قىلغان بىر جازا ئورۇندالمىدى. باغـ
دادتا ئۇ خەلىپە ناسىرىدىنىللا جازاغا ئۇچرايدۇ دەپ كارامەت
قىلغانىدى. لېكىن خەلىپە يامان ئىشلارغا تېخىمۇ پېتىپ، خالـ

① يولۇقۇش، ئۇچراش، گىرىپتار بولۇش — ت.

غىنىمچە ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن كۆز يۇمدى. چىڭگىزخان ئوتتۇز يىلدىن كېيىن باغدادنى ئالغانىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە ئەل — مۇھتەسىبىللاھنى تاغارغا سولاپ، تېپىپ ئۆلتۈردى. نەفسلىئەمردىنى ئېيتقاندا، ئۇمۇ ئىشرەتۋازلىقتا ئاشۇ خەلىپىدىن قېلىشمايتتى؛ شۇنداق بىر جازاغا لايىق ئىدى.

لېكىن بۇنى جازا دەپ ئاتاش توغرىمۇ؟ ئەمما ئۇ ھاياتلىقتىمۇ، ئۆلگەندىمۇ خەلىپە ئىدى. ئەگەر چىڭگىزخان قوشۇنى راستىنلا «خۇدانىڭ قەھرى - غەزىپى» بولسا، ئۇ جىنايىتىگە يارىشا جازالاندى، ھەققانىي قىيناققا دۇچار بولدى. مۇسۇلمان ئالىمىنىڭ يۈز مىڭلاپ كىشىلىرى بىگۇناھدىن - بىگۇناھ تۇپراققا كۆمۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ گۇناھىغا يارىشا تاپقان زاۋالى ھەق ئىدى.

مىڭلارچە ئادەملەر ئاتلارنىڭ تۇۋىقى ئاستىدا دەسسىلىپ، تۇپراققا ئايلىنىۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن شېھىت بولۇش — جازا ئەمەس، مەنسۇر ھەللاجى ھەۋەس قىلسا ئەرزىگۈدەك قىسمەت ئىدى. چىڭگىزخاندىن ئۈچ يۈز يىل ئاۋۋال ئۇ باغداد كوچىلىرىدا ۋەز ئېيتقان، «ئەنەلھەق!»، يەنى «مەن-ھەقمەن (خۇدامەن)!» — دەپ جار سالغانىدى. ئەنە شۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنى كالتەكلەپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، جەسىتى ئاشۇ مەيداندا كۆيدۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئاخىرلىق رەۋىشتە ئىسۆزئۆزىنى ئازابلارغا دۇچار قىلغان ۋە دەھشەتلىك قىيناقلارغا چىداشلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ «ئىنسان - ھەق» دەپ ئېيتقان سۆزى كېيىلەچەك ئەۋلادلار نەزەرىدە ھەقىقەت سۆزى بولۇپ، ئابروي، ئىناۋەت قازىنارمۇ؟

ئۆلىمالار، كىتابخانىلار، جىلد - جىلد مۇقەددەس كىتابلار، مەسچىتلەر، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئىككى يۈز مىڭ بەلخ پۇقراسى ھالاك بولدى. خۇداگۇي - ئاسىي، ئاقىل - ئاۋام، گۇناھكار -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇناھسىز، ھەممىسى ئوخشاشلا بىر تۇپراققا كىرىشتى.

يۈز مىڭلارچە خالايىق بىلەن بىرگە جان تالىشىپ، جىمى قەۋم - قېرىندىشى، پۈتۈن شەھىرى، بەلكى خەلقىنىمۇ ئۆلۈم كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان كىشى، قىسمەتنى ئىلاھنىڭ ھەقلىقىگە شەك كەلتۈرۈشى مۇقەررەر.

جالالىدىن ھەر بىر شەھەرلىكنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز ئۆلۈمىدەك بىلدى. باغدادتا ئۇنى ئۆزىگە تارتقان، ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ئازابى سەۋەب بولغان، ھەممە نەرسە قىسمەتنى ئىلاھقا باغلىق، دېگەن ئېتىقادتىن كېچىپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قارار - ئىرادىسى بىلەن ئىستىقبالىغا قاراپ ئىنتىلىشى كېرەك، دېگەن ئېتىقاد يولىغا زور قەدەم قويدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ كارۋىنى خەلىپە پايتەختىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كۆپ يولى بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چۈشتى.

كەينى - كەينىدىن ئۆتۈۋاتقان سايىۋەنلەرنىڭ بىرىنىڭ يېرىم ئوچۇق پەردىسىگە جالالىدىننىڭ كۆزى چۈشۈپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا گۆھەربانۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتى.

# ئۈچىنچى باب

## گۆھەر

ھەق ئۈچۈن ئىشق ئۆلچەم بولار ئىمىش ...
جالالىدىن رۇمى

### قوشۇن

مەككە، مەدىنە، دەمەشق، ئىبرزىنجان — قەدىمكى جايلار ۋە سودا - تىجارەت شەھەرلىرى، ئالدىراش ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازنىڭ يولىدىكى مەنزىللەرگە ئوخشاش «لىپپىتە» قىلىپ، كۆزگە چېلىقتىيۇ ئارقىدا قالدى. سۇلتانۇل ئۆلىما ھېچنەدە توختىماي، ئۆز كارۋانلىرىنى ئۇدۇل شىمالغا، شىمالدىكى رۇمى - سالجۇقى قەلئەلىرىگە باشلاپ ماڭدى.

دەمەشقتىن ئىبرزىنجانغىچە بولغان ھەممە يوللاردا توپ - توپ بولۇپ ئادەملەر ئاقاتتى. يېرىدىن، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان خارەزملىكلەر ئۆزىنى «جاھان ھۆكۈمدارى» دەپ ئاتىغان خارەزمشاھنىڭ پايتەختى — گۈرگەنجىنىڭ دەھشەتلىك ھالاكىتى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. بىرنەچچە ئاي داۋام قىلغان قامالدىن كېيىن، چىڭگىزخان قوشۇنى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشكەن. ئاندىن رايون، مەھەللەرنى بىر - بىرلەپ قولغا كىرگۈزۈپ، خالايىقنى قىرغىن قىلىشقان، كېيىن جەيخۇن دەرياسىنىڭ سۈيىنى گۈرگەنج شەھىرىگە قويۇپ بېرىپ، شەھەرنى سۇغا غەرق قىلغان ...

چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ يۈرۈشىنى ھېچ نەرسە: نە قەھر-جاسارەت، نە ھىيلە-تەدبىر، نە چارە-ئامال توسۇيالمايتتى. مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ئوغلى جېنىنى تىكىپ، ئۇلارنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، بىر موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىبمۇ كەلدى، لېكىن ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇۋۇچى دەستىدىن قاچقان كېيىككە ئوخشاش، ھىندىستان تەۋەسىگىچە قېچىپ باردى، دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئانىسى، ئايالى ۋە چۆرىلىرىنى ھىندى دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتتى، كېيىن ئۆزى دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈپ، جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

ئادەملەر چىڭگىزخاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىلا خۇددى بالا-قازاغا يولۇققاندەك، كۆزلىرى دەھشەت ۋەھىمىدىن ئالىيىپ كېتەتتى. سابىق ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇسال ئىدى. كىيىملىرى جۇل-جۇل، قورققىنىدىن تىترىشىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر يۈك-تاقلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ، ئاياللىرى، بالا-چاقىلىرى بىلەن يوللاردا سۆرىلىپ كېلىشمەكتە ئىدى. قالغان-قاتقان نۆكەرلىرى، مۇلازىملىرىمۇ ــ بەزىلىرى قىلىچ، بەزىلىرى چالغا، بەزىلىرى كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىۋېلىشقانىدى.

چىڭگىزخان قوشۇنى ئىستىلا قىلغان خۇراسان، مەۋر ۋە ئافغانىستاندىن دەرۋىشلەر كەلمەكتە ئىدى. باشلىرىدا كۇلا، قوللىرىدا نەيزىدەك ھاسا، بەللىرىگە كاشكۇل① ئېسىۋالغان قەلەندەرلەر سالماق قەدەم تاشلىشاتتى. سۈرىيەدىن «جەۋلاقىي»، يەنى «يالىڭاچ» دەپ ئاتالغان غەلىتە بىر مەزھەپكە مەنسۇپ كىشىلەرمۇ كېلىشىۋاتاتتى، ئۇلار چاچ-ساقاللىرىنى قىردۇرۇپ، بەلدىن يۇقىرىسى يالىڭاچ ئىدى. ئۆزىنى «غازىي» دەپ ئاتىشـ

① تىلەمچىلەرنىڭ تىلىۋالغان نەرسىلىرىنى سېلىش ئۈچۈن بەللىرىگە ئېسىۋالىدىغان ئەسۋابى ـ ت.

ۋالغان دەرۋىش-نۆكەرلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ سالجۇقىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى غەربىي چېگرا جايلىرىغا يىغىلىشىپ، ۋىزانتىيىدىن ئۈزلۈكسىز تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان پەرەڭ كاپىرلىرىنىڭ ھۇجۇملىرىنى بېسىقتۇرۇشتا ئىككى يۈز يىلچە قاتناشقانلار ئەۋلادى ئىدى.

پەرەڭلەر ۋىزانتىيىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەيسانىڭ قەبرىسىنى قۇتقۇزۇش باھانىسى بىلەن سۈرىيە ۋە پەلەستىنگە ئورۇنلىشىۋېلىشقانىدى. ئۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيانە تەرتىپلىرىنى يولغا قويۇپ، ئەركىن دېھقانلارنى قۇللارغا، ياق، ئىشلىتىدىغان ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇشقان، ئۇ بىچارىلەر بويۇنلىرىغا خوجايىنلارنىڭ تامغىلىرى بېسىلغان ھالقا ئېسىپ يۈرۈشەتتى.

پەقەت رۇم سالجۇقىيلىرى بەزىدە چېكىنىپ، بەزىدە غالىب كېلىپ مەھكەم تۇرۇشاتتى، كىچىك ئاسىيادا تېخى مۇسۇلمانلار ھېچقاچان شۇنچىلىك مەھكەم تۇرۇشمىغانىدى.

ئايپالتا، توقماق ۋە ئەگرى قىلىچلار بىلەن قوراللىنىۋالغان دەرۋىش-غازىيلار بەللىرىگە ئېسىۋالغان دۇمباقسىمان چالغۇلىرىنى چېلىپ، تەكبىر ئېيتىشىپ ماڭاتتى. ئۇلار خالتىلىرىغا جەڭدىن بۇرۇن يۈزلىرىگە سۈرتىۋالىدىغان بوياقلار، دۈشمەننى قورقۇتۇش ئۈچۈن تاقىۋالىدىغان بۈركۈت قاناتلىرى، ئۆكۈز مۈڭگۈزلىرىنى سېلىشىۋالغانىدى.

سودا كارۋانلىرى ئالدىراشقىنىچە سالجۇقىيلار پايتەختى كونيا شەھىرىگە، ئۇنىڭدىن شىمال تەرەپ — كىراپىيزۇنىگە، جەنۇبىي تەرەپ — ئانتالىيە ۋە ئالايىيادىكى گېنويە يەرلىرىگە قاراپ مېڭىشاتتى. گېنسويالىقلار ۋە رۇسلار، قارا بەلباغ باغلىۋالىدىغان ئەرمەنلەر، پېشانىلىرىگە ماۋىي خال چېكىۋالىدىغان ھىندىلار، مەھبۇسلارغا ئوخشاش بەللىرىگە ئاددىي چۇلۇۋۇر باغلىۋالغان يەھۇدىيلار كارۋان سارايلىرىدا پايپېتەك بولۇپ ئالدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىشاتتى، ئات، تۆگە ياكى ئېشەكلىرىنى ئىزدىشەتتى، سودا ـ سېـ
تىق قىلىشاتتى، لېكىن ئادەتتىكىدەك ئـۆزئارا جېدەل ـ ماجىرالار
قىلىشمايتتى. يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازادىـن مال ـ جېنىـ
نى تېزرەك يىراقراق يەرگە ئېلىپ قېچىش خىيـالـى ئۇلارنـى
ئـۆزئارا ئىنـاق ـ يېقىنلاردىـن قىلىپ قويغانىدى. بازارلاردىكى
كۆپلەپ دۇكانـلار ئېچىلمىغانىدى. مال ـ مـۈلـۈك، بالا ـ چاقىنى
يىراقراق يەرلەرگە، يېزا ۋە سـەھرالارغا ئەۋەتىۋەتكەن دۇكانـ
ارلار، دائىم ئاتلىرىنى ئىگەرلەپ، قامچىسىنى ئـۆتۈك قونـچىغا
قىستۇرۇشقان هالدا تۇرۇشاتتى.

يوللار خەتەرلىك، تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتۈش قورقۇنچلـۇق
ئىدى. ئاچارچىلىقتا قالغان خارەزملىك نۆكەرلەر، هېچكىمگە بويـ
سۇنمايدىغان كوردلار سودىگەرلەرگە هۇجۇم قىلىپ، يولۇچىلارنى
بۇلىشاتتى. سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن چېگرا جايـ
لىرىغا كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ ئۆزى بىلـ
گەننى قىلىشاتتى. قىش يېقىنلىشىپ قالغان، ئوغۇزلار ئۆز ماللىـ
رىنى تاغدىكى يايلاقلىرىدىن تۆۋەنگە هەيدەپ چۈشكەن، ئـۆتـ
كەن ـ كەچكەنلەردىن يالغـۇز سـۇلـتاننىڭ پايدىسىغـىلا ئەمەس،
ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈنمۇ مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىشقا تەييـار
تۇرۇشاتتى.

مەلەتياغا نەق ئىككى داۋان قالغاندا ئـۆكـۆز تېرىسىدىـن
تىكىلگەن يېنىك ساۋۇت كىيىپ، يىپەك شـوينىلار بىلەن چېتىـ
لىپ ياسالغان قومۇش قالقان تۇتقان، ئوقيـا بىلەن قوراللانغان
ئاتلىقلار كارۋاننى توراپ تـوختاتتى. كارۋانـلار باشتا ئۇلارنـى
چىڭگىز ئەسكەرلىرى دەپ ئويـلاپ جان ـ پېنى چىقىپ كېتەيـلا
دېگەنىدى. لېكىن هېلىقىلار مۇسۇلمان تۈركـلەر ئىدى. ئوقيـاـ
چىلار كارۋانغا بىر پەرساھ① يىراقلىقتا توختاپ قوشۇنغا يـول

① تەخمىنەن بىر چاقىرىم ـ ت.

بوشىتىشنى بۇيرۇدى ـ دە، شۇنداق تېزلىك بىلەن غايىب بولۇشتى.

كۆپ ئۆتمەيلا تاغ يولىنىڭ ئالدىدىكى بۇرۇلۇشتىن كارۋان قوڭغۇراقلىرىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى بېسىپ، شىددەتلىك ئاۋازلار ياڭرىدى. كاناي ـ سۇنايلار غات ـ غۇتلاپ، داقا ـ دۇمباقلار گۇمبۇرلەپ، ئاساسىي قوشۇنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى. كارۋان بېشى ۋارقىراپ ھەممىنى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى يول ياقىسىدىكى يانباغىرغا تارتىشتى، قىسقا ئارغامچا بىلەن تۇمشۇقلىرىدىن چوڭلارغا باغلانغان ئەقىللىك جانىۋارلار باشلىرىنى بۇراپ، خاتىرجەم قارىشىپ، ساقچىلار، يولۇچىلار ۋە مۇرىتلارنىڭ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشكەنلىرىنى، ئاتلارنى يولنىڭ چېتىدە قاتار تىزىپ، خوتۇن ـ قىزلار، بالا ـ چاقىلارنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى جەڭچىلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىشقا تەييارلىق قىلىشىۋاتقانلىرىنى تاماشا قىلغاندەك تۇرۇشاتتى.

غەلىتە ۋە شىددەتلىك مۇزىكا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتانۇل ئۆلىماغا مۇرىت چۈشۈشتىن بۇرۇن رۇمدا كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلغان شەيخ خوجەگى بۇ ئاھاڭنى پەملەپ قالدى. بۇلار بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ ئاخىرقى قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى بولغان سۇلتان سەنجەر نامى بىلەن «سەنجەرى» دەپ ئاتالغان قوشۇن ئىدى.

شۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللىرىدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەسەب تارىخىنى ئەپسانىۋى قەھرىمان سەنجەردىن باشلىغۇچى كۆچمەن تۈركمەن قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگودىن ـ ۋىزانتىيىگىچە، گورجىستاندىن ـ ئىراقىچە سوزۇلغان يەرلەردە دۆلەت سەلتەنىتىنى قۇرغانىدى. سەمەرقەنت، مەۋر ۋە تەبرىزدىن توپ ـ توپ بولۇپ، پاناھ تىلەپ كېتىۋاتقان كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇقىيلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ رۇم سۇلتانلىقى بىر چاغلاردا قۇدرەتلىك بولغان ئاشۇ سەلتەنەتنىڭ ئامان قالغان بىر بۆلىكى ئىدى.

يولۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرى جايىغا چۈشتى، ئۇلارغا قارىمۇ قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۆچ كونيادىكى سالجۇق سۇلتانى ئالاھىددىن كەيقۇباد I نىڭ قوشۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار باغدادقا، قورقۇپ كەتكەن ئاجىز خەلىپىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

يولدا بىرىنچى بولۇپ جىرەن ئاتلىق نەيزىۋازلار كۆرۈندى. ئېگىز تاراس تاغلىرى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بۇ داۋان يولى تازىمۇ تار بولۇپ، ئۈچ ئادەم قاتار تۇرسا يولغا ئارانلا سىغاتتى. يول تاش - شېغىللىق بولغىنى ئۈچۈن ئانچە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلمەيتتى. ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېدىرغا مۆكۈنگەن جالالىدىن ئاكىسى بىلەن تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بۇ ئەسكەرلەرنى ئوچۇق كۆردى.

نەيزىۋازلاردىن كېيىن پالۋانلار، باتۇرلار كېلىشىۋاتاتتى. بۇلار مەيداندا يالغۇز ئېلىشىدىغان خىللانغان پالۋانلار بولۇپ، كۆپىنچە جەڭنىڭ ئاقىۋىتى شۇلارغا باغلىق بولاتتى. ئۇلار مىنگەن چىلان تورۇق، غاز بويۇن، قويۇق ياياللىق، كۆكرىكى كەڭ، يەلكىسى تار، ئەمما ساغرىسى كەڭ ئەرەب تۇلپارلىرى ئويناقلاپ، ئالدىغا چاپچىيتتى، بۇ ئاتلار يوغان قارا تۇياقلىرىنى دۈكۈرلىتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بەلخ ئايغىرلىرىغا غەزەپ بىلەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئۆتۈشەتتى. ئايرىم ئاتلارنىڭ بويىنىغا زەر بىلەن زىننەتلەنگەن بويۇن باغلار باغلانغان بولۇپ، ئۇ بىرەر قورغاننىڭ ئېلىنىشى ياكى دۈشمەن ئۈستىدىن قازىنىلغان غەلىبە شەرىپىگە سۇلتان تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات بەلگىسى ئىدى. جالالىدىن باش باتۇرنىڭ تۇلپارىدا شۇنداق نىشانلاردىن تۆتنى سانىدى: بىرى قىزىل رەڭ-

لىك، ئىككىسى قارا، يەنە بىرى سارغۇچ، ئۇ دىۋىدەك زەبەر-
دەست يىگىت ئىدى. باشتىن - ئاخىر ساۋۇت، قالقان كىيىپ،
بىلىگە داغىستاننىڭ ئەگىرى شەمشىرىنى تاقىۋالغانىدى. ئۇنىڭ
ھەيۋەتلىك توقمىقىنى يارا قدارى كەينىدە كۆتۈرۈپ كەلمەكتە،
دەرۋەقە، ھەربىر باتۇرنىڭ كەينىدىن ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇپ
يارا قدار - چاۋۇشلار① مېڭىشاتتى.
پالۋانلار سىپىدىن كېيىن خەنجەر ۋە يەڭگىل قالقانلار
بىلەن قوراللانغان جەڭچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئۈچ بۇرجەك قارا
بايراق كۆتۈرگەن بايراقدار كۆرۈندى. قارا بايراق خەلپىگە
سادىقلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل
لاچىن — سالجۇقىيلار ئەۋلادىنىڭ نىشانىسى ئىدى.
كۆل رەڭ بەلجىستان تۆپىلىكلىرىنى داقا - دۇمباق سادا-
لىرىغا كۆمۈپ ئۆتكەن چالغۇچىلارنىڭ كەينىدىن ئاددىي ئەس-
كەرلەر — ھەقىقىي جەڭچىلەر كۆرۈندى. ھەربىر سەپ ئۆز بايرىقى
ئاستىدا، ئۆز ئەللىكبېشى بىلەن ماڭاتتى، ئەللىكبېشىلىرىنى ئىگەر-
جابدۇق، يۈگەنلىرىدىكى بېزەك، تۈركمەن كەشتىلىرى
تىكىلگەن يوپۇقلار، خۇرجۇنلار، ئىگەر - قاشلىرىدىكى ئالتۇن -
كۈمۈش زىننەتلىرىدىن تونۇۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئاددىي
ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ھەر خىل ئىدى. سارغۇچ، قاشقا، تورۇق،
پۇتلىرى قىسقا، قۇيرۇقى قىڭغىر ئاتلار ئىدى.
بەلخلىكلەرنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى ھەربىي مۇ-
لازىمەت قىسىملىرىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئۈچ سەپ ئەسكەر بول-
دى. قاۋۇل ئاتلاردا ئېغىر ساۋۇت، دۇبۇلغىلار كىيىپ، ئىككى
بىسلىق ئېغىر قىلىچلار، ئۇزۇن نەيزىلەر ياكى بىگىزدەك ئىنچىكە
شەمشەرلەرنى ئېسىۋالغان جەڭچىلەر ئۆز قىياپەتلىرى بىلەن بىردە
پارسلارغا، بىردە ئاق چاچلىق رۇسلارغا ئوخشاپ كېتەتتى.

① خاس خىزمەتكار، قوغدىغۇچى.

www.uyghurkitap.com

ئاتىسىنىڭ مۇرىتلىرى ئۇلارنىڭ يېپىنچىلىرى، قىلىچ ۋە دۇبۇلغىلىرىدا پراۋوسلاۋلارغا① ئوخشاش گىرېگورىئان② بۇتلىرىنىڭ شەكىللىرىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇشۇپ كېتىشتى. بۇلار ئۆز ئېتىقادىنى يوشۇرمىغان ناسارالار ئىدى. بۇ ناسارالارنىڭ مۆمىنلەر خەلىپىسىنى ھىمايە قىلىشقىنى قىزىق ـ ھە؟

ئۇلار كېيىنچىرەك چۈشىنىشتى: كىچىك ئاسىيادىكى ھەر خىل ئاھالىلەر ئارىسىغا ئورۇنلاشقان سالجۇقىيلار باشقا دىنلاردىن ھەزەر قىلىشمايدىكەن، ئەكسىچە يۇنان ۋە ئەرمەن ئاقساقاللىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا بەجانىدىل قوبۇل قىلىپ، ياللانما ئەسكەرلەر سېپىگە يالغۇز تۈركلەرنىلا ئەمەس، گروزىنلارنىمۇ، پەرەڭلەرنىمۇ ھەتتاكى نورمانلارنىمۇ قوشۇۋېلىۋەرگەنىدى. بۇ نەرسە شۇ زۇلمەت ئالەمدىن چىقىپ كەلگەن رىتسار③ ـــ بۇلاڭچىلارنىڭ كۆپ ئەسىرلىك باسقۇنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىشىدە ئۇلارغا كۆپرەك ياردەم قىلغان بولۇشى ئەجەب ئەمەس.

كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراق، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان ئاتلار، خېچىرلار، تۆگىلەر قاتارلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. سالجۇقىيلار قوشۇنى گويا بىر يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن ئىگىسىز ۋە ئاچ ـ يالىڭاچ ئۆلكە تەرەپكە قاراپ كېتىپ باراتتى. شۇ چاغدا جالالىدىن: ئۇ بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ شەۋكەتلىك ۋەزىرى نىزامۇلمۈلكنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىنى ئاكىسى بىلەن ئوقۇغانلىقىنى، ئۇ كىتابىتىكى ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەر قېتىم ئېلىق ـ سېلىقلار بىلەن دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلماسلىق ئۈچۈن بىر يىل بۇرۇن تەرەددۇت قىلىپ، قوشۇنغا

① سلاۋيان قەبىلىلىرى.

② سلاۋيانچە ياسالغان بۇت — تە

③ ئوتتۇرا ئەسىرچە ئاتلىق سۆڭەك ھەربىيلەر تەبىقىسىگە تەۋە فېئودالار — تە

زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىنى غەملەپ قويۇش كېرەك، دېگەن ئاقىلانە مەسلىھەتنى ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى ئەسلىدى. دېمەك، سالجۇقىي ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا ئاقىللار مەسلىھەتىگە ئەمەل قىلغۇچىلار، تەلۋە خارەزمشاھتىن زور پەرقلىق ھالدا خەلقىنىڭ يار-يۆلىكىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلار بار ئىكەن.

بۇ ئۇلارغا نەچچە ئايدىن بۇيانقى سەپەردە يولۇققان بىردىنبىر خۇشاللىق ئىدى: ئاقىلانە تۈزۈلگەن، مۇنتىزىم ۋە قۇدرەتلىك مۇشۇنداق بىر قوشۇننى موڭغۇللارنىڭ تارمار قىلىپ، قوي پادىسىدەك پىتىرىتىۋەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

ئاشۇ تاراس داۋىنىدا ئۇلارغا ئۇچراپ قالغان قوشۇن مەغلۇپ بولماي، ئامان-ئېسەن يۇرتىغا قايتتى. ئۇلار چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشمىدى. چۈنكى چىڭگىز قوشۇنى باغدادقا ئەمەس، شىمالغا، كافكاز ئارقىلىق بەھرى ھەزەرنى① ياقىلاپ ۋولگا بويلىرى تەرەپكە — رۇسلارغا قاراپ يول ئالدى. ئەمما بۇ ۋاقىتلىق بىر ئارام ئېلىش پۇرسىتى ئىدى...

ئۇلارنى بايا يولدا توختاتقانلارغا ئوخشاش چاقچاقان-چەسۇر ئوقياچىلار توپى ھەربىي مۇلازىمەتچىلەرگە ئەگىشىپ ئۆتۈپ كېتىشكەندىن كېيىن، كارۋان بېشى يەنە ئۆز يولىغا چۈشۈشنى بۇيرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇردى.

كارۋان چۈشتىن كېيىن داۋانغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ، ياپيېشىل ۋادا پەيدا بولدى. قۇياش نۇرىدا چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاپئاق تاغ چوققىلىرىغا قاراپ، فرات دەرياسىنىڭ تار جىرادىن ئۆركەشلىگەن كۈمۈشتەك دولقۇنلىرى ئۈستىدە تاۋلىنىپ تۇرغان كۆپكۆك ئاسمانغا تەلمۈرۈپ، ئۇ يەردە-بۇ يەردە قويچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى تىكىلگەن ياپيېشىل يايلاقلارغا، ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شاراپەتلىك

① — كاسپىي دېڭىزى — ت

مەلەتىيا شەھىرىگە تىكىلىپ، ئۇلار جايىنامازلىرىنى يېيىشتى. نەچچە ئاي داۋامىدا بۇ قېتىم نامازدىگەرنى ئارامخۇدا ئوقۇۋېلىشتى. يول ئازابىدىن ھېرىپ، ئۆلكىلەر، شەھەرلەر، قەبىلىلەردىن ئېشىپ مېڭىۋېرىپ، ھالىدىن كەتكەنلەرگە ئۈمىد مەنزىلى نېسىپ بولغاندەك ئىدى. سەھرالار، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئارقىدا قالدى. ئالدىدا قۇدرەتلىك سالجۇق سۇلتانلىرى ھىمايىسىدە، تىنچ بەرىكەتلىك تۇپراق تۇراتتى.

ئەمما سۇلتانۇل ئۆلىما مەلەتىيادا توختىمىدى، كارۋاننى يەنە شىمالغا باشلىدى. پەقەت ئېرزىنجانغا يەتكەندە، غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى.

## گۆلخانىلار

ئۇلار سالجۇق دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرگەچكە، سۇلتانۇل ئۆلىما كىچىكلا بىر شەھەردە توختىدى. ئەسلى ئاھالىسى يۇنان ۋە ئەرمەنلەردىن ئىبارەت بۇ شەھەر لەرىندى دەپ ئاتىلاتتى. سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ بۇ يەردە قانچىلىك تۇرۇشىنى ئېيتىش قىيىن ئىدى. قىشنىڭ سوغۇق ھاۋاسى يېتىپ كەلگەچكە ئۇ بۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزۈشكە قارار قىلغانىدى.

سۇلتان نائىبى ئەمىر مۇسا توغرا، ئاق كۆڭۈل، ساۋاتسىز تۈرك بولۇشىغا قارىماي، سادىق ئەمەلدار ئىدى، شەھەرنى كۆپىنچە كۆچمەن ئوغۇزلارنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىگە يۆلىنىپ ئىدارە قىلاتتى. ئۇ دىنىي - ئىماننىڭ ئالىم ۋە ئەللامىلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن بەلخلىك داڭلىق ئۆلىمانى ئۇنىڭ شۆھرىتىگە يارىشا ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ بۇ شەھەردە قېلىش ھەق-



www.uyghurkitap.com

قىدىكى قارارى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى.

ھەربىر نائىب سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇبادقا تەقلىد قىلىپ، ئۆز سارىيىدا ئالىملار، شەيخلەر، ئۆلىمالارنى يىغىشقا، ئۇلاردىن كېڭەش ۋە مەسلىھەتلەر ئېلىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت-ئېھتىراملار كۆرسىتىشكە ئىنتىلەتتى. لېكىن چاتاق يېرى شۇ ئىدىكى، بەلخلىك ئۆلىما مەدرىسىدىن باشقا جايغا كۆچۈشنى خالىمايتتى.

شەھەر بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئەرمەن پادىشاھى لېۋان II دىن تارتىۋېلىنغان بولۇپ، ئەتراپتا قەدىمكى ئەمما خارابىلىققا ئايلانغان، يېڭى لېكىن ئىستىلادىن كېيىن ھاڭغىرقاي بولۇپ قۇرۇق-بوش قالغان بۇتخانا، موناستىرلار كۆپ ئىدى. ئەمما تېخى بىرمۇ مەدرىس يوق ئىدى.

ئەمىر: قانداقلا بولسۇن، شەيخنى شەھەردە ئېلىپ قالمەن، قىش كىرگۈچە مەدرىس سالىمىز، — دېگەن ۋەدىنى قىلدى.

ئۇ دېگەن سۆزىنى قىلدى. بىر ئايدىن كېيىن سولتانۇل ئۆلىما يېڭى مەدرىسىگە كۆچۈپ كىردى، توغرا، ئۇ نىشاپۇر، دەمەشق ياكى ھەلەبتە ئۇلار قونغان يۈز ھۇجرىلىق مەدرىسلەرگە يېتىشەلمەيتتى، ئەمما بۇمۇ مۇددەرىس ئۆز ئائىلىسى، مۇرىتلىرى، ئونلاپ شاگىرتلىرى بىلەن جايلاشسا، يەتكۈدەك ئازادە ۋە كۆركەم ئىمارەت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان نائىبىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە ساپ دىللىقىدىن ئۇلار بۇ يەردە بىر قىش تۇرۇش ئورنىغا يەتتە قىش تۇرۇپ قالدى.

سۇلتان پايتەختتىن ئون يەتتە پەرسەڭ بېرىسىگە جايلاشقان بۇ كىچىك شەھەردە جالالىددىننىڭ بالىلىق ئىدرىكى تازا ئۆتكۈرلىشىپ تولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاشۇ دەۋر مەدەنىيىتى قولغا كەلتۈرگەن دۇنيا ھەققىدىكى مۇئەييەن بىلىملەرنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ياشلىقى شۇ يەردە، ئەتراپى ۋولقانلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، بىر چاغلاردا قەدىمكى ناسارىلار راھىبلار ئۈچۈن قەسىرلەر ياساپ، پۈتۈن-سۇرۇك شەھەرلەرنى پەيدا قىلغان ياپىيېشىللىق ئىچىدە، يۇنان ۋە ئەرمەن ھۈنەرۋەنلىرى، ئوغۇز جەڭچىلىرى، خۇراسان ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئۆتتى. شۇ يەردە — لەرىندىدە ئۇ دەسلەپكى باھار پەيزىنى سۈرۈپ، ئاۋۋالقى قايغۇلىرىنى قويۇپ، دەسلەپكى ئىقبال زوقىنى تېتىدى.

چىمەنلىك ۋە ئۈزۈمزارلار قوينىدا سەيلە قىلىپ، تاغلار قوينىدا ياشناۋاتقان ئۆسكىلەڭ ئوتلاقلار ئارىسىدا يۈرۈپ، مۇزدەك بۇلاقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاھاڭىنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ زوقلىنىپ خۇش بولدى، تەبىئەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى قۇدرەتلەرنىڭ شەنىگە مەدھىيىلەر ئوقۇدى. بۇلار بالىلىق چاغلىرىدىلا ئۇنى قىزىقتۇراتتى. لېكىن پەقەت بۇ يەردە — لەرىندىدە ئۇن ئالتە باھارغا يۈزلەنگەندىلا ئاشۇنداق قاينام-تاشقىنلىققا تولغان كۆڭۈل خۇشلۇقىغا چۆمدى. كېيىن ئەنە شۇ ھالەت ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل مەخلۇقات بولغان ئىنسان قەلبىدە يېتىلگەن چەكسىزلىكلەر ھەققىدە ئويلىسىلا، ئۇنى تېزلا بىلدۇالىدىغان قىلدى.

كېيىنچەرەك ئۇ پۈتۈن قايغۇ ۋە ھالاكەتلىرىنى تىزگىنلىگىنىدەك، ئەنە شۇ جۇشقۇن ئىلھامنىمۇ تىزگىنلەشنى ئۆگەندى، ئەمما كېيىن چەكلىمىدى، پەقەت لايىقىدا ئىزغا سېلىپ، دولقۇنلاردەك ئۇقچۇشىغا قويۇپ بەردى، چۈنكى ئۇنىڭ تۇرۇلۇپ، تېشىپ، ئۆز يولىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ كېتىشىگە ئازراقلا تۇرتكە بولسا كۇپايە قىلاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا زامانلار باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىنى يەتتە ئەسىر ئالدىغا سۈرگىنىمۇ ئاشۇ شارقىراتما دولقۇنلىرى ئىدى.

...باھار ھىدىن چېچىپ كۆكتە ئۈزەر بۇلۇت كارۋان ـ كارۋان،
«كۆكەر گىن، ياشنىغىن، يەر!» دەپ ھەردەم گۈركىرەر ئاسمان.
زېمىن ئويغاندى، كۆز ئاچتى،
باھاردىن خۇشخەۋەر، دەپ ھەريانغا مۇشكى ئەنبەر چاچتى،
يۈگۈردى نوتىلارغا قان، مىسالى ياپيېشىل شەربەت.
ئۈرۈقنى تەرك ئېتىپ، ئاخىر گىياھقا كۆچتى ئىشقى ـ
تەلئەت
كۆكۈل سىرلىرىنى ئېيتىپ، دەرەخلەر چايقىلۇر تىنماي...

بۇ شېئىر خېلى كېيىن، كونيادا يېزىلدى. ئەمما ئۆزىدە شېئىر تۇغدۇرغۇچى كۈچنى ئۇ دەسلەپكى قېتىم بۇ يەردە ـــ لەربىندېدە ھېس قىلدى.

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا شېئىرلار توقۇشقا باشلىدى. بىراق ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېخى خام، ۋايىغا يېتىپ پىشمىغان قوغۇنغا ئوخشايتتى. غەلىتە تەكرار چاقىرىقلار، باش ـ ئاخىرى يوق مەنزىرىلەر، لېكىن بەزىدە شۇنداق مىسرالارمۇ ئۇچرايتتىكى!... ياشلىقتا يېزىلغان ئاشۇ غەزەللەردىن ئايرىملىرىنى كېيىن قايتا كۆرۈپ، دەسلەپكى تەخەللۇسى ـــ خامۇش نامى بىلەن يېزىپ قويدى. بەزىدە ۋەز سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئايرىملىرىنى مىسال كەلتۈرەتتى.

ئېھ ياشلىق، ياشلىق، خامۇش ئىمىش. ئۇ تېخى كۆيەر ـ كۆيمەيلا ئۆزىنى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ سىرلىرىنى چۈشەنگەن، ئۆرتىنىپ ئەقلى تولغان، دەپ بىلەتتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنچەرەك كونيادا ئايان بولدى.

ئاشۇ ئون ئالتىنچى باھارنىڭ بىر كۈنى ـــ قۇياش داۋانغا قىڭغايغان، قارا تاغنىڭ قارلىق چوققىلىرى قىزغۇچ شەپەققە چۆمۈلگەن چاغدا، ئۇ كۆڭلى نامەلۇم بىر دەردكە تولغان ھالدا سەيلىدىن قايتتى. ئۇنىڭ ھارغىن تېنى گويا ئېرىپ باھار

ئاخشىمىنىڭ ھەل رەڭ سايىلىرىگە ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانىدەك تۇيۇلاتتى.

پەقەت ساقچىلار ئالدىدىلا ئەمەس، پۈتۈن شەھەر ئەترا-پىدا گۇلخانىلار ياناتتى. قەلئە سېپىللىرى سىلىنىشقا باشلاپ، ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان مەدىكارلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئەمگەك قىلاتتى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا نۆۋەتلىشىپ قوي تېرىلىرىگە يۆگىنىپ بىر - ئىككى سائەتلا كۆزلىرىنى ئىلىنىدۇرۇۋېلىشاتتى، تاماقنىمۇ شۇ سېلىنىۋاتقان سېپىلنىڭ تۈۋىدىلا ئالدىراپ -سالدىراپ يېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۆيلىرىدىن تاماق تەييارلاپ كېلىشەتتى، بەزىلىرى يېقىلغان گۇلخانىلارنىڭ بىرىدە بىر ئامال قىلىپ يېگۈدەك بىر نەرسە تەييارلىشىۋالاتتى.

جالالىدىن گۇلخانىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قىلىنىۋاتقان ئىشلارغا ئۇزاق زەن قويدى. ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرمەن ۋە يۇنانلىقلار ئىدى. گويا ئۇلارنى مېھنەتلا — ئاسارەتتىن، ئاچ - زېرىنلىق تۇرمۇش ئازابىدىن، دېڭىز - كۈندۈز تام ياقىلاپ يۈرگەن، قامچىسى بەدەنگە يىلاندەك يۆگىلىدىغان نازارەتچىلەرنىڭ نەزەرىدىن قۇتۇلدۇرىدىغاندەك تونۇش بار ئىدى. بۇنداق قېتىپ قالغان چىرايلارنى جالالىدىن تائەت - ئىبادەت قىلىدىغان چاغدا ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدا بايقىغانىدى. بۇ چىرايلار —يالاڭ-باشلاپ، چۇۋۇلۇپ دەخلى بەرمەسلىكى ئۈچۈن شوينا يىپ بىلەن بوغۇپ باغلىۋالغان چاچلار، قارا، سېرىق، ئەمما قويۇق بۇدۇر ساقاللار، ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلەر — ئۇنىڭدا ھەۋەس ئارىلاش ئاللىقانداق جەزبە تۇيغۇلىرىنى ئويغىتاتتى.

ئۇستىلار ئانچە - مۇنچىلا تاراشلانغان، قىرلىرى پىچاقتەك ئۆتكۈر، قوپال تاشلارنى ئەپچىللىك بىلەن تىزىشاتتى. ئۇلار ئىش ئۈستىدە بىر - بىرلىرى بىلەن گەپمۇ قىلىشمايتتى، قارىغاندا ئۇلار بىر - بىرىنى سۆزسىزلا چۈشىنىدىغاندەك ئىدى.

ئۇلار قەدىمكى مەجۇسى ئىھراملىرىنىڭ مەرمەر تاشلىرىنىمۇ ئىشلىتەتتى ھەم كېسىپ تەييارلانغان لىم ياغاچلارنىڭ ھالقىلىرىنى بىر-بىرىگە چىپسا كەلتۈرۈپ جايلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەممىنىڭ ئۈستىدىن خۇراسان گەنچىسى① تۆكەتتى. تاشلار بىردەمدىلا بىر-بىرى بىلەن چوييۇندەك بىرىكىپ كېتەتتى. قارا تاغ قىيالىرىغا ئوخشاش بۇنداق سېپىللىنى بۇزالايدىغان كۈچ ئالەمدە يوق، دېگۈدەك ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن چىۋەر ئۇستىلار ئىدى!

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ياش چېغىدا كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ: «قۇرماقچى بولساڭ — يۇنانلىقنى، بۇزماقچى بولساڭ — تۈركنى چىللا!» — دېگەنىدى. يۇنان ۋە ئەرمەنلەر — قۇرغۇچى، تۈركلەر — جەڭچى خەلق. بۇلارمۇ قۇرۇشىدۇ، چۈنكى دۇنيادا يېڭىلىق ياراتمايدىغان خەلق يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمارەتلىرىنى كۆز بىلەن كۆرۈپ دەرھال پەرقلەندۈرۈۋېلىش قىيىن، ئۇلار بىنا ئەمەس، دۆلەت قۇرۇشىدۇ.

ئاشۇ يىللار پەقەت لەنپىندىي ئەتراپىدىلا ئەمەس، سالجۇق دۆلىتىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە گۈلخانلار يېقىلىپ، ئادەملەر توپا قېزىپ، تاش يونۇشاتتى. ئۇلارغا نەپىس نەقىشلەر سېلىشاتتى. مەسچىتلەر، سارايلار سېلىشاتتى. لېكىن ھەممىدىن بۇرۇن كارۋان سارايلار، كۆۋرۈكلەر، قەلئە سېپىللىرى قەد كۆتۈرەتتى. ئۇستىلارنى يەر يۈزىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن — گۈرجىستان، ئىران، ۋىزانتىيە، دەمەشق، قاھىرە ۋە ھەلەبتىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈشكەنىدى. ئەرمەن تاشچىلىرىنىڭ پەم-پاراستى، خۇراسان مىمارلىرىنىڭ چىۋەر ماھارىتى، تۈركمەن گىلەملىرىنىڭ نەقىش گۈللىرى، يۇنان ئۇستىلىرى ۋە رەسساملىرىنىڭ تەجرىبىسى — بۇلارنىڭ ھەممىسى كىمياگەرنىڭ②

① قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قېتىشما لاي — ت.

② خېمىك — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوچىقىغا چۈشۈپ ئېرىپ ئۇيۇغان مەدەنىدەك، ئۇلارمۇ گۈلخانـ
لارنىڭ ئوتىدا ئېرىپ بىر پۈتۈن بولۇپ ئۇيۇشاتتى.

ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىرىشىپ ئىشلىشەتتىكى، كونىيادىكى
سالجۇق سۇلتانى، ئۇنىڭ نائىبلىرى، ھەتتا قورغۇچىلارنىڭ ئۆز-
لىرىمۇ ئىستىقبالىنى گويا كۆرۈپ ۋە ئېنىق بىلىشەتتىكى، يېقىنـ
دا غەربتىن كەلگەن سەلىپچىلەر ھۇجۇمىدىن كېيىنكى دەم
ئېلىش پۇرسىتى ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ. پات ئارىدىلا ئۇنىڭدىن
نەچچە ھەسسە دەھشەتلىك بىر بالا مەملىكەتكە شەرقتىن باسـ
تۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا باشلانغان بۇ ئىشنى كىملەر ئاخىرىغا
ئېلىپ چىقار، ئېھتىمال ئۇ چاغدا يەر يۈزىدە ئۇلاردىن نام-
نىشان ۋە ئىزنامۇ قالماس.

ھەقىقەتەن ئوتتۇز-قىرىق يىل ئىچىدە سالجۇق سۇلتانـ
لىقىدا شۇنچىلىك كۆپ ئىمارەت قۇرۇلدىكى، ئۇنىڭدىن ئىككى
يۈز يىل بۇرۇن ۋە كېيىن بۇنچىلىك كۆپ ئىمارەت قۇرۇلمـ
غانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موڭغۇللارنىمۇ، ئوسمانىيلارنىمۇ
كۆردى، بىراق يەتتە يۈز ئەللىك يىلدىن بېرى بۇ قۇرۇلۇشلار
ئاشۇ گۈلخانلار يالقۇنىدا يورۇتۇلغان كۈن ۋە تۈنلەردىن خاتىرە
بولۇپ، ھازىرمۇ يەر يۈزىدە يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

جالالىدىن گۈلخانغا يېقىنراق كەلدى. تاغدا ئېرىۋاتقان
قارلارنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇرۇلۇپ يەردىن تۇمان ئۆرلەپ
تۇراتتى، كېچىسى خېلىلا ئاچچىق سوغۇق ئىدى. ئىشلەمچىلەر
ئوچۇن داش قازاندا تاماق پىشۇرۇۋاتقان يۇنانلىق بالا موللىـ
لاردەك كىيىنىۋالغان جالالىدىننى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى-دە،
تەزىم قىلىپ، جىددىي ھالدا بىر نېمىلەرنى دېدى. جالالىـ
دىن ئۇنىڭغا: «چۈشەنمىدىم» دەپ بېشىنى چايقاپ قويدى.
گۈلخان يېنىدا تايىقنى بېلىگە تايىنىپ تۇرغان نازارەتچى

پاقلان تېرىسىدىن تىكىلگەن قالپىقى ئاستىدىن كۆزلىرىنى بۆرە-
دەك چاقنىتىپ قاردى، ئاندىن ساقىلىنى تۇتاملاپ، چىشلىرىنى
كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— بۇ ھاراملىقلارغا قويۇپ بەرسەڭ، ۋالاقلاۋېرىشىدۇ!
ئۇلاردىن ھەزەر قىلمىساڭ چاتاق. لېكىن ئىشنى قالتىس ياخشى
قىلىدۇ، لەنىتىلەر!

جالالىدىن جاۋاب بەرمىدى. يېنىۋاتقان گۈلخان ئوتىغا
تىكىلىپ، ئۇنىڭ قىپقىزىل تىللىرىغا ھەۋەس بىلەن قاردى.

زوراۋانلىق ۋە جاھالەتتىن قېچىپ، ئۇلار ئاز يول باس-
مىدى — بەلكىم دۇنيانىڭ بۇ چېتىگە كەلدى. لېكىن ھەممىلا
يەردە ئەقىل ۋە ماھارەت، بىلىم ۋە روھىيەت ئۈستىدىن جاھا-
لەت كالتىكى ھۆكۈمران. ئۇ يول بويى كۆردىكى، بەزىبىر يەر-
لەردە بىرئاز مۇۋاپىق ئىشلارمۇ بار ئىكەن، ئىلىمنىڭ قەدرىگە
يېتىشىدىكەن. ئەپسۇس، ھەممىلا يەردە ۋە ھەممىشە شۇنداق
بولغان بولسا - ھە؟ زادى ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقى — ئۇنىڭ ئەقلى
ۋە قەلبىدە ئەمەسمۇ؟ باشقا جەھەتلىرى — تېرە ۋە ئۇستىخانلىرى
ماھىيەتتە ھايۋاندىن نېمە پەرقى بار؟

ئاشۇ باھار جالالىدىن لەرىندىي قۇرغۇچلىرى تىلىنى ئۆ-
گىنىشكە بەل باغلىدى. بۇ ئىستەك جاھالەتكە نەپرەت بىلدۈ-
رۈش تۈپەيلىدىنمۇ ياكى ماھارەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋەجىدىنمۇ —
بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ياشلىقىدىنلا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بىر خىسلەت بار ئىدى:
ئويلاپ، بىر نەرسىگە كىرىشتىمۇ، بولىدى، ئاخىرىغا يەتكۈزمەي
قويمايتتى. ئۇ بىر يىلدىن كېيىن يۇنانچە راۋان سۆزلىشەلەي-
دىغان بولدى. كېيىنرەك ئۇ ئەپلاتون ئەسەرلىرىنى ئەسلى نۇس-
خىسىدا ئوقۇپ چىقتى. كونياغا يېقىن يەرلەردىكى پراۋۇسلاۋ
ئىبادەتخانىلىرىنىڭ مۇتىۋەللىلىرى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆھ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەتلەشتى، بەس - مۇنازىرە قىلدى. ھەتتا يۇنان تىلىدا شېئىر-
لارنىمۇ يازدى.

ئاكىسى ئالاھىددىن ئۇنىڭ سەيلە - ساياھەتلىرى، پىكىر-
مۇلاھىزىلىرىگە ئارىلاشمايتتى. شۇنداقلا ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخ-
شىمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە لەرىنىدېدە ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە
قىشتا ئالاھىددىن بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇزۇندىن -ئۇزۇن
يول يۈرگەنلىكتىنمۇ، ياكى بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى ياقمىدىمۇ،
شۇنداقلا يېرىم قاراڭغۇ ھۇجرىدا يەتتە - سەككىز سائەتلەپ
ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇشلار، كېچىلىرى ئۇخلىماي، تائەت - ئىبا-
دەت قىلىشلار ھالسىراتتىمۇ، ئىشقىلىپ سالامەتلىكى ناچار-
لاشتى. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە پايدا قىلمايتتى. نە ئاپىسىنىڭ قىس-
تىشى بىلەن ئىچكەن دېمىدىلەر، نە مۇقەددەس سۆزلەر پۈتۈلگەن
ئىسرىقلارمۇ تەسىر قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەللىك - ئاتمىش مۇئەل-
لىپ تەرىپىدىن پۈتۈلگەن، ئاخىرى پەيغەمبەر زامانىسىغا ئۇلانغان
ھەدىسنى ياكى قۇرئان تەپسىرىنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن مۇرەك-
كەپ سەھىپىلىرىنى ئاسانلا ئۆزلەشتۈرۈۋالىدىغان ئاجايىپ
كۈچلۈك ئەستە قالدۇرۇش خاتىرىسىمۇ زەئىپلىشىشكە باشلىدى.

تېۋىپلىقتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار ئاتىسى ھەلەبتىن ھەكىم
چاقىردى. ھەكىم ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېسەلنىڭ بەدىنىگە
سۈرتۈش ئۈچۈن مەلھەم، كەچقۇرۇن ئىچىش ئۈچۈن تېز تە-
سىر قىلىدىغان دورا بەردى.

لېكىن ئەتىياز پەسلى ئالاھىددىنىنىڭ ئەھۋالى يەنىمۇ
ئېغىرلاشتى. ئۇ كۆكسى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، قورايدەك ئورۇق
بوۋايلارغا ئوخشاش مۈكچىيىپ، ماموق كۆرپىدە ياتاتتى، يۆتەل
ئازابىدىن ئەزايى - بەدىنى تىترەيتتى. ئۇ مەدرىسلەرگە چىقماي،
كۆپىنچە ئۆيدە ئاپىسىنىڭ قېشىدا تۇراتتى. بارغانچە جاللىدىنىدىن
يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاشۇنداق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە جالالىدىن ھويلىدا تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ ھۇجرىدا يۆتەلدىن قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئازابلاندى. ئۇنىڭغا ئىچىنىش ئارىلاش خىجالەتمۇ بولدى: ئۆزى كىچىككىدىنلا ئاجىز، خىيالپەرەس، تەسىرچان بولۇشقا قارىماي، ساپمۇ ساق پۇتلىرى ئارقىلىق تاش سۇپىنىڭ ھارارىتىنى سىزىپ، باھار ھاۋاسىدىن، چېچەكلىگەن ئالۇچىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن نەپەس ئېلىۋاتىدۇ. ئەمما تىنىمسىز، ئۇيان-بۇيان چېپىپ يۈرىدىغان، ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ياخشى كۆرىدىغان، خۇش خۇي ئاكىسى بولسا مانا بۇ ئەھۋالدا ياتىدۇ...ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز بىر قىزنىڭ يىغىسلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دادام ئاكىڭىزغا ئالۇچا شەربىتى ئەۋەتتى. ئىلاھىم شىپا بولۇپ قالار!

جالالىدىن كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شېرىپىدىن لالانىڭ قىزى قولىدىكى كوزىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇراتتى.

شۇنچە چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپتۇ! لېكىن يۈزلىرى يەنىلا توقاچتەك. مېيىقلىرىدىكى كۈلكىلىرىمۇ شۇ پېتىلا. پەقەت چوڭلارغا ئوخشاش ئاغزىنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن ئازراق يېپىۋاپتۇ. پۇچقاقلىرى ئاستىدىن كەشتىلەپ تىكىلگەن كەشلىرىنىڭ قايرىلما ئىنچىكە ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۇپدۇگىلەك كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك ئادەمگە تىكىلىپ قارىمايتتى. ئەنە ئۇ كۆزلەر بىر قېتىم لاپپىدە قارىدى-دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى.

جالالىدىن قىزنىڭ قولىدىن كوزىنى ئېلىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارغاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

— مەرھەمەت، ئېلىڭ!

ئۇ كوزىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا جاۋابەن بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. تۇرغان يېرىدە ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. قىز يەنە بىر قېتىم لاپىپىدە قارىدى - دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى. كېيىن تەزىم قىلىپ، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. جالالىدىن دەرۋازا يېپىلغاندىن كېيىنلا ئۆزىگە كەلدى.

شۇ باھاردىن باشلاپ ئۇنىڭ دەردى گۆھەر دەپ ئاتالدى. ئوت - چۆپ ۋە ياپراقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ ئىسىمنى تەكرارلاۋاتقاندەك قىلىشاتتى. قۇشلارنىڭ تەلپۈنۈپ قانات قېقىشلىرىغا قاراپ، گويا گۆھەربانۇ يەنە ئۇنىڭغا لاپىپىدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، قىزىرىپ كېتەتتى. بۇ ئىسىم بۇلاقلارنىڭ سۇلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەندەك، ئۇنىڭ خىيالىنى ئىلمىي ئىلاھىيەتتىن ئېلىپ قاچقاندەك قىلاتتى. شۇڭىمىكىن، ئىلاھىيەتتىمۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى «گۆھەر» دەپ ئاتالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ پۈتۈن ياز بويى شۇ قىزنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈردى. قىز بۇلاقتىن سۇ ئالغىلى چىقارمىكىن دەپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئەمما قىز كەمدىن-كەم چىقاتتى. ئۇ ھەر قېتىم كوزىسىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يېنىك قەدەملىرى بىلەن بۇلاق تەرەپكە ماڭغاندا، جالالىدىن بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارايتتى، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن يوشۇرۇن سىرلىرىنى قىزنىڭ ئاتىسىغا باغلىدى. ئۇ ھەمىشەم ھۆرمەتلىك ۋە سالاپەتلىك بوۋاينىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالاتتى، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقا قوشلاپ ياستۇقلارنى قويۇپ، ئالدىغا ھەر خىل شەربەت، قېتىقلارنى كەلتۈرەتتى. بوۋاينىڭ قورۇق باسقان

قارامتۇل يۈزلىرىدىن ئۆز گۆھەرىدىن بىرەر نىشانە ئىزدەپ كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى چوڭلارنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى. شاخلىرى ئېگىلىپ، خازانغا ئايلىنىۋاتقان يوپۇرماقلار، يېقىنلىشىپ قالغان كۈز يامغۇرلىرى توي مەۋسۇمىدىن دېرەك بەرگەچكە، بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتى.

— ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالدىڭ! ئاللا نېسىپ قىلسا ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى! بىز ساڭا لايىق تاللىدۇق، لېكىن ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن بىر سۆز ئاڭلاپ باقماقچىمىز: بەلكىم ئۆزۈڭنىڭمۇ كۆڭلۈڭگە پۈككىنىڭ باردۇ؟ — جالالىدىن تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئاتىسىنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي، ئاستا گۇدۇڭلىدى:

— مەرھەمىتىڭىز بىلەن گۆھەربانۇ، مۇرىتىڭىز شېرىپېدىنىنىڭ قىزى.

سۇلتانۇل ئۆلىما كۆلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— ئورنىڭدىن تۇر! بىزنىڭمۇ كۆزلىگىنىمىز شۇ ئىدى!

جالالىدىن ئاتىسىنىڭ قورۇق باسقان، لېكىن دەھشەتلىك ئۇنىڭ باغدادتىكى قەھر - غەزىپى يادىدا ئىدى — قوللىرىنى سۆيدى.

توي كۈنىدۇر، ئەۋجىدەدۇر سازىمىز،
كۆكتە ياڭرار ناخشىمىز ھەم بۈگۈن،
كىيگىنىمىز شايى ئەتلەستۇر بۈگۈن
ياڭرار كۆكتە بايرىمىمىز، بەزمىمىز.

توي كۈنى بۇ، غۇنچىگە ئەنبەر نەسىپ،
گۈلگە چىمەن، تۇتىغا ئۇ شېكەر نەسىپ،
ئاي قوشۇلۇر كۆكتىكى زوھرا بىلەن،
كۆڭلىمىز زەپمۇ خۇشال ناخشا بىلەن —

ئاڭلىنۇر پۈتكۈل جاھانغا ئاۋازىمىز،
ياڭرا - ئۆرلە، بايرىمىمىز، بەزمىمىز!

توي ئاتىسى، ئويلىغىنكى، شاھزادىلەر،
بەخت ئاتىسى — بىر گۈلى ئازادىلەر،
تالى مەجنۇن ئېگىلۇر ساڭا زىبا سەنەم،
يۈرسەڭ ئەگەر بىز تەرەپكە ئاھ، سەنەم.
دىلدا تاشار غەيرىتى ئېقىن، ۋەدىمىز،
ياڭرا - ئۆرلە، بايرىمىمىز، بەزمىمىز!

زوھرا بۈگۈن بىزگە قويۇپ، جام تۇتار،
جام دېمىگىن، خۇشلۇقنى خەۋەر تۇتار،
ياشنۇ - قىرى ئورنىدا رەققاس① ئىرۇر،
زوقۇ - شوخلۇق بىلەن تولغان قەلبىمىز.
ياڭرا - ئۆرلە، بايرىمىمىز، بەزمىمىز!

توي نىكاھ بەزمىمىزدە ھالۋا شېرىن،
ئىچىدە كۆشۈگىنىڭ رەنا شېرىن.
گۈل بىلەن بۇلبۇل بۇ كېچە مەست بولۇر،
باغۇ - باھار قوينىدا پەيۋەست بولۇر.
ياڭرا بۈگۈن نەي بىلەن داپلىرىمىز،
ياڭرا - ئۆرلە، بايرىمىمىز، بەزمىمىز.

## ئىككىنچى شام

جالالىدىن ئادەتتە شېئىرنى ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇيتتى. شېئىردىكى ئاھاڭ ئۇنى مۆلچەرلىگۈسىز بىر كۈچ بىلەن ئۆزىگە

① ئۇسسۇلچى، سەنئەتچى — ت.

جەلىپ قىلاتتى. ئەنە شۇ كۈچكە ئۇ دەررۇلا بويسۇنماي دەسلەپ بېشىنى ئوڭ مۈرىسى تەرەپكە قىڭغايتىپ تىڭشاپ، ئان-دىن گويا ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، پۇتلىرىنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەشكە باشلايتتى، كېيىن پېشىنى قېقىپ چوڭ قەدەم تاشلاپ، سول قولىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرغان يېرى-دە ئاستا چۆگىلەيتتى.

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ روھىيىتىدە مەڭگۈلۈك ئايلىنىشلار بىلەن كائىنات ھاياتى نامايان بولاتتى. قۇياش ئەتراپىدا سەييارىلەر ئۇچۇپ، يەر ئەتراپىدا يەتتە قەۋەت ئاسمان پىرقىرىغاندەك قىلاتتى... ئەنە شۇ گۈزەللىك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاماللايتتى.

شۇ چاغدا ئۇ ئوڭ قولىنىمۇ كۆتۈرۈپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، چۆگىلەشكە باشلايتتى. ئاۋۋال ئالدىرىماي، كېيىن سەل ئىتتىك-رەك، يەنىمۇ بىرقەدەر تېزرەك ئايلىنىپ، يەر - ئاسماننى قاپلى-غان ئاشۇ ئاھاڭ بىلەن قوشۇلۇپ خۇدىنى يوقىتىپ، تاكى ھوشى-دىن كەتكۈچە پىرقىراۋېرەتتى. شېئىرىي ئاھاڭ، راۋاب ساداسى ئاشۇ ئاھاڭنىڭ سۇلغۇن سايىلىرى ئىدى.

مانا ئۇ ھازىرمۇ «ياڭرا - ئۆرلە، بايرىمىمىز، بەزمىمىز!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاش ياتقۇزۇلغان يولدا ئاستا قەدەم تاشلاپ، ئويقۇغا چۆمگەن مەدرىسە ئىچىدە يېنىپ تۇرغان بىرشام ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تەڭكەش قىلىنغاندەك، جاراڭلىق راۋاب چېلىندى. قوللار قوش قانىتىدەك سىلكىنىپ، تامدا ئۇنىڭ سايىلىرى سۇرۇلۇپ غايىپ بولدى.

راۋاب تەنتەنە قىلاتتى: ھە، مۆجىزە يۈز بەردى — ئاشىق-مەشۇقلار قوشۇلدى. ئەمما بۇ تەنتەنە ئىچىدە ئايرىلاپ مۇڭلۇق بىر ئارمان سادا بېرەتتى: كاشكى، ئاشۇ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر شۇ بويىچە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشسىدى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قوشۇلۇپ كېتىشسە ئىدىكى، ئوتتۇردىكى «سەن» ۋە «مەن» دىن ئەسەرمۇ قالمىسا، ئاشىق ـ مەشۇقتىن ئىبارەت ئەسلىدىن بىر پۈتۈن، بىراق قەدىمدىن كېلىۋاتقان تەرەپبازلىق، كېلىشەلمەسلىكلەرنىڭمۇ يوقىلىشىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان بۇ مۇكەللەق سادا بىردەم ئاھاڭدار نەقرات بولۇپ، پاجىئەلىك بىر ئەلەم بىلەن جاراڭلايتتى.

ئاق ساقىللىق كۆكسىگە چۈشكەن بوۋاي ئاخىر قىن ـ قىنىغا پاتماي ئوتتۇرىغا چۈشۈپ پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاپانلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن شامالدىن ئوتتۇرىدا يېنىقلىق تۇرغان شام ئۆچۈپ قالغىلى تاس ـ تاس قالاتتى.

كىتابخان كېلىڭ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان بۇ خۇشاللىق پۇرستىدە ئۇنى بىرئاز خالىي قالدۇرايلى. چۈنكى ئىشق دېگەن نەرسە جالالىدىن رۇمى ئۆچۈن قائداق دەرىجىدە ئىدى، دېگەن نۇقتىنى كۆزىتىش پۇرستى كەلدى.

شائىر ئىشقىنى ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى دەپ بىلەتتى.

ماددىنىڭ ھەقىقىي سۈپەتلىرىنى بىلىشتە جالالىدىن: زەرگەرنىڭ ئۆز ھۈنىرىگە بولغان ئىشقى دەيتتى. شۇ دەۋرنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىشكە، شۇنداقلا ئۇنى ئىشلەشنى بىلىشنىڭ ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا يېتەكلەشتە ئىدى.

يەنە، ماددىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئىگىلەش جەريانى ئۇستا ئۆچۈن ئۆزىنى ـ ئۆزى بىلىشىنىڭمۇ جەريانىدۇر.

ھەقىقەتەن ماھارەت يەنى مۇتلەق ھەقىقەتنى ئىگىلەش شەخسنىڭ جىسىم بىلەن بىر پۈتۈن بولۇپ، تامامەن قوشۇلۇپ ـ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە جالال-

دىنىنىڭ تەبىرىچە: «بۇ كۆپلۈك ۋە پارچىلار دۇنياسى!» ئاشۇ ئايرىم ۋە مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشمۇ نىسپىيدۇر. قوشۇلۇپ كېتىش ئارزۇسى بولسا مۇتلەق ئالەمدە، ئاشۇ دەۋر ئاتالغۇسى بويىچە، ئۇ دۇنيادا، ئالەمۇل ۋەھدەتتىلا① تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

ئارىدىن زىددىيەتلەرنى يوقىتىشقا يەنى مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلىش، ئەمما بۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى جالالىددىن رۇمى شېئىرىي دىئالېكتىكىسىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن دەپ قارايدىغان تەسەۋۋۇپتىن② ئۇنىڭ پەرقىمۇ شۇ يەردە.

ئۆز ماھىيىتى بويىچە كۆزەتكۈچىنى كۆزىتىلگۈچى بىلەن، بىلگۈچىنى بىلىنگۈچى بىلەن بىر دەپ قاراش تەبىئەتنىڭ ئوبيېكتىپ كۈچلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇشتىكى بىر شەكىل، بۇ بىز دىن دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ ئاڭ كۆرۈنۈشى ئۈچۈن خاس بىر خۇسۇسىيەتتۇر.

بىراق تەبىئەتنى گەۋدىلەندۇرۇش، جانلاندۇرۇش خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى ئۈچۈنمۇ خاس بولۇپ، ئومۇمەن مەجازىي③ مىساللىق تەپەككۇر ئاساسلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەجازىي تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ ماددىي ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى كۆپىنچە ئەقىل تەڭ كېلەلمەيدىغان نەتىجىلەرگە ئېلىپ كەلگەچكە، چۈنكى سوپىلار تاشنىڭ يەرگە چۈشۈشىنىمۇ، سەييارىلەرنىڭ قۇياش ئەتراپىنى ئايلىنىشىنىمۇ ئىشق بىلەن ئىزاھلىشىدۇ، بۇنداق مەجازىي تەپەككۇرنى ئومۇمەن رېئال مەزمۇندىن مەھرۇمدۇر ۋە ئۇ راتسىئونالىستىك تەپەككۇر

---

① ئالەمۇل ۋەھدەت — ئالەمنىڭ بىرلىكى، يەككىلىكى، مەڭگۈلۈك ئالەم — ت.

② خىيالىي ئوي، خىيالىي تەسەۋۋۇر — ت.

③ ئىستىئارە، مېتافورا، سۆز - ئىبارىلەرنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىش — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زېمىندا ئۆزىنىڭ تەربىيىۋى ئىمكانىيەتلىرىنى يوقاتتى، دەپ ئويلاش خاتا بولاتتى.

ھەتتا مەجازى تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي مۇھىتى — سەنئەتنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندىمۇ، 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىلمىي دەپ ئاتالغۇچى راتسىئونالىستىك تەپەككۇر گۈللەپ - ياشنىغان بىر دەۋردە سىنېكتىكا پېيىنىڭ پەيدا بولۇشىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ مەنتىقىي تەپەككۇر ئاچالمىغان تار تىرىكچىلىك - تېخنىكا مەسىلىلىرىنى يېشىشتە خۇددى ئۇ مەجازى تەپەككۇردىن پايدىلىنىدۇ ۋە گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆز ئۇسۇلىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي دەپ بىلىدۇ. سىنېكتىكلار كېمەسازلىقتىكى ئىنژېنېرلىق مەسىلىلىرىنى يېشىشتە رەسساملار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، يەنى ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن مەجازى پىكىر يۈرگۈزىدىغان كىشىلەرنى جەلپ قىلىشىدۇ، ئۇ ياكى بۇ جىسىم، ھادىسە ئورنىغا ئۆزىڭىزنى قويۇپ بېقىڭ، سەزگۈلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، دەپ تەلەپ قىلىشىدۇ.

مانىزم① پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ، ئالەمنىڭ بىرلىكى ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولسا (سوپىلار ئىدېئالىست بولغىنى ئۈچۈن شۇ نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇشقان)، روشەن بولىدۇكى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى، شۇنىڭدەك شەخسنىڭ پىسخىك ۋە ئېموتسىئونال② ھاياتىدىكى جەريانلار ئومۇمىي دىئالېكتىك قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ.

سوپىلار ئەنە ئاشۇ پىسخىك ھاياتنى، يەنى مىكرو كوسمۇس (زەررىلەردىن تەركىب تاپقان، يالغۇز بىر سىستېمىنى

① بارلىقنىڭ ئاساسى بىر (ماتېرىيە ياكى روھ) دەپ ھېسابلىغۇچى پەلسەپىلىك تەلىمات.

② ئەقىلگە مۇۋاپىق.

تەشكىل قىلغان پۈتۈن جاھان. ئالەم ـ ت) سۈپىتىدە ئۆزىنى ئۆزى بىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن ئالەمنى، يەنى ماكروكوسمۇسنىمۇ بىلىۋالىمىز دەپ ئويلاشقان.

شۇ سەۋەبتىنمۇ جالالىدىن مۇتلەقلىكنىڭ ئالىمى نەدە؟ دېگەن سوئالغا: «ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىدە» دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەبىئىيكى، ئىشق، ئاۋۋال ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، چۈنكى ھەممىگە ئايانكى ئەر بىلەن ئايال مۇناسىۋىتى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەنمۇ بولغان مۇناسىۋىتىدۇر ياكى ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق ماھىيىتى ئۇنىڭ نەقەدەر تەبىئىي ماھىيىتىگە ئايلانغانلىقى، يەنى ئىنسان قانچىلىك دەرىجىدە ئىنسان بولالىغانلىقى دەسلىپىدە بىۋاسىتە ئىشق مۇھەببەتتە كۆرۈلىدۇ.

بەزى جەھەتلىرىدىن گېگىل دىئالېكتىكىسىغا مەسلەكداشلىق قىلىدىغان جالالىدىن رۇمى دىئالېكتىكىسى مۇھەببەتنىڭ بىر بىرى بىلەن بىرىكىشى، بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىشكە ئىنتىلىش ۋە بۇنىڭ ئىمكانسىزلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي ئاساسىغا قۇرۇلغانىدى.

ئالەم بىلەن ئۇيغۇن بولۇشقا چەكسىز تەشنالىق جالالىدىننى ھەرىكەتكە سالىدىغان كۈچ مانا شۇ ئىدى. بۇ نەرسىنى ئۇ ئاشۇ بالىلارچە دوگماتىزمىدىكى ئۇيغۇنلۇق ئېشەك بىلەن ئارىسلان ئوتتۇرىسىدىكى سىپىلىشتۇرمىدەك ئىدى.

بۇياقتا ئەمدى كۆڭۈللا قالاتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جالالىدىن رۇمى كۆڭۈلنى ئەقىلدىن ئۈستۈن قويغان، بۇنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن: ھەقىقىي بىلىشتە ئاشۇ دەۋر مەنتىقىي تەپەككۇرىنىڭ سىلىق فورمال مېتافىزىكىسى بىز ھازىر ئېكىسپېرىـمېنتال① پسىخولوگىيىسى دەپ ئاتايدىغان، نەچچىلىگەن سوپىلار ئۆز - ئۆزىنى سىنچىلاپ كۆزىتىش ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان «كۆڭۈل پىنى»دىن خېلىلا كېيىن ئىدى.

بىراق كۆڭۈلدە بىلىش ھىسسىياتى تەبىئىيلىككە تايىناتتى. روشەنكى ئۇنىڭ نەتىجىسى پارالوگىك تۈس ئېلىپ، ئىشارىگە، مەجازغا مايىل بولاتتى. مەجازلىق بولسا سەنئەت ئىقلىمى.

تەسەۋۋۇپ بىر ئىدىيۋى ئېقىم سۈپىتىدە باشتىلا شېئىـرىيەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشىدى.

دەسلەپ سوپىلارچە يىغىنلاردا ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدە خەلق قوشاقلىرى كۈيلىنەتتى. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن نىشاپۇرلۇق شەيخ ئەبۇ سەئىد مەيخانىنى كۆپرى گۇمان بىلەن ئەيىبلىگەندى. كېيىنچىرەك سوپىلار شۇنىڭغا ئوخشاش يىغىلىشـلار ئۈچۈن مەخسۇس رۇبائىي ۋە غەزەللەرنى توقۇيدىغان بولۇشـتى. ئۇلاردا «ھەقىقەت تالىپلىرى»نىڭ روھىي ھالەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. بۇ تەبىئىيكى، ئاڭلىغۇچىلاردا مۇئەييەن زوق ئويغىتاتتى.

ناتىقلىق ۋە ۋائىزلىق پائالىيىتى تېزلا سوپىلىق تەرەققىـياتىنىڭ ئۇ ياكى بۇ جەھەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭرەك بايان قىلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەنسارى، سانايى ۋە ئەتتارنىڭ مەجازى يۆنىلىشتىكى، پەند - نەسىھەت، ھېكمەت ھەققىدىكى داستانلىرى بارلىققا كەلدى.

پەلسەپىلىك تەپەككۇر ئاممىغا ياقىدىغان ئابستراكت - مەنتىقىي كاتېگورىيىلەرنى ئىشلەپ چىقىنىغا ئوخشاش، تەسەۋۋۇپ

① ئەملىي تەجرىبىچىلىك ــ ت.

شېئىرىيىتىمۇ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئەنئەنىۋى مىسال ۋە ئوخشىتىشلارنى ياراتتى.

جالالىدىن رۇمى يەنە ئاشۇ ئەنئەنىلەرنىڭ چوققىسىدىلا تۇردى. ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىكى يېقىملىق مىساللار ئەينەك تەسۋىر ۋە سايە ئىدى. ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئۇ ئۆزى بىر- دىنبىر ھەقىقىي دەپ بىلىپ، ئۆزگە ئىدېئال ئالەمنىڭ سا- يىسى دەپ بىلەتتى، يەنى ئۇ مەۋجۇدىيەتنى ئىنكاس، ئىنكاسنى مەۋجۇدىيەت دەپ بىلەتتى. بۇنى دائىم نەزەردە تۇتۇش كېرەك، مەلۇمكى، ئەينەكتە ھەممە نەرسە تەتۈرسىچە كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئەينەكسىز ئۆزىمىزنى زادىلا كۆرەلمىگەن بولاتتۇق.

جالالىدىن ئىدېئالىزمنى يادىدىن چىقارمىغان ھالدا ئۇ- نىڭ نەمۇنىلىرىنى داۋام قىلدۇردى، شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، رۇمى شېئىرىيىتى— سۈزۈك-پاك بىر ئەينەكتۇر. يەتتە ئەسىر- دىن بۇيان ئىنسانىيەت ئەنە شۇ نەمۇنىدىن كۆزىنى بىردەممۇ ئېرى قىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ئالىمى، ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن مەۋجۇ- دىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئاجايىپ بىر تىنىقلىق-سۈ- زۈكلۈك بىلەن ئەكس ئېتىپ تۇردى.

بەزى ئالىملار «سوپى» ئاتالغۇسىنى ئەرەب تىلىدىكى يۇڭ رەخت مەناسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇپ» سۆزىدىن ئەمەس، بەلكى يۇنان تىلىدىكى «СОФОС»—دانىشمەن دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان، دەپ بىكارغا ئېيتىشمايدۇ.

جالالىدىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۆزلىرىنى سوپى ئەمەس، ئاشىقلار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش يولىدىكى كار- ۋانبېشى— مەنتىق ئەمەس، مۇھەببەت ئىدى.

سەنەملەرگە ئەسىرۇ بەندىلەر، مەن كۆپ زامان ئاشىق،
چۆمۈپ ئىشق ئۇيقۇسىغا تامام، مەن كۆپ زامان ئاشىق.
تىرىكلىك ئىپتىدا ئەيلەپ، بولدىكى بۇ جاھان پەيدا،

www.uyghurkitap.com

ئەزىزلەر، ئاشىق ئىدىم شۇنچىلىك، مەن كۆپ زامان ئاشىق.
كەم ئەمەس، يەتتە مىڭ يىل سۇرىتىمگە بولۇشتى مەشغۇل،
يېتىشتى بارلىقىمدىن بىر مېۋە، مەن كۆپ زامان ئاشىق.
«مەن ئەمەسمۇ سىزگە باشلامچى؟» — دېدىكىن ئۇ ئاللاھىم،
ئۇنىڭ ئىرپانىدىن تاپتىم سەمەر، مەن كۆپ زامان ئاشىق.
مالائىكىلەر، مائارىپ تەختىنى كۆككە زامان ئەيلەپ،
ياخشىراق سىلكىنىڭ قاناتىنى مەن كۆپ زامان ئاشىق.

جالالىدىن ئۈچۈن سۆيگۈ — پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچ ئىدى. ئاشلىقمۇ-مايسىمۇ، جانىۋارلارمۇ سۆيۈشنى بىلىدۇ. لېكىن يالغۇز بىرلا تېنى، تېرىسى بىلەنلا سۆيەلەيدۇ. پەقەت ئىنسانلا جىسمى، ئەقلىي ئىدراكى ھەم خىيال خاتىرىسى بىلەن سۆيۈشكە قادىر.

جالالىدىن ئىنتىلگەن مۇتلەق ئالىي ئىشق — ھەقىقەت ئىشقى ئىدى. لېكىن ئۇ ھەقىقىي دىئالېكتىك بولغىنى ئۈچۈن ئىنسانىي سوپىلارغا ئوخشاش ئۆلچىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، پانىي مۇھەببەتكە نەپرەت بىلەن قارىمايتتى.

نېمىلا بولسۇن سۆيگۈ — ھۈنەرگە، يارىغا، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئىشق يولىدىكى باسقۇچلار ئىدى.

ئۇ سۆيگۈنى قۇياشقا قىياس قىلاتتى. لېكىن ئۆزى ئۈچۈنلا يارىتىش، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىش، بۇ كور-ئاجىز بولۇپ قېلىش، دەپ بىلەتتى.

ئۇ ئايال كىشىگە بولغان مۇھەببەتنى قىزغىن قوللايتتى، ئىنسان ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا مۇھەببەت باغلاش بىلەن ئۆز ماھىيىتى، ئومۇمەن ئىنسانلىق ماھىيىتىنى تاپالايدۇ، دەپ قارايتتى.

ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بوۋاي قاراڭغۇ كېچىلەرنى ئاشىقانە غەزەللەر بىلەن تولدۇرۇپ چەرخ ئۇرسا بۇ سوپىلار ئۈچۈن، شۇنچىكىلا ناخشا ئەمەس، بەلكى ئىشقتىن مەست بولۇپ ئالەم بىلەن قوشۇلۇش مۇراسىمى ھېسابلىناتتى.

ئۇ ئىبغىر ئۇھ تارتىپ توختىدى. ئەتراپىغا سەپسېلىپ قاراپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يېنىۋاتقان شام تۈگەپ ئۆچەي دەپ قاپتۇ. تامنىڭ ئارقا تەرەپلىرىنى قاپقاراڭغۇلۇق باسقان. ئۇ بۇرۇن بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە غەزەل ئېيتاتتى، بىر ـ ئاز دەم ئېلىپ، چۈش ۋاقتىغىچە، ھەتتا كەچكىچە ساز چالاتتى. ئۇ تۇرمۇشتا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالمىغان. ھا ـ زىر بولسا ئۆز جىسمى ئالدىدا خىجالەت بولۇپ تۇرماقتا. خۇد ـ دى چەۋەنداز مەنزىلگە يەتكۈچە ئۆزى يول بويى ئايىماي زور ـ لاپ ـ قامچىلىغان، ئەمدىلىكتە، غالىلداپ تىترەپ يىقىلاي دەپ قالغان ئات ئالدىدا خىجالەت بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ مىلىق ـ سىلىق بولۇپ بوشىشىپ كەتكەن، ماغدۇرسىز، تىترەپ تۇرغان ئاياغلىرى بىلەن زورغا بىر قەدەم باستى. ۋە ـ لەد كۆلەڭگە جايىدىن چىقىپ ئېھتىرام بىلەن ئاتىسىنى كۈتۈۋال ـ دى. جالالىدىننىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، گۇگۇم قاراڭغۇ ئۆيگە راۋاب كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاشۇ ۋەلەد ئىدى.

ئاتىسى ئۇنىڭغا تونۇمايدىغاندەك ھەيران بولۇپ قارىدى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، يۇپيۇمىلاق قالپىقى ئۈستىدىن سەللىسىنى نېرى ـ بېرى قىلىپلا ئورىغان، كالتە چەكمەن چا ـ پىنىنىڭ ياقىسىغا بىر جۈپ يۈرەك ياكى سەرۋى دەرىخىنىڭ سۈرىتى سېلىنغان (ئۇنىڭغا مۇقەددەس ئايەتلەر پۈتۈلگەن)، چار ساقاللىق كىشى راۋابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرغىنىغا، ھەقىقەتەنمۇ ئىشىنىش قىيىن ئىدى.

ئۆز پۇشتىدىن تۆرەلگەن ئوغلى ۋەلەد مۇشۇمىدۇ؟ ھېلىقى كېچىسى لەرىندىدە، ئادەت بويىچە ئۇ يېقىنلىرىنىڭ زورى بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ گۆھەربانۇ بىلەن نىكاھ كۆرپىسىدە ياتقانىدى.

ئارىدىن يېرىم دەقىقىدەك «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن يېرىم ئەسىر ئالدىدىكى شۇ كېچىسى ئۇ بەختتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، نە شېئىر، نە ھەقىقەت، نە مۇھەببەت ھەققىدە ھېچنېمىنىلا ئويلىمىغانىدى. ئىختىيارسىز تەرەت ئېلىپ، شەرىئەت بويىچە دەسلەپكى نىكاھ كېچىسى تەكرارلىنىدىغان سۈرىنى گۆھەرنىڭ كەينىدىن تەكرارلىغان، ئاندىن بوران چىققاندا كۆلگە قاراپ ئېگىلگەن قومۇشتەك ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىلگەنىدى. ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايدەك قىزىرىپ كەتكەن غۇنچە يۈز، زىلۋالىقى بىلەن ئۆزىگە تارتقۇچى نازۇك بوي، ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان بىر ئاق جۈپ كەپتەردەك چوقچىيىپ تۇرغان كۆكرەكلەر، ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان ئىنتىزار قۇچاق، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئۆگە ـ ئۆگىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئاجايىپ بىر روھ، ئومۇمەن ھەممىلا جەھەتتىن كۆزەتكەندە، زەئىپلىكنىڭ شۇنداق بىر كۈچى ئېتىلىپ چىقتىكى، ئۇ تەنھا تەبىئەت بىلەن قالغاندا ئورۇنۋالىدىغان ئەسەبىيلىكنىڭ بىردەملىك ئوتى «لاپ» قىلىپ ياندى ـ دە، يۈز ھەسسە ئارتۇق شىددەت بىلەن كۆيدۈرۈپ، پىر ـ پىر پىرقىرىتىپ، ئۇنى نەگىدۇر ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. سەھەردىكى ئىنتىزارلىقنىڭ سالقىنى بىلەن ئورالغان كۆل، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقنىڭ ئەۋجى بىلەن پىژغىرىم ئىسسىقتىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا قارشى ئېتىلدى ـ دە، خۇددى دېڭىز يامراپ كەتكەن سەلنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالغاندەك، ئۇنى دولقۇنلار قەرىگە ئېلىپ بىردەمدىلا غەرق قىلىۋەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قىرىق يىلغىچە ياشايدىغان ۋەلەدنى
تۆرەلدۈرگەن ئاشۇ بىھۇدىلىك، مەستلىك ئوتى باشقىچە بىر
سەۋەبلەرنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى. ئالەمگە مۇھەببەتتىن تۇغۇلغۇ-
چى بۇ مەستلىك ئۇنى كۆيدۈرۈپ، ئاخىر تۈگەشتۈردى، لې-
كىن بۇ ئوتتا يارالغان شېئىرىيەت ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۈز-
لەپ يىللار ياشاپ قالدى. لېكىن بۇ ھەقتە ئۇ يا لەرىندىكى
ئاشۇ كېچىسى، يا ئۇنىڭدىن خېلى كېيىن تاكى ئۆمۈر قۇياشى
بىلەن ئۇچراشقىنىغىچە ئويلىمىدى.

بۈگۈن گۆھەرنى ئەسلىگەندە، ئىشق بەزمىسىنى ماختاپ،
قەلبىدە ياڭرىغان شېئىر ئۆزىنىڭ تويى كۈنى ئەمەس، ۋەلەد-
نىڭ توي كۈنى تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلغانىدىكى
ئوغلىنىڭ ئۆمرىدىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرى تەكرارلىنىدىغاندەك،
پەقەت، ياش ۋاقتىدا ئۇنى قىينىغان روھىي ئاجىزلىق بىلەن
ئەمەس، جاراڭلىغان ھالدا تەكرارلىنىدىغاندەك ئىدى.

ۋەلەد ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئاتىسىنىڭ مۇرىتىغا كۈيئو-
غۇل بولغانىدى. قىزنى پەيغەمبەر قىزىنىڭ نامى بىلەن پاتىمە
دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىسىمدە جالالىدىن يوشۇرۇن مەنە ھېس
قىلاتتى، شۇڭلاشقا قىزنىڭ ئاتىسى زەرگەرلەر ئاقساقىلى فەر-
دۇن سالاھىددىن ئىلىم-بىلىمدىن خەۋەرسىز، لېكىن دۇنيادىكى
بىرەر مەدرىسىدىمۇ ئالغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت ۋە ئادالەت
سەزگۈرلۈكىگە ئىگە ئىدى. جالالىدىن ئۇنى — «نۇر دىل - ھەقىقەت،
كۆڭۈل - قەلب» دەپ ئاتىغانىدى. قىرىغىنىدا شېئىردىن باشقا
نەرسە بىلەن شۇغۇللانماسلىق ئۈچۈن بارلىق شاگىرتلىرى ۋە
مۇرىتلىرى ئۈستىگە زەرگەرنى شەيخ قىلىپ كۆتۈرگەنىدى.

ئۇنىڭ قىزى پاتىمەنى جالالىدىن جېنىدىن ئەزىز كۆرەت-
تى. ياش چېغىدىلا ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان، ساۋاتىنى چىقار-
غان، دۇنيانى تونۇتقان، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆپ ئەمگەك ۋە

ۋاقىت سەرىپ قىلىنغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ بۇنىڭغا ھەيران قېلىشقانىدى.

جالالىدىن ئوغلىنىڭ تويىدىن كېيىن «مەسنەۋى»نى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى قىسلابات بېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاۋۋال ئوغلى ۋەلەدكە خەت يېزىۋەتكەنىدى. شائىر خەتنىڭ مەزمۇنىنى سىر قىلىپ ساقلاشنى ئۆتۈنگەن. چۈنكى بىلىمنى ساقلاشنى بىلگەنلەرگە ئىلىم سىرلىرى ھەمراھ بولغۇسى. مەكتۇپ سۆزلىرىنىڭ مېغىزىدا ئۇنىڭ ئۆز قەلبى كەشىپ قىلغان ئەڭ پاك سىر ۋە ئاجايىباتلار بار ئىدى.

جالالىدىن ئوغلىغا يازغان بۇ مەكتۇپىدا: «بۈگۈن سېنىڭ نىكاھ ئايىمىڭدە، كۆزۈم ۋە كۆڭلۈمنىڭ نۇرى بولغان پاتىمە بانۇنى ياخشى كۈتكەيسەن، دەپ ساڭا تاپشۇردۇم، چۈنكى بۇ سەن ئۈچۈن زور سىناشتۇر. ئۈمىد شۇكى، ئۇنىڭغا دائىم ئادالەت مۇقامىدا مۇئامىلە قىلغايسەن. ھىممەت ـ ھىمايىتىڭنى ئۇنىڭدىن ئايىمىغايسەن. ئاتاڭنىڭ يۈزى — ئۆز يۈزۈڭ، پەرزەنتلىرىڭنىڭ نامۇ نومۇسى يورۇق ۋە ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئايالىڭ بىلەن ئۆتكەن ھەر بىر كۈنۈڭ — توي، ھەر بىر كېچەڭ — نىكاھ ئاخشىمى بولغاي. بۇنى دائىم قەلبىڭدە چىڭ ساقلىغايسەن، ئۇنى ئەمدى ھەممىسىلا كۆڭلۈمدە ئويلاپلا يۈرمىسەممۇ بولىدۇ، دەپ ئويلىمىغايسەن، چۈنكى بۇنداق قارىغۇچىلار ئۈجمە كۆڭۈل كىشىلەردۇر، ئۇلار ھەققىدە: «ئۇلار پەقەت دۇنيانىڭ سۈرىتىنىلا كۆرىدىغانلار» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان...»

ۋەلەد ئاتىسىنى ئېھتىيات بىلەن كۆرپە ئۈستىگە ئۆتكۈزدى. يېڭى شام ئەكەلدۈرۈپ، تۈگەي دەپ قالغان شامنىڭ ئوتىدا تۇتاشتۇرۇپ شامدانغا ئورناتتى.

جالالىدىن ئۇنىڭغا رۇخسەت ئىشارىتىنى قىلدى. ۋەلەد ھوجرىسىغا يەنە شۇ نازاكىتى بىلەن ئۇخلىماي، ئۇنىڭ قايتىپ

كىرىشىنى كۈتۈۋاتقان پاتىمە خېنىمنىڭ يېنىغا ماڭغاندا، جالال-
دىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىنچىلاپ قاراپ قالدى.
ۋەلەدنىڭ ئايالى ئېغىر ئاياغ ئىدى. بويىدا ئالتە ئايلىق
بالىسى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىلىرى قورقۇپ، ئۇخلىماي چىقات-
تى. ئۇ ئېرىگە ئون ئىككى بالا تۇغۇپ بەردى، لېكىن ھەممىسى
ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى تۇغۇلۇش بىلەن، بەزىسى ئالتە
ئايلىق، يەنە بەزىلىرى ئون ئايلىق، بەزىسى بىر ياشقا تولۇپ
ئۆلۈپ كەتتى. بىچارە ئايال ئەلەم بىلەن يەپ تويماس تۇپراقنى
تويدۇرۇشقا ئەھدە قىلدى: ئۇ، بويىدا قالدى دېگۈچە، ئۇنىڭدىن
قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەيتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى:
قەستەن ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈردى. ئاياللارنىڭ بەزىلىرىدە
تاڭ ئاتقۇچە ئۇسسۇلغا چۈشتى، ھەر خىل زىيانلىق دورىلارنى
ئىچتى. لېكىن ھەممىسى كار قىلمىدى.
جالالىدىننىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بار ئىدى. ھامىلە ئۆتىنى-
چى ئايغا يۈزلەنگەندە كېلىننى قۇۋۋەتلەندۈرۈشنى نىيەت قىل-
دى. ئۇ كېلىنىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئىشەنچ
بەدەندىكى تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى قوزغاشقا قادىر.
ئۇ ھۆرمەتلىك مۇرىتى تاتارىي ئارقىلىق پاتىمە خېنىمغا
ئامانلىق تىلەش سالىمى يوللاش بىلەن بالىنى ئاسراشنىڭ زۆرۈر-
لۈكىنى، چۈنكى غايىبتىن ئىشارەت بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئامان-
ئېسەن تۇغۇلۇپ، ساق-سالامەت ۋايىغا يېتىدىغانلىقىنى، جالال-
دىن ئۆز كۆزى بىلەن نەۋرىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى
يەتكۈزدى.
قېيىن ئاتىسى ۋە ئۇستازىغا چەكسىز ئىخلاس قىلىدىغان،
تەگرىگە ئىشەنگەندەك ئۇنىڭ بېشارىتىگە ئىشىنىدىغان پاتىمە
خېنىم تۇغۇش نىيىتىگە كەلدى. كەمبەغەللەرگە سەدىقىلەر بەردى.
قوي سويۇپ نەزىر قىلدى. سەۋر-تاقەت، مېھىر-مۇھەببەت

بىلەن پەرزەنت كويىدا بولدى. ئۇنى كېچىلىرى قورقۇنچ باساتتى، لېكىن ئۇ شۇ قورقۇنچنى يېڭىشكە تىرىشاتتى ۋە ھېچكىمگە سىرىنى ئايان قىلمايتتى.

ۋەلەدمۇ تولۇپ كەتكەن بالىلىرىغا ئىچىناتتى. لېكىن ئۇ پاتىمە خېنىمغا ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئەۋلادىنى ئازاب ئىچىگە سالغان قىسمەت ئالدىدا مۆمىن ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولۇپ كۆرۈنگەن ۋەلەد پۈتۈن ئەلىمىنى ئايالىدىن ئېلىش كويىغا چۈشتى.

تەڭداشسىز گۆھەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بىر تۇل خوتۇننى ئېلىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان جالالىدىن بۇنى سېزەتتى ۋە ئازابلىناتتى. ئوغلىمۇ ئىككىنچى خوتۇن، بولمىغاندا چۆرە قىزلاردىن بىرىنى ئېلىش كويىغا چۈشكەندەك قىلاتتى. بۇ شەرئەتكە زىت كەلمەيتتى. شەرئەتتە تۆت خوتۇن ئېلىشقا يول قوياتتى. مۇبادا چۆرىلەر تۇغمىسا، ئۇلار بۇ سان ئىچىگە كىرمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز بولغان ھەممىگە ئايان قانۇنلار بويىچە ئەمەس، ھەقىقەت ئىشقىدا يانغانلار — ئاشىقلار ئۈچۈن مۇقەددەس دەپ تونۇلىدىغان قەلب قانۇنلىرى ئاساسىدا ئىش كۆرۈش كېرەك ئىدى.

جالالىدىن ھۇجرىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان ۋەلەدنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ھەسرەت بىلەن ئويلىدى: يۇمشاقلىق ۋە ياخشىچاقلىق، رەھىمسىز تەرسالىققا نىسبەتەن نەچچە ھەسسە شەپقەتسىزدۇر. شۇ چاغدا، ئوغلۇم مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدكە يەنە بىر قېتىم دەز كەتكەندەك بولدى. پاتىمەدەك خوتۇننى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا دىل ئازار قىلغان كىشى ئاتىسىنى چۈشىنەمتى؟ پەقەت ئەقىل-ئىدرىكى بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، سۆزلىرىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلەمتى!؟

شۇ تاپتا شاگىرتى ۋە كېلىنى ئۇنىڭغا ئوغلىدىنمۇ يېقىنراق بىلىندى، چۈنكى ئۇ ئۇستازىدىن ياخشىچاقلىق ۋە قىزلارغا خاس ياۋاشلىقنى ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى — ئىسيانكارلىقنى مىراس قىلىۋالغانىدى. ئەگەر پاتىمە خېنىم، ئۇ بىر چاغلاردا ئانچە كۆزگە ئىلىمايدىغان دوستى، ئۆمۈر قۇياشىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئالەمگە ئىسيان قىلغىنىدەك، تەقدىرگە ئىسيان قىلمىغانمىدى؟

بىسىپتۇكى زۇلمەت شۇنداق، تىلەرمەن بولسا ئايمۇ پىنھان،
گادايمۇ پېقىر بولدۇمكى، شاھقا باشلىدىم ئىسيان.
ئەجەب گۈزەل جاھان، چىللار مېنى لۇتپى ـ كەرەم ئەيلەپ،
مەن بارماسمەن ئۇنىڭغا، يۈرسەممۇ گەرچە سەرگەردان.
يار مېنى ئىلماي كۆزگە، پۈتۈن ئالەمگە خار ئەتسۇن،
غېرىبدۇرمەن ۋە لېكىن چەكمىگەيمەن زەررىچە ئەفغان.
يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇش، ئاھۇ پىغانغا ئاچچىتىم ئۇرۇش،
كېرەك ئەمەس ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇنىڭدىن ماڭا نە شىپا، نە دەرمان.
گەر بولسا قۇم ـ تۇپراق، كۆتۈردۈم ئوتقا قوزغىلاڭ،
رەقىبدۇر بىزگە سۇ ۋە تۇپراق، ھاۋا، بەش سەزگۇ، تۆت مىزان.
نېمىدى ماڭا ئۇ تۆت مىزان، گەرچە زەررە تۇپراق بولسام‑مۇ مەن،
كۆتۈردۈم ئىسيان ـ غوۋغا رەقىبىم خالىقۇل رەھمان.
بۇ سۇدىن ئىچمىگەن بولساڭ، بەس، سۆزۈم سىرىن بىلمەسسەن،
بىرىسىنى ئوخشاتسا قۇياشقا، مەن قىلۇرمەن ئىسيان...

جالالىدىن ھاياجانلانغىنىدىن ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ بىردەم، بەلكى تازا تىنجىپ، پىكىرلىرى ئاۋۋالقى ھالىتىگە چۈشۈپ راۋان ئاقمىغۇچە قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى.

ئوغلى ۋەلەد ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئۇنىڭ ئىسيانكارلىق مەنىسىگە يەتمىسە، ئەيىبدار بولامتى؟ «كىمكى بىزگە مەھبۇب ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈش كېرەك، كىمكى بىزگە مەھبۇبدۇر ئۇنىڭ قىلچە گۇناھىنىمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ»دەپ ھېكارغا ئېيتىلمىغان.

«ئايال پەقەتلا مەشۇقلا ئەمەس، پەقەت بەندىلا ئەمەس، بەلكىم ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. ھەممەيلەن ياراتقۇچىسىنى چۈشىنەمدىكىن؟ ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاياللىرىنى چۈشىنەمدىكىن؟

قاراڭغۇلۇقتا كۆنۈكۈپ قالغان كۆزلەر قۇياش نۇرىغا چىدىيالمايدۇ. ئۆز كىتابلىرى ئارىسىغا قورتتەك بېكىنىۋالغان بىلىمدانلار «ئاياللار يۈزلىرىنى ياپسۇن،ئۇلارنى ھەرەملەرگە قاماڭلار، سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قەبرە تاشلىرىغا يازماڭلار» دەپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئاشۇ زۇلمەت ۋە جاھالەت بەندىلىرىنىڭ ئاياللار قەلبىنىڭ شولىسىدىن قورققىنىدىن ئەمەسمۇ؟ ئۇلار يەنە قۇرئان سۆزلىرىگە تايىنىپ: «ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ» دېيىشىدۇ. ئەمما بىرىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاش ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يەتتى دېگەنلىك ئەمەس. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدا ئاياللار يۈزلىرىنى ياپمايتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆز ئەمەلىي ئىشلىرى بىلەن شان ـ شۆھرەت قازانغان ئاياللار ئازمىدى؟ ئۇلار ئەر بولۇپ تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، ئەر بولۇپ يېتىشكەن. كۆپلىگەن ئاياللار پەزلى ـ كامالەت ۋە زور جاسارەتتە ئەرلەردىن يۇقىرى تۇرۇشىدۇ».

ئايال مۇھەببىتىنىڭ تەمىنى تېتىغان ۋەلەد ئۆزىنى ئايال ئورنىغا قويۇپ بېقىش، قەنت يەپ، ئەينەككە قاراپ ئىنسان تىلىنى ئۆگەنگەن تۇتىدەك، كۆكۈل گاچىلىقى بىلەن خوشلىشىپ، كۆكۈل تىلىنى ئۆگىنىشى لازىم ئىدى.

## «ئايال دېگەن نېمە؟»

لەرېندېدە ئاكىسى ئالاھىددىن دەسلەپكى قېتىم ساقىسىزلىنىپ قالغاندا، ئانىسى مۆمىنە خېنىم نەدىنىدۇر بىر ئاجايىپ قۇش تاپتۇرۇپ كەلدى: ئۇ قانات - پەيلىرى ياپيېشىل، تۇمشۇقى قىزغۇچ، كۆزلىرى قاپقارا تۆگمىدەك سۇنەيچى تۇتى ئىدى. بۇنداق تۇتىلار خۇراساننىڭ بەلخ ۋە باشقا شەھەرلىرىدە ھەرەم ئەھلى ۋە باللارنىڭ سۆيۈملۈك ئاۋۇنچۇقى ئىدى.

بېشىنى بىر ياققا ئېگىپ، غەلىتە بىر جىددىيلىك بىلەن ئادەملەرگە، ھەر خىل نەرسىلەرگە قىزىسىنىپ قارايدىغان، تىنىمسىز چىرقىراپ تۇرىدىغان بۇ قۇش ھەمىشە ئانا يۇرت ۋە قەدىردان ئۆيىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، كېسەل كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىر-ئاز ئارام بېرەتتى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ بالىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى. تۇتى ياش، ئۇنى سۆزلەشكە ئۆگىتىش مۇمكىن ئىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈر ئەينەك① تېپىپ قەپەسكە ئورنىتىش، ئاندىن ئەينەك كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ مەلۇم بىر سۆزنى دەپ ئۇنى تەكرارلاۋېرىش لازىم ئىدى. تۇتى ئۆز سۈرىتىگە قاراپ ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر قۇش دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، ئۇ چىقارغان ئاۋازلارنى تەكرارلاشقا تىرىشاتتى. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن تۇتىغا قەنت بېرىلەتتى، مۇكاپاتنىڭ شېرىنلىكىدىن تۇتى ئەينەكنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزى مۇستەقىل قەنت سوراشقا مەجبۇر بولاتتى.

باللارمۇ شۇنداق قىلىشتى. لېكىن تۇتى تولىمۇ ئەخمەق ياكى تولىمۇ ئەقىللىكمۇ، ئەينەككە قىيا كۆزىنىمۇ سالمىدى. باللارنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن كارى بولۇشمىدى. لېكىن ئۇ بىر چاغدا مۆمىنە خېنىمنىڭ قولىدىكى

① تۆمۈرنى سىلىقلاپ پارقىرىتىپ ياسىلىدىغان كۆرۈش ئەينىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەنتنى كۆرۈپ، راۋۇرۇسلا: «قەنت بەر!» دەپ سۆزلىۋەتتى.
ئالاھىددىن تازا كۈلۈپ كەتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا بۇ قارا كۆز مۆجىزە قۇش تاتلىق نەرسە بەرگەندە «رەھمەت!» دەيدىغان، سۇ سورايدىغان، ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسا، «كىم ئۇ؟» دەپ سۆزلەيدىغان بولدى. ھەتتا كەچقۇرۇن ئۇنىڭ قەپىسىنى بۆز رەخت بىلەن يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندا «ئۇخلايمەن!» دەپ تەلەپ قىلىشنىمۇ ئۆگەندى. گويا ئۇ پارس تىلىنى ھەقىقەتەنمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

قىش كىردى. ئالاھىددىن بىرئاز ياخشىلاندى. تۇتى ئۆيىنىڭ ئەتىۋارلىق ئەركىسىگە ئايلاندى. ھەممىسىلا ئۇنىڭغا كۆڭۈل كۆيۈپ قىلىشتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئانچىلىكمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. تۇتى ئاڭلىۋالغان سۆزلىرىنى بىر باشتىن يادلىۋالاتتى.

ئۇ بىر كۈنى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئادىتى بويىچە «كىم ئۇ!» دەپ توۋلاپ قالدى. ئۆيگە جالالىدىنىڭ ئاتىسى كىردى. تۇتى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— گىرخاھەر! گىرخاھەر!

ھەممەيلەن ھەيران بولغىنىچە ئورۇنلىرىدا تۇرۇپلا قالدى. تۇتى سۇلتانۇل ئۇلەمانى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان سۆز بىلەن ھاقارەت قىلىۋاتاتتى! باشقىلار: بۇ قۇشقا ئەتەي شۇنداق ئۆگەتكەن بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپ قالمىغىيدى!...دەپ ئەنسىرەشتى. لېكىن ئاتىسى بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. چۈنكى ئۇ تۇتىنىڭ سۆزىدىنمۇ ساۋاق ئېلىشنى بىلەتتى.

تۇتىنى دەرھاللا جالالىدىنىڭ يۇنانلىق خۇمدانچى تونۇشىغا سوۋغات قىلىپ ئەۋەتىۋېتىشتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆيىدە پارسچىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. لېكىن بۇ سۆزنى سۇلتانۇل ئۇلەما بىر قېتىم ئاچچىقى كېلىپ ئاغزىدىن چىقارغان كايىش

ئورنىدا ئىشلەتكەن سۆز ئىدى.

سۆزنى تۇتىغۇ ئۆگىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىگە پەقەت ئادەملا يېتەلەيدۇ، لېكىن ھەممىلا ئادەم ئەمەس.

ئون يەتتە يېشىدا گۆھەرگە بولغان مۇھەببىتى جالالىدىننى روھىي گاچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كۆڭۈل تىلىدا ئۇنىڭغا دەسلەپكى سۆزلەرنى ئۆگەتتى. ئاشۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتەلىدىمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۇتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش، ئۆزىدىكى ئۆزۈمچىلىك كېسىلىگە خاتىمە بېرىش لازىم ئىدى.

لېكىن ھەربىر مەھرۇمىيەتتە① — مۇيەسسەرىيەت②، ھەربىر مۇيەسسەرىيەتتە مەھرۇمىيەت مەۋجۇت. ئۇ ئەنە شۇ كۈرەشتە گۆھەردىن ئايرىلدى!

ۋەلەد ئاتا نەسىھەتىنى قۇلاقتا تۇتمىدى، مۇھەببەت سىندىن ئۆتەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ توي كۈنىدىكى مەكتۇپىدا ئىشارەت قىلغان سىر — جالالىدىننىڭ سىرى بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇمۇ «گۆھەر» دەپ ئاتىلاتتى.

ھىجرىيە 623 - يىل ياكى مىلادى 1226 - يىلى گۆھەر خېنىم ئامان - ئېسەن ئوغۇل تۇغدى.

جالالىدىن ئۆزىنىڭ گۆھەرگە بولغان سۆيگۈسىدىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى مېھماننى بىرىنچى قېتىم كۆكسۈچ چايشاپ ئۈستىدە قىزغۇچ پومزەكتەك ياتقاندا كۆردى. ياش ئاتا — ئۇ ئەمدىلا ئونبەش ياشقا تولغانىدى — خۇشاللىقىدىن ۋە خىجىل بولغىنىدىن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئوغلىدىن كۆز ئۈزۈپ ئېرىگە قارىدى. شۇ چاغدا جالالىدىن

① يوقلۇق. ئايرىلىش — ت.
② بارلىق. ئىگە بولۇش — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىرنەچچە سائەت ئازاب چېكىپ ئاجايىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران قالدى.

مۆمىنە خېنىم كېلىنىگە قارىغاچ، نەۋرىسىنىڭ ئۈستىگە ياپقان چايشىپىغا قەدىمكىي تىللا تەڭگە قادىماقتا ئىدى. بۇ تىللا تەڭگىلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن سۇلتانۇل، ئۆلىما دۇئا بەرگەچكە، بەخت كەلتۈرسۇن دەپ ئۇنى كېلىنىگە ھەدىيە قىلغانىدى.

مۆمىنە خېنىم يىپىنى چىشى بىلەن كىرتتىدە قىلىپ ئۈزدىدە، بوۋاقنى يۆگىكىگە ئوراپ، ئانىسىغا بەردى، شۇ چاغدا غايىبانە بىر قوشاقنىڭ سىرلىق پەردىسىدەك گۆھەرنىڭ قولىدىكى بىلەزۈكلەر بىر-بىرىگە تېگىپ جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ تىرىسىستە تۇرغان ئەمچىكىنى چىقىرىپ، بوۋاقنىڭ قىزغۇچ، چىشسىز ئاغزىغا تەڭلىدى. بوۋاق تەلپۈنگىنىچە ئۇنى بىر خىلدا شوراشقا باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم شورىغاندا ئانىسىنىڭ تېنى يېپىنىك تەۋرىنەتتى. جالالىدىن ئەنە شۇ تەۋرىنىشكە مەھلىيا بولغىنىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە تەنتەنىلىك بىر ناخشا تۇغۇلۇپ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاماللاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ھازىر ئۇ يالغۇز ئۆزىنىڭ گۆھەرىنىلا ئەمەس، تەبىئەتنىڭ تۈگىمەس بەرىكەت-سىمۋولى دەپ قارىلىدىغان زۆھرە يۇلتۇزىنىمۇ كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قەدىمكىي سۈرەتلەردە قانداق سىزىلغان بولسا، خۇددى شۇنداق ئىدى: ئۈستىدە تىللا رەڭ لىباسى، قوللىرىدا بىلەزۈكلەر، پۇتلىرىدا زەر باسقان ئاياغ. يەنە خۇددى سۈرەتتە سىزىلغىنىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا بىر ئايال ئولتۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرغىنى قەدىمكىي چالغۇ ئەسۋابى، قومۇز ئەمەس، بوۋاق ئىدى. ئايال ئۇنى

ساز ئەسۋابىدەك تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئالەمنىڭ ئاھاڭىنى تاراتماقتا.

بۇرۇن ئىرانلىقلار ناھىد، رىملىقلار ۋېنىرا دەپ ئاتاشقان تاڭ يۇلتۇزى — زۆھرەنى ئەسلەشكە يەنە بىر سەۋەب — شۇ چاغدا لەرىبەندىدە جالالىدىن مۇنەججىملىك سىرلىرى بىلەنمۇ بىر ئاز مەشغۇل بولغانىدى.

ئۇ تېخى ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگەن بولسىمۇ، سەلتەنەتلەرنىڭ تۈرلۈك زاۋاللىقلىرى، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھالاكىتىگە شاھىت بولغانىدى. مۇنەججىملەر ئىنسانلار ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ قىسمىتى ئاسمان يورۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە باغلىق دېيىشەتتى. ئۇنىڭ شۇ قانۇن-سەۋەبلەرنى بىلگۈسى كېلەتتى.

ئوغلى ۋەلەد جۈمە كۈنى تۇغۇلغانىدى. بۇ كۈنلەر ئىلمىي نۇجۇمدا زۆھرەگە تەۋە ھېسابلىناتتى. زۆھرە يۇلتۇزى ئاستىدا تۇغۇلغانلار خۇش خۇلق، خۇش ئاۋاز، چىرايلىق ۋە ھەقىقەتچى بولۇشاتتى. گۆھەر خېنىم شۇنداق ئىدى. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى — ئەلۋەتتە...

ئەمما، قىسمەتكە ئۈمىد باغلايدىغان بولسا، ئۇ ئوغلى ئۈچۈن زېرەكلىك ۋە ئىرادە تىلىكلىشى كېرەك ئىدى. ئايال كىشىگە تەبىئەتتىن بەخش قىلىنغان نەرسىنى ئەركىشى پەقەت جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىراق بۇنى يولنىڭ باشلىنىشىدا تۇرغان بالا يولنىڭ ئاخىرىدا تۇرغان بوۋايدەك پەم قىلالامتى؟

گەپنىڭ مېغىزىنى ئېيىتقاندا، ئۇ ھېچقاچان لەرىبەندىدىكىدەك ئىشقى بىلەن ئىلىم-ئىرپانغا زور قەدەم تاشلىغان ئاشۇ كۈنلىرىدىكىدەك بەختىيار بولمىغان. دۇنيا كۆزىگە يېڭىدىن ئېچىلغان، ئالدىدا يولنى يورۇتۇپ پارلىغان نۇر، ھالاكەتلىك

www.uyghurkitap.com

تىك داۋانلار بىلەن پۈشايمانلارنىڭ جەھەننەمدەك تەكتى يوق ئۇپقانلارنى ئۇنىڭ نەزەرىدىن يوشۇرغانىدى.

ياmراپ ئاققان قان دەريالىرى، پۈتكۈل خەلقىنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتۇشى، ۋەيران قىلىنغان شەھەرلەر ھەققىدە يېتىپ كەلگەن مىش-مىش خەۋەرلەر، ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بۇ ياپيېشىل ۋادا قوينىدا ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ مېھىر-مۇھەببەت باغلىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ساق-سالامەت تۇرۇۋاتاتتى. بۇ غاپىلىنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرى ئىدى.

گۆھەر كېيىنكى يىلى يازدا يەنە بىر بالا تۇغۇپ بەردى. مۇنەججىملەر ۋە تۇغۇت ئانىلىرىنىڭ قىلغان ئىشارەت ۋە ئىمدۇمۇشلىرىغا قارىماي، ئېغىر تولغاق ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇلار ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن ئۈچ كېچە-كۈندۈز كۆز يۇمماي تىلاۋەت قىلىشتى. شۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈز داۋامىدا ئۇ ئايالنىڭ بىرەر قېتىممۇ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. مۆمىنە خېنىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىچارە ئازابلانغان ئاۋازىمنى جالالىدىن ئاڭلىمىسۇن، دەپ ياستۇقنى چىشلەۋېرىپ، ئۇنى تىتما-تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ.

تېخى ئۈچ ئاي بۇرۇن جالالىدىن، قىز تۇغۇلسا ئانىسىنىڭ ئىسمىنى، ئوغۇل تۇغۇلسا ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى قارار قىلغانىدى. ئاكىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا ئۇزاققا بارمايدىغاندەك ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئىسمى بولسىمۇ ياشاپ قالسۇن، دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

گۆھەر ساغلام بىر ئوغۇل تۇغدى. تۇغۇلۇپ ئاتىسىنى ئۆتكۈر كۆز نۇرىدىن، دۇنيانى ھەقىقەت مەشئىلىدىن مەھرۇم قىلغۇچە، ئۇنىڭ تۇغۇلمىغىنى ياخشى ئىدى. ئۇ دۇنياغا ئاتىسىنىڭ

زېرەكلىكىنىڭ تەتۈرىنى، يەنى جاھىل ۋە ھەسەتخورلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلدىمىكىن؟

زادى ھەر قانداق ئىنسانىي خۇسۇسىيەتنىڭ تىلدا ئىككى خىل نام بىلەن يورۇتۇلۇشى بىكار ئەمەس — قەتئىيەت ۋە قوپاللىق، قاتتىق قوللۇق ۋە زالىملىق، يۇمشاقلىق ۋە بىتايىنلىق، ئېھتىياتكارلىق ۋە قورقۇنچاقلىق. بۇ سۈپەتلەر كىمگە ۋە نېمىگە قارىتا قويۇلىدۇ — ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا.

گۆھەر تۇغۇتتىن كېيىن ساقىيىپ كېتەلمىدى. ئۆز قەلبىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بەنت بولغان ئېرىنى ئەندىشىگە سالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىنلا كۈندىن-كۈنگە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. جالالىدىن بولسا، ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنمەي، ئايالىنىڭ بۇ پىدائىيلىقىنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

ئۇ بۇنى نېمىشقا ئاڭقىرالمىدى؟ نېمىشقا سېزەلمىدى، چۈشىنەلمىدى؟ ئۇنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقان قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇتۇشى ياكى ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈشى، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆلۈم دەھشىتىنى كۆتۈرۈۋېتىشى لازىم ئەمەسمىدى! ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ دېنى پىشىپ تۇپراققا چۈشسە، قايتىدىن كۆكىرىدۇ، بىز نېمىشقا ئىشقىي-مۇھەببەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئىنسان قەلبى ھەققىدە باشقىچە ئويلايمىز؟

كۆڭۈل ھېكمىتىدىن بۆلەك دۇنيادىكى بىرەر پەن بۇنى ئۆزگەرتەلمەس، بىرەر ھېكمەتمۇ تەسەللى بېرەلمەس. لېكىن ئۇ ياشلىقىدا يۈرەك سۆزلىرىنى خۇددى تۇتى قۇشىنىڭ پارسچە سۆزلەرنى تەكرارلىغىنىدەك تەكرارلايتتى-خالاس.

مانا، ئوغلىغا يازغان ئاشۇ سۆزلىرىدە قانداق مەنەلەر ياتاتتى: بۇ ئۇنىڭ — جالالىدىنىنىڭ ئۆز تەجرىبىسى ئىدى. ئۇ مەكتۇپتا بۇ ھەقتە ئوچۇق-يورۇق بىر نەرسە دېمىدى، ئۆمرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىغىچىمۇ بىر نېمە دېمەيدۇ، شۇنداقلا ۋەلەدمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇھەببەت سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. لېكىن ئۇ قىرىق يېشىدا ۋەلەد سېزەلمىگەننى سەزگەنىدى. بىراق ۋەلەد ئاللىقاچان قىرىقتىن ئاشتى...

هاي ـ هاي، ھەممە نەرسىنى بىلىپ، دۇنيانىڭ جەبىر ـ جاپاسىغا نەزەر سېلىپ تۇرۇقلۇق، كىچىككىنە ئۆزگەرتىش ياكى ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلىشقا قۇربىڭ يەتمىسە! ئۇ ياشىغانسېرى ئىشەنچىسى ئارتاتتى: بىرىگە بىرەر نەرسىمۇ ئۆگىتىشكە بولمايدۇ. پەقەت يول كۆرسىتىشكىلا بولىدۇ. يولنى ھەر كىم ئۆزى مېڭىشى شەرت...

ئۇلار لەربىندېدە تۇرغان ئاخىرقى يىل گويا ئۆتكەن يىللارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالماقچى بولغاندەك كېلىشمەسلىك، پالاكەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگىلى تۇردى.

ئاكىسى ئەتىيازدىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بەزىدە ئانىسى ئۇنى خىزمەتكارلىرى بىلەن قولتۇقلاپ يۆلەشتۈرۈپ باغقا ئېلىپ چىقاتتى. ئالاھىدىن دومىلاق تەكىي ئۈستىدە ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلىنىپ ئۇزاق ئولتۇراتتى. يازنىڭ ئىسسىقىغا قارىماي پاختىلىق چاپىنىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇزلاپ تۇرغاندەك، شۈمشەيگىنىچە خۇددى قۇربانلىق قىلىدىغان قويىنىڭ كۆزىدەك مەيۈس كۆزلىرى بىلەن ئېگىز قارلىق چوققىلارغا، چەكسىز سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ، ئۇ يەردە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا تىكىلەتتى. ياق، كۆزلىرى بىلەن ئەمەس، خۇددى ئەنە شۇ تارقىلىپ كېتەي دەپ قالغان بۇلۇتلارغا ئوخشاش تۈگەي دەپ قالغان جېنى بىلەن تىكىلەتتى.

لېكىن ئۇنىڭ جان ئۈزۈشى ئاسان بولمىدى. تۇيۇقسىز

قان قۇسۇپ، نەپەس ئالالماي قاتتىق بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇنى شۇنداق قىلسا ساقلاپ قالىدىغاندەك بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان ئانىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۇ جان ئاچچىقىدا قامالاپ، مۇجۇپ تۇتقىنىچە قانغا بويىدى.

باستۇرۇپ كېلىۋاتقان كەچكى گۇگۇم قاراڭغۇسىدا مۆمىنلەرنى جىنازا نامىزىغا چاقىرغان سوپىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن دەھشەت ئارىلاش قاتتىق يىغلاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى مۇنار ئۈستىدىكى مەزىننىڭ كۈچلۈك ئاۋازى بېسىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!

جالالىدىن گىلەمگە يۆكۈندى، ئالىقىنىنى ئېچىپ يۇقىرى كۆتۈرگىنىچە تائەت-ئىبادەتكە تۇتۇندى. ناماز سۆزلىرى ئۆز تەرتىپى بويىچە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، يۈز بەرگەن ھادىسىنى ئەقلەن چۈشەنگەن جالالىدىن قەلبىدە قوبۇل قىلالمايتتى.

«سەن پۈتۈن بەدىنىنى يارا-چاقا باسقان بىچارىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟— دەپ سوراپتۇ قەدىمكى ھىندى دانىشمىنى،— قېرىلىقتىن قۇرۇپ قاقشال بولغان زەئىپ ناتىۋانلارنىمۇ كۆرگەنمىدىڭ؟ سەن ئۆلۈكلەرنىغۇ كۆرگەنسەن؟ ئۇلار ساڭا ئۆزۈڭ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە دېمىگەن بولسا-ھە؟!»

مەزىننىڭ ئۆتكۈر ئاۋازىدىن تەقدىرگە تەن بېرىشنى ئەمەس، غەزەپ ۋە ئۈمىد ئاھاڭلىرىنى، كېتىۋاتقان ۋە كېلىۋاتقان، ئەمما ھازىر ياشاۋاتقان ئادەمزاتنىڭ سۇنماس ئۈمىد ئاھاڭلىرىنى ئاڭلىدى. ئادەملەرنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ، كۆزىدىن ياشلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ھەقىقەتەن، ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئالەم ئەبەدىي ۋە چەكسىزدۇر، لېكىن ئىنسان ئۆمرىگە ئاجرىتىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋاقىت نېمە دېگەن قىسقا! ئۇنىڭ بىلەن بىر قورساقتىن چۈشكەن ئاكىسى ئۆزىنىڭ ئون توققۇز ياشلىق ئۆمرىدە نېمە كۆرەلىدى، نېمىنى بىلەلىدى، نېمە قىلالىدى؟ نېمىشقا كەلدى، نېمىشقا كەتتى؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بارمۇ؟

مۆمىنە خېنىم ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇزاققا بارمىدى. قوللىرىنى بويىغان ئاشۇ قان ئۇنى گويا مەھكەم تۇتۇۋالغاندەك ئىدى: ئۇ ئۆيدىكى ئىش-كۈشلىرىدىن كېچىپ، كېچە-كۈندۈزلەپ تائەت-ئىبادەتكە بېرىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا سۇلتانۇل ئۆلمانىڭمۇ نەسىھەتلىرى كار قىلمىدى. ئۆلگەن بىلەن تەڭ ئۆلۈشكە بولمايدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ كەينىدىن غەم-قايغۇغا بېرىلىپ كېتىش ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ! ياق، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللەق تۇرغىنىچە قالدى، ئالاھىددىن — ئانا قەلبىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

بىر كۈنى مۆمىنە خېنىم خۇپتەن نامىزى ۋاقتىدا بىردىنلا ئورنىدىن ئۆرە تۇرۇپ كەتتى، قانداقتۇر بىر غايىب ئاۋازنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك قەددىنى رۇسلىدى، ئاندىن يۈرىكىنى چاڭگاللىغىنىچە يەرگە يىقىلدى. يۈزىنى پۈرۈشتۈرگەن ئاغرىق ئۇنىڭ لەۋلىرىدە مەغرۇر تەبەسسۇم بولۇپ قېتىپ قالدى. مانا، ئۇ ئاخىر يېتىشتى...

جالالىدىن تاۋۇتنى كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ كەينىدىن قۇرئان سۈرىلىرىنى قىرائەت قىلىپ ماڭغان ھاپىزلارنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئانىسىنىڭمۇ ئەزىز رۇخسارىنى ئۆزىگە يوشۇرغان لەرىپىندىبىنىڭ سارغۇچ تۇپرىقىغا تەلمۈرۈپ ماڭغىنىچە ئارتۇقچە يىغلىمىدى.

ھەر جەھەتتىن سەممىي ۋە پاك بۇ ئايال ھەقىقەدە ئۇ نېمىنىمۇ بىلەتتى؟ ئۇ بىچارە ئايال ھەمىشە ئىگىلىك تەشۋىشى

بىلەن، ئىپىنىڭ دىگەنلىرىنى ھەممىشە سۆزسىز ۋە سەممىيلىك بىلەن ئورۇندايتتى، ئۇ سۆھبەتتە زادىلا بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچمايتتى، ئىپسىل مۇسۇلمان ئاياللىرىغا خاس ئادەت بويىچە، پەقەت ئۇنىڭ سوئاللىرىغىلا جاۋاب بېرەتتى. بۇ دۇنيادا ئاياللارنىڭ ئورنى شۇنچىلىك تۇرسا، ئۇلارنىڭ سۆزى قانچىلىك بولاتتى؟

ئانىسى سۇلتانۇل ئۆلىماغا مۇناسىپ، تولىسى زاھىدلارچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھەتتا بالىلىرىنىمۇ بەزى ـ بەزىدىلا چۆچۈپ تۇرۇپ ئەركىلىتىپ قوياتتى. سۇلتانۇل ئۆلىما بالىلىرىنى ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىپ ئۆستۈرۈشى بىلەن ئەركە ـ نايناق بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەيتتى.

ئانىسى كېچە ـ كۈندۈز بالىلىرىم ساقمىدۇ؟ قورسىقى توقمىدۇ، كىيىملىرى پۈتۈنمىدۇ، دەپ كۆيۈپ ـ پىشىپلا يۈرەتتى. بۇ ـ ئۇلارنىڭ تېنى ھەققىدىكى غەمخورلۇق ئىدى، ئەمما ئۇ تەبىئىي بولغاچقا، كىشلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئۇنچىۋالا تارتىپ كەتمەيتتى.

دەرۋەقە، ئۇ ئانىسىدىن كۆرە ئاتىسىنىڭ ئىنكئانىسى نەسىبە مومايىنى كۆپرەك ئەسلەيتتى. ئۇ بالىلارغا ھەر تۈرلۈك زالىم دىۋىلەر، ئاجايىپ سۇمرۇغ قۇشلار ھەققىدە چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى ـــ ئاتىسىنىڭ خەلق ھېكايەتلىرى ھەققىدىكى پەندۇ نەسىھەتلىرى ئىدى.

بىر مەھەل ئالاھىدىن بىلەن خۇدا بىلىدۇ، نېمىشقىدۇر غىرىلدىشىپ قالدى. شۇ چاغدا ئاتىسى ئۇلارغا پارس، تۈرك، ئەرەب ۋە يۇنانلىق ھەققىدە بىر رىۋايەت ئېيتىپ بەرگەنىدى:

مېڭىشقانىدى تۈرك، ئەرەب، پارس ھەم يۇنان،
شۇندا كىمدۇر بىرى ـــ ئىشقىلىپ بىر مېھرىبان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەدىقە، دەپ بىر تەڭگە سوۋغات قىلدى ئاتا،
ياق سوۋغات ئەمەس، بولدى غوۋغا ئۇ ھەتتا.
پارس دېدى: «بارايلى بازارغا دەرھال،
ئەنگۇر① ئالايلى بۇ پۇلغا ھەممىدىن ئاۋۋال!»
«قوي بۇ گېپىڭنى، — دېدى كېسىپ سۆزنى ئەرەب،
ئەينەب② ئالساق بۇ پۇلغا، ياخشى بولمامدۇ ئەجەب!»

«تۈرك دېدى: «بىھۇدە بۇ گەپلەرنىڭ بەرى،
مېۋىلەر ئىچىدە ئۈزۈمدۇر سەردارى!»
شۇندا يۇنانلىقمۇ قىستۇردى بىر سۆز:
«قاراڭلار، ستافىل③ ئالايلى بۇنىڭغا ھەممىمىز!»
بەس، ئۇلار بىر قارارغىمۇ كېلىشتى،
لېكىن چۈشەنمەي تالاشتى، غوۋغا قىلىشتى.
ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى پەقەت ئۈزۈم ئىدى.
پەرقىلا پەقەت ئۆز تىلىدا ئۈزۈم دېدى.

لېكىن ئاردىغا چۈشتى بىر شۇم جاھالەت،
چىش، قوۋۇرغا يەپ ئەدەب، بولدى جاراھەت.
غاپىلۇ غەپلەت سۆزىدىن ماجىرا
بىزنىڭكى ـ بىرلىك بىلەن سۈلھىمۇ سالاھ...

ئاتىسىنىڭ رىۋايەتلىرى، نەسىبە مومايىنىڭ چۆچەكلىرى ئۇلارغا زور روھىي ئوزۇق بولدى.

تەن ۋە روھ خۇش خەۋەر ئېلىپ ئالدىراپ ماڭغان ئات بىلەن، شۇ ئاتنى مىنگەن كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما ئاتنىڭ ئوزۇقى شۇ ئاتنى مىنگۈچىگە ئوزۇق بولمايدۇ. ھەر بىرىنىڭ

①، ②، ③— ئۈزۈم — ت.

ئۆز يەيدىغىنى، ئۆز نېسىۋىسى بار. ئات مىنگۈچى ئاتنى ئۆز يولىغا سالالمىسا، ئات ئىگىسىنى مەنزىلگە ئەمەس، ئوقۇرغا باشلايدۇ.

ئىنسان ئۆمرى — كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا ئارىلىقتىكى ۋاقىت. پەقەت ئات ئۆمرىدىن جىندەك ئۇزۇن. سالاپ-سېپاپ تۇرماي شىپقاپ قىستاپ تۇرساڭ، ئالدىڭدا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلارغا ئىنسان روھى ھەقىقىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش مۇمكىن، بولمىسا، يەرگە قاراپ قالىدىغان گەپ.

جالالىدىن ئۆز جىسمىنى ئانچە ئەتىۋارلاپ كەتمىگىنى ئۈچۈن، كۈنلەرنىڭ بىرى قېرىغان چېغىدا خىجالەتچىلىك چېكىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭ يادىدا: ئانىسى ئۇنىڭ جىسمى زەخمىلەنمىسۇن، دەپ بەلختىكى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئۇنى قانداق چاقىرغىنى، ئۇنى ئاشۇ ئادەتتىكى بىر ئىش ئۈستىدە قىلغان زور جاسارىتىدىن قايتۇرۇشقا توۋلىشى بىلەن ئۇ ئۆلۈشكە تاسلا قالغانىدى. ئانىسىغا ۋە ئانىسىغا ئوخشاش ئۆزىدىكى روھىي ئۇچقۇننى يالقۇنغا ئايلاندۇرالماي، دۇنيانى تەرك قىلغۇچىلارغا ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئايال قىسمىتى ئالدىدا قورقۇشقا باشلىدى.

«ئايال دېگەن نېمە؟ بۇ — دۇنيا دېگەنگە ئوخشاش گەپ. بۇنى دېسەڭمۇ - دېمىسەڭمۇ ئۇ ئۆز تەبىئىتىنى تاشلىمايدۇ. مېنىڭ سەپسەتىلىرىمنىڭ ئۇنىڭغا پەقەت زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ناننى ئېلىپ، قوينۇڭغا تىقىۋېلىپ، «ھەر قانداق چاغدىمۇ ھېچكىمگە بەرمەيمەن، كۆرسەتمەيمەن!» دەپ باق، سەن قانچىلىك خەسىسلىك قىلساڭ ئادەملەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خىرىدىس قىلىدۇ. يېلىنىپ-يالۇۋۇرۇشقا، تەھدىت سېلىشقا، ھاقارەتلەشكە باشلايدۇ. خۇددى شۇنداقلا سەن ئايالىڭغا: باشقىلاردىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈزۈڭنى كۆرسەتمە، دەپ قانچە تاپىلىساڭ، ئۇنى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روش پەيتىگە چۈشىدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئادەملەرگە كۆرۈنۈش كويىغا چۈشىدۇ، چۈنكى چەكلەنگەن نەرسە ئىنساننى كۈچەپ تارتىدۇ... سەن تىنىچ ۋە خاتىرجەم تۇرۇۋاتمەن، دەپ ئويلايسەن، لېكىن ئۆز ئەتراپىڭدا ئۆز قولۇڭ بىلەن نارازىلىق ئوتىنى ياققانلىقىڭدىن ئۆزۈڭ بىخەۋەر. ئۇنىڭ قەلبىگە ياخشىلىق ئۇرۇقى تېرىلغان بولسا، مەنئىسى قىل-قىلما، ئۇ ياخشىلىق يولىدا ماڭىدۇ بەس، بۇنىڭغا ئاۋارە بولمايلا قوي! ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بەرىبىر ئۇ ئۆز دېگىنىدىن قايتمايدۇ، سېنىڭ چەكلىشىڭ ئۇنىڭ خاھىشلىرىنى كۈچەيتىدۇ، خالاس. سەن كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ، ئۇنى تۈزەتمەكچى بولىسەن. ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭغا چاپلاشقان مەينەتچىلىكنى سۈرتمەكچى بولىسەن. ئەمما، بۇ سىناق ساڭا سەۋەبسىز بېرىلمىگەن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزۈڭدىكى مەينەتچىلىكنى سۈرتكىن، دەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى قوبۇل قىل، كۆڭلىنى ئال، بارلىق مېھرىڭ بىلەن ئۇنى تۈزەت. ئىلاج بار ئەركەكلەرگە خاس رەشك بالاسىدىن خالىي بولغايسەن، قۇرئاننىڭ 1-سۈرە 34-ئايىتىدە: «ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرغاي» دېگەن سۆز بار. جاھىللار ھەقىقەتەنمۇ ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ، نېمىشقىكى، ئۇلار قوپال ۋە باغرى تاشتۇر. ئۇلاردا رەھىم-شەپقەت، مېھىر-مۇھەببەت، ھىممەت-خەيرىخاھلىق ئاز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ھايۋانلىق ھۆكۈمران، شۇ سەۋەبتىن مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئىنسانلىقتۇر، غەزەپ ۋە خىرس ھايۋانلىقتۇر. بۇنداق ئەركەكلەردىن ئەقىللىك ۋە دىلى گۈزەل ئاياللار خېلىلا ئۈستۈن».

جالالىدىن رۇمى ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قۇرئان، پەيغەمبەر ھەققىدە شاگىرتلىرىغا شۇنداق جاۋاب بەرگەندى. ئەمما ئۇ دەۋردە ئاياللارنى ئەسىرلەردەك ئاسارەتتە تۇتۇشاتتى، ئۇلارنىڭ

سۆزى نە خۇدا، نە قازى ئالدىدا ئىناۋەتكە ئۆتسۇن، ئۇلار
يۈزىنى ئېچىپ، ئادەملەر ئالدىغا چىقىشالمايتتى. يۇقىرى تەبىقە
دىكى كىشىلەرنىڭ ھەرەملىرىدە ئونلاپ ئاياللار، يۈزلەپ چۆرە
قىزلار بار ئىدىيۇ، كەمبەغەللەر تويلۇققا مادارى يەتمەي، ئۆمۈر
بويى بويتاق ئۆتۈشەتتى. پەقەت ئىسلام ئالىمىدىلا ئەمەس، خرىس
تىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەرب مەملىكەتلىرىدىمۇ ئايال
ئادەم قاتارى سانالمايتتى.

«ئەسرار كاتىبلىرى ①» ئۇنىڭ سۆزلىرىنى «فىھى ـ مە فىھى»
يەنى «بۇنىڭدا نېمىلىكى بولسا شۇ مەۋجۇت» دەپ ئاتال
غان ۋەز ـ نەسىھەتلەر كىتابىغا پۈتۈشكەنىدى.

ئۇ لەرىندىدە ئاتىسىنىڭ قەبرە بېشىدىمۇ، ھەتتا خېلى كې
يىن كونيادا قەلبىنىڭ گۆھىرى بولغان گۆھەر خېنىم كۆمۈلگەن
تۇپراق ئۈستىدىمۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتالمىغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇ
قىممەتلىك، كارامەتلىك سۆزلىرى ــ ئۇلارنى ئۇ ئۆمۈر بويى يەر
يۈزىگە ئۇرۇق چاچقاندەك چاچتى ــ كېيىن پىكىر بولۇپ، كۆكلە
رىپ ئۈنۈپ چىقىشتى، خېلى يىللاردىن كېيىن شاگىرتلىرى
قوللىرى تىترەپ، دەھرىلەرچە روھتىن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ،
بۇ سۆزلەرنى سەمەرقەنتنىڭ ئاپئاق قەغىزىگە يېزىشتى.

## چىقىمچىلىق

لەرىندىدىكى سۇلتان نائىبى ئەمىر مۇسا مۆمىنە خېنىمنىڭ
دەپنە مۇراسىمىغا پائال قاتناشتى. سۇلتانۇل ئۆلىمانى بىرنەچچە
ۋاقىت ئويدانىراق ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنى بىر-
نەچچە يېقىن مەھرەملىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. «ئەگەر
ھەزرىتىم ئىجازەت بەرسە، مەرھۇمنىڭ قەبرە ئۈستىگە مەقبەرە

① سىرلار كاتىبلىرى ــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياساتساق، ئەلۋەتتە ئىسلام ئالىمى سۇلتانۇل ئۆلمانىڭ ھۆرمەتلىك مۆھتىرەمىگە مۇناسىپ ھەشەمەتلىك قەبرە ئەمەس، بەلكى ئەمىر خەزىنىسىنىڭ قۇربى يەتكۈدەك گۈمبەز ياساتساق» دېگەن تەكلىپنى بەردى.

جالالىدىن دەرھال، ئاتام تەكلىپنى رەت قىلسا كېرەك دەپ ئويلىدى، چۈنكى ئاتىسى ئۆمۈربويى ھۆكۈمدارلارنىڭ مەرھەمەت ياردەملىرىنى ھارام ھېسابلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئويى توغرا چىقمىدى، ئاتىسى رازىلىق بەردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوغلى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئۆلۈمى سۇلتانۇل ئۆلمانى خېلىلا ھالىدىن كەتكۈزگەندەك قىلاتتى.

ئۆز قول ئاستىدىكى شەھەردە شۇنداق مەشھۇر ئۆلما ۋە ۋائىزنىڭ تۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئەمىر مۇسا بۇنداق خەيرىخاھلىقنى بىكارغا قىلمىغانىدى. ئۇ، ئەمدى سۇلتانۇل ئۆلما بۇ ئەزىز قەبرىلەرنى تاشلاپ ھېچقاياققا كەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىن باشقىچە بولۇپ چىقتى.

ئوردا سارايلىرىنىڭ، ھەتتاكى ئەڭ كىچىك ئوردا سارىيىنىڭمۇ ئىچكى قىسمىدا ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىق ئەۋج ئالغان بولىدۇ.

جەڭچى ۋە ئاق كۆڭۈل تۈرك ئەمىرى مۇسا ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىققا ئىنتايىن قارشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئوردىسىمۇ بۇلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. سۇلتان نائىبى پەقەت جەڭچىلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمدار، يەنى سىياسەتچىمۇ ئىدى. شۇڭلاشقا ھەر كۈنى «غىڭ» دېمەي زەھەر-زۇقۇم يۇتۇشقىمۇ تەييار ئىدى. بولمىسا، زەھەر-زۇقۇم تۇرماق ھەرقانداق بالايىبەتتەرلەرنىمۇ يۇتۇشقا تەييار تۇرغان باشقا بىر چاققانىنىڭ

ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

ئەمىر خەزىنىسىنىڭ سەل كەم يېرىمى خەجلىنىپ مۇمەنە
خېنىم قەبرىسى ئۈستىدە تىكلەنگەن بۇ گۈمبەز (ھازىرمۇ بار)
پايتەختتىكى ئەلا ھەزرەت نامىغا ئەۋەتىلىدىغان شىكايەتنامىلەر
ئۈچۈن ياخشى دەستەك بولدى. ئۇ باشقا شىكايەتنامىلەردەك
ساۋاتسىزلارچە ئانچە-مۇنچىلا يېزىلمىغان، غايەت تەۋازۇدار-
لىق بىلەن يېزىلغانىدى.

«بەلخ شەھىرىدىن روم تۈپرىقىغا بۇ يۇرتنى ئۆز شاراپەت
نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەيلەش ئۈچۈن، سۇلتانۇل ئۇلىما باھا-
ۋىددىن ۋەلەد ھەزرەتلىرى بۇ يەرگە تەكلىپ بىلەن تەشرىپ
قىلغانىدى. ئەمما سۇلتانۇل دەۋرانىمىز بۇنىڭدىن بىخەۋەردۇر،
لېكىن ئۇ ھەزرەتنىڭ قولى ۋە نائىبى بولغان ئەمىر مۇسا سۇل-
تانۇل ئۇلىمانى لەرىندىدە زورلاپ ئېلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا
ئاتاپ مەدرىس سالدۇردى، ئۇنىڭ يېقىندا ۋاپات بولغان ئاجى-
زەسىنىڭ قەبرى ئۈستىگە زور خىراجەت سەرپ قىلىپ مەقبەرە
ياساتتى. ئەمىرنىڭ بۇ قىلمىشى شۇنىڭدىن دالالەت بېرى-
دۇكى، ئەلا ھەزرەتنىڭ بۇ قولى پادىشاھ خەزىنىسىنىمۇ تەپ
تارتماي دىغانىدەك».

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى خەت-چەك ۋە ئەرز-شىكايەتنامى-
لەرنى ئوقۇشنى ئادەت قىلغان ئالاھىددىن كەي قۇباد I بۇنىڭدىن
شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، ۋەزىر ئارىغا چۈشۈپ ھاي بەرمى-
گەن بولسا، ئەمىر مۇسانىڭ بېشى كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.
ۋەزىر يۈشۈرۈن تەكشۈرۈپ باقايلى، ئاندىن بىر قارارغا كەل-
سەك، دەپ سۇلتاننى تىنچلاندۇردى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن نائىبىنىڭ ئۆيىگە سۇلتاننىڭ چاپار-
مىنى كېلىپ، ئۇنىڭغا چەمدىن تىكىلگەن غىلاپ ئىچىگە سېلىنىپ

www.uyghurkitap.com

سۇلتان مۆھۈرى بېسىلغان مەكتۇپنى بەردى. ئەمىر مۇسا ئاۋۋال مەكتۇپنى - پېشانىسىگە يېقىپ، ئاندىن بېسىلغان مۆھۈرنى سۆيدى، شۇندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇشقا قازىغا بەردى. قازى مەكتۇپتا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولغان ھالدا ئەمىرگە قارىدى. گويا ئۇنىڭ ئالدىدا جانلىق ئادەم ئەمەس، جانسىز بىر جىسىم تۇرغاندەك ئىدى.

سۇلتانىنىڭ خېتىدە: «سەن بۇنىڭغا قانداق جۈرئەت قىلالىدىڭ، ئەۋلىيا شەھىرىدىكى قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەپتۇ يۇ، سەن بۇنىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلماپسەن؟! بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىقنى ئاللا ئىگەم كەچۈرمىگەي».

ئاخىرىنى مۇسا ئاڭلىمىدى. شەكسىزكى، سۇلتانىنىڭ مەكتۇپىدا سۆز ئۇنىڭ ھايات - ماماتى توغرىسىدا ئىدى.

مۇسا جەڭ مەيدانلىرىدا نى - نى ئۆلۈملەرگە دۇچ كەلگەن. ئەمما جەڭدىكى جاسارەت بىلەن، ھۆكۈمدار ئالدىدىكى جاسارەت باشقىچە ئىدى. تۈرك - سالجۇقىيلارنىڭ ئادىتى بويىچە، بارلىق خىزمەتكارلار ۋە بارلىق دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئۆزىنى شەرىئەت ھۆكۈمىگە بويسۇنغۇچى دەپ بىلگۈچى ئازاد دېھقانلاردىن پەرقلىق ھالدا سۇلتانىنىڭ قۇللىرى ھېسابلىناتتى، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى، ئار - نومۇسى، ھايات - ماماتى سۇلتانىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولاتتى.

كۈنۈم ئاخىرلاشتى، دەپ ئويلىغان ئەمىر مۇسا ئاخىرقى قېتىم بىر دۇئا ئېلىش ئۈچۈن سۇلتانۇل ئۇلىمانىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا ئالدىرىدى. چۈنكى، سۇلتانىنىڭ قەھر - غەزىپىگە دۇچار بولۇشتا ئۇنىڭمۇ ھەسسىسى بار ئىدى. ئەمىر مۇسا كونىياغا خەۋەر بېرەيلى، دەپ نەچچە قېتىم ئىشارەت قىلسىمۇ، سۇلتانۇل ئۇلىما ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، بۇ پانىي دۇنيانىڭ سۇلتانى ئۆزىنى ئۇ دۇنياغا پۈتۈنلەي بېغىشلىۋەتكەن ئالىلانىڭ بىر

بەندىسى بىلەن نېمىمۇ كارى بولسۇن؟

ئەمىرنىڭ قولىدىكى مەكتۇپنى كۆرۈپلا، سۇلتانۇل ئۆلىما ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز بىر خەۋەر ئىكەنلىكىنى پەملىدى. مەكتۇپنى ئالدىرىماي ئوقۇدى ــ دە، ئۇنى ئۆز غىلاپىغا سېلىپ خىيالغا چۆكتى.

سالجۇق سۇلتانلىرى ئۆلىما ۋە شەيخلەرنى شۇنچىلىك ئىززەت ــ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. يەرلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان ۋىزانتىيە ۋىلايەتلىرىنى كەينى ــ كەينىدىن قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەببىتىگە تولاراق ئىگە بولۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسىل مۇسۇلمان ھۆكۈمدارى بولۇپ تونۇلۇش زۆرۈر: سۇلتان سەلتەنىتىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن ئىكەن، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە پۈتۈلگەن، بۇزرۇكۋار ئۆلىمالار ئاغزىدا زىكىر قىلىنىدىغان پەرۋەردىگار ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ پەرز ئىدى.

سۇلتانۇل ئۆلىما ساقىلىنى بىر ــ ئىككى قېتىم سىيپاپ، ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ، ھۆكۈم كۈتۈپ تۇرغان ئەمىرگە قارىدى.

ــ سۇلتان ھۇزۇرىغا دادىل بېرىۋەر! ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەر!

ئەمىر مۇسا خەزىنىنىڭ قالغان ــ قاتقىنىنى يىغىپ، سۇلتانغا سوۋغات ھازىرلىدى ــ دە، چاپارمەن ئارقىلىق يازما جاۋاب ئەۋەتىش ئورنىغا ئۈچ ساقچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كونياغا قاراپ ئاتلاندى.

ئالاھىددىن كەي قۇباد I، سۇلتانۇل ئەمىرال ئىسلامىن، يەمەندىن ــ گورجىستان ۋە ئابلازىيىگىچە، رۇس يېرىدىن ــ تارسۇس سەھرالىرىغىچە، ئوتتۇرا يەر دېڭىز ساھىلىدىكى ئەنتالىيـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دىن ـ قارا دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىدىكى دەشتى قىپچاق ۋە سۇدەك-
كىچە، ۋىزانتىيە مۈلكى، پەرەڭلەر ۋە ئەرمەنلەر ئۆلكىسىدىن-
كىتىزنىغانغىچە نى ـ نى بەگلەر ۋە ھاكىملارغا ھۆكۈم يۈرگۈز-
گۈچى پادىشاھ، ئۆز نائىبىنى دۆلەت ئوردىسى ئىشخانىسىدا قوبۇل
قىلدى. مۇسا تىزلىنىپ، پېشانىسىنى ئۈچ قېتىم يەرگە تەگكۈزدى.
ھۆكۈمدار ئولتۇرغان تەختنىڭ پۇتىنى سۆيدى. ئۇنىڭغا ئورنى-
دىن تۇرۇش ئىجازەت قىلىندى. سۇلتاندىن ۋە قارا تونلارنى
كىيىنشكەن ئۆلىمالار، ۋاللىداپ تۇرغان تونلارنى كىيگەن
ئەمىرلەر، ئەمەلدارلاردىن قانداق سۆز بولۇشىنى كۈتۈپ بېشىنى
ئېگىپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ۋەزىر:

— گەپ قىل! — دەپ بۇيرۇدى.

مۇسا يەنە تەزىم قىلىپ، ئەيىبىنى بويندىن ساقىت قىلماي، بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى باشتىن ئاخىر سۆزلىدى. ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن سالجۇقىيلار زېمىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئەلا ھەزرەتنىڭ بۇ ئىتائەتمەن قۇلىنىڭ قەلەم رايى ئاستىدىكى لەرىندى شەھىرىنى ماكان تۇتۇشنى ئىختىيار قىلغان شەيخۇل ئەزەم، سۇلتانۇل ئۆلىما شەنىگە ئاشۇرۇپ ھەمدۇ سانا ئوقۇدى.

ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى، سېرىق ساقال ئالاھىددىن كەي قۇباد I يېقىندا كرايىبزۇندقا قىلغان يۈرۈشىدىن غەلىبە بىلەن قايتقانىدى. ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئۇنۋانلىرى قاتارىغا «ساھىللار بويى ھۆكۈمدارى» دېگەن نامنىمۇ قوشۇۋالغان، چىڭگىز قوشۇنى خارەزمنى تارمار قىلغانلىقتىن، ئەڭ قۇدرەتلىك مۇسۇل-مان پادىشاھىغا ئايلانغان سۇلتان بۇ كۈنلەردە ئۆزىگە ئىنئام قىلىنغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە كۆپ ئويلايتتى، دۇنياغا ھاكىم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. سۇلتانۇل ئۆلىما ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان شەيخۇل ئەزەم ئۇنىڭغا ـــ سۇلتانۇل مەراگە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.

ئەمىر مۇسا ئويلىغىنىدەك بولماي، لەربىندىگە سالامەت
قايتتى. قايتقاندىمۇ سۇلتاننىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە سارايدىن قوشقان ئىككى ساقچى ۋە ئىككى مەخسۇس
ئەمەلدارنىڭ ھىمايىسىدە قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇزرۇكۋار ئاتىمىز
مەرھەمەت قىلىپ، ئۆز خاندانلىرى بىلەن كونىيا شەھىرىنى
خالىسا، سۇلتان ئۇل ھەزرەتنىڭ پەندۇ نەسىھەتلىرىدىن بەھرى ـ
مەن بولار ئىدىم، دېگەن ئالىي تىلىكىنى ئېيتىشتى.

جاندىن ئەزىز مەرھۇملىرى ياتقان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرى ھالاۋەتتە ئۆتكەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىش قانچى ـ
لىك ئېغىر بولمىسۇن، سۇلتان ئەمىرگە بوي سۇنۇشتىن باشقا
ئامال يوق ئىدى. سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ساقچىلار ھەمراھلىقىدا
كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ سۆزى، شەكسىزكى، ئىلتىماس ئەمەس،
بەلكى ئالىي پەرمان ئىدى.

سۇلتانۇل ئۆلىما يەتتە يىل ئاۋۋالقىدەك كىتابلار ۋە
روزىغارلىرىنى تاڭدى. ئۆزئارا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن خوشلى ـ
شىشتى. قەرزلىرىنى تۆلەشتى. لەربىندىدە قېلىپ، ئادەملەرگە
ھەق سۆزنى ئۆگەتكۈچى مۇرىتلىرىغا ھەر خىل تەلىم ۋە
تاپشۇرۇقلارنى بەردى.

يەنە مەدرىسە ئىشىكىدە، بىر چاغدا بەلختە ئۇلارنىڭ ئۆيى
ئالدىدا تۇرغاندەك، كارۋان سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييارلىنىپ
تۇراتتى.

تېخى ياخشى ئۇخشىلىپ كېتەلمىگەن گۆھەر خېنىم تۆگە
ئۈستىگە مەخسۇس پەلەمپەي ئارقىلىق چىقىپ باللىرى بىلەن
بىرگە ئولتۇردى. سۇلتانۇل ئۆلىما كارۋاننى يولغا سېلىپ، دۇئاغا
قول كۆتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## قورغان

كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن **كۆڭلۈڭ**

جالالىدىن رۇمى

### بەسلىشىش

كۆل رەڭ ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلمەكتە ئىدى. يۇلتۇزلار كەينى ـ كەينىدىن ئۆچۈپ، كۆزدىن غايىب بولۇشتى. پەقەت تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان سارغۇچ شولىغا بەرداشلىق بېرىپ، زۆھرە يۇلتۇزىلا يالتىراپ تۇراتتى.

مەزىنلەر ئەزان توۋلاشتى. يۇمشاق شامال تامنىڭ كەينىدىكى يوپۇرماقلارنى شىلدىرلاتتى. دەرۋازىۋەنلەرنىڭ ئۇيقۇلۇق، خىرە ئاۋازلىرىنى تۆمۈر شادىلارنىڭ غىچىرلاشلىرى بېسىپ كەتتى.

شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئەتراپتىكى دېھقانلار ھەيدەپ كەلگەن بۇقىلار ھۆركىرىشىپ، قويلار مەرىشىپ دېگەندەك ئەتراپنى بىر ئالدى.

ھويلىلاردا ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار كەشلىرىنى «تاق ـ تۇق» قىلىشىپ دەسسەپ، سۇغا مېڭىشاتتى.

بازاردا دۇكانلار ئېچىلىشقا باشلىدى. ئوقەتچىلەر رەستىسىدە جوتۇلار بىلەن يەر كولىغۇچىلارنىڭ گۈرسۇلدىگەن ئاۋازلىرى، زەرگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا بولقىلارنىڭ يېنىك تۇكۇلداشلىرى باشلاندى.

تاغ كەينىدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى، پۈتۈن ئەتراپنىڭ باغلىرى، باي، ئەمەلدارلارنىڭ چىمەنزار ھويلىلىرى، يوللىرى، ئېرىقلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئالىقىنىدىكىدەك گەۋدىلەندى.

ھەربىر ھويلا، ھەربىر باغ، ھەربىر سادا ئۇنىڭغا دوست ئىدى — چاقچاق ئەمەس، ئۇ بۇ شەھەردە يېرىم ئەسىر ياشىدى، يەنە كېلىپ قانداق يېرىم ئەسىر! ھىجران يېقىن ئىدى، لېكىن ئۇ يەنە شۇ شولىلار، رەڭلەر، ئەتىر پۇراقلار، ھەر خىل ئاۋازلار گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ شەھەر ھاۋاسىغا تويمايتتى.

كېچىچە مۇئىنىددىن پەرۋانە سارىيىدا بەزمە بولدى. جالالىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى، كونيا شەھرىنىڭ داڭدار شەيخلىرى بەزمىگە تەكلىپ قىلىنغانىدى. مەملىكەتنى ئۇزۇن يىلدىن بۇيان باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان پەرۋانە ھازىر ياش سۇلتانغا ۋاسىيلىق سۈپىتىدە ئىشنى ماڭدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېگانە باشقۇرغۇچىسى ۋە تايانچى بولۇپ قالغانىدى. ئادەتتە ئېغىر-بېسىق بولغان بۇ ئادەم بەزىدە خىيالغا چۆكۈپ، بەزىدە ئويۇن-كۈلكىگە بېرىلىپ، بەزىدە ساقىلىنى سىلاپ كۆزلىرىنى تامغا تىكىپ قارىغىنىچە جىمىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇنىمۇ قانداقتۇر بىر ئىچكى دەرد ئازابلايتتى.

جالالىدىننىڭ سۆزلىرى ۋە شېئىرلىرىدىن مۇئىنىددىن ئۆزىگە تەسەللى ۋە ئىشەنچ ئىزدەيتتى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ يا يۆلەنچۈكى — چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل جەڭگىۋار كۈچىدە ياكى دۈشمەنلىرى — ۋىلايەت بەگلىرىنىڭ ۋە ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز-ئارا پىچاق كۆتۈرۈشۈپ، ئاخىرىدا خارابلاشقان ئەييارلىقىدا، ياكى شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخانغا قارشى تىل بىرىكتۈرگەن مىسىر سۇلتانلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەدەتكارلىقىدا، ياكى پۇقرالارغا سالىدىغان قورقۇتۇش-سىياسەتلىرىدە، ياكى ھېسابسىز كۆپ مال-دۇنياسىدا، ياكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە چېچىلىپ سېلىنىدى

www.uyghurkitap.com

غان مەسچىت، مەدرىس، خانىقا، كارۋان سارايلار قۇرۇلۇشىغا ئاتالغان خەيرى-ئېھسانىدا تاپالايتتى.

ساراي ۋە دىۋان ئىشلىرىدا پىشقان، تەدبىرلىك ئېسىلزادە پەرۋانىنىڭ ئاتىسى سۇلتانىنىڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. شۇنداقلا پادىشاھ خانىدانى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەقىللىك ۋە مەلۇماتلىق كىشى ئىدى. پەرۋانە بەزىدە ئۆزى ھەققىدىكى ئاچچىق ھەقىقەتلەرنىمۇ، بولۇپمۇ، ئۇ جالالىدىن رۇمى ئاغزىدا زىكىر قىلىنسا «غىڭ» دېمەي ئاڭلايتتى، چۈنكى سىياسەتچى بولغانلىقىدىن قۇدرەتنى، ھەتتاكى روھىي قۇدرەتنىمۇ تەن ئېلىپ، ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرەتتى.

چىڭگىزخانىنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن، مەملىكەتتە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بىر پەيتتە، پەرۋانە ئەمرى-مەرۇپ سوراپ جالالىدىنىنىڭ مەدرىسىگە باردى. مەۋلانە ئىنتايىن خاپا ئىدى. پەرۋانىنىڭ ئاشلىق ساقلىرىدا ئاشلىق سېسىپ-چىرىپ ياتاتتى، ئەمما ئادەملەر بولسا ئاچلىقتىن كوچىلاردا يېتىپ ئۆلۈۋاتاتتى.

ئۇ ئالىي مېھماننى تىك تۇرغىنىچىلا قارشى ئالدى، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپمۇ قىلمىدى. ھەممە مەھرەملىرىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قۇرئاننى يادقا بىلىشىڭ، شەيخ سەدرىددىن ھۇزۇرىدا ھەدىس ئۆگىنىۋاتقىنىڭ راستمۇ؟

— راست، ھەزرىتىم.

— ئۇنداق بولسا، ئەمرى-مەرۇپىمىز مۇنداق: كىمكى ياخشىلىق ۋە ئىنساپ يولىغا ماڭمىغاي، شۇ زالىمدۇر. ساڭا پەيغەمبەر كالامى تەسىر قىلماپتۇ، مېنىڭ سۆزۈم تەسىر قىلاتتىمۇ...

پەرۋانە قوشۇملىرىنى تۈرۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلدى. ئىككى ساق ئاشلىقنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئالىمەن دەپ تەييار

تۇرغان ئىسيانىنىڭ ئالدى ئېلىندى. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت خانىۋەيران بولغان ئەھۋال ئاستىدا ھەممىنى تويغۇزغىلى بولامتى؟

ئاخشامقى بەزمىدە تاڭ ئاتقۇچە پەرۋانە جالالىدىننىڭ سۆزلىرى بىلەن شېئىرلىرىغا قۇلاق سېلىپ، خىيال سۈردى ۋە ئاخىرى دىلىدىكى سۆزنى تىلىغا ئۇزاتتى:

— قانداقلا بولمىسۇن، ھەزرىتىم، ئىشلىرىمىزنىڭ ئاۋۋىلى-ئاساسى ئۆزلىرىدىن!

بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كونا دە-تالاش ئىدى. ئەمىرنىڭ شائىر بىلەن، سىياسەتچىنىڭ دانىشمەن بىلەن، ئەمەلدارنىڭ سۆز ئۇستىسى بىلەن بولغان مۇنازىرىسى ئىدى. دەلىللەر ئۆزگىرىپ، ھادىسىلەر ئۆز نۆۋىتى بىلەن ماڭاتتى، شارائىت ۋە دەلىللەر ئۆتكۈنچى-ئەمما تالاش-تارتىش ئۆز ماھىيىتى بىلەن باقىيلىقچە قالاتتى، ئېھتىمال، تاكى سۆز ئەمەلىيەتتىن، ئەمەلىيەت سۆزدىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ شۇنداقلىقىچە قېلىۋېرەتتى.

پەرۋانە كۈچ ئۈستۈن دېسە، جالالىدىن سۆز ئۈستۈن، دەيتتى. بەس، دە-تالاش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن مۇھىم، ئۇلار خۇددى رەقىبلەردەك قارىمۇ قارشى تۇرۇشاتتى.

پەرۋانە مۇسەللەس تەسىرىدىن پارقىراپ كەتكەن ھاۋارەڭ كۆزلىرىنى قىسىپ، بىر قولىنى بېلىگە، بىر قولىنى تىزىغا قويۇپ، بۇنىڭغا مەۋلانە نېمە دەرىكىن، دەپ كۈتۈپ تۇراتتى. مەۋلانە بولسا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى بىر-بىردىن خاتىرىسىگە ئورنىتىۋېلىپ، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمايتتى.

پەرۋانىنىڭ ئاتىسى بىر چاغدا چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ بىر لەشكەر بېشىنىڭ بارگاھىغا دادىللىق بىلەن كىرەلىگەنىدى. بۇ ۋەقە بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش يىل ئاۋۋال — سۇلتان قوشۇنلىرى

www.uyghurkitap.com

قىياستاغ ئېتېكىدىكى دەھشەتلىك ئۇرۇشتا ئېچىنىشلىق دەرىجىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سادىر بولغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ مەسخىرىلىك سۈلھىگە ماقۇل بولۇپ قايتقان: سالجۇق سۇلتانى چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنىڭ ۋاسساللىغا ئايلىنىپ قالغان. لېكىن ئۇ شۇ يول بىلەن پايتەختىنى ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ پاناھىدا مەنسەپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن رەقىبى ئەمىر ئىززىدىنجاننى تەختتىن غۇلىتىپ، ئورنىغا ئۆزى ئولتۇردى. كېيىن تەبرىزگە چىڭگىز قوشۇنىنىڭ ئېلخانى خۇلاگۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەختكە بىراقلا ئىككى ۋارىس — ئىززەتتىن بىلەن رۇكنەددىننى ئولتۇرغۇزۇشقا مۇيەسسەر بولدى. ئاكا-ئۇكا ئوتتۇرىسىدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن جېدەللەردە رۇكنەددىننى ياقلىدى. ئۇنىڭ نامىدىن سىنايىنى قايتا ئىگىلەپ ئۆز تەۋەسىگە قوشۇۋالدى. چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ساخاۋەتچىسى رۇكنەددىننى سۇلتانى مۇتلەق قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇنىڭ رەقىبلىرىنى ئۆلتۈرگۈزدى، كېيىن رۇكنەددىنىمۇ ئۆرۈپ، ياش شاھزادە نامىدىن دۆلەت بايرىقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. بەگلەر ۋە سۇلتانلارنى ئۇجۇقتۇرۇش، ئاكا-ئۇكىلارنىڭ تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە قاتنىشىش پەرۋانە ئۈچۈن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈش ۋاستىسىلا ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خەلقتىن خىراجەت ئوندۇرۇشتا ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇمىدى. لېكىن بايلىق كۆپەيتىشتىن باشقا مەقسىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

پەرۋانە ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايتتى، لېكىن دۆلەتنى ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇلۇپ-بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلاشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. جالالىدىن ئۆز-ئۆزىدىن: بۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇ ئۆز سۆزىگە ئىگىمىدۇ؟ دەپ سورايتتى. ئۇنى بۈگۈن بىز «ئۇنىڭ غايىسى ئاساسى بارمىدۇ؟» دەپ سورىغان بولاتتۇق.

پەرۋانە پەقەت شارائىت ۋە هادىسىلەرگىنە قاراپلا ئىش كۆرەتتى. ئۇ بۈگۈنكى ئۆتۈپ كەتسە كەتكى پالاكەتنىلا بېسىقتۇرۇش چارىسىنى قىلالايتتى، ئەمما مەملىكەت هالاكەتكە يۈزلەنگەندى. پەرۋانىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىسىغا قۇربى يەتمەيتتى، ئۇ بۇرۇن قانداق بولغان بولسا شۇنداق ــ يەنىلا سۇلتان ئەمىر ئىدى.

مەۋلانە خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋاز بىلەن:

ــ ماڭا ئاشۇ ئىشقا قادىر ئىنساننى كۆرسەتكىنە! قېنى ئۇ ئەزىمەت، ئۇنىڭغا پائالىيەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى. ئۇ نەدە؟ دانىش بىلەن، بۇلۇت بىلەن، روھ بىلەن كېڭىشەلەيدۇ. سەن بىزنىڭ يولىمىزدا ئەمەسسەن، بەس، بىزدە هادىسىلەر بار دېيىلسە، ئۇنى قانداق كۆرەلەيسەن؟ ــ دېدى.

جالالىدىن قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر كۈچ ئۇنى كۆتۈرگەندەكلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى:

ــ ئىش، هادىسە ئاۋام خەلق ئويلىغاندەك زاهىرىي بىر نەرسە ئەمەس. زاهىرىي باتىنىغا باغلانمىغان ئىنسان ئۆزىنى هەدەپ ئىشقا ئۇرىدۇ، لېكىن ئاقىۋىتىدە يېتىدىغان جايى باشقىچە بولىدۇ، ــ ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ــ سەن سۆزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، ئۇنى نەزەرگىمۇ ئالمايسەن. هالبۇكى، سۆز ــ ئاۋۋال ئاساستۇر. ئۇ ئىش دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ شۇنداق مېۋىدۇركى، يېڭى ئىشنى دۇنياغا كەلتۈرىدۇ... سەن، مۆئمىندىن پۈتۈن جىسمىڭنى قۇلاق قىلىپ، مەندىن سۆز ئاڭلاشنى كۈتسەن. سەن ئۇنى دېمىسەم رەنجىيسەن، ــ شائىر خىيالغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۆمگەن هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ سۆزۈم سەن ئۈچۈن بۈيۈك بىر ئىشتۇر. سەن، سۆز — ئاجىز، دېدىڭ، راستىنى ئېيتقاندا، سۆزنىڭ ئاجىزلىقى توغرۇلۇق دېگەن سۆزۈڭنىڭ ئۆزى ئاجىز...

جالالىدىننىڭ ئاۋازىدا شۇنداق ئىشەنچ ۋە قەتئىيەت بار ئىدىكى، پەرۋانە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى نېمىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدى، ئۇ بېشىنى ئېگىپ، گەپنىڭ داۋامىنى كۈتەتتى. لېكىن مەۋلانە جىم تۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ هاياجانغا تولۇپ، كۆز ياشلىرىنىڭ ساقاللىرىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سېزىشمەيتتى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتىمۇ سۆز ئىدى. لېكىن هازىر ئۇلارغا سۆز كەملىك قىلاتتى.

جالالىدىن شام، مۇسەللەس، قوي يېغى سېلىنغان ئىسرىق پۇراقلىرىغا، ئۇسسۇل ئويناپ هالىدىن كەتكەن دەرۋىشلەرنىڭ تەر پۇراقلىرىغا تولغان ئۆيدىن چاپسانىراق ساپ هاۋاغا، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىغا چىققۇسى، قەلئە سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاشۇ يەردە يېڭى كۈننى قارشى ئالغۇسى كەلدى.

ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. كەينىدىن ئەگەشمەكچى بولۇپ قوزغالغان ئەمىر-مۇلازىملىرىنى ئىشارەت بىلەن توختىتىپ قويۇپ تاشقىرىغا چىقتى.

ئۆزىنىڭ هەقلىق ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىدى: باشتىن كەچۈرگىنى ۋە هازىرقى پۈتۈن پائالىيەت مەنىسىنى ئۆزىدە جەملەپ، ئۇنى بىر چاپارمەنگە ئوخشاش ئالدىدا كېتىۋاتقانلارغا يەتكۈزۈشكە پەقەت سۆزلا قادىر. لېكىن ئۇ كۆز ئالدىدا بارغانچە كېڭىيىپ كېتىۋاتقان ۋادىغا تەلمۈرگەنسېرى شۇنى سېزەتتىكى، هەققانىيلىقى ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئەمەس، قايغۇ كەلتۈرۈۋاتاتتى.

ھە، سۆز — ئىش دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. لېكىن جالالىدىن
پەقەت مېۋىگىلا ئەمەس، دەرەخكە جان ئاتا قىلغۇچى يىلتىز-
لارغىمۇ، ياپيېشىل شاخلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى غولىغىمۇ،
ئادەملەرنىڭ بېشىغا سايە تاشلىغۇچى يوپۇرماقلارغىمۇ ئىگە بو-
لۇشنى ئىستەيتتى.

ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بىرەر نەرسىنى ئۆزگەر-
تىشكە قۇربىڭ يەتمىسە! قەلبىنىڭ ھەرىكىتى دۇنياۋى ھەر-
كەتكە مۇۋاپىقلاشقان ئىنسانلارغا تەۋە بولغۇچى بۈيۈك سائادەت
ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىشە تىركىشىش
ئىچىدە يۈرىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئىنسان مۆجىزىلىرىگە چوڭ-
قۇرراق سىڭىپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلگەنسېرى، يەر يۈزىدە
شەرمەندىلەرچە زوراۋانلىق قانات يېيىپ، ھەممە يەر قانغا بو-
يالغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ باش سۆزىگە يېقىنلاشقانسېرى،
تېخىمۇ كۈچلۈكرەك سېزىشكە باشلىدىكى، ئىنسان روھى سىغ-
دۇرالىغان ھەممە نەرسىنى سۆز سىغدۇرالمايدۇ. ھېكمەت كۆپ
جايدا — قايغۇمۇ كۆپ.

ئۇپۇق كەينىدىن لاللەدەك قىزارغان بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈشكە
باشلىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇلغان تۆگە كارۋانلىرى-
دەك بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن مېڭىشاتتى. ئۇنىڭ دۇنيانى ئۆز-
گەرتىشكە ئىنتىزار بولۇپ، سۆز ئىزدەپ قىلغان ئىشلىرى — ئۆم-
رىنى تەشكىل قىلغان ئىش ئىزلىرى بىر-بىرىدىن يادىغا چۈ-
شۈشكە باشلىدى.

قۇياش خۇددى چۆمبەل ئارىلىقىدىن قاراۋاتقان كۆزگە
ئوخشاش بۇلۇتلار ئارىسىدىن لەپپىدە چىقتى-دە، قەزنىۋىرەننىڭ
قاغجىرىغان، پاكار تۆپىلىكلىرىنى يورۇتتى. شۇ چاغدا ئۇ بىر
ئۆمۈر قەلبىگە نەقىشلىنىپ قالغان دەھشەتلىك كۈن — ئالتە يۈز
ئەللىك تۆتىنچى يىلى ھىجرىي زۇلقەدە ئېيىنىڭ ئاخىرقى
شەنبىسىنى ئېسىگە ئالدى.

## مۆجىزە

شۇ يىلى سۇلتان ئىززەتدىن چىڭگىز قوشۇنى بىلەن يەنە بىر قېتىم جەڭ قىلدى. لېكىن يەنىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى قىرىلىپ، قالغان بىر قىسمى تارقىلىپ كەتتى.

چىڭگىز قوشۇنى ئادەتتە قاچقانلارنىڭ يەلكىلىرىگە مىنىپ شەھەرگە كىرەتتى. ئەمما قورقۇپ كەتكەن سۇلتان لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنى كونىيا شەھىرىگە ئەمەس، ئورمانزارلىق، تۆپىلىكلەرگە ئۇرۇشتى. چۈشتىن كېيىن چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ ئىلغار ئاتلىقلىرى قەلئەگە يېقىنلاشقاندا شەھەر دەرۋازىلىرى ھەم يېپىق ئىدى.

چىڭگىز قوشۇنى بىر ئاز ئايلىنىپ، قانداق پەيدا بولۇشقان بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن تۆپىلىكلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولدى.

چىڭگىز قوشۇنى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشتىن بۇرۇن پايتەختتىن چىقىپ كېتىشكە ئۈمىد باغلىغان شەھەرلىكلەر، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا تولۇپ كەتكەنىدى، ساقچىلار بۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قوراللىرىنى ئىشقا سېلىشتى. خوتۇن-قىزلارنىڭ زارلاشلىرى، يىقىلىپ ئاياغ ئاستىدا قېلىپ دەسسىلىۋاتقانلارنىڭ ناللىرى، تۆگىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، جان ھەلقۇمىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تىللاۋەتلىرى ۋە تىللاۋەت ئارىلاش خىرقىراشلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

ساقچىلارغا خەنجەر ۋە ئۇزۇن شەمشەر بىلەن قوراللانغان ھۈنەرۋەنلەر ياردەمگە كېلىشتى، ئۇلار شەھەرنى قوغداشقا قەسەم قىلىشقانىدى. ئۇلار بىر ئۇچۇملا ئوردا ساقچىلىرى ۋە شە-

ھەر دەرۋازىۋەنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ نېمىمۇ قىلالار؟ لېكىن، ھەربىي تەلىم كۆرگەن، تەجرىبىلىك بىرەر سەركەردىگە ئىگە بولمىغان بۇ پىدائىيلار چىڭگىز ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا قويدەك قىرىلىپ كېتىشتىن كۆرە، جەڭ قىلىپ قۇربان بولۇشنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

كەچكە يېقىن شەھەر جامەسى مەيدانىدا ئون مىڭلىغان خالايىق يىغىلدى. ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆلۈم ئالدىدا ئىبادەت قىلىشتى، پۈتۈن شەھەرنى يىغا-زار قاپلاپ كەتكەنىدى. ئالدىدا نېمىنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن ياخشى بىلەتتى. كونىيا قولدىن كەتكۈدەك بولسا، ئاياللارنى ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن چۆرىلىك، ئەرلەرنى-ئۆلۈم، ھۈنەرۋەنلەرنى موڭغۇل چۆللىرىدە تاكى قەبرىگە كىرگۈچە جاپا-مۇشەققەت كۈتەتتى.

مەۋلانە مۇرىتلىرى يىغىلغان خانىقا ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەردە ئادەمنى تىت-تىت قىلىدىغان ۋەقە يۈز بەردى. سودىگەر قوشنىسى شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە تەييارلانغانىدى، ئۇنىڭ گۈزەل ئايالى «شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئېرىنىڭ پۇتىغا تاشلاپ، «موڭغۇللار نومۇسۇمنى ئاياغ-ئاستى قىلغۇچە مېنى ئۆزۈڭ ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ زارلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. سودىگەر خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلىدى. خۇددى بىرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغاندەك، خەنجەرنى كۆتۈرگىنىچە تۇرۇپ قالدى. كېيىن خەنجىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئاجىزانە ھۆركىرەپ يىغلىدى. خوتۇنى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مېھرىنىمۇ، ئاجىزلىقىنىمۇ قارغىدى-دە، خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ ئۆز كۆكسىگە ئۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

موغۇللار ئادەتتە شەھەرنى بۇزۇپ - چاقىقىنى بىلەن دىنىي زاتلارغا تەگمەيتتى. جەڭچىلەرنى قىرىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ خانىدانىنى قىلىچلار بىلەن چاناپ، ئاياللار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى قۇل قىلىپ، روھانىيلار بىلەن مۇرەسسەلىشىپ قېلىشقا ئىنتىلەتتى. مۇسۇلمان ۋە خرىستىئان مەملىكەتلىرىدە، ئىران ۋە گۇرۇجىستاندا، ياۋروپادا شۇنداق بولغانىدى. ئىش شۇنداق بولغاچقا، مەۋلانە ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى، گەرچە ئۇلار رەسمىي دىنىي مەنسەپتە بولمىغان بولسىمۇ، ئەجەل چەتنەپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن شەھەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن پالاكەت، خالايىقنى باسقان دەھشەت - ۋەھىمىنى كۆرۈشتىن كۆرە، ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ئەۋزەل ئىدى.

ھازىر ھەممىلا كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. جالالىدىنىنىڭ سۆزىنى — ھەقىقەتنىڭ نىجاتلىق سۆزىنى كۈتۈشەتتى. سۆز — ئەمەل- ئىش. ئەمما ئۇنىڭدىن سۆز چىقمايتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ سۆزى شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ئۇ سۆزلەر ئېغىزىدىن چىقىسىلا ئۇلار بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، ھەددى - ھېسابسىز پارچىلىنىپ، بۆلۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلچەپ، شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، ھېچقانداق سۆز ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆركەشلىگەن سەل ۋە دولقۇنلىنىشنى باسالمايتتى، ھەر قانداق سۆز ئاجىز ئىدى.

قىممەتلىك دەقىقىلەر سۈكۈت ئىچىدە ئۆتتى. كەچنىڭ گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى بارا - بارا شەھەرنى كېپەنلەۋاتقاندەك ئورىماقتا ئىدى.

مەۋلانە بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلىپ، مۇرىتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. گويا ئەپۇ سوراۋاتقاندەك، ھەر بىرىنىڭ كۆزىگە ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى.

كېيىن ئۆيگە كىردى. ئايالى، بالىلىرى بىلەن خوشلاشتى.

پەقەت ۋەلەد ۋە ئالاھىددىن سىريانۇسنى ئەگەشتۈرۈپ خانىقادىن چىقتى، غەم-قايغۇغا چۆمگەن كوچىلاردىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ شەرقى — ھەلقە بەگۈش دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

كۆن بويى كىشىلەرنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئېلىشىپ، نەق ئەزرائىلنىڭ تۇسىگە كىرگەن ساقچى باشلىقى چىراغ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپلا، ساقچىلارغا: بۇلارنىڭمۇ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار، دەپ بۇيرۇشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، ئۇ ئون بېشى — ئەخىي جالالىددىننى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى. ساقچى باشلىقى خىجالەت بولۇپ، شائىرغا يول بوشاتتى.

دەرۋازىۋەنلەر تۆمۈر شادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتى. تۆت ساقچى — ئىككى تەرەپتىن ئىتتىرىشىپ، دۆپ دەرىخىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىنىڭ دەرچىسىنى تاقاپ تۇرىدىغان ئېغىر لۇكىدانىنى بىر ياققا سۈرۈشتى.

جالالىددىن ۋەلەد بىلەن سىريانۇسقا تاڭ ئاتقۇچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئېگىشكىنىچە تۈن قاراڭغۇلۇقى قوينىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تىتىلىپ كەتكەن ماز پاختىدەك بۇلۇتلار خىرە ئاي شولىسىدا كۆزگە ئاندا-ساندا چېلىقىپ، ئالدىراشقىنىچە ئۈزۈپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ يېرتىقلىرى ئارىسىدىن بەزى-بەزىدە يۇلتۇزلار كۆز قىسىشىپ قالاتتى. دالا ئوت-چۆپلىرىنىڭ پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن شاماللار باغلاردا ئايلىنىپ، يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتاتتى، قەلئە دەرۋازىسى ئۈستىدە يۈرگەن ساقچىلارنىڭ بوغۇق توۋلاشلىرى بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە ئۆتكەن كۈننىڭ دەھشەتلىرىنى ئۇزاق-ئۇزاقلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

ئۇ تۈن قوينىدا يالغۇز ئىدى. باغلارنى ئارىلاپ، تونۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭغىز يول بىلەن موڭغۇل ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنغان قازانۋىران تۆپىلىكلىرى تەرەپكە قاراپ ئىلدام مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئۆز قەلبىدە سۆز تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

دېڭىز دولقۇنىنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن، چىڭگىز قوشۇنىمۇ شۇنداق: ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلىش پايدىسىز، لېكىن ھەر دائىم خەلققە ئوخشاش مەھكەم تۇرۇش مۇمكىن. ھېچنېمىسى يوق نامراتلار ئۇلاردىن چۆچۈپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. دۆلەتمەنلەر، بايلار تۈگۈنلىرىنى تېڭىشىۋەرسۇن. شەخسىي مەنپەئەت يولىدا ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان، زۇلۇم پاتقىقىغا پاتقان ھۆكۈمدارلار ئەندىشىگە چۈشۈۋەرسۇن. ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ، يالغان سۆزلىگۈچى ئۆلىما، قانۇنچىلار قورقۇپ-تىترەۋەرسۇن. پەقىر-پۇقرالارغا يەنىلا شۇ ئاسارەت، يېڭىغا ئادەتلەنمىگەن بولغىنى ئۈچۈنمۇ بىر ئاز قورقۇنچلۇق. بىراق ئۆلۈمنىڭ نېرىسىدا بارىدىغان مەنزىل يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە ھالاكەت ۋە زاۋال تۇپرىقىدىن ئېرىسىپ-چىرىگەن كونا ئاساس-تەرتىپلەرنىڭ ئورنىغا يېڭىچە ئېتىقاد ۋە يېڭى ئىنسانىيەت تۇغۇلسا، ئەجەب ئەمەس.

ئۇ ئاستا-ئاستا ماڭغىنىچە تۆپىلىككە چىقتى. تۆۋەندە، خېلىلا يىراقتا گۈلخانلار بىلەن ئورالغان چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ قارارگاھلىرى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەشكەر بېشى بايجۇنىڭ كاتتا چېدىرى كۆزگە ئايرىم چېلىقىپ تۇراتتى. ئوت يالقۇنى چېدىرنىڭ ئاپئاق كىگىزلىرى بىلەن چېدىر ئەتراپىدىكى ئاتلارنى، ساقچىلارنىڭ يالىڭاچلانغان قىلىچلىرى ۋە نەيزىلىرىنى يورۇتۇپ، چاقنايتتى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە كىچىك-كىچىك چېدىرلار تىكىلگەنىدى. گۈلخانلار ئەتراپىدا يانپاشلىغىنىچە غۇژمەك-غۇژمەك جەڭچىلەر ئۇخلىشىۋاتاتتى.

چىڭگىز قوشۇنلىرى بۇ ئىستىلاچىلىق يولىدا تۈركلەر، تاجىكلار، خۇراسانلىقلار ۋە خارەزملىكلەر قاتارلىق كۆپلىگەن قەبىلىلەر، ئۇرۇقلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغانىدى. ھەممە خەلقلەر ئۇلارغا ئۆز قېنى-جەڭچىلىرىنى بەردى. لېكىن پەيتى كەلگەندە چىڭگىز قوشۇنى ئۆزلىرى ئىستىلا قىلغان شۇ خەلقلەر ئارىسىغا ئېرىپ-سىڭىپ كېتىشتى.

قوشۇن ھەتتا ئۇيقۇسىدىمۇ چىڭگىزخان بېكىتكەن يوسۇنلارغا رىئايە قىلغان ھالدا ياتاتتى. بايجۇنىڭ چېدىرىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى — جىرانغار، سول قول تەرىپىدە قوشۇننىڭ سول قانىتى — بىرانغار جايلاشقانىدى. تۈمەنلەر بىر-بىرىدىن ئاتلىقلار ئۆتىدىغان يوللار بىلەن ئاجرىلىپ، مىڭلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يوللار بولسا تارراق، يۈزلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغىنى، پىيادىلەر ماڭىدىغان چىغىر يوللارنى بولسا، ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

شامالنىڭ ئۇچۇرتىشى ئارقىلىق كېلىپ ئاڭلىنىۋاتقان ئىگەر-جابدۇقلارنىڭ شاراق-شۇرۇقلىرى (قاراۋۇللار پاكار بويلۇق ياللىق ئاتلارنى كېچىسىمۇ ئىگەرلەپ تەق قىلىپ قوياتتى) ۋە گۈلخان ئوتلىرىنىڭ يالقۇنجاپ كۆيۈشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، موڭغۇل قارارگاھىنى ئۇيقۇ ئەمەس، ئۆلۈم قۇچىقىغا كىرگەن دەپ ئويلاش مۇمكىن ئىدى. ئەتراپتا ئاجايىپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. جەڭدە غەلىبە قىلغانلىقتىن، ئەتىكى تەنتەنىنى كۈتۈپ، جەڭچىلەرمۇ، مىڭ باشلىرىمۇ ئۆز ئىشلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن كىشىلەردەك ھۇزۇر قىلىپ ئۇخلىشىۋاتاتتى.

جالالىدىن چىڭگىز قوشۇنىنىڭ شەھەرلەرنى بۇزۇپ، باغلار ۋە تېرىلغۇزارلىقلارنى پايخان قىلىشى، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ زالىملىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىغا ئوتلاق زۆرۈرلۈكىدىن بولغان، دېگەننى خىيالىغا كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن قىرىق يىل جەريانىدا ئۇلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، بەلختىن قوغلىغان باسقۇنچى زوراۋانلىقنىڭ دەسلەپكى بوران-چاپقۇنىدىن كېيىن چىڭگىز قوشۇنى خېلىلا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. چىڭگىزخان ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمدى كۆپىنچە چارۋا ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن يەر ھەققىدە ئويلىشاتتى: ئۇلارنى تويدۇرىدىغانمۇ، قاندۇرىدىغانمۇ مانا شۇ يەر ئىدى. شەھەرلەرنى بۇزۇش، قۇرغۇچى ئادەملەرنى قىرغىن قىلىش بىمەنىلىك ئىدى. ئەگەر ئەنە شۇ ئادەملەر پەقەت سان جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرماي، روھىي جەھەتتىنمۇ كۈچلۈك بولىدىغان بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىمنىڭ كىمگە بېقىندىلىقى ئېنىقلا بولىدۇ. شۇ چاغدا بايجۇ نامىدىن، ھەتتاكى ئېلخان خۇلاگۇ نامىدىن نېمىمۇ قالىدۇ؟

ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئاشۇ تۆپىلىكتە تۇردى. ئۇ قارار گاھىغا قارىغانسېرى ئەتە كونياغا زەخمەت يەتمىگىدى، دېگەن ئەندىشە ئېشىۋەردى. ھەتتا سەھەرلىكمۇ دۈشمەن قارار گاھىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، جەڭ ھازىرلىقى ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چەيلەنگەن شەھەرگە ھۇجۇمنىڭ يەنە نېمە كېرىكى بار؟

جالالىدىن يېڭىلىشمىغانىدى. بايجۇ چېدىرىنىڭ بىر تەرىپىگە تىكىلگەن چېدىرلارنىڭ بىرىدە سالجۇق دۆلىتىنىڭ بولغۇسى سۇلتانى رۇكنەددىن كېچىچە كىرپىك قاقماي، يۇڭ كۆرپە ئۈستىدە ئۇيانغا، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ چىقتى. موڭغۇل ئېلخانى ئۇنى ئىسيان كۆتۈرگەن ئاكىسىنىڭ ئورنىغا كونيا تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى بۇيرۇغانىدى. شۇ چېدىردا ئۇنىڭ بىلەن مۇئىنىددىن پەرۋانىمۇ بىللە ياتاتتى. كەلگۈسىدە جالالىدىن بىلەن قانچە يىل-

لارغىچە سۆز ۋە ئەمەل ھەققىدە تىركىشىدىغان پەرۋانە شۇ ئىدى. بىر چاغلىرى ئۇنىڭ دادىسى چىڭگىز قوشۇنىدىن سۇلھىنامە تەلەپ قىلغانىدى — ئەمدى ئوغلى كونيا ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى سورىۋېلىپ، راستىنلا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغانىدى.

لېكىن تۆپىلىكتە تۇرغان جالالىدىن بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ پەقەت مۇلاھىزە قىلاتتى ۋە كۆزىتەتتى. قۇياش دەسلەپكى شەپەق نۇرلىرىنى پەلەككە يايغاندا، ئۇ شەھەر بۇ قېتىممۇ ئامان قالار، دېگەن قارارغا كەلدى ۋە ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ، قۇشلارنىڭ ئەتىگەنلىك بەزمىسىگە تولغان ۋادىغا چۈشۈپ، ئۇ يەردىن قەلئەگە قاراپ ماڭدى.

ھەلقەبەگۇش دەرۋازىسىدا سانسىزلىغان كىشىلەر توپلانغانىدى: دەرۋىشلەر، ساقچىلار، ئەخسىلەر، قانۇنچىلار، موللىلار، كاسىپلار. ئۇلار ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەن مەۋلانىنى كۆرۈپ، ھەممىسىلا ھاياجانلىقتىن «ئاھ» دېيىشىپ كەتتى. بۇ بىر مۆجىزە ئىدى.

غالىب ۋە جەبدەس چىڭگىز قوشۇنى ئۇنىلغان يىللار داۋامىدا كىشىلەر قەلبىگە ئالەمچە قورقۇش-ۋەھىمىلەرنى سالغانىدى. بەزىدە چىڭگىز قوشۇنىنىڭ بىر ئەسكىرى ئۇنلارچە مۇسۇلمان ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا: «سىلەر ئاۋۇ تاشلارغا بېشىڭلارنى قويۇپ يېتىڭلار، مەن بېشىڭلارنى كېسىۋالىمەن» دېسە، ئادەملەر خۇددى بوغما يىلان چىرمىۋالغان توشقانغا ئوخشاش، قېچىشنىمۇ ئويلىماي، ئۇنىڭغا ئەلھۇكمۇلىللا، دەپ بويسۇنۇپ يېتىۋېرەتتى.

مەۋلانە ئۆزى يالغۇز بېرىپ، ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى! بۇ بىر مۆجىزە ئىدى ۋە باشقا مۆجىزىلەرنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

جالالىدىن بۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكدىن

www.uyghurkitap.com

تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان چىرايلىرىدىن بىلىپ، ئۇيلىمىغان يەردىن ئۆز كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر زەئىپلىكنى ھىس قىلدى.

ئىنسان قەلبىنىڭ مۆجىزىسىدىن باشقا مۆجىزىلەرگە ئىشەنمەيدىغان مەۋلانە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇقۇپ، ماھىيىتىنى ئۇقمىغان، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ خەلىپىلىرى دەپ بىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يېڭىراقتىلا ئۇزىغان تۈن ھەققىدە توقۇلغۇسى رىۋايەتنى گويا ئاڭلىغاندەك بولدى. ئەپسۇسكى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆز قىلغۇدەك مادارى يوق ئىدى.

شائىر قازانۋىران ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كېچىدىن ئاتمىش يىل كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى — مەۋلەۋىيلەر جامەسى باشلىقىنىڭ پەرمانى بىلەن مۆھتەرەم شەيخ ئەفلاكى ئۆزىنىڭ «تۆھپەتۇل - ئارىفىن»① دېگەن كىتابىدا، مەۋلانە «ئۆز ئەۋلىيالىق شاراپىتى بىلەن» كونىيا شەھىرىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلدى. شائىرنىڭ ئەنسىرىگەن تەخمىنى يۈز بەردى: پىكىر ئۇرۇقى ئىچىدىن يېپىلىپ، سۆز قاسىرىقىلا ساقلىنىپ قالدى.

ھەسرەتكە چۆمگەن كۆپچىلىك، ئاچ ئادەملەر نانغا قول سۇنغاندەك، جالالىدىنغا قول ئۇزىتاتتى. ئۇلار ئۈمىد كۈتۈشەتتى، مەۋلانە بولسا جىم تۇراتتى.

ھەر بىر ئادەم — بىردىنبىر ۋە تەكرارلانماس بىر ئالەم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار. ئۇ ئۆز-ئۆزىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىنى ياخشى ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ دوزىخى ئۇنىڭمۇ دوزىخى، ئۇلارنىڭ جەننىتى ئۇنىڭمۇ جەننىتى ئىدى. شۇڭلاشقا ئادەملەر نېمىنى ھىس قىلىۋاتقان بولسا، ئۇمۇ شۇنىڭ ھەممىسىنى ھىس قىلاتتى.

① — ئالىم — بىلىمدانلار تۆھپىسى — ت.

جالالىدىن ئىنسانىنى چۈشەنگەچكە، بۇ خالايىقنىمۇ چۈشەنەلىشى قىيىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۇچقۇنلا بولسا كۇپايە قىلاتتى. خالايىق چۆلدىكى قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەن ئوت-چۆپلەردەك گۇررىدىلا ئوت ئالىدۇ. بىرەر خان ياكى سۇلتاننىڭ پەرمانى ياكى ئىرادىسى بىلەن يولغا سېلىنغان قوراللىق قوشۇننى چۈشىنىش ئاسان ئىدى. سۇلتانلارنىڭ نىيەت ۋە مەقسەتلىرى، ئۇلار ئىگىلىگەن مەۋقە-مەرتىۋىلىرى تۈپەيلىدىن چەكلەنگەن بولىدۇ.

موغۇللار قارار گاھى يېنىدا ئۆتكەن ئاشۇ كېچىدە، ئۇ مۇنداق ئويغا كەلدى: قىسمەت بۇ قېتىممۇ كونىسىنى ساقلايدۇ. ئېلخان خۇلاگۇ ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بايجۇنى يېڭى زېمىنلارنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بېسىۋېلىنغان يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئىززەتتىن سۇلتاننىڭ ئورنىغا ئۆز ئىنىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، باج-سېلىقلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، بايلىق يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئادەملەرنى قىرغىن قىلىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟

شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق، بىراق بىر شەرتى بار: بايجۇدا ئادەملەرگە خاس (ئۇمۇ ھەر ھالدا ئادەم-دە) قەھرى-غەزەپ، ئەلەم ھېسسىلىرىنى قوزغىتىپ، ئۆزىنىمۇ، خۇلاگو خانىنىمۇ ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىرەر تاسادىپىيلىق ئەھۋال يۈز بەرمىسە بولاتتى. ئۇنداق بولغاندا...ئۇ چاغدا خاتالىشىپ قېلىش مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ، جالالىدىننىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە بولمايتتى. ۋەزىر-ۋۇزرالار، ئەمىر-ئۇمارالار، ئەمەلدارلارغا ئەمەس — ئۇلار ئىززەتتىن سۇلتان باشچىلىقىدىكى جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ، پايتەختنى تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىگە تاپشۇردى — ئۇنىڭغا، جالالىدىنغا باغلىق: پۇقرا شەھەردە قالامدۇ ياكى ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمدۇ، جەڭدە چىڭگىز ئەسكەرلىرىنىڭ كال-

تەكلىرى ئاستىدا قويدەك قىرىلىپ كېتەمدۇ ياكى تىرىك قېلىپ، جان بېقىش ئۈچۈن جاھاندارچىلىق قىلامدۇ...بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ بىر ئېغىزلا سۆزىگە باغلىق، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ جىم تۇراتتى. بىراق، سۆزلەش قانچىلىك قىيىن بولمىسۇن يەنىلا سۆز قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

— قورقماڭلار. ئەمدى موڭغۇللاردىن قورقۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، قېچىپمۇ يۈرمەڭلار، شەھەر ئامان قالىدۇ.

يۈزلىرى تاتارغان، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن، ئاۋاق ئۈزۈنتۈرا دەرۋىش بىرىنچى بولۇپ ۋارقىرىدى:

— مۆجىزە، مەۋلانە مۆجىزە كۆرسەتتى!

شائىر نەپرەتلىنىپ كەتتى. مۆجىزە؟ بۇ قانداق مۆجىزە؟ كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش، كۆرگەنلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش بىر ئادەم ئۈچۈن مۆجىزە بولامدۇ؟

جالالىدىن سىريانۇس بىلەن ۋەلەدنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆپچىلىك ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىتتىك-ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. قارا چىراغنىڭ مېيىغا ئوخشاش يېپىشقاق ئاشۇ سۆز پۈتۈن شەھەر ئىچىگە تارىلىشقا باشلىدى: «مۆجىزە! مۆجىزە! مۆجىزە!»

ئۇ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ كېتىدۋاتاتتى.

ھويلىغا كىرىپ، ئايالى بىلەن كېلىنىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ پەيدا بولۇش بىلەنلا ئۇلار يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. ئۇ ئىلدام ماڭغىنىچە مەدرىسىنىڭ مەسچىتىگە كىردى. ئۇنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان دوستلىرى، شاگىرتلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەزىم قىلىشتى. يەنىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاشۇ سۆز ئاڭلاندى:

— مەۋلانە بايجۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقۇپ تۇرماي مەرد-

لىكىنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسەتتى! مۆجىزە!

مەردلىكنىڭ مۆجىزىسى ئىمىش! بۇنىڭدا مەردلىك نىمە قىلسۇن!

ئۇ ئەجەلدىن ئەمەس، كۆڭۈل ۋە ئەقىلنىڭ كورلۇقىدىن قورقىدۇ. ھەي، ئۆز جاھالىتىگە ئەسىر بولغانلار! ئۆزۈڭدىن قورق، پەلەككە، ھۆكۈمدارلارغا بولغان قۇللۇق ئېتىقادىڭدىن قورق! ئالەمنى زۇلمەت قاپلارمىش، بېشىڭنى زۇلمەت ئورارمىش! بېشىمۇ، يۈزىمۇ يوق زۇلمەتكە قانداقتۇر بىرەر سۆز، نە بىرەر ئامال تەڭ كېلەلىسۇن!...

ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى شىددەت بىلەن سۆزگە ئايلاندى. قولى ئېگىز كۆتۈرۈلدى:

...نە ئىقلىمۇل پەلەك، نە خالىقۇل ئاللانى بىلمەسمەن!
بىكارغا ئىزدىمە يول، — دېيىشەر، — تېز پەلەك بۇيان كەلگىن!
ئۇيان بېرىش ئۈچۈن مەن ئۇنداق بىر روھنى بىلمەسمەن.
گاھى كۆڭلۈمنى خۇن قىلار، تۇتار ياقامنى گاھ مەھكەم.
نى زالىمدۇر، نىچۈك بىر جادۇگەر؟ مەن ئۇنى بىلمەسمەن.
گويا بىر شىر ئېمىشكىم ئالدىدا سانسىزلىغان قويلار،
شىرمۇ ئۇ ياكى قويمۇ، ئاختۇرۇپ بىر مەنانى بىلمەسمەن.
قېنى ئەنھار① مەنكىم ئاقىۋەت دەرياغا يەتكۈزگەي،
ۋە لېكىن مەن ئاشۇ ئەنھار ئىلە دەريانى بىلمەسمەن.
يۈرەرمەن ھالىم خاراب، قىزار چۆرەمدە بىر بازار،
ئاداشقان بىر گۆدەكتەك نە پايدا، نە سودىنى بىلمەسمەن.
گاھى ماختاپ، گاھى قارغاپ، قىلىشار بەزىدە تەھقىر،
ئەشۇ نادان ئايان ئەمەس، ئاشۇ دانانى بىلمەسمەن.
گوياكى بىر مۈشۈكتەك، ئۆز نەسلىنى يەيدىغان يەر بىلەن ئاسمان
بۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانا، بۇنىڭدەك ئەنقانى بىلمەسمەن.

① ئېقىن سۇلار ــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قادىلار ھەردەم ماڭا مىڭلاپ نەيزىلەر يان ـ ياندىن،
ئاشۇ ئۇزۇن ساپلىق نەيزىلەر بورانىنى بىلمەسمەن.
گۆدەكلىك پەسلىدىن ئۆتتۇم، بىرىپ جەڭگاھلىغا يەتتىم.
ئۇرارمەن ياۋنى، لېكىن يېتەكچى كىمكىن بىلمەسمەن،
بېشىم ئەگدىم پەقەت ھەققە، خوجام ـ سۇلتانۇشاھقا ئەمەس،
ئاشۇ بايجۇ ۋە باتۇ، خان بىلەن توغرانى بىلمەسمەن.
يۇنانۇ تۈرككە جېنىم قۇربان، قۇچاي موڭغۇلنىمۇ ھەردەم.
كىم ئەرمىش ماڭا ئىلخان؟ خۇلاگۇ پادىشاھنى بىلمەسمەن...

بەختكە يارىشا ئۇ شۇ چاغدا يېڭىلىشمىغانىدى. بايجۇ لەشكىرى شەھەرگە كىرمىدى. ۋاقىت زىق بولغاچقا، خۇلاگو باغدادقا قوشۇن تارتماقچىدى.
پەرۋانىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، پۈتۈن شەھەر مال، پۇل، ئالتۇن ـ كۆمۈچ ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلىرىدىن زور سوۋغات يىغىپ، بايجۇغا بەردى.
بايجۇ سۇلتان رۇكنەددىننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن سالجۇق شەھەرلىرى ئەتراپىدىكى سېپىللارنى بۇزۇۋېتىشقا ئەمر قىلدى. ئۇلار بۇندىن كېيىن قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتەلمەيدىغان ھالغا كېلىشى كېرەك.
پەقەت، ۋىلايەت بەگلىرىنىڭ نەزەرىدە ئابرويى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈنلا كونيا بۇنىڭدىن خالىي قالدۇرۇلدى. جالالىدىن دەسلەپ كۆرگەن ئاشۇ ھەشەمەتلىك كونيا سېپىللىرى ئەمدى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان، ئاجىز ئاياغلىرى ئاستىدا يەنىلا مۇستەھكەم تۇراتتى.

### سىپاھسالار

يىگىرمە ياشلىق جالالىدىن، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن جاۋزا ئېيىنىڭ بېشىدا تۆگە مىنىپ دادىسىنىڭ كەينىدىن كېلى-

ۋاتقان چاغدا بۇلارنى كۆرگەنىدى. سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن تولغان زەيكەشلەرنىڭ ئۈستىدە چاقناپ تۇرغان مەرمەر مۇنارلار ئاجايىپ نەقىشلەر، سۈرەتلەر، ئادەم باشلىق شىرلار، بۈركۈت، غەلىتە كېيىنىپ ئۇچۇۋاتقان ئاياللار، تاش ئويمىلاردا بۇ قەلئە قۇرۇلۇ-شىغا قاتناشقان بەگلەرنىڭ ئىسىملىرى، سالجۇق سۇلتانلىرى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىغان فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىن پارچى-لار، بۇلارنىڭ ھەممىسى، كونيا سېپىللىرىنى ئادەم ۋە ھايۋانلار تەسۋىرىنى تەھقىقلىغۇچى ئىسلام قورغىنىغا ئەمەس، گۈزەل مەجۇسى①، بىر ساماۋى خىيالغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق يىللىرىدا جالالىدىن روھانىيلار-نىڭ دادىسىنى قانداق قارشى ئالىدىغانلىقىغا كۆنۈپ قالغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ قارا پەشمەت چاپان كېيىپ، يوغان سەللە ئورىۋال-غانلارنىڭ ئارىسىدا ئوقيا، نەيزە، قالقان تۇتقان نۆكەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك سەپلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ مەخسۇس قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ، ۋەزىر ئەزەم نىزامۇلمۈلك ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىدا مەسلىھەت بەرگىنىدەك غەيرى قەبىلىلەر — گرۇزىن، رۇس، كۇرد، ئافغان ۋە باشقىلاردىن تاللاپ ئېلىنغانىدى. جالالىدىن قوغدىغۇچى ساقچىلار ئارىسىدا سۇلتاننىڭ يېشىل سايىۋىنىنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى.

ئوھوي، سۇلتانۇل ئۇمەرا — ئالاھىددىن كەي قۇبادنىڭ ئۆزى سۇلتانۇل ئۆلىمانى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قەلئەدىن پىيادە چىقىپتۇ ـ دە؟!

سالجۇق سۇلتانىنىڭ دەبدەبىلىك ئۇنۋانى، سەلتەنىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ۋە سارايى ھەشەمەتلىرىگە ماسلاشقانىدى. ئۆزىنىڭ

---

① ئوتپەرەستلەر دىنى، شامانى دىنىنىڭ شەرقلەشكەن بىر بۆلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانچە ئالاھىدىن دېگەن ئىسمغا «شاھنامە»دە كۆرسىتىل-
گەن ئىران ھۆكۈمدارى كەي قۇباد نامىنىمۇ قوشۇۋالغان سۇل-
تان، ئۆز سارىيىدا قەدىمكىي ئىران شاھلىرىنىڭ رەسمىي-يو-
سۇنلىرىنى يولغا قويغانىدى. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى
قارىلىدىغان ئورۇندا سۇلتان باشقىلاردىن پەردە ئارقىلىق ئايرى-
لىپ تۇراتتى. ھۆكۈمدارنى كۆرۈش بۈيۈك شان-شۆھرەت سانى-
لاتتى. تەخت ئەتراپىدا نەيزە ۋە توقماق تۇتقان ساقچىلار تۇرۇشاتتى،
ئۇلار ھۆكۈمدارغا سايىدەك ئەگىشىپ، بەدىنىيەتلىك قىلغۇچىلارنىڭ
جېنىنى جەھەننەمگە يوللاشقا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. ساراي
پاسىبانلىرى، قاراۋۇللار، قورallıق كۈتكۈچىلەر ئۈچۈن قانۇن-
قائىدە — سۇلتانىنىڭ قارار-ئىرادىسى ئىدى.

كۆپ ساندىكى ساراي مۇلازىملىرى ۋە خىزمەتچىلىرى،
ئۆي-يەر باشقۇرغۇچى، ھاممامچى، ساندۇقچى، ئىشىك باقار،
قۇشچى، ئوۋچى، بەقاۋۇل (تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى-ت)،
داستىخانچى، چىنە-قاچا باشقۇرغۇچى، تىۋىپ ۋە قىزىقچىلارغا
ساراي ئەمىرى باشچىلىق قىلاتتى. بەزمىلەردە مېھمانلارنى نو-
پۇز ۋە مەرتىۋىلىرىگە يارىشا ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ، قا-
چان توخۇ ۋە قىرغاۋۇل، قاچان قوي، كەپتەر ياكى كېيىك
گۆشى تارتىشقا ئىشارەت قىلغۇچىمۇ، كۈمۈش كەشتىلىك كىيىملەر
كىيگەن، ئاي يۈزلۈك يىگىتلەرگە مېھمانلارغا شەربەت ياكى
قىمىز، قېتىق ياكى مۇسەللەس سۇنۇلسۇن دەپ پەرمايىش بەرگۈ-
چىمۇ ئاشۇ ئەمىر ئىدى.

ساراي قائىدە-يوسۇنلىرىدىكى دەبدەبە ۋە ھەشەمەتتە
قوشنىسى ۋىزانتىيىنىڭ تەسىرىمۇ بار ئىدى. كۆپىنچە سالجۇق
سۇلتانلىرى ھۆكۈمدار ئاكىلىرى ۋە ئاتىلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلى-
رىدىن چۆچۈپ، تەختنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن ئۇزۇن يىل غۇربەت-
تە ياشاشقا مەجبۇر بولۇشاتتى.

بۇ قىسمەتتىن ئالاھىددىن كەي قۇباد I مۇ قۇرۇق قالمىغانىدى. ئۇ ياشلىق باھارىنىڭ ئون يىلىدىن كۆپرەك دەۋرىنى كونستانتىنوپولدا ۋىزانتىيە پادىشاھىنىڭ سارىيىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ يەردە دەبدەبىلىك قوبۇل مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، زامانىۋى تېخنىكا مۆجىزىلىرى نامايىش قىلىناتتى، سۇيۇقلۇق بېسىمىنىڭ ياردىمى بىلەن پادىشاھنى ئولتۇرغان تەختى بىلەن تورۇسقىچە كۆتۈرۈشلەر بولغۇسى سۇلتانىنى دەسلەپتە ھەيران قالدۇردى. بىراق ئو مەلۇم ئۇسۇللارنىڭ بىرلا خىل، تەكرارلىقىغا، ئۆزىنى ھەر كۈنى ساختا ئۇلۇغۋارلىققا سالغۇچى پادىشاھنىڭ ئىغۋا، پىتنە-پاسات بىلەن تولغان تۇرمۇشىغا ئوبدانراق زەن سېلىپ، ئەرۋايى ئۇچتى، زېرىكتى.

بولغۇسى سۇلتاننىڭ بىردىنبىر ئاتىدارچىلىق قىلغۇچى بوۋىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنلىرى پەقەت «ئوغۇزنامە» دېگەن كىتابتىلا بار ئىدى. بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا باش پاناھى ئاتابېك بەدرىددىن گۆھەرتاش تەقدىم قىلغان، ئۇنىڭدا ئوۋ ئوۋلاش، بەزمە ۋە جاسارەتلىك كۆچمەنچىلەرنىڭ ھاياتى ساددا ۋە گۈزەل تىل بىلەن يېزىلغانىدى.

كونيا تەختىگە ئولتۇرۇش بىلەن ئالاھىددىن كەي قۇباد چىشىنى چىشلەپ، شۇ چاغقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن رەسمىي-يوسۇنلارنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئىمكانىيەت تېپىلسىلا، سارايدىن قاچاتتى. مۇبادا سەپەرگە چىقىشقا باھانە تاپالمىسا، ئىككىنچى پايتەختتى قەيسەرىگە بېرىشقا، باھار كېلىشى بىلەن جەنۇبقا، دېڭىز بويلىرىغا بېرىشقا ئالدىرايتتى.

سۇلتان بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقىيا، پىچاق، ئېگەر-جابدۇق ياساش، ياغاچچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. شاھماتنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئويۇندا ماھىر جەڭچى ھېسابلىناتتى. بەزىدە ئىران شاھلىرىغا ئەگىشىپ، بېنايىغا ئوخشاش رۇبائىيلارنىمۇ

www.uyghurkitap.com

يازاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن مەشغۇلاتى — ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى، بەگلىرى، نائىبلىرى، مەشھۇر باتۇرلىرى، شان - شۆھرەتكە تەشنا ياشلىرى قاتناشقان ئاتا - بوۋىلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلىق ئىدى.

ھەر قېتىملىق ئوۋ ئونبەش كۈن داۋام قىلاتتى. ئاۋۋال تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ، ئاندىن ئوۋلاشقا چۈشەتتى. ئوغۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئوۋدا بىرىنچى بولۇپ سۇلتان ئوق ئاتاتتى، ئاندىن بەگلەر، كېيىن ئوتتۇراھال ئەمەلدارلار، ئاخىرىدا ياشلار ئوق ئېتىشاتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بەگ ۋە نائىبلارنىڭ قوللىرىدا كۈچ، كۆزلىرىدە قۇۋۋەتتى بارمۇ - يوقمۇ، ئۇلارنى چاققان ۋە ئەزىمەت ياشلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋاقتى بولۇپ قالدىمۇ، دېگەننى ئېنىقلاش ئىدى. نېمىشقىكى يەر - مۈلۈكلەر ئەمەلدارلارغا مۈلۈك قىلىپ بېرىلمەي، باشقۇرۇشقا بېرىلەتتى، يەنى مىراس قىلىپ بېرىلمەي خىزمىتىگە قارىلاتتى. خىزمەت — بۇ ھەممىدىن بۇرۇن ھەربىي خىزمەت ئىدى. بىر ئوقتا قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەرگە سۇلتان تەرىپىدىن بېشىغا تاقاش ئۈچۈن ئۇكە بېرىلەتتى، يولۋاس ئۆلتۈرگەنلەرگە بويىنىغا ئېسىش ئۈچۈن ئالتۇندىن ئىشلەنگەن قۇتاس① بېرىلەتتى. ئوۋ جەريانىدا ئالاھىدە دەم ئېلىش بەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قويلار سويۇلاتتى. ھەر بىر كىشىگە بەلگىلەنگەن ئادەت بويىچە ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە سۇلتانغا قانچىلىك يېقىنلىقىغا قاراپ گۆش تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. ئەنە شۇ بىر پارچە گۆشنى يېيىش بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمدارىغا بولغان ساداقەتلىكىنى يەنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى. شۇ بىر پارچە گۆشكە قاراپ ياش جەڭچى ياكى خىزمەتكارنىڭ يېڭىدىن مەنسەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىنىنى ۋە كونا ئەمەلدار-

② ئاتنىڭ ياللىغا ئاسىدىغان بېزەك—ت.

نى مەنسەپتىن قالدۇرغىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئالاھىددىن كەي قۇباد روھىي جەھەتتىن كۆچمەنچى - ئوغۇزلۇقى بويىچە، ئەمما دىنىي ئېتىقادقا پەۋقۇلئاددە بىر جىددىيەت بىلەن مۇناسىۋەتتە بولاتتى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئاتا - بوۋىلىرى - تېجىمەل مولىلار قوللانغان يېزىقتا تۇمارغا قارىغاندەك، خۇراپىيلىق بىلەن ئىشىنەتتى. ساۋاتسىز تۈرك دېھقانلىرى ھەتتا يەردە بىر پارچە قەغەز كۆرۈپ قالسا، ئۇنى قولىغا ئاۋايلاپ ئېلىپ، بۇنىڭغا كالامى شېرىپ پۈتۈلگەن بولمىسۇن يەنە، دېگەن ئويغا كېلەتتى.

سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇبادنىڭ ھەر بىر يارلىق، ھەربىر پەرمانى مۇقەددەس ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلىناتتى. ھەر قېتىم پەرمانغا قول قويۇشتىن ئاۋۋال ئۇ نامازغا تاھەرەت ئالغاندەك تاھەرەت ئالاتتى. تەبىئىيكى سۇلتان روھانىيلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ مەرھۇم ئاكىسى يەنىلا سەلتەنەت ئىگىسى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمان دۇنياسىدا شەيخۇل ئەزەم دەپ داڭقى كەتكەن، ئەسلىدە تەكتى ئىسپانىيىلىك بولغان ئىبىن ئەل - ئەرەبىينى كونياغا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ سوپى - ئۆلىمانى ئاتىسىدەك ئەزىز كۆرەتتى، ئۇنىڭ پەندۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالاتتى، ئەتراپى ناسارالار بىلەن قورشىلىپ قالغان شارائىتتىمۇ سىياسىي ھەم مەنىۋى مەسىلىلەردە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى.

ئاكىسىنىڭ تەختتىكى ئورنىنى ئىگىلىگەن ئالاھىددىن كەي قۇباد، موڭغۇل ئىستىلاسى يىللىرى ئۆزىنىڭ سارىيى ئەتراپىغا مۇسۇلمان ئېلىنىڭ بىر مۇنچە چولپانلىرىنى يىغقانىدى. لېكىن سۇلتانۇل ئۆلىما دەپ ئاتالغان بەلخلىك ۋائىزنىڭ كېلىشى پەۋقۇلئاددە ھادىسە بولۇپ، ئۇنى ئۆزى قارشى ئېلىشقا قارار قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كارۋان قەلئە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا ئاتىسى تۆگىدىن چۈشتى. سۇلتانۇل ئۇمەرا پارقىراق كىيىملىرىنى كىيىپ، قىممەت باھالىق جابدۇقلار بىلەن قوراللانغان مەھرەملىرى بىلەن، سۇلتانۇل ئۆلىما بولسا ئاددىي‌تون، پۆشتى رەڭلىك ئۇزۇن يەكتەك كىيىشكەن بىر توپ مۇرىتلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ مېڭىشتى.

سۇلتان تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن بۇ ھۆرمەتتىن ئاتىسى پايدىلاندى.

ئارىلىقتا ئۈچ قەدەمچە قالغاندا، سۇلتانۇل ئۆلىما توختاپ تەزىم قىلدى.

سۇلتانۇل ئۇمەرا يەنە بىر قەدەم تاشلاپ ھۆرمەتلىك بوۋاينىڭ قولىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېڭىشتى. لېكىن بوۋاي مەغرۇر تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قولىنىڭ ئورنىدا ياغاچ ھاسىسىنى ئۇزاتتى.

سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇبادنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىدە غەزەبلىك بىر چاقناش ئەكس ئەتتى «بۇ نېمە دېگەن مەنمەنلىك!» لېكىن باشقا چارە قالمىغانىدى، ئۇ ئاچچىقىنى يۇتۇپ ھاسىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزدى.

شۇ چاغدا سۇلتانۇل ئۆلىما شەيخ ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك، ئەمما ساددا دىل كىشىلەرگە چاقماقتەك تەسىر قىلىش ئۈچۈن كارامەت بىر سۆز قىلدى:

ــ ھۆكۈمدار، مېنى تەكەببۇر دەپ بىھۇدە ئويلىدىڭ! مۇسەللەملىك① ـ گاداھلىق قىلغۇچى ئۆلىمالارنىڭ ئىشى، ئەمما بۇ ــ دۇنيانىڭ سۇلتانلىرى بىلەن نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئالقىنىدا تۇتقۇچى دىيانەت سۇلتانلىرىغا مۇناسىپ ئەمەس!

بۇ سۆزلەر ئالاھىددىن كەي قۇبادنى گاڭگىرىتىپ قويىدى، مېھمان ئۇنىڭ پىكرىنى بىلىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ئېھتىرام

① تەسلىم بولۇش، خۇشامەتچىلىك ــ ت.

بىلەن مېھماننى سارايغا جايلىشىشقا تەكلىپ قىلدى.

ئەمما سۇلتانۇل ئۆلىما سارايدىن كۆرە، ئالتۇنىيە مەدرىسەنى تاللىدى. پايتەختكە ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىك شەرىپىگە پادىشاھ تەرىپىدىن سوۋغات قىلىنغان ئىنئاملارنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەردى. بۇ، سۇلتان ئالدىدا ۋە ئۇنىڭ سارىيىسى ئىچىدە ئۆلىمانىڭ ئېتىبارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ جامائەتكە ۋەز ئېيتىشقا تەييارلىنىشىغا ئىلھام بەردى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى ئوبدان جايلاشتۇرۇلدى، پۇختا سېلىنغان، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن، ئۆستەڭدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان سۇلار، باغلار، ئۈزۈمزارلار بىلەن ئورالغان كونيا شەھىرى-شاراپەتلىك پايتەختتە تۇرمۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى.

كونيادا بازارلار ئاۋات ئىدى: ئات بازىرىدا-ئۇچقۇر ئاتلار بىلەن، ئاشلىق بازىرىدا ئارپا ۋە تېرىق بىلەن، قۇل بازىرىدا-ئادەملەر بىلەن سودا قىلىشاتتى. جوھۇت مەھەللىسىدە مۇسەللەس، يۇنان مەھەللىسىدە نەشە سېتىشاتتى. نان، ھەسەل، ماي، قوي گۆشى تولىمۇ ئەرزان ئىدى. بۇ ئەسلىدە دېھقاننىڭ مېھنىتىنىڭ تولىمۇ قەدىرسىز بىكارغا دېگۈدەك كېتىۋاتقانلىقى ئىدى.

مىسكەرلەر، زەرگەرلەر، خام بازىرى، قورال-ياراق بازىرى ۋە ئۇلاق بازىرى بىر-بىرىدىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى، كەچ بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقىلاتتى.

دۇنيانىڭ بارلىق بۇرجەكلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن ئادەملەر ھۈنەرۋەن ۋە سودىگەر جامەسى، بەدەۋلەت ئەمەلدارلار سالدۇرغان كارۋان سارايلار، مەدرىس ۋە خانىقالارغا تولۇپ كېتەتتى. شەھەردە مەخسۇس قاراۋۇل، خىزمەتكارلار قويۇلىدىغان قەبرە ۋە گۈمبەزلەر، ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ-تاشقان نۆكەرخانە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لار، خەتتاتلار، كاتىپلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىشخانىلارمۇ ھېسابسىز ئىدى. بۇ ـــ ئالىم ۋە ئۆلىمالار شەھىرى ئىدى، شۇنداقلا شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك مەيخانىلىرى، يۈزلەپ چۆرىلىرى بار، ئەيش ـ ئىشرەتلىك بەزمىخانىلىرى بار شەھەر ئىدى.

بۇ يەردە سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىۋاتاتتى. كۆڭلىگە ياققان بۇ كونىيا ـ ئۇنىڭ پانىي دۇنيادىكى ئاخىرقى خۇشلۇقى، ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ تۇيۇلاتتى.

بىر قېتىم سۇلتانۇل ئۆلىما جالالىدىن بىلەن شەھەر سېپىلى ئۈستىدە، ھازىر ئۇ تۇرغان يەردىن ئوتتۇز قەدەم نېرىدىراقتا تۇرۇپ شەھەرگە زەن سالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ، سۇلتان سارىيى بىلەن ئەمىر قورغىنىنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان گۈمبەزلىرىگە، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ پەشتاقلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدىغان بۇ شەھەرگە قاراپ، بىردىنلا قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، مۇنداق دېگەنىدى:

ـــ ئوغلۇم، قاراپ باققىنا، بۇ سانسىزلىغان ئۆيلەرنى! بۇ شەھەردە نەۋرىلىرىمنىڭ نەۋرىلىرىمۇ ياشاپ قالسۇن!...

سۇلتانۇل ئۆلىما ئۆمرىنىڭ كونىيادا ئۆتكەن كېيىنكى ئىككى يىلى ئەنە شۇنىڭغا ـــ ئەۋلادلىرىم مۇشۇ تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشسۇن، دېگەن ئارزۇغا سەرپ قىلىندى.

جالالىدىن تاغنىڭ مەيىن سالقىن شامىلىدىن بىر ئاز شۇركۈندى، ياشلىق چاغلىرىدا ئاشۇ مەيىن شامال ئۇنى روھلاندۇراتتى، ئوي ـ خىياللىرىنى ئويغىتىۋېتەتتى. ئۇ بىرئاز توڭلىدى، ئاخشام پەرۋانە سارىيىدىن چىقىشىدا يېپىنىۋالغان تونىغا مەھكەم ئورىنىۋالدى.

ئۇ قاراۋۇللارغا پەرۋامۇ قىلماي، يېنىدىكى مۇنارنىڭ دال-

دىسىغا ئاستا ئۆتۈپ، شامالدىن دالدىلاندى ۋە شەھەرگە قارىدى.
ئۇنىڭ كۆزى سۇلتان سارىيىغا چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆز خانىقاسىنىڭ يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا خىرە يالتىراپ تۇرغان گۈمبىزىنىمۇ بايقىۋالدى.
ئۇنىڭغا ۋە شاگىرتلىرىغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاشۇ مەدرىسىمۇ سۇلتانۇل ئۆلىما ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرسەتكەن ئاددىيلا بىر كارامەتنىڭ مېۋىسى ئىدى.
ئاشۇ جۈمە كۈنى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ۋەزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كونيانىڭ بارلىق ئېسىلزادىلىرى توپلانغانىدى. دەمەشىق مېمارلىرى سالغان، گۈمبىزىنىڭ ئاستىغا مىڭلاپ كىشىلەر سىغىدىغان، يېڭى مەسچىت جامەگە سۇلتان ۋە ئۇنىڭ خانىدانىمۇ قاتناشقانىدى. سۇلتانغا ئەگىشىپ ساراي ئەھيانلىرى، ئەمىرلەرمۇ كېلىشكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىۋان بەگلىرى، بەگلەر بېگى، سۇلتاننىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ئەمىر كۆتكۆچىسى، ئەمىر ئىشىك باقارى، ئاتابېك، مۆھۈردار، كاتىب - مۇنشى، قازىكالان، سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر جامەسىنىڭ ئاقساقاللىرى بار ئىدى.
سۇلتانۇل ئۆلىما قارا ياغاچتىن ياسىلىپ، قەدىمكى نەقىشلەر چېكىلگەن مۇنبەرگە چىقىپ، ياراتقۇچىغا ھەمدۇسانا ئېيتتى، كېيىن سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇباد نامىغا خۇتبە ئوقۇدى. ئاندىن بىرئاز جىم تۇرۇۋېلىپ، يىغىلغان كىشىلەرگە زەن سالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك:
— ۋاماتەردرى نەفسۇن مازا تەكسىبۇ غەدەن ۋاماتەدرىن نەفسۇن بىئايىي ئەرزىن تەمۇتۇ، ئىننەللاھە ئەلىمۇن خەبىر...①
بۇ قۇرئاننىڭ ئوتتۇز بىرىنچى سۈرىسىدىكى ئاخىرقى ئايەت ئىدى. ھەربىر ۋەز قۇرئان سۆزى بىلەن باشلىناتتى. لېكىن

① جان ئەتە نېمە بولۇشنى بىلمىگەي ۋە قەيەردە ئۆلۈشىنىمۇ بىلمىگەي — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتىسى ئۇنى شۇنچىلىك بىرىلىپ ئېيتتىكى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى جىغىلدىتىۋەتتى.

ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ ۋەزى بۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەر تەرىپىدىن قانداق ۋەزىيەتتە ئېيتىلغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتانۇل ئۆلىما قۇرئاننى يادقا بىلەتتى، ئۇنىڭ ساغلام ۋە مۇستەھكەم خاتىرىسىدە توم ـ تومى بىلەن تۈرلۈك تەلقىن ۋە ئىزاھاتلار، ھېسابسىز رىۋايەتلەر، شېئىرىي پارچىلار ساقلىناتتى. بىر ئايەتنىڭ ئىزاھاتى ـ مەزمۇنىدىن يېڭى ـ يېڭى مەزمۇن، ئىزاھاتلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېتەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك بىلەنلا ئاڭلىماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلاش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىدى، پەقەت چىن يۈرىكى ـ قەلبى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش لازىملىقى ھەققىدە سۆزلىدى.

ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋەزى شەكلىدىن مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئىدى. ئۇ ئەقىلگە، مەنتىقىغا ئەمەس، تۇيغۇغا يۈلىنەتتى. ئۇ سۆزنى كۆپىنچە ئوخشىتىش ۋە تەمسىللەرنى شېپى كەلتۈرۈش ئارقىلىق خالايىق بىلەن بىۋاستە سۆزلىشەتتى.

ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىرىگە زەن سېلىپ، ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۇنىڭ يۈز ئىپادىسىدىن بىلىۋالاتتى.

ئىككىنچى قاتاردا ئولتۇرغان سابىق ئاتابېك، بۈگۈن ساراي ئەمىرى بەدرىددىن گەۋھەر تاش باشقىلارغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى كۆپچىلىك پىكرىدىن باشقىچىرەك ئىدى. بولغۇسى سۇلتان بىلەن كونستانتىنوپولدا سۈرگۈندە يۈرگەن يىللىرى ئاتابېك بەدرىددىن گەۋھەر تاش ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەرنى كۆپ كۆرگەنىدى. غارايىباتلار تۈپ ماھىيىتىدە كۆپىنچە تولۇق ماھارەتنىڭ بارلىقىنى بىلى

ۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەئەججۇپلىنىشىغا ئىستېھزا ئارىلاشقانىدى. «ئۆلىسىما بالا-دە! — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا ھاپىزلىق ماھارىتىنىمۇ يەتكۈچە بېرىپتىكەن: شۇنچە ھېكايە، رىۋايەتلەر، شۇنچە تەھلىل ۋە تەلقىنلەرنى يادقا بىلىدىكەن! ئۆزىمۇ بىر قېتىم ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن سائەتلەپ كىتاب كۆرسە كېرەك».

ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئەمىر بەدرىددىن قۇرئان سۈرىسىنى ئوقۇ!

ۋائىز ئەمەلدارلار ئىچىدە ئەڭ بەدەۋلەت ھېسابلىنىدىغان، سۆلەتلىك ئەمىرگە كۆزىنى تىكىپ، ئۇنىڭ يۈزىدە بىردەملىك شۈبھە-ئەندىشە سايىسىنى كۆردى ۋە ئوقتى.

قويۇق ساقاللىق، ئېغىر مىجەزلىك ئاتابېك، چاتاق ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. تەمتىرەپ، «مۆمىنلەر» سۈرىسىنىڭ بىرىنچى سۈرىسىدىن ئوياقا ئۆتەلمىدى.

— قەد ئەفلەھەل — مۆمىنۇ نەللەزىنە ھۇم فى سەلاتىھىم ھاشىنۇن...①

— ئەمىر بەدرىددىن ئەمدى سۆزۈمنى ئاڭلا، — دەپ ئۇنى توختاتتى ۋائىز، — بىرلا شۇ «قەد ئەفلەھەل»گە مەن تەييارلىقسىزلا، پىكىر-مۇلاھىزە يۈرگۈزەي، قانچىلىك تەھلىل قىلىپ بېرەلەيمەن...

ئاتابېك مۇنبەر پەشتىقىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ قولىنى سۆيۈپ، خىيالىدىن ئۆتكەن شۈبھە-ئەندىشىگە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىقرار بولدى. ئاندىن پەسكە چۈشۈپ،

---

① تائەت-ئىبادەت ۋاقتىدا تەۋازى بىلەن ئاللاغا بويسۇنغانلار جەننەتتى بولغۇسى... — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

جامائەت تەھسىنى ئاستىدا مۇنبەرنىڭ سۇپىسىنىمۇ سۆيدى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇ سۇلتانۇل ئۆلىمانى پىردىم دەپ ئاتىدى.

— بەس، ئۇنداق بولسا، — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ۋائىز، — ھەق يولىغا قايتقانلىقىڭ ئۈچۈن يارات-قۇچىغا شۈكۈر دەپ، ماڭا مەدرىسە قۇرۇشقا ئەمىر قىل!...

مانا، ئاشۇ گەۋھەرتاش مەدرىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئاتابېك تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان قارا ئارسلان يېزىسىمۇ ئۇنىڭ ۋەقپى ھېسابلىنىدۇ. پەرۋانىنىڭ چاقۇسى بىلەن چىڭگىز ئەسكەرلىرى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ئاتابېكمۇ، سۇلتانۇل ئۆلىمامۇ ئاللىقاچان دۇنيادىن كۆز يۇمۇشقان. تەڭرى ئۇلارغا رەھمەت قىلغاي. ئەمما ئۇلار تىكلىگەن ئاشۇ قورغان ھازىر يەنىلا قەد-دىنى كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

دەرۋەقە، ئاتىسى: «ساخاۋەت ئۈچۈن قورغان قۇرغان، دۇنيا بىلەن تەڭ ياشىغاي» دەپ ئېيتمىغانمىدى!

بۇ سۆزنى سۇلتانۇل ئۆلىما ئاۋۇ يەردە، سۇلتان دەرۋازى-سىنىڭ مۇنارىلىرىنىڭ يېنىدا ئالاھىدىن كەي قۇبادقا ئېيتقانىدى، شۇ چاغدا پادىشاھ يېقىندا سېلىنىپ بولغان قورغاننى كۆرسىتىپ، ۋائىزنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى.

— شاھىم كۆركەم ۋە مۇستەھكەم قورغان سالدۇرۇپسەن، بۇ قورغان شەھەرنى باھار تاشقىنلىرى ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇم-لىرىدىن قوغدىغۇسى، - دېگەنىدى سۇلتانۇل ئۆلىما، — ئەمما ئۆ-زۈڭنى مەزلۇملارنىڭ ئاھىدىن، ئۇلارنىڭ دۇئايىبىتىدىن① قانداق مۇھاپىزەت قىلارسەن؟! ئۇ ئوقلار تاشنىمۇ، تۆمۈرنىمۇ، تەننىمۇ تېشىپ ئۆتىدۇ. ئاللا مەدەتكارىڭ بولغاي، ياخشىلىق ۋە ئادالەتتىن قورغان قۇرغايسەن، ئۇ يۈز مىڭ تاش قورغاندىن مۇستەھكەمرەك بولۇر،

① قارغىشىدىن — ت.

چۈنكى رەئىيەتنىڭ ــ يۇقرانىڭ ئۈمىدىمۇ، پاناھىمۇ شۇ قورغاندۇر!

قارۇنمۇ قارا تۇپراقتا بولدى پىنھان،
قالدى پەقەت ھېسابسىز مالۇ بىسات.
ئەل ئىچرە ھامان ھاياتتۇر نۇشىرۋان،
كەتكەچكە قالدۇرۇپ ياخشى نام ـ ئاتاق.

كىچىك ئاسىيانىڭ سالجۇق سۇلتانلىرى ئارىسىدا ياخشى
نام قالدۇرغان يالغۇز ئالاھىددىن كەي قۇباد I بولدى. شۇڭغىچە
يەرلەر ھېچقاچان شۇنچىلىك ئۈنۈمدار، يوللار شۇنچە بىخەتەر،
كونيادا سوقۇلغان تەڭگىلەر شۇنچىلىك قىممەتلىك، ھۈنەرۋەنچى-
لىك شۇنچىلىك راۋاج تاپقان، شەھەر شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك
بولمىغانىدى.

ئالاھىددىن كەي قۇباد ئۇرۇشلارنى قىلىپ، يەرگە يەر قوش-
تى، ئەمما بېسىۋالغان يەرلىرىنى خانىۋەيران قىلمىدى، غەيرىي
دىندىكىلەرنى قىرغىن قىلمىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنى دۆلەت
قۇرۇلۇشىغا جەلپ قىلدى.

مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ قورقماس، قەيسەر ئوغلى جالال-
دىن چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇراسان شەھەرلىرىدە
كۆتۈرۈلگەن ئىسياندىن پايدىلىنىپ، موڭغۇللارغا قارشى كۆرەش-
نى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستاندىن قايتىپ كەلدى. چىڭ-
گىزخان قوشۇنلىرىنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي، خارەزم بەگلىرى
ۋە قايتا توپلانغان قوشۇنى بىلەن شىرۋاندا ئورۇنلاشتى. گۇر-
جىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سالجۇق دۆلىتىنىڭ چېگ-
رىلىرىغا قەدەم تاشلىدى. ۋەن كۆلىنىڭ ساھىلىدىكى ئاخلەت
قورغىنىنى ئىگىلىدى. سۇلتان ئالاھىددىن ئومۇمىي دۈشمەن ــ
چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلىپ،
جالالىدىنغا ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەكلىپ قىل-

دى. ئەپسۇسكى، ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى شۇ پېتى ئۆزىگە سىڭدۈ-
رۈۋالغان خارەزمشاھ جالالىددىن ئۇرۇشنى تاللىدى ۋە ئەرزىن-
جاننىڭ يېنىدىكى ياسسىچەمەندە بولغان بىرنەچچە كۈنلۈك
جەڭدە تارمار بولدى. ئالاھىددىن كەي قۇباد دۈشمەندىنمۇ
مەرھەمەتسىزلىكنى ئايىمىدى: خارەزم بەگلىرى، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى
ۋە ئەسكەرلىرىگە ئۆز دۆلىتى دائىرىسىدە يەر ئاجرىتىپ بەردى.
مىسىر پادىشاھلىرى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن كونياغا باس-
تۇرۇپ كەلگەندە، ئالاھىددىن كەي قۇباد ئۇلارنى تارمار قىل-
غان بولسىمۇ، لېكىن تەقىپ قىلىپلا، خارپۇتىدىن نېرىغا ئۆتمى-
دى، چۈنكى مەملىكەتنىڭ خەۋپسىزلىكى كاپالەتلەندۈرۈلگەنىدى.
شائىر مۇنۇلارنى ئويلىدى: مەملىكەتنىڭ سائادىتىگە ئەمەس،
باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، بېسىۋېلىش شۆھرىتىگە بېرىلگەن سۇلتان-
لار تاياقتىن قورقۇپ يۈگۈرگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ، ئېشەك
بىچارىمۇ ھارۋا تارتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق ياكى كۆزى
باغلاقلىق ئاتقا ئوخشاش، ئۇمۇ بىر دائىرىدە ئايلىنىۋېرىدۇ، بىراق
ئۇ چاقپېلەكنى چۆگىلىتىپ چوڭقۇرلۇقتىن سۇ، كۈنجۈتتىن ياغ
تارتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.
كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بىر ئۆزى ئۈچۈنلا كۆيۈپ-پىشسا، ئۇ ئىنسان ئەمەس،
بەلكىم بىر قورالدۇر، پەرۋانە غىلىڭ دەپپاقسۇنچۇ! شۇنداق ھۆ-
كۈمدار، ئېشەك تاياقنى ئويلىغىنىدەك، ئۇرۇشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار-
نىڭ يۈكى نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ نېمە مەنە بولسۇن — بۇنى پەقەت
ۋاقىت كۆرسىتىدۇ.
سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئېيتقانلىرى سۇلتان ئالاھىددىن كەي
قۇباد I نىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىشىغا سەۋەب — ئۇ ئۆز شان-
شۆھرىتىنى پەقەتلا ئىستىلالاردىلا ئەمەس، دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشنى-
شىدىمۇ كۆرۈپ، ئادىل پادىشاھ، دەپ نام قازىنىشنى ئارزۇقىلاتتى.

ئەمما ئالاھىددىن كەي قۇباد ئۆزى ئانچە يارىتىپ كەتمە-
سىمۇ، ساراي ھەشەمىتىدىن ۋاز كېچەلمىگەنىدەك، پەندۇ نەسى-
ھەتلەرگىمۇ تولۇق ئەمەل قىلالمايتتى. ئۇ ئۆز نىيىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەت ھاكىمىيەت كۈچىگىلا يۆلىنەتتى.

جالالىددىن كۈلۈپ قويدى. سۇلتان ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈ-
ۋاتقاچقا، ھاكىمىيەتمۇ سۇلتاننى ئىشقا سالىدۇ! سۇلتان ھاكى-
مىيىتى قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسا، سۇلتان ئۈستىدىكى ھاكى-
مىيەت قۇدرىتىمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ھاكىمىيەت
ئاۋۋال پۇل تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جاپاكەشلەرگە سېلىق،
ئالۋان سېلىنىدۇ. يا بولمىسا، ئادىل پادىشاھ دەپ نام ئالماقچى
ئىكەنسەن، ئۇلۇغ بەگلەرنى قىستاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەتەر-
لىك، چۈنكى بەگلەر پەقەت دۆلەتمەنلا ئەمەس، شۇنداقلا قۇد-
رەتلىكمۇ بولىدۇ، سۇلتاننى شۇلار سايلىشىدۇ، ئۇنى قوللىرىدا
كۆتۈرۈپ، پەشتاققا چىقىرىدۇ، بىراق ئۇنى پەشتاقتىن ئاغدۇ-
رۇشمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ئالاھىددىن كەي قۇباد I ئادىل پادىشاھ دەپ نام قازى-
نىش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنداق خەتەرگە ئۇردى. كۆپ ئۆتمەي،
ئۆزىگە قارشى پىتنە تەرگەن ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەج-
بۇر بولدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كونا دوستى ئەمىر سەيفىددىنمۇ بار
ئىدى، ۋاپات بولغان پادىشاھ ئاكىسىنىڭ بارمىقىدىن سۇلتانلىق
ئۈزۈكىنى ئېلىپ، ئالاھىددىنغا سۇنغان، شۇنداقلا ئالاھىددىننىڭ
تەختتە ئولتۇرۇشىنى ئالدىنئالا تەستىقلىغان ئاشۇ ئەمىر سەيفىد-
دىن ئىدى. ئالاھىددىن كەي قۇباد I ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن
يارلىق يېزىپ، ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭ مال، جېنىغا دەخلى
قىلماسلىققا قۇرئان نامىدىن قەسەم ئىچكەنىدى.

ئاتىسى قاتارىدىكى بۇ پېشقەدەم ئەمىر تىز چۆكۈپ، رە-

www.uyghurkitap.com

ھىم ـ شەپقەت سوردى. تونىنىڭ ئەستىرىنى تىتىشتۇرۇپ، تىتـ
رەپ تۇرغان قولـى بىلەن ئاشۇ يارلىقنى تېپىپ سۇلتانغا سۇنـ
دى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىدى. ساقچىلار ئۇنى بىر تاغار
ئاشلىققا ئوخشاش سۆرىگىنىچە تاشقىرى ئېلىپ چىقتى.

جالالىددىن ئاشۇ چاغدا خۇداغا سادىق ئۇ سۇلتانىنىڭ قۇـ
لىقىدىن قەدىرىدان دوستىنىڭ يالۋۇرۇش ۋە قارغىشلىرى ئۇزاققىـ
چە كەتمىسە كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. نېمىشقىدۇر ئارىدىن كۆپ
ئۆتمەيلا ئۇ ئېلىق ـ سېلىقنىمۇ، خىيانەتكارلارنى جازالاشنىمۇ
ۋەزىرى كۆبەككە تاپشۇردى، كۆپلىگەن ئاقىل پادىشاھلاردەك
رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، مەرھەمەت كۆرسىتىشنى ئۆزىگە قالدۇرـ
دى. بويى بىر غېرىچ، زۇلۇم ـ زەھىرى مىڭ غېرىچ بولغان بۇ
ۋەزىر كۆبەك ئادەملەرگە ئەزرائىلدەك ۋەھىمە سالدى. ئۇنىڭ
ئۆز شەنىگە قىلچە داغ چۈشۈرمەي، ئىشنى ئالاھىددىن كەي
قۇباد نامىدىن يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ھەممە ياخشى بىلەتتى!

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نىيىتىگە قارشى ئەمەل يولىدا
قويغان ھەر بىر قەدىمى سۇلتان ئالاھىددىننى قورقۇش ئاستىدا
ھارۋا سۆرەۋاتقان، ئەمما ھارۋىدىكى يۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكـ
دىن ئۆزى بىخەۋەر ئېشەككە ئايلاندۇرماقچىدى. بۇ بىر
بەدەۋىينىڭ ئىبراھىم ئېبنى ئەھمەتكە: تەختتە ئولتۇرۇپ ھەقىـ
قەت ئىزدەش ــ چۆلدە يوقاتقان تۆگىنى ئوردا ئۆيلىرىدىن ئىزـ
دىگەنىدەك ھاماقەتلىكتۇر، دېگىنىدەك بىر ئىش ئىدى. ئىلاھا
مۇئىنىددىن پەرۋانىنىڭ گېپىغا زىياپەتتە ئۈستىخان تىقىلغاي.

ھارۋىسىدىكى يۈك نېمە ئىدى، سۇلتان نېمە ئۈچۈن شۇنـ
چىلىك تىرىشىپ، تىرمىشىدۇ؟ مۇرتەد كۆبەكنىڭ كۈچ يىغىشى
ۋە نومۇس قىلماي پادىشاھنىڭ ئوغلى شۇنداقلا ۋارىس بولمىش
غىياسىددىننى ئاتىسىغا زەھەر بېرىشكە دەۋەت قىلىشى ئۈچۈنمۇ؟
ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل تەختتە ئولتۇرۇپ، ئاتىسى تەرەت

ئېلىپ قول قويىدىغان پەرمانلارغا مەست ـ ئەلەس هالدا ئىمزا قويۇشى ئۈچۈنمۇ؟ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان پاراسەتسىز ئوغۇللىرىنىڭ سەكسەن مىڭ قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇز مىڭ قوشۇنىدىن قورقۇپ، جېنىنى قولىغا ئېلىپ توشقاندەك قېچىشى، ئاتىسى ئالاھىددىن كەي قۇبادنىڭ ياخشى نامىنى بۇلغاش ئۈچۈنمۇ؟ ئىلاھا، ئەمەل ھەققىدە گەپ ساتقان مۇئىنىددىن پەرۋانىنىڭ گېلىغا يەنە بىر قېتىم ئۇستىخان تىقىلسۇن!

ھەقىقىي ھاكىمىيەت ئادەملەر ئۈستىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈستىدىن قارار تاپىدۇ: «ساڭا قانداقلا پەتىۋا بېرىشمىسۇن، ئۇ كىم توغرىسىدا بولمىسۇن، ئاۋۋال قەلبىڭ بىلەن كېڭەش!» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

ھۆكۈمدار بىلەن ئۇچرىشىش خەۋپلىك، ھالاكەتلىك، بۇنىڭ سەۋەبى، ھە دېمەيلا بېشىڭدىن ئاجراپ قېلىشىڭدا ئەمەس ـ ئاخىر بىر كۈن ئۆلىدىغانلىقىڭنىڭ مۇقەررەرلىكىدە. ئاساسىي سەۋەب شۇكى، پادىشاھنىڭ دۆتلۈكى ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا ياخشى بولسا شۇنى ياخشى دەپ قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىسەن. ئېھتىرام يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ بولمىغۇر گەپلىرىنىمۇ قارشىلىقسىز قوبۇل قىلىۋېرىسەن. ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىمانىڭ، ئۆز ئېتىقادىڭدىن ئايرىلىسەن، ھۆكۈمدارغا قانچىكى يېقىنلاشساڭ، قەلبىڭدىن، ھەقىقەتتىن يىراقلىشىسەن. ئەڭ ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئىشىق بىلەن مۇنەۋۋەر ئازاد قەلبكە قۇل بولغىنىڭ مىڭ مەرتە ئەۋزەل...

كۆچلۈك پەرۋانە قورغىنىنى ئۆز ۋاقتىدا تاشلاپ چىققىنىدىن خۇرسەن بولغان جالالىدىن، 1270 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بېشىدىكى بىر ئەتىگەنلىكى مۇشۇنداق ئويلىغانىدى. ئۇ قەلئەنىڭ تۆت بۇرجەك شەكلىدە سېلىنغان سەكسەن مۇنارىسىدىن بىرىگە

www.uyghurkitap.com

يوّلنىپ، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئاۋۋال دادىسى بىلەن قاراپ تۇرغاندەك، شەھەرگە تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمەلدار ئىبلىسزادىلەرنىڭ قەسىرلىرى، موڭغۇللارنىڭ ئىگىلىۋېلىشلىرىغا قارىماي، سودىگەرلەرنىڭ قورغانلىرى ئۈستىدىن، سودىگەرلەرنىڭ قورغانلىرى بولسا، بايلىق، پۇل كۆچىسىگە ئەمەس، بەلكى قول كۈچىگە يۆلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۈستىدىن مەغرۇر كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەر بىر ئۆي، ھەربىر پۇقرا بىلەن باغلىنىقلىقىنى ھېس قىلاتتى، ئەينى چاغدا يالغۇزلۇقنىڭ ئىگىز قارلىق چوققىسى بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلغانمۇ ئىدى.

ئۇنىڭ خىيالىنى تۇمۇرنىڭ «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى: كېچىچە جىبەكتە تۇرغان چالا مەست ساقچىلارنىڭ ئورنىغا كۈندۈزى جىبەكتە تۇرىدىغان دەرۋازىۋەنلەر ئالمىشىۋاتاتتى. ھەمىشە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ غۇڭۇلدىشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ تاۋۇش ئۇنى مۇنارىنىڭ كۆگۈم قاراڭغۇ تار يول تەرىپىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۇ تىك پەلەمپەينى بىردىن - بىردىن دەسسەپ پەسكە چۈشتى - دە، تۆپىلىكتىكى چىغىدىلا ئۆزى مۆلچەرلەپ قويغان، مۇنارى كەمبەغەللىنىڭ شامىدەك ئىنچىكە، كونىرىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىنجەرى مەسچىتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

شەھەردە ھايات ئادەتتىكىدەك ئۆز يولى بىلەن كېتىۋاتاتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىدىغان چىڭگىز ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مالايلىرى، ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان پەرۋانە تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان ھايات...ھارۋىلارغا كۈنجۈت شادىلىرى ۋە قاپ - قاپ ئارپا بېسىۋالغان ھارۋىكەشلەر، ھەر خىل ئىشلارنىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن قاتىرىشىپ يۈرگەن خەلپىلەر، چىۋىقلارنى ئات قىلىپ مىنىپ، چېپىشىپ يۈرگەن ئۇششاق باللار شائىرنى

تونۇپ قىلىپ سالام بىرىشەتتى. ئۇ سالاملارغا سالام قايتۇرۇپ، ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدا بىر چاغلاردا يازغان مۇنۇ مىسرالار چۆگىلەيتتى:

ماڭا ھەر دەم قىلما تەنە مەلامەتتىن،
مەلامەت شۆھرىتىمگە بىر شاراپەتتۇر.
بۇيرۇما شۆھرىتىڭنى تۇت، دەپ ھالاكەتتىن،
مېنىڭ شانۇ شۆھرىتىم كانى مەلامەتتۇر...

نە ئاشىقلار، نە «كاتىبۇل ئەسرار»① ھېسابىتىدىن كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ئۇ بىلەتتىكى، ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا، ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن يىراقتىن كۆزىتىپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭ ھالىدىن ئۆيدىكىلەرنى خەۋەردار قىلىشقا، ئىلاج قىلىپ خىزمىتىنى قىلىشقا، سۆزلىرىنى يېزىۋېلىشقا تاقىمى تاق تۇرۇشاتتى. ئۇ، ئۇلار تېخى كېرەك بولىدۇ، ئەمما ھازىر ئەمەس، دەپ قارايتتى.

يان كوچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قارا رىدا② كىيگەن پراۋسلاۋ پوپى چىقىپ كەلدى. جالالىدىن ئۇنى تونۇدى: بۇ سىلىلادىكى دانىشمەن پلاتون موناستىرىنىڭ مۆتىۋەللىسى دىمىترى ئىدى. مەۋلانە ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن سۆھبەتلىشىپ ھۇزۇر قىلغانىدى.

پوپ دىمىترى ئېگىلىپ سالام بەردى، خىرىستىئان دىنىدىكى يەھۇدىي روھانىيلىرى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنى كۆرگەندە شۇنداق تەزىم قىلىش رەسىم ئىدى. ئۇلار جاۋابەن باش قىمىرلىتىپلا قويۇشاتتى.

① شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى يېزىپ توپلىغۇچى — ت.
② ئۇزۇن قارا يېپىنچە — چاپان — ت.

پوپ قانداق ئېگىلگەن بولسا، جالالىددىنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئېگىلدى. پوپ دىمىترى تېخىمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مەۋلانە بىلەن گەپلەشكۈسى بار ئىدى. ئەمما مەۋلانىنىڭ سۆھبەتكە مەيلى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇيان-بۇيان ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، پوپقا ئوخشاش ئېگىلىپ تەزىم قىلدى-دە، ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئۇ ئۆزىنى بەند قىلىۋالغان نەرسىدىن باشقا نەرسە توغرىسىدا گەپلىشىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ، قۇۋۋىتىمۇ، پۇرسىتىمۇ ئاز قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۆمۈر كىتابى «مەسنەۋى»نىڭ بەش جىلدى ئاخىرلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئادىتى بويىچە يېڭى كىتابنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۆز قەلبى بىلەن خالىي بىر جايدا يالغۇز تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

كونىراپ قالغان سىنجەرى مەسچىتى بۇنىڭغا قولاي جاي ئىدى. بۇ يەردىكى تاشلاندۇق ھۇجرىلاردا ئۇ قەلبى بىلەن خالىغىنىچە مۇڭدىشالايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى — بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇن ئاشۇ مەسچىتتە ئۇ ھېكمەتلىك سىرلار يولىغا بېرىلگەن. بۇ يولغا ئۇنى بىر چاغلاردا بەلختە زاھىرىي ئىلىملارنى ئۆگەتكەن ئۇستازى، ئاشۇ تىنىم تاپماس سەئىد بۇرھانىددىن باشلىغانىدى.

ئۇ ئالدىرىغىنىچە ھالسىراپ پۇتلىرىنى سۆرەپ، قورغان سارايلىرى ۋە ئاشلىق بازىرى يېنىدىكى ھۈنەرۋەنلەر مەھەللىسىنى ئارىلاپ، بالىخانىلارنىڭ ئايۋانلىرىدىن چۈشكەن سايىلەر بىلەن ئاپتاپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭدى. كوچا تار، يانمۇيان سېلىنغان ئىمارەتلەر شۇنچىلىك زىچ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ بىرىدە تۇرۇپ، ئىككىنچىسىگە قول سوزسا بىمالال يېتەتتى. بۇ يەردىكى ھەر بىر تام، يولدىكى ھەر بىر ئويمان-چوڭقۇر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆمرىنىڭ كونيادا ئۆتكەن

ئەڭ ئېغىر يىللىرى ئۆتەتتى، شۇ چاغدا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئۆزى مۇرىتلارغا ئۇستاز ۋە گەۋھەر تاش مەدرىسىگە ۋائىز بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ئىختىيارلىقى ئۆزىدە بولغانىدى.

## لەرزە

شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ ساقال-بۇرۇت باسقان ئورۇق يۈزىدە خىيال-تەپەككۇر ئەكسى ئېتىپ تۇراتتى. قەدەملىرى ھازىرقىدەك ئېغىر ئەمەس بولۇپ، ئورۇق گەۋدىسىنى يەڭگىللا ئېلىپ ماڭاتتى.

ئۇ ياشلىقىغا قارىماي، كاتتا ئالىم سانىلاتتى: بالىلىقىدىلا قۇرئاننى ۋە كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى يادلىۋالغان، ئۇلاردا يېزىلغان باب-باب تەلقىن ۋە تەھلىللەرنى ئوقۇپ بىلىۋالغان، ئىران شاھلىرىنىڭ تارىخىنى، تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ ئۇلۇغ سىمالىرى — سابىت بايەزىد بەستامى، دانىشمەن جۇنەيد، زىرەك ئەل ھەللاج تەرىقەتلىرىنى ياخشى بىلىۋالغان، سوپىيە شائىرلىرى ۋە ئالىملىرى ياقلىغان سىمۋوللۇق ئىشارەتلەردىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى.

دەمەشق ۋە ھەلەبنىڭ مەشھۇر مەدرىسلىرىدە ئۇ داڭدار ئۆلىما ۋە شەيخلەرنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغان، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى خىمىيە، ئالگېبرا، ئىلمى ھەندىسە①، ئىلمى تىبابەت ئاساسلىرىنى ئۆگەنگەن، پارس تىلىدىن باشقا ئەرەب ۋە يۇنان تىللىرىنى بىلەتتى.

سۇلتانۇل ئۆلىما ئوغلىنى پەتىۋا تۈزۈش، ۋەز ئېيتىش سەنئىتىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلغانىدى. جالالىدىن يىگىرمە تۆت يېشىدا ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەر-

① گېئومېترىيە — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىگە، ئىلمۇ مەلۇمات، كۈچلۈك ھاپىزلىق ماھارىتى، خىيال-تەسەۋۋۇر ۋە ناتىقلىق ماھارەتلىرىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۇرغۇنلىغان خەلق ھېكايە، رىۋايەتلىرى، قوشاق، ناخشىلىرىنى يادقا بىلەتتى ھەم پەيتى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ تىلىغا ئاتەشتەك رابىيە، شىددەتلىك سەنايىي، جانسىجان پەردىدىن ئەتتارنىڭ شېئىرلىرى ئېقىپ كەلگەندەك كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھېكمەت داستانلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ ھاياجانلانغان، ئۇلار بىلەن بىرگە روھىي چوققىلارغا قانچىلاپ پەرۋاز قىلغان، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى، تەمسىللىرى، سۆزلىرىنى دىلىغا سىڭدۇرۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ زۆرۈر بولسا، ئۇلارنىڭ روھىغا كىرىپ، ئۆزى شېئىر توقۇيالايتتى.

لېكىن ئىلىم باشقا، تەجرىبە باشقا. ئۆگىنىۋاتقان تالىپچاق بىلەن باشقىلارنى ئۆگەتكۈچى ئۇستازنى باراۋەر قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كونيادا ئۇنى ئوبدان بىلىدىغان، ئاتىسىنىڭ مۇرىتلىرىدىن پەرق قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغان ئۆلىمالارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ياش ئالىمنىڭ ئىقتىدارىدىن شۈبھىلىنەتتى. گەرچە ئۇ سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى بولسىمۇ، قولىدا ئۇستاز-شەيخلەرنىڭ يازما شاھادەتنامىسى-ئىجازىتى يوقلۇقىنى پەش قىلىشاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتىسىنىڭ قىرقىنى ئۆتكۈزۈپ، مەسچىت جامەسى ئالدىدا مەرھۇمنىڭ خاتىرىسىگە ئاتاپ بىرنەچچە قېتىم ۋەز ئېيتىپ، ئاندىن يولغا راۋان بولدى.

ئۇنىڭ يولى يەنە مۇبارەك شەھەرلەر — ھەلەب ۋە دەمەشىقتە چۈشتى. شۇ ئەسىر دانىشمەنلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشلاردا ئۆزىنى ۋە بىلىمىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشتەك مۇشكۈللۈكنى گەدىنىگە ئالدى. ھەلەبتىكى مەشھۇر ھەلەۋىيە مەدرىسىدە بۈيۈك ئەرەب ئالىمى، قازى ۋە ۋەزىر كامالىددىن

ئىبنى ئەل-ئەدىم بىلەن توققۇز قەۋەت ئاسمان، ئۆزئارا كىرىشىپ، زاھىرىي دۇنيانى پەيدا قىلغان كۆچ-ئوت، ھاۋا، تۇپراق ۋە سۇ ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. ئۇلار تامچىلاردىن پەيدا بولغان دەريادەك كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان دەملەردىن يارىلىدىغان ۋاقىت-زامان ھەققىدە سۆزلەشتى. دەريادا سۇ دائىم ئاقىدۇ. ئاققان تامچىلار قايتمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسى كېلىدۇ. لېكىن بىز تولۇق بايقىمايمىز، چۈنكى ئېقىمنىڭ دائىملىقى ئۇنىڭ ھاياتىدىن دالالەتتۇر.

ئەل-ئەدىم ياراتقۇچى ئىگەم ۋۇجۇد، بارلىق ئالەم مەۋجۇد بولۇپ ياشمايدۇ، دولقۇن دېڭىز ماھىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشى بولغىنىدەك، ئالەم پەقەت قادىرۇل ھەق ھاياتىنىڭ نامايەندۇر، دېگەن قاراشنى ياقىلايتتى.

دەمەشقنىڭ مەرىپەتلىك، دۇنياغا مەشھۇر مەقدەسىيە مەدرىسىدە جالالىدىن ئالىملار بىلەن بىرلىك، يەككىلىك، يەنى ۋاھىدى مۇتلەق ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. دەرەخ ئۇرۇقىدا بىر پۈتۈن دەرەخ يىلتىزلىرى، تېنى (غولى)، پۇتاقلىرى، مېۋىسى بىلەن قوشۇلغان ھالەتتە بولغىنىدەك، ئاشۇ ۋاھىدى مۇتلەقتە كۆپلۈك ئۇرۇقى قوشۇلغان بولىدۇ.

پەلسەپە، مەنتىق، ئىلاھىيەتنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەشھۇر ئۆلىمالار بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، جالالىدىن ئۆزىنىڭ ئىدراكى ئۈچۈن قاراڭغۇ نەرسە قالمىغانلىقىنى سەزدى، ئۆلىما ۋە شەيخلەر ياش ئالىمنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا بىرنەچچە ئاي بولغاندىن كېيىن ئىجازەت بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، سۇلتانۇل ئۆلىما نامى بىلەن مەشھۇر باھاۋىددىن ۋەلەد بەلخىنىڭ ئوغلى جالالىدىنغا «بىز باشقا ھېچ نەرسە ئۆگىتەلمەيمىز» دەپ ئېتىراپ قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com

1232 ـ يىلىنىڭ كۈزى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككى مۇرىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا كونىياغا قايتقانىدى. ئاتلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا شام سەھرالىرىنىڭ تىكىنەك باسقان قۇملىرى ئاقاتتى، قۇم كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يۈز ـ قوللىرىنى ئورىشىۋالغان بەدەۋىلەر ئىنچىكە پۇتلۇق تۆگىلىرىنى ھەيدىشىپ كېتىپ باراتتى، يىراقتا قاغىجىرىغان، قىزغۇچ دۆڭلۈكلەرنىڭ يانباغىرلىرىدا يۇمشاق يۇڭلۇق قوي پادىلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى.

ئالدىدا قىزغۇچ ئېگىز تاغلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرماقتا.

چۈشتىن كېيىن كۆكۈچ ـ قارامتۇل بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلىدى. ئۇ ھەممىلا ياققا ھەيۋە قىلىپ، شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، گويا يەرۇ ئاسماننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا ئايلاندۇرىدىغاندەك ئىدى. لېكىن بۇلۇت ئاسماننىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندا بىردىنلا شىمال تەرەپكە قاراپ سۈرۈلدى. ئاسماننىڭ غەربىي قىسمىدا قۇياش يەنىلا چاقناپ تۇراتتى. بۇلۇت جالالدىنغا چىڭگىزخان قوشۇنىنى ئەسلەتتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ يۇرتىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، ھازىر شىمالغا قاراپ بۇرۇلغانىدى. قۇياش پەقەت سالجۇق سۇلتانلىقى دۆلىتىدە نۇرىنى چاچاتتى، لېكىن بۇ ھال ئۇزاققا سوزۇلارمۇ؟

يوللار ئۇلار ئاتىسى بىلەن بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا خېلىلا مەمۇرچىلىق ئىدى. ئىككى قېتىم دەپسەندە قىلىنغان خۇراساندىن قاچقۇدەك ئادەم قالمىغان، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن شەھەرلەرنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلغان، چىڭگىزخان قىسىملىرى ھەممە يوللاردا پىستىرمىلار قويۇشقانىدى... مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ ئوغلى سۇلتان ئالائىددىن كەي قۇباد تەرىپىدىن ياسىچەمەن جېڭىدە يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ۋەيران بولغان بەگلىرى خارەزمىنىڭ

تىكلىنىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، سالجۇق ھۆكۈمدارى ئاجرىتىپ بەرگەن يەرلەرگە ئىلاجىسىز ئورۇنلاشقانىدى.

جالالىدىن جىممىدە كېتىپ باراتتى. ئەقىل - ئىدراكى يېتۈك ۋە روشەن، كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قۇۋۋىتى ھېسابسىز بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇلۇغ ئالىملار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىسپاتلارنى نەيچە قىلىپ ئوراپ، مەخسۇس خۇرجۇنلاردا ساقلاۋاتقانلىقى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر كۆڭلى غەش ۋە پاراكەندە ئىدى.

ئىنسان نېمىشقا ئازاب ئىچىدە تۇغۇلۇپ، قورقۇش ئىچىدە ياشاپ ئەپسۇس - نادامەت چېكىپ ئۆلىدۇ؟ نېمىشقا ئەقىل - ئىدراك ئەھلىدىن بىر چىشلەم ناننى ئاياپ بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ يۇ، جاھىللارنى بولسا، مال - مۈلۈككە كۆمۈۋېتىدۇ؟

ئۇ شەيخلەر، ئۆلىمالارنىڭ جاۋابلىرىنى ياخشى بىلەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى ئەقلەن قوبۇل قىلاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قەلبىدە قوبۇل قىلالمايتتى.

نامازشامغا يېقىن ئۇلار قىيا تاشقا ئويۇپ ياسالغان كونا گەمە ئۆينىڭ ئالدىدا توختاشتى. بۇ يەردە ئون يىل ئاۋۋالقىدەك سوپى، زاھىدلار ياشايتتى. جالالىدىن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى تاماقنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.

زاھىدلار ئۆلىما، فەقىھ ۋە رەسمىي روھانىيلارنى رىياكار ھېسابلاپ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارايتتى. ئەمما تەكلىپنى ئۇلار قوبۇل قىلىشتى، ئون يىل بۇرۇن ئۇلارغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، پۇل ئىنئام قىلغان سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلىنى تونۇپ قېلىشتى. لېكىن ئۇلار تەڭرى تائاللا بەندىلىرىگە جائىز بولغىنىدەك، ۋەلىنېمەتكە بېرىلگەن سوۋغاتلارغا رەھمەت ئېيتىشمىدى: سۇلتانۇل ئۆلىمامۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ، باشقىلارمۇ ئۇلارغا بىرلا ۋاستە ئىدى. ھەقىقىي ۋەلىنېمەت خۇدا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەقەت ئۇنىڭغىلا شۇكرانە ئېيتىشتى.

قاش قارايدى. ئىككى شام چىراغ غارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. زاھىدلار نامازغا تۇرۇپ، يولۇچىلارنى، پۈتۈن ئالەمنى ئۇنتۇشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا يوق ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن پەقەت ئاللا بار ئىدى. ئۇلار پۈتۈن پىكىر-زىكرىنى شۇنىڭغا بېغىشلىشاتتى، ئۇلار ئاشۇ بىردەملىك ئىبادىتى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقەت يورۇتۇلۇپ قالار، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى.

ئۈچ رەكەت ناماز ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن، يول مېڭىپ ھارغان جالالىدىننى ئۇيقۇ باسقىلى تۇردى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا تاڭ سوزۇلۇپ قالغان، زاھىدلار بامداتنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇشقانىدى. جالالىدىن ئۇلارنىڭ جىددىي، خىيالچان يۈزلىرىگە قاراپ، ئۇلاردىن سوئال سوراشغۇسى كەلدى. بۇ زاتلار ھەقىقەتەنمۇ روھىي كامالەتكە يېتىشكەن بولسا، بەلكى ئۇنى قىينىغان مەسىلىلەرنى ئېيتىپ بېرىشەر. ئۇ جۇلدۇر كىيىم كىيگەن زاھىدلارغا تىكىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار تەننىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، تەڭرى ھەققىدىكى ئويلىرىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن يۇيۇنۇش، چاچ-ساقاللىرىنى ئالدۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەندەك ئىدى، جالالىدىن ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالسا، سوراپ بېقىشنى جەزم قىلدى:

— ھەزرىتىم، سوراپ بېقىشقا بولارمۇ؟ نېمىشقا كۆڭۈل ھەسرەت چېكىدۇ؟

بوۋاي ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى: ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلگەن بۇ — كىم بولىدىغاندۇر؟ ئۇ جىم تۇراتتى. جالالىدىنىنىڭ نەزەرىدە ئۇ سورىلىۋاتقان بۇ سۆزگە گويا ئۇزاق جايلاردىن كەلگەن ئەكس سادادا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ

يىلـلاپ سـۆز قىلـمـىغانـدەك، بوغۇلۇپ - خىرقىراپ ئاخىـر
سۆزلىدى:

— كۆپلىگەن قەلبلەردىن قايغۇ ساداسى چىقىـدۇ، بەزىلە-
رىدىن داقا - دۇمباق ئاۋازى. قەلبىمگە ھەرقانچە ئىھتىيات
بىلەن قۇلاق سالسام، يەنىلا ئاڭلىغىنىم - قايغۇ ئاۋازى، داقا -
دۇمباق ئاۋازىدىن ئەسەر يوق!

— بەندىسىنىڭ تىرىشىشى، ھەرىكىتى بىلەن بىرەر نەرسىگە
ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى جالالىدىن يەنە، زا-
ھىدنىڭ قايتا ئوي - خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇشىدىن
ئەنسىرەۋېرەك.

— ياق! لېكىن، تىرىشىپ، ھەرىكەت قىلمايمىز بىرەر
نەرسە روياپقا چىقمىغاي! بىراۋنىڭ ئىشىكىدە بىر يىل ئولتۇر-
ساڭ، ئېھتىمال ئۇ: «ئۆيگە كىرىپ خالىغىنىڭنى ئال!» دەر،
ئەگەر ئىشىكىدە ئەللىك يىل ئولتۇرۇپ باقسىنا — مانا مەن
كېپىل!

زاھىد جىم بولۇپ قالدى. جالالىدىن ئۇنىڭ دەرەخ يىلـ
تىزىدەك قاپقارا قولىنى سۆيدى. پېشقەدەم بۇ گاداھ ساخاۋەتـ
لىك ئىدى: ئۇ كاپالەت ئۈچۈن ھەممە بىساتىنى بەلكىم ئۆزىنى
بېغىشلىدى.

زاھىدنىڭ بۇ سۆزلىرى مۇجمەل ئىدى. لېكىن جالالىدىن
ئۇلاردىن ئۆز قەلبىنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلىدى. بىر چاغلار-
دا — باللىقىدا، كېيىن لەرىندىدە ياڭرىغاندەك، خۇشال ۋە بەخـ
تىيار داپ ساداسى ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە ياڭرىشى لازىم. ئۇ
ئەللىك يىل ئەمەس، يۈز يىل كۈتۈشكىمۇ رازى. پەقەت قايسى
ئىشىكتە كۈتۈش كېرەك؟ قانداق كۈتۈش كېرەك؟

جالالىدىن كونياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىلدىكى،
مۇشۇ ئاردىلىقتا گۆھەرنىڭ ھايات شېمى ئۈچۈپتۇ، قانداق ياشـ

غان بولسا، شۇنداق زارلاپ ـ قاقشىماي، ئۇنىڭ يوللىرىغا تەلمۈرۈپ، دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ. ئۇنىڭ گۆھەرى، قەلبىنىڭ ئاپئاق، نۇرلۇق چىرىغى. ئۇنىڭ قىياپىتىنى بالىلىرىغا كۆچۈرگەنمۇ شۇ ئىدى: ئايال كىشىنىڭ سۆيگەن يارىغا بولغان ھىممىتى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولارمۇ؟ ئۇ ئەنە شۇ گۆھەرنىڭ سەۋەبى بىلەن دۇنيانى بىلگەن، ئۆز قەلبىدە بىر مەزگىل دەريا شاۋقۇنىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولغانىدى!

ئەرزىمەس گۇناھى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىدە قايغۇ ساداسى شۇنداق قانات يايدىكى، ئۇنىڭ قىلغان ۋەزلىرى، پەندۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالىدىغان كىشىلەر ئۇنى ئاڭلايدىغان بولدى. دانىشمەنلەر: «دىل ـــ دېڭىز، تىل ـــ قىرغاق. دېڭىز دولقۇن كۆتۈرسە، ئۆز قوينىدا بارىنى قىرغاققا سۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەنىدى.

جالالىدىنغا دەمەشىق ۋە ھەلەبدىن ئەۋەتىلگەن ئىجازەتنى كۆرۈپ، ئاغزىلىرىنى يۇمغان ھەسەتخور ئۆلىمالار قايتىدىن يىلاندەك كۈشۈلدىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭچە، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بەندىسىنىڭ ئۆلۈمىگە، يەنە كېلىپ ئايال كىشىنىڭ ۋاپاتىغا شۇنچىلىك داغلىنىپ كېتىش ئۆلىماغا مۇناسىپ ئەمەسمىش! سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ۋارىسى تېخى كامالەتكە توشمىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىشقىمۇ ياشلىق قىلارمىش.

قايغۇ ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازابلىدى. راست، ئۇ تېخى كامالەتكە توشمىدى، ئۆزى توغرۇلۇق ھېساب بەرمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى ئويلىيالمايتتى.

ئۇنىڭ گۆھەرىنى يۇتۇۋالغان يەر پۈتلىرىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. شەھەردە تۇرۇشقا تاقىتى تۈگەپ، بىر چاغلىرى ئۆزى بەختىكە چۆمگەن يەرگە قاراپ يالغۇز پىيادە ماڭدى. ئۇ يەت-

كۆچە قايغۇرۇپ ئۆلۈش ياكى لەرىزىندىنى قورشاپ تۇرغان قارلىق تاغلار قوينىدا، ساپ، سالقىن ھاۋالىق جىلغىلاردا روھىي جەھەتتىن تىرىلىش ئۈچۈن ماڭدى.

دەرۋىش ئۇنىڭغا ھېلىقى نەيچە قىلىپ ئورىغان مەكتۇپنى شۇ يەردە، قارا تاغ يايلىقىدىكى سۆزۈك بۇلاق بويىدا تاپشۇردى.

بىر ئاز ئالدىراپ يېزىلغان، زىرۇ زىۋەرسىز، چوڭ ھەرپلەر ئۇنىڭغا قانداقتۇر قەدىردان ئەمما ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بىر ئىشنى ئېسىگە سالدى. بۇنى ھېلىقى تاقەتسىز سەئىد بۇرھانىددىن يازغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق ھۆسن خەتنى كۆرمىگى-نىگە ئون يىلدىن ئاشتى... مەكتۇپ چىڭگىزخان قوشۇنى ئاللىقاچان بېسىۋالغان تېرمىزدىن ئالەمنىڭ بۇ چېتىگە قانداق-مۇ يېتىپ كەلگەندۇ؟ سەئىد بۇرھانىددىن تىرىكمىدۇ، ياكى بۇ ئۆچكەن يۇلتۇزنىڭ شولىسىمىدۇ؟

سەئىد بۇرھانىددىن مۇنداق يازغانىدى: ئۇستازى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ۋاپاتىنى تېرمىزدا ئاڭلاپ، زارۇ زار يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپتۇ، كېچىلىرى ئۇخلىماي، قىرىق كۈن ماتەم تۇتۇپ، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ.

سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ شاگىرتى ۋە سۆيۈمە-لۈك تالىپى يالغۇز قالغان-ھازىر سەئىد بۇرھانىددىن ئۇنىڭغا ئاتا بولۇشى لازىم ئىدى، چۈنكى ئۇستاز ئۇنى خەلىپە ئورۇنباسار دەپ ئاتايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ جالالىددىننى تېپىشى، ھەقىقەت-نىڭ خەتەرلىك ۋە جاپالىق يوللىرىدا ئۆز ھالىدىن كەتكەن مىنۇت-لىرىدا يۆلەنچۈك بولۇشى كېرەك. لېكىن ئۇ چۆللەرنى، دەريا ۋە تاغلارنى ھالقىپ، كونياغا يېتىپ كەلگۈچە، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەنىدى. مانا ئەمدى سەئىد ئۆز شاگىرتى ۋە شەيخزادىسىنى

سۇلتان پايتەختىدە، سىنجەرنى مەسچىتتىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆتۈپ ئولتۇرماقتا.

جالالىددىن مەكتۇپنى ئاۋۋال كۆزىگە، كېيىن پېشانىسىگە ياقتى. ئۇنىڭ ئۇستازىنى سىرداش دەپ بىكارغا دېمىگەنىكەن.

جالالىددىن ئۆزى تېخى ئانچە - مۇنچە تاللىغان يوشۇرۇن ئېھتىياجىنى ئۇ قانداق سېزىپ، قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ مۇشۇ يورۇق ئالەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا قەلبىدىكىنى تۆكۈپ، قەلبىگە قۇۋۋەت بېرىدىغان كىشى — پەقەت ئاشۇ سەئىد ئىدى.

جالالىددىن مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگەن دەرۋىش بىلەن شۇ زاماتلا لەربىندىگە قاراپ ماڭدى. ئاتلار تەييار ئىدى. ئۇلار شۇ كېچىسىلا كونياغا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كېتىشتى.

سەئىد ئۇنى مەسچىتتىن چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىنى باغرىلىرىغا بېسىپ ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ ياش، مەيۈس، خۇش پېئىل ئۆلىما بىلەن، قېرىپ قالغان، ئۇستىگە جەندە چاپان كىيگەن سوپى ئىدى. جالالىددىن بۇ قاراڭغۇ كېچىدىمۇ ئۇستازىنىڭ جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلدى: گۆشلىرى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ، قاڭشارلىق بۇرنى تېخىمۇ چوقچىيىپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاغزىدا چىشلىرى قالماپتۇ. ئەمما ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، ھۈرپىيىپ تۇرغان ئاپئاق قاشلىرىنىڭ ئاستىدا يەنىلا چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ سەئىدنى ئۆز ئاتىسىدەك ھۆرمەتلەپ، گۆھەر تاش مەدرىسىگە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنى بوشىتىپ بەردى.

سەئىد دەرھاللا جاۋابنى قويۇپ سوئالغا ئۆتتى: شەرئەت قانۇنلىرى، ھەدىس تەلقىنلىرى، ئىلمىي نۇجۇم ۋە تىبابەت

ئىلىمگە دائىر سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇ تىبابەت ئىلمىدە يۇقىرى پەللىگە چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئابۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ شاگىرتلىرىدىن ساۋاق ئالغانىدى.

جالالىدىن ھېچقاچان بۇنداق ئىپتىخارنى ئېشىتمىگەنىدى.

شاگىرتنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىدىن سوپىنىڭ رەڭگى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ياش ئۆلىماغا ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئالدىرىغىنىچە دېدى:

— ئىلمى ئىمان ۋە ئىلمى زاھىرىدا ئاتاڭدىنمۇ زۇلجالال① ئىكەنسەن. لېكىن پەدەرى بۇزرۇكۋارىڭ ساھىبى ئىلمى ئەسرار② ئىدى. مەن ئۇل زاتى شەرىپنىڭ شاراپىتىدىن ئەنە شۇ ئىلىمگە ئىگە بولدۇم، ئۇمىدىم شۇكى، ئەمدى سېنى ئۇ يولغا باشلىغايمەن تاكى ئىلمى ئەسرارىدىمۇ ئاتاڭغا ۋارىس، بەلكى باراۋەر بولغايسەن...

جالالىدىن خۇشاللىق ۋە قەتئىيەت بىلەن تىزلىنىپ تەۋۋا قىلدى. كامالەت يولىغا باشلىغاي، دەپ ئۆزىنى ئۇستاز قولىغا تاپشۇردى.

ئۇنىڭ يولى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

## بىلىش ۋە ياشاش

ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرلىرى قۇمتاش ياتقۇزۇلغان كوچىلارنى بارغانچە قىزدۇرماقتا ئىدى. جالالىدىن ھاسىرىغىنىچە سىنجەرى مەسچىتىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، تېرىدىن ياسالغان ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ ئىچكىرى كىردى. نەمخۇش

① ئۇلۇغۋار، بىلىملىك ـــ ت.

② سىرلىق ئىلىملار ئىگىسى، بىلىمدان ـــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاۋا، غۇۋا يورۇقلۇقتا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر مەھەل ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ نەپىسىنى رۇسلىدى، قۇياش نۇرىنىڭ تەپتى ئۇنىڭ گەجگىلىرىنى كۆيدۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، يەڭگىل نەپەس ئالدى. بىر چاغلاردا سەئىدنىڭ سۆزلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغىنىدا مانا شۇنداق نەپەس ئالغانىدى، بۇنداق بولۇشى، شۇ چاغدا ئۆز ئۈستىگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت يەنە ئۇستازىنىڭ ئۈستىگە كۆچكەنىدى. ئەمدى قىرىلغان چېغىدا ھەق تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جا-ۋابكار ئەمەس.

جالالىدىن گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىغا تىكىلىپ قاراپ، تاپ-تاقىر گىلەم ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان مۇساپىرنى تونۇدى. ئۇ كىيىملىرىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ قويۇپ، تۈگۈلۈپ يېتىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

مۇنبەرگە يېقىن يەردە قېرى دەرۋىش بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئالدىدىكى ئوچۇق تۇرغان كىتاب قۇرلىرىدا سىرىلەتتى، لەۋلىرى ئۈنسىز شىۋىرلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ساۋاق يادلاۋاتقان بىر-ئىككى تالىپمۇ بارئىدى.

شائىر سىلىق بورا ئۈستى بىلەن مېڭىپ ئوڭ تەرەپتىكى دەھلىزگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردىن ھۇجرىلارغا ئۆتكىلى بولاتتى. سەئىد بۇرھانىددىن كونياغا كەلگەندە ئەنە شۇ ھۇجرىلارنىڭ بىرىدە ئىستىقامەت قىلغانىدى.

جالالىدىن ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىك ئېچىلمىدى، ئىشىك ئاچقۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغانمۇ نېمە. ياق، ئىشىك مىخلىنىپ، ئېتىۋېتىلگەنىكەن. ھەي ھۇجرىلارمۇ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇنلا بۇ ھۇجرىلار بىر يەرگە بىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئېچىنغان ھالدا ئويلاندى، ئۇمۇ ھەممە بوۋايلارغا ئوخشاش ئاللىقاچان تۈگىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى بار

— دەپ ئويلاپ، كېيىن سۇرۇشتۇرۇپ، تاپالمىغاندا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالاتتى.

مەيلى مانا مۇشۇ دالان ئۆيمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ تىنچلىقىنى ھېچكىم بۇزمايدۇ، ئۇ ھېرىپ قالغان ئاتقا ئوخشاش ئاخىرقى داۋان ئالدىدا بار كۈچىنى يىغىپ، ھاردۇق يەتكەن يولۇچىدەك ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى؛ سوقماقلارنى، ئاۋات كوچىلارنى خىيال قىلدى، ئەگەر مەنزىلىنىڭ يېقىنلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسا ئۇ مۇشۇ يەردە قالىدۇ.

ئۇ ئاستا تىزلىنىپ ئولتۇردى.

كېلىڭ كىتابخان، پېشقەدەم شائىرنى 1270 - يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كونيادىكى سىنجەرى مەسچىتىدە خالىي قالدۇرايلى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى ئوبدان سۆزلىشىۋالسۇن. چۈنكى ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن سوپىلار ئىلمى ئەسرار، دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتۇشقان، ئۇستازى سەئىد بۇرھانىددىن ياش جالالىددىننى قايسى يولغا باشلىۋىدى دېگەن نۇقتىلارنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم.

تەسەۋۋۇپ ئۆز - ئۆزىنى ئىدراك قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىنى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلەتتى: بىرىنچى باسقۇچ — شەرىئەت، يەنى قۇرئان ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قانۇن - قائىدىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەۋرى، ئېنىقراقى، تەييارلىق باسقۇچى. لېكىن بۇ تېخى يولغا چۈشتى دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنى قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز. سوپىلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق. پەقەت ئىسلام قانۇن - قائىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئالغا بېسىشقا ئىككىنچى باسقۇچ — تەرىقەتكە ئۆتۈشكە مۇمكىن بولىدۇ.

بىرىنچى تەييارگەرلىك باسقۇچ — شەرىئەت، سوپىلاردا مەنتىقىي بىلىملەرگە ئوخشاپ كېتىدىغانلارنى ئىلمىي زاھىرى، دەپ ئاتىلاتتى، سوپىلار مەنتىقىي بىلىملەرنىڭ ئەھمىيىتىنى رەت قىلغان ئەھۋالدا، ئۇنى مەھدۇد — چەكلەنگەن دەپ قارىشاتتى. چۈنكى، ئۇ پەقەت ئالامەتلەر، يەكۈنلەر، خۇسۇسىيەتلەرنى تاللايدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىرىچە جەۋھىرى زاتقا ئەمەس، سۈپەتكە قارىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەھسۇلى «ھەقىقەت ئەمەس، بىلھەقىقەت» ئىدى. مەنتىقىي بىلىم پۈتۈننى بۆلەكلەرگە بۆلۈش — تەھلىل ۋە ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ تەكشۈرۈش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئىلاھىي ھەقىقەت بولسا، ئۇنى ماھىيىتىنىڭ مۇتلەق بولۇش ئېتىبارى بىلەن تەھلىل ۋە ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ تەكشۈرۈشكە يول قويمايدۇ، پەقەت ئۇنى مەنتىقىي يوسۇندا ئىدراك قىلىش مۇمكىن.

سوپىلار ئەقلىي كۆزىتىش ئارقىلىق يەنە بىر كۆزىتىش بار دەپ ھېسابلىشىدۇ، ئۇلار ئۇنى ئىلمىي غايىب دەپ ئاتىشىدۇ. پەقەت ئىلمىي غايىب ۋاستىسى بىلەن سىرلار ئېچىلىدۇ، شۇ يول بىلەن قولغا كىرگەن نەرسە ئىلمىي ئەسرار دەپ ئاتىلىدۇ. تاشقى تۇيغۇ ۋاستىسىدە مەنتىقىي قانۇنلارنى بىلگىلى بولمىغىنىدەك، ئىلمىي غايىب ئاچىدىغان نەرسىلەرنى مەنتىقە ئاچالمايتتى.

سوۋېت ئالىملىرى، بولۇپمۇ ئاتاقلىق ئىرانشۇناس ئې. ئە. بېرتېلىسنىڭ تەتقىقاتلىرى① شۇنى كۆرسىتىدۇكى، سوپى - شەيخلەر ئەسلىدە ئىلمىي تەجرىبىگە ئائىت پسىخولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىشقان. ئۆزىنى ئۆزى قاتتىق چەكلەش — قىيىن ۋە ئۆزىنى - ئۆزى كۆزىتىش - ھېسابلاش يولى بىلەن مەقسەتكە مۇنتىزىم ئىنتىلىش ئارقىلىق، ئۇلار ئۆزلىرىدە سۇناس ئىرادە،

① ئې. ئە. بېرتېلىس. «تاللانما ئەسەرلىرى. سوپىزم ۋە سوپىزم ئەدەبىياتى. م. 1965.

ئۆلۈمگىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قارايدىغان جاسارەتكە ئوخشاش سۈپەتلەرنى، باشقىلارنىڭ «ئوي - خىيالىنى بىلىۋېلىش»، ئۆزىدە ۋە باشقىلاردا گىپنوتىك① ھالەتلىرىنى يارىتىش خۇسۇسىيەتلىرىنى تەربىيەلەشكەن. شەكسىزكى، بۇ نەرسىلەر ئاشۇ دەۋر كىشىلىرى نەزەرىدە غەيرىي تەبىئىي ۋە غارايىپ بولۇپ كۆرۈنگەن ۋە شەيخ - سوپىلارنىڭ مۆجىزىكارلىق شۆھرىتىنى ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقاتقانىدى. سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىدراكتىن سىرت يەنى يۈزەكى ئاڭ ھادىسىسى بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسە ئەسلىدە ئىدراك دائىرىسىدىكى، يەنى ئاڭنىڭ ئاساسىي ھادىسىسى ئىدى. تەرىقەت، سوپىلارنى ھازىرقى زامان ئىلمىي ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىدە ۋە باشقىلاردا كۆرۈلىدىغان ئاڭسىزلارچە قاراش جەريانلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەم بەرگەن.

ياش جالالىدىننى ئۇنىڭ ئۇستازى ئەنە شۇ يولغا باشلىغانىدى.

ئې. ئە. بېرتېلسنىڭ قارىشىچە، ھەقىقەت تەرەپكە باشلىغۇچى يول مەسىلىسى، قاتمۇ قات مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يولنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدا يولۇچىغا خاس بولغان كۈچلۈك بىر روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يول بېشىدىكى بىرىنچى مۇقام — «تەۋبە» ھېسابلىنىپ، بۇ روھىي ھالەت يۈنىلىشىنى تامامەن ئۆزگەرتىدۇ، يولغا كىرگۈچى ئەمدى پۈتۈن خىيالىنى پەقەت ھەقىقەتكە، مۇتلەقلىككە قارىتىدۇ. يىگىرمە بەش ياشلىق جالالىدىن ئۇستازى بىلەن كونىيادا دەسلەپكى ئۇچراشقان كۈنى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق تەۋبە قىلغانىدى.

«تەۋبە» مۇقامىدىن كېيىن «ۋەرەئ» — ھوشيارلىق مۇقامى

① غايىباتنى بىلىۋېلىش، سېھىرىي كۈچ — ت.

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ، ئۇ ھارام بىلەن ھالالنى قەتئىي ئاجرىتالايدىغان بولۇشتا كۆرۈلەتتى. ۋەرەئى، ئاۋۋال تائامغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھوشيارلىقتىن — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، يەنى «زۇھد»① گە ئۆتۈلىدۇ. ھارامدىن ھەزەر قىلغان يولۇچى ئەنە شۇ قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، زىبۇ زىننەت ھېسابلىنىدىغان ياخشى كىيىم، ياخشى تائام، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ھەقىقەتتىن چالغىتىدىغان ھەر قانداق پانىي ۋە مەڭگۈلۈك بولمىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تىيىدۇ، تىيىش دائىرىسى شۇ يوسۇندا كېڭىيىپ، ھەر قانداق تىلەكتىن ۋاز كېچىشكە بېرىپ تاقىلاتتى.

«زۇھد» يولۇچىنى «پەقىر»لىك مۇقامىغا يېتەكلەيتتى. بۇ دۇنياۋى نېمەتلەردىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت بۇنداق پەقىرلىك ئۆزىنى تىيىش قائىدىسىگە ئىزچىل رىئايە قىلىشتىن كېلىپ چىققان. لېكىن كېيىنرەك پەقىر پەقەت ماددىي پەقىرلىك ئەمەس، ئاڭ - ئىدراكلىرىنىمۇ ھېسابقا ئالىدىغان، پۈتكۈل ئاڭ - ئىدراك، روھىي - ھالەتلىرىگىچە، ئۇ يولۇچىنىڭ شەخسىي بىساتى ھېسابلانمايتتى.

پەقىرلىك ۋە ئۆزىنى تىيىشنى بىلىش يېقىمسىز ئوي - خىياللار بىلەن باغلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «سەۋر» مۇقامى كېرەتتى. بۇ يەردە سوپى مۇشەققەتلەرگە چىداشقا ئۆگىنەتتى. تەسەۋۋۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى جالالىدىننىڭ تەبىرىچە: «سەۋر - قىلىچە پەرۋا قىلماي قەلەمپۇرنى يۇتۇشقا باراۋەر» ئىدى.

يولۇچى «سەۋر» مۇقامىدىن «تەۋەككۇل» مۇقامىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدا ئۆمۈر بىر كۈن، ھەتتا بىر نەپەس ئېلىش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىناتتى، ئەتىكى كۈن تەشۋىشىدىن تامامەن ۋاز

① دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تائەت، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماق — ت.

كېچىش كېرەك. شۇ بويىچە سوپىلار ئۆزلىرىنى «ھازىرچىلار»، يەنى ھازىرقى دەقىقە بىلەن ياشىغۇچىلار دەپ ئاتىشاتتى. ئۆتكەن دەقىقىمۇ، كەلگۈسى دەقىقىمۇ ھېسابقا ئېلىنمايتتى. بۇ يەردە ئالەم ھەر دەمدە يېمىرىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇر بىلەن ئالاقىدارلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

كېيىنكى ئىككى مۇقام تەرىقەتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى — «رىزا»غا باشلايدۇ. بۇ «تەلەي ئالدىدا خاتىرجەملىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شۇنداق روھىي ھالەتكى، ھەرقانداق زەربە ۋە ھەرقانداق زەپەر خاتىرجەملىك بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار يولۇچىغا خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ بېغىشلىمايدۇ. شەخسىي تەلەي - تەقدىر ۋە ئۆيچۆرىدىكى ۋەقەلىكمۇ بىرەر ئەھمىيەتنى كەسىپ قىلمايدۇ. بۇ ھالەت قەدىمكى يۇنانلارنىڭ «مۇستەھكەملىك» دەپ ئاتىغان ھالىتىگە بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە شۇ يەردە تەرىقەت تۈگەپ، كامالەتكە يېتىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى — «ھەقىقەت»، يەنى ھەقىقىي ھايات باشلىنىدۇ. شۇنىڭغا يەتكەن سوپى «ئارىف»① دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىگە گويا تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن يېتەلەيدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن سوپىلار ئۆزلىرىنى «ھەقىقەتكە يەتكەنلەر»، يەنى ھەقىقەتنى تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن بىلەلەيدىغانلار دەپ ئاتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەنئەنىۋى تەسەۋۋۇپ، ئىدېئالىستىك تەلىمات سۈپىتىدە تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن بولسىمۇ، مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ ۋە شۇ جايدا دىئالېكتىكىدىن چەتنەپ يىراقلايدۇ. ئەسلىنى ئالغاندا سوپىلار ھەقىقەت باسقۇچىدا ئۆز روھىي ھالەتلىرىنى شۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزۈشەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئىككى كۆرۈش ئوبيېكتى بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى.

① مەرىپەتلىك، بىلىمدان، دانا — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا كۆزەتكەنلىرىمىز ئۈچ باسقۇچ — شەرىئەت، تەرىقەت ۋەھەقىقەت سوپىلارىدىكى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىرىنچىسى — ئىشەنچلىك بىلىملەر، «ئىلمول - يېقىن». ئۇنى مۇنداق ئىزاھلىشىدۇ: «ماڭا نەچچە قېتىم ئىسپات قىلغان، گەرچە تەجرىبەمدە سىناپ كۆرمىگەن بولسامىمۇ ئەمما ياخشى بىلىمەن، ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ». بۇ ئادەتتىكى مەنتىقە بىلىش باسقۇچى ئىدى.

ئىككىنچى باسقۇچى — تولۇق ئىشەنچ، «ئەيىن - ئەل - يېقىن». «مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ» بۇ تەجرىبىگە تايانغان بىلىش ئىدى.

ئەمدى ئاخىرقى باسقۇچ — كامىل ئىشەنچ، «ھەق - ئەل - يېقىن»، «مەن ئۆزۈم ئوغا ئىچىپ، ئوتتا كۆيۈپ كۆردۈم. ئىشەندىمكى، ئوغا زەھەرلەيدۇ، ئوت كۆيدۈرىدۇ». ھەقىقەت باسقۇچىغا لايىق كېلىدىغان بۇ باسقۇچتا سوپىلارنىڭ قارىشىچە، سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپ بىلەن، كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزىتىلگۈچى بىلەن تولۇق بىرلىشىشى، بىرىنىڭ ئىككىنچىسىگە سىڭىپ كېتىشى كېلىپ چىقىدۇ.

ئۈچ باسقۇچنىڭ ھەممىسىلا پېئىلدىن ئىبارەت ئۈچلۈك: «بىلىش، كۆرۈش، ياشاش» بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ئۈچلۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى «بىلىش» ۋە «ياشاش» ئارىسىدىكى ئالاقىدارلىققا دىققەت قىلايلى. كامىل ئىنسان، سوپىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار بىلىملەرنى ئىگىلىۋالغاچقا، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ۋە مەئىشى تەجرىبىسىنى ئۇلارغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم. ئارىفنىڭ شەخسىي ئەخلاقى بىلەن بىرلەشمىگەن بىلىملەر ئېھتىمال پايدىسىز، بەلكى ھالاكەتلىكتۇر. ئۇلار ئۇنى رەسمىي ئۆلىمالار چۈككەن رىياكارلىق پاتقىقىغا باشلايدۇ.

سوپىلار شۇ يوسۇندا ئىلىم بىلەن ئەخلاق، ئەقىل بىلەن

تۇيغۇ، ھەقىقەت بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار دەپ قارىشاتتى.

تەرىقەتنى سۆزلەش مەخسۇس كەڭ بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. سوپىلارنىڭ تەبىرىچە، ئۆزى بىلگىنىچە تەۋەككۇل قىلىپ، ئەڭ ئاساسىي سىرلارنى بىلمەكچى بولغانلار ۋە ئىلمىي ئەسرارلارنى ئىگىلىمەكچى بولغانلار سالامەتلىك ۋە ئەقىل - ئىدراكنى ھايىنىغا بېرىپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىشلىرى ھېچگەپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «پىرى يوقنىڭ پىرى - شەيتان» دېيىشەتتى.

غەيرىي سىرىم ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىشتە ھېسسىي ھايات ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان شەھۋانىيەتكىمۇ تايانغۇچى ھازىرقى زامان پسىخانالىتىكلىرىگە① ئوخشاش، سوپى - شەيخلەر شەرىئەتتە رەھنامە② ئەقىل بولسا، تەرىقەتتە رەھنامە مۇھەببەتتۇر دەپمۇ قارىشاتتى. سوپىلارنىڭ ھەقىقەتنى — مەھبۇب، مەشۇقە، ئۆزلىرىنى ئاشىق دەپ ئاتاشلىرىنى ئەسلىسەك، ئۇلار ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ مەنىۋىلىككە ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بەرگۈچى پسىخوفىزىئولوگىيىلىك ھادىسە — سۇبلىماتسىيىدىن③ نەقەدەر نەتىجىلىك ئىش قىلغانلىقلىرى مەلۇم بولىدۇ.

سوپىلار ھېسسىي - ئىنتۇئىتىۋ بىلىشنى ئومۇمەن بىلىشنىڭ ئالىي شەكلى دەپ ئويلىشاتتى. شۇ بويىچە ھەربىر سوپى - شەيخ ئۆز شاگىرتلىرىدا چېنىقتۇرما تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلايتتى.

لېكىن چېنىقتۇرمىلىق، مىساللىق تەپەككۇر سەنئەت مەي-

① پسىخولوگىيە بىلىمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار — ت.

② يول كۆرسەتكۈچى، ئۆگەتكۈچى — ت.

③ قاتتىق جىسىمنىڭ گازغا ئايلىنىشى؛ بىر خىل جىسىمنىڭ ئىككىنچى خىل جىسىمغا ئايلىنىشى — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دانى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سوپىياتە غايىلەر قانۇنىي رەۋىشتە ئۆز ئالىي ۋە مۇكەممەل ئىپادىسىنى شېئىرىيەتتە تاپالايتتى. پەيلاسوپلار ئۈچۈن ئۆز پىكىرلىرىنى ئومۇمىي ـ مەنتىقىي مىساللاردا ئىپادىلەش قانچىلىك تەبىئىي بولسا، شېئىرىي نۇتۇقمۇ ئاتاقلىق شەيخلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدى.

ئەلۋەتتە، تەرىقەت يولىغا كىرگەنلىكى ئادەم ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمايتتى. سوپىلار: «نىسۋە ھەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ. ئەمما ھەر كىم قۇربى يەتكۈچە ئالىدۇ» دېيىشەتتى. بىرلا يول ــ تەرىقەتنى تۇتۇش ئاقىۋىتىدە تۈرلۈك تەبىئەتلەر ئوتتۇرىغا چىقاتتى. تەسەۋۋۇپ تارىخى داۋامىدا بىز شىددەتلىك ۋە جىمجىت، قاتتىق قوللۇق ۋە يېقىنچىلىق، ئەسەبىي ۋە يالغۇز ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئويلىغۇچى، ئېغىر بېسىق ـ ۋەزمىن شەيخلەر، ناتىقلىق، ۋائىزلار ــ جەڭچى پالۋانلارنى كۆرىمىز.

بۇ ئورۇندا ئەلۋەتتە، دەۋر، مۇھىت، سوپى ۋە ئۇنىڭ ئۇستازىغا خاس پسىخوفىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر، ئىنتىلىشلەرمۇ ئەكس ئېتەتتى.

جالالىددىننىڭ ئۇستازى قاتتىق قول ۋە ئەسەبىي مىجەزلىك كىشى ئىدى. بەلختە سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ بەزەن شۇنداق ئەسەبىيلىشىپ كېتەتتىكى، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا داد ـ پەرياد سېلىپ، شەيخنىڭ سۆزىنى بۆلەتتى، ياكى بولمىسا، پۇتىنى سەندەلدىكى ئوتقا تىقىۋالاتتى. شۇ چاغدا سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن سۇلتانۇل ئۆلىما مۇرىتلىرىغا: «سەئىدنى سىرتقا چىقىرىۋېتىڭلار، يەنە مەجلىسىمىزگە دەخلى قىلمىسۇن!» دەپ بۇيرۇيتتى.

سەئىدنىڭ سۇلتانۇل ئۆلىمادىن پەرق قىلىدىغىنى، ئۇنچىلىك سەپرا ئەمەستى. رەسمىي ئۆلىمالارغا ئوخشاش سۇلتانۇل ئۆلىما شاراب ئىچىش ھەممە ئۈچۈن، شۇ جۈملىدىن سوپىلار ئۈچۈنمۇ

ھارام، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ: «شاراب ئىنسانني غالجىر ئىت، ئىپلاس چوشقىغا ئايلاندۇرىدۇ» دەيتتى. بۇنىڭغا جاۋابەن سەئىد بىر قېتىم: «ئىچكەنگە ھالال، ئىچمىگەنگە ھارام» دېگەنىدى. ئۆز پىرىغا ئوخشاش ئۇ ۋائىز بولمىدى، زاھىد بولدى. گايىدا ئوي-خىيال دەرياسىغا شۇنچىلىك غەرق بولاتتىكى، بارلىق دۇنيانى ئۇنتۇيتتى. قىرىغان چېغىدا ئۇنى قەيسەردىكى مەسچىتلەرنىڭ بىرىگە ئىمام قىلىپ قويۇشتى. بەزىدە شۇنداق بولاتتىكى، ناماز ۋاقتىدا باشقىلارنى ئۇنتۇپ، ئۇ سائەتلەپ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. ئاخىرىدا ئىماملىقتىن ئۆزى ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى:

— مۆمىنلەر، ئەيىبلىمەڭلار! پىغانىم بېشىمغا چىقىپ، سىلەرنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن! ئۆزۈڭلارغا ئەقىل-ھوشى جايىدىراق بىر ئىمام تېپىۋېلىڭلار...

## سىناش

جالالىدىن ئورنىدىن تۇردى. سەئىد ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، ئۇنىڭ قولىدا خىرقە چاپان① بار ئىدى. ئۇنى ياش ئۆلىماغا كىيدۈرۈپ قويدى، بېلىنى رىدا② بىلەن باغلىدى، ئاندىن جالالىدىننىڭ قىزغۇچ، بۆدۈر ساقىلىنى قىرىپ، قاشلىرىنى تېرىپ، چاچلىرىنى چۈشۈردى. سەئىد ئۇنىڭ بېشىغا دەرۋىشلەرنىڭ قالپىقى — سەرپۇش تۇماق كىيدۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆلىمامۇ ۋائىزمۇ، مۇدەررىسمۇ ئەمەس، بەلكى سەئىد بۇرھانىددىن سىردانىنىڭ③

① قوپال رەختتىن تىكىلگەن چاپان — ت.

② بەلباغ، رەختتىن ياكى شويىنىدىن توقۇلغان بەلباغ — ت.

③ خىسلەتلىك، سىرلىق، سىرداش — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆپ سانلىق مۇرىتلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

مۇرىت — ئۆزىنىڭ ئىختىيارىنى ئۆزگىگە تاپشۇرغان كىشى دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ شەيخكە ھەممە نەرسىدە سۆزسىز بويسۇنۇشى، مەقسەتكە مۇۋاپىقمۇ-ئەمەسمۇ، زۆرۈرمۇ-زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر پەرمانىنى ئورۇندىشى لازىم ئىدى.

سىناق ئادەتتە مۇرىتنىڭ پىرىنىڭ ئىرادىسىگە قانچىلىك بويسۇنۇشىدىن ئىمتىھان ئېلىشتىن باشلىنىتتى. ئاتىسىدىكى كۈچلۈك غۇرۇر جالالىدىنغىمۇ مىراس قالغانىدى. بۇنى ياخشى بىلىدىغان شەيخ دەسلەپ ئۇنى ئەنە شۇ جەھەتتىن ئاجرىتىۋالماقچى بولدى.

مانا، سۇلتانۇل ئۇلىمانىڭ ئوغلى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ پايتەختىدە مەسچىتى جامە ۋائىزى، مەدرىس مۇتەۋەللىلىرىنىڭ ھاجەتخانىسىنى تازىلاشقا باشلىدى. شەيخ شۇنداق بۇيرۇغانىدى. ئۇ جالالىدىننى ئاياپ ئولتۇرمىدى، شاگىرتىدىكى تەكەببۇرلۇقنى باشقىلارغا قارىغاندا قاتتىقراق تۇتتى. جالالىدىن بۇنىڭدىن ئالاھىدە مېھىر-مۇھەببەت بەلگىسىنى كۆردى.

باھار يېتىپ كەلدى. تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن سۇلار ئېرىقلار، ئۆستەڭلەرنى تولدۇردى. ئاغزى-بۇرنىنى بىر پارچە ئاق لاتا بىلەن ئورىۋالغان جالالىدىن كۆندىن ياسالغان چېلەكلەردە ئەخلەت توشۇۋاتاتتى. ئەخلەتخانىلار خۇددى تۈۋى يوقتەك تۇيۇلاتتى. نېمىشقىكىن بۈگۈن تازىلانغان خەندەكلەر ئەتىگىچە ئەگىز سۇلار بىلەن لىق تولۇپ قالاتتى. ئۇ كېچىسى ھاممامدا ئۈچ قېتىم چۆمۈلۈپ، تاكى تاڭ خورازلىرى چىللىغۇچە، ئاتىسىنىڭ «مائارىپ» دېگەن كىتابىدا يىغىنچاقلانغان مەسىلىلەرنى ئوقۇيتتى. پىرى ئەنە شۇ كىتابنى بىر يۈز بىر قېتىم ئوقۇشنى بۇيرۇغانىدى.

جالالىدىن ساۋاقلىرىنى خۇشاللىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۆگىنەتتى. ئۇ ئۆز جىسمىنى تاشلىغان ئاشۇ قىيىنچىلىق ۋە مەھرۇم بولۇشلار ئۇنىڭ قەلبىدە گۆھەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوزغالغان ئوتنى پەسەيتكەندەك بولدى. لېكىن، باھاردا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاشۇ شەيخنىڭ «ئەمدى بەس، كۇپايە» دېيىشىنى كۈتەتتى. ئەمما سەئىد گەپ قىلمايتتى.

جالالىدىننى دائىم ئاچلىق قىينايتتى. بىراق دىمىقىدا تۇرۇۋالغان بىر خىل بەدبۇي پۇراقتىن ئۇ ئاغزىغا چىمدىم نەرسە سالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جاپا-مۇشەققەت، ئۇيقۇسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

ئەتىيازنىڭ قىيان ۋە ئەگىز سۇلىرى بېسىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن پىرى يەنىلا بىر نېمە دېمەيۋاتاتتى. جالالىدىن كۈندۈزى يىغىلىپ قالغان ئەخلەتلەرنى كېچىچە توشۇشتىن بوشىيالمايتتى. يەنىلا ئىشىنىڭ يېنىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان سەئىد ئۇنىڭغا يېڭى ساۋاق بەردى: جالالىدىننى يەنە ئىككى مۇرىت بىلەن شەھەرگە كىرىپ سەدىقە تىلەشكە بۇيرۇدى.

بۇ ھاجەتخانا تازىلاشتىن قىيىن ئىدى. ساۋاقنى ئۆز ئادەملىرى ئالدىدا ئورۇنداش باشقا گەپ، چۈنكى ئۇلار بۇ شەيخنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن ياتلار ئالدىدا، يەنە كېلىپ، ئاۋۋالقى مۇخلىسلارنىڭ ئالدىدا ئىككى پۈكلىنىپ تىلەمچىلىك قىلىش نېمە دېگەن قىيىن.

ھەممىدىن قىيىنى شەيخلەر، فەقىھلەر، ئۆلىما ۋە قارىلاردىن سەدىقە سوراش ئىدى. ئۇلار ھەمىشە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن زەھەرخەندىلىك بىلەن سەدىقە بېرىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما ساقال-بۇرۇتى چۈشۈرۈلگەن ئاۋاق بۇ دەرۋىشنىڭ سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھەممىلا كىشى بىردەك تونۇپ كېتەلمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچىدىكى ئۇيقۇسىز ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى يوقىتىشلار تۈپەيلىدىن جىددىيلىشىپ قالغان سەزگۈسى ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ سۆزى، قارىشى، كۆزگە كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس قىلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئادىتى، مەيلى ۋە تەبىئىيتىنى بىلىۋېلىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇلار بارغانسېرى ئۆز ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ جانسىز قورالى بولۇپ تۇيۇلاتتى، ئۇلار خۇددى تاش ئاتىدىغان مەنجاناققا① ئوخشايتتى: تاشنى قويۇپ، تەپكىسىنى باسساڭلا، بولدى، تاشنى قارىسىغا ئېتىۋېرىدۇ. ھەممىشە مەلۇم تەسىر، مەلۇم نەتىجە بېرەتتى.

ئۇ شۇنداق مەھەللىلەردە بولدىكى، بۇرۇن ئۇنداق يەرلەرنىڭ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. مەيخانىلاردا مەئىشەتكە دۈم چۈشكەنلەر خۇددى ئىتقا ئۇستىخان تاشلاپ بەرگەندەك ئۇنىڭ خۇرجۇنىغا پارچە پۇللارنى تاشلايتتى. قىمارخانىلاردا بولۇشىچە قاشلىق ۋە پەرداز قىلىپ نايناقلاپ يۈرىدىغان، ئارفا② چالىدىغان ئاياللار ئۆز گۇناھلىرىنىڭ يېنىكلىشى ئۈچۈن سەدىقە بېرىشەتتى. كارۋانسارايلار ۋە سودا دۇكانلىرىدا سەدىقە بۇرۇندىنلا ھېسابلىق بولاتتى — بۇ يەرلەردە كۆپىنچە كەسپىي تىلەمچىلەر تۇراتتى. شەرىئەت بويىچە دارامەتنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى خەيرىيەت ئىشلىرىغا بېرىلىشى لازىم ئىدى. ئۇ بىردە بولسا سودىدا زىيان تارتقان كۈنلىرى، بىردە بولسا، شەرىئەت بويىچە ئوندىن بىرى تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن كېلەتتى. سودىگەرلەر ھەر ھالدا سۈتخور ۋە ئېلىپ ساتارلارغا قارىغاندا سېخىيراق ئىدى: ئۇلار ھۈنەرنىڭ سەدىقىسى ۋە دەرۋىشلەرنىڭ

① قەدىمكىي زامان ئۇرۇشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئېتىش قورالى ـــ ت.

② بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى ـــ ت.

دۇئاسى مال ـ مۈلكىنى ۋە ئۇزاق يولدىكى كارۋانلارنى بالا ـ
قازادىن ئاسرىغاي، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى.

ئۇنى نامرات ـ كەمبەغەللەرنىڭ قەلبى ئۆزىگە تارتاتتى.
بەزىدە ئۇلارمۇ ياخشىلىقنى بۇ دۇنيادا كۆرمىسەم، ئۇ دۇنيادا
كۆرەرمەن دەپ سەدىقە بېرەتتى. كۆپىنچە ئورۇق تىلەمچى
دەرۋىش بىلەن بىر ئوچۇم گۈرۈچنى تەڭ تالىشىپ يېيىشەتتى.
بەزىدە بۇ ئىشنى بىرئاز تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ يۈرۈپ قىلىشاتتى.
توپىلاڭ يەردە، چىرىپ كەتكەن بورىدا يېتىپ، كوچا ـ كوچىدىكى ۋەيرانىلىقلاردا، ياق، قىش، ياز پاسكىنىچىلىق ئاقىدىغان زەي ـ
كەشلەرنىڭ بويىدا ياتقۇچىلارنىڭ سەممىيىتى ۋە كۆڭۈلچەك ـ
لىكى ئۇنى پات ـ پاتلا شەھەرنىڭ چېتىدىكى مەھەللىلەرگە باشلايتتى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەھەللىلىرىگە بېرىشقىمۇ كۆڭلى مايىل
ئىدى: خەلپە ـ ئەخىيلەر بىر داستىخان ئەتراپىغا يىغىلىپ
بىرلىكتە تاماق يېيىشەتتى، دائىم تىلەمچى دەرۋىشكە تاماقنى
باشقىلارغا ئوخشاش بۆلۈپ بېرىشەتتى.

ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى باشقىچە ئىدى. باي ـ
لار ۋە ئەمىلى يۇقىرىلارنىڭ خىزمەتكارلىرى تولىمۇ يۈزسىز ۋە
تەكەببۇر ئىدى. پىچۇۋېتىلگەن قۇللارنىڭ ئۆز پادىشاھىنىڭ
ئەۋرىتى بىلەن ماختانغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئۆز خوجايىنلىرى ـ
نىڭ سەدىقىسىنى «ھەممىن قەدەر»① دېيىشىپ ئاغزىلىرىنى كۆپ ـ
تۈرۈشەتتى. بۇ جالالىدىننىڭ ھەۋىسىنى ئەمەس، ھايۋانلىق تۈي ـ
غۇسىنى قوزغايتتى.

جالالىدىن بۇ يىلنىڭ باھار ۋە ياز ئايلىرىدا شەھەر ۋە
ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆتكەن يىللارغا قارىغاندا ياخشىراق بىلـ ـ
ۋالدى. بەزىدە بىر كۈن ئىچىدە شۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى كۆ ـ

① مانا شۇ قەدەر، شۇنچىلىك ـــ ت.

رەتتىكى، خانىقاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاجەتخانىلارنى شۇنداق ئالدىراپ-تېنەپ تازىلىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى: ئەگەر ئۇ ئىشنى تۈگىتەلمىگەن بولسا، ھەر كۈنكىنى شەھەرگە كىرمىگەن بولار ئىدى.

سەئىدنى بىكارغىلا سىرلىق دەپ ئاتاشمىغان: جالالىدىن شۇنداق پىكىرگە كەلگەندە ئۇنى ھاجەتخانىلارنى تازىلاشتىن توختاتتى.

— سەن ساۋاقنى ئاخىرىغا يەتكۈزدۈڭ، لېكىن يادىڭدا بولسۇن: كۆڭۈلنى تازىلاش ھاجەتخانىنى تازىلاشتىن مۈشكۈلرەك.

ئۇنىڭ پىرى، كۆپلىگەن زاھىدلارغا ئوخشاش، ئاچلىقنى ھېكمەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى دەپ بىلەتتى. دۇنيادا روزا تۇتمايدىغان خەلق يوق، لېكىن ئۆزىنى بىلىشنى خالايدىغان ئادەم، شەيخلەرنىڭ پىكرى بويىچە، ھەر كۈنى روزا تۇتۇشى لازىم.

— بەل گۆرجەك تۇپراق قەۋىتىنى كولاپ سۇ چىقارغىنىدەك، ئاچلىق ئىدراك ۋە پاراسەت بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، — دەيتتى سەئىد بۇرھانىددىن، — ئاچلىق-يولۇچىنى ئاداشماي مەنزىلگە يەتكۈزگۈچى ئات. لېكىن ئۇنى ئاز-ئازدىن مىنىپ، ئاستا-ئاستا ئۈگىتىش كېرەك.

كېچە-كۈندۈز دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بەدبۇي پۇراقتىن قۇتۇلغان جالالىدىن ئۆزىنى قېلىن قار ياغقان قىش كۈنى ئۆۋدىن چىققان ئاچ بۆرىدەك ھېس قىلدى. لېكىن پىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈچ، تۆت كۈنلەپ ئاغزىغا سۇ ۋە بىر چىشلەم قۇرۇق نان، بەزىدە خام ياكى قېرىق چامغۇردىن باشقا ھېچ نەرسە سالمايتتى. شەيخ بۇنى كۆزنى روشەن قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئاچلىق ئازابى ئۇنىڭ مادارىنى تۈگەتتى، شۇ كۈن-

لەرنىڭ بىردە پىرى ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىردى.

ئۇلار سۇلتان سارىيى جايلاشقان دۆڭلۈكنى بانداپ، ھەي-
ۋەتلىك ئاۋات رەستىلەردىن ئۆتتى. ئۇلۇغ تەرەپتىكى بازارغا بۇ-
رۇلۇپ، قاسساپلىق رەستىسىنى بويلاپ مېڭىشتى. كاللا-پاقالچاق
ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاشتى. دۇكاننىڭ ئالدىدىكى
پېشايۋاندا قوي ۋە قوشقار كاللىلىرى، جىگەر، بۆرەك، يۈرەك
ۋە قېرىنلار ئېسىقلىق تۇراتتى. يوغان ياغاچ تۈگۈردا ئىتلارغا
دەپ تاشلاپ قويغان ئۈچەي-قېرىن تاشلاندۇقلىرى تۇراتتى.

قاسساپ ھەيرانلىق ۋە ئېھتىرام بىلەن شەيخنى قارشى ئال-
دى. ئۆلىمالار بوياقلارغا ئاياغ باسمايتتى. پەقەت قازى سىرا-
جىددىن ۋە شەيخ سەدىردىددىن كونا ئۆي خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتەت-
تى. سەئىد جالالىددىننى ئىشارەت بىلەن توختاتتى. ئۈچەي-قې-
رىن تاشلانغان، ئۈستىدە يېشىل، كۆك رەڭ چىۋىنلار غۇژۇلداپ
يۈرگەن تۈگىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا دېدى:

— سەۋر-تاقىتىم تۈگىگەندە، مەن مانا مۇشۇ يەرگە كې-
لىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە: «ھەي كۆزى كور نەپس! مەن ساڭا
ئەنە شۇ ئىت يېمىدىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمەيمەن، خالىساڭ
ئال، يە!» — دەيتتىم، — دېدى.

جالالىددىننىڭ خىيالىغا دەرھال، تۆت پۇتلاپ تۇرۇپ،
خىرقىراشقان ئىتلارنى ئۇيان-بۇيان قوغلاپ، باشتىن-ئاياغقى-
چە قانغا مىلىنىپ، ئەنە شۇ بوتقىغا ئايلانغان ئىپلاس يۈندىنى
يالاش كېرەكمۇ، دېگەن ئوي كەلدى.

ئۇنىڭ ئۈچ كۈنگىچە كۆڭلى ئاينىپ، گېلىدىن ھېچ نەرسە
ئۆتمىدى...

كۆز كۆنلىرى كەلگەندە ئۇ ئاچلىققا خېلىلا كۆنۈپ قال-
دى. شەيخنىڭ مەسلىھىتى بىلەن قورساققا تاش باغلاپ، ئاچ-
لىقنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا پىرى يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساۋاق بەردى. ئاتا مۇلاقەتلىرى دېگەن كىتاب يۈز بىر قېتىم تەكرار ئوقۇلغانىدى. ئەمدى شەيخ ئۇنىڭغا ئەڭ تەس شەكىلدە ئولتۇرۇپ: مۈكچىيىپ، بىر پۇتىنى سوزۇپ، ئىككىنچىسىنى يىغىپ، ئۇخلىماي، سائەتلەپ قۇرئاننىڭ گاھ ئۇ، گاھ بۇ سۈرىسىنى ئوقۇشنى بۇيرۇدى. تاكى شېئىرىي ئاھاڭ ۋە سادا تەسەۋۋۇردا تىمسال ـ سۈرەت پەيدا قىلمىغۇچە، سۈرىنى تەكرارلاۋېرىشى شەرت ئىدى.

شەيخ مۇرىتىنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، بۇنىدىن كېيىن دىققىتىنى بىر نۇقتىغا يىغىشقا ئۆگەتتى.

بىر قېتىمقى سۆھبەتتە بىر مۇرىت سەئىدتىن سورىدى:

— كىم ئۆزىنى ئاللاغا بېغىشلىغان دەپ ئېيتالايدۇ؟

— بۇرنىدىن چىققان ھەر نەپەس «ئاللاھ! ئاللاھ!» دېگۈچى زات، — دەپ جاۋاب بەردى شەيخ.

كېيىن ئىلاھى ئىسىم ئاللاھنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چۈشەندۈردى: دەسلەپكى ئەرەبچە «ئەلىف» ۋە «لام» ھەرپلىرى ھەممىسى بىرلا شەكىل ـ ئىسىمنىڭ ماھىيىتىنى ھەربىر جانلىق نەپەس ئېلىپ، نەپەس چىقارغان چاغدىكى «ئاھ» بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر نەپەس خۇداغا ھەمدۇ ـ سانادۇر، دەپ ئەمرۇ ـ مەرۇپ قىلدى شەيخ، مەشق قىلىپ شۇنداق يەرگە يېتىش لازىمكى، ھەر بىر نەپىسىمىز ئىبادەت بولسۇن.

پىرىنىڭ سۆزلىرى بارغانچە مەۋھۇم تۈس ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. مۇرىتلار كېچە ـ كۈندۈز باش قاتۇرۇشى جائىز بولغان رەمزۇ ئىشارىلەر ئارقىلىق ئۇ ئىنسانىنىڭ كەشىپ قىلغان قۇدرەتلەر تەسۋىرىنى سىزىپ بېرەتتى. سەكسەن يىلدىن كېيىن دانتېنى جەھەننەمنى سەير قىلدۇرغان ۋىبرگىلىيگە ئوخشاش، سەئىد سىردان بولغۇسى بۈيۈك شائىرنى سىرلار ئالىمى، ناباتات ۋە ھايۋانات دۇنياسىدىن ـ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھەققەت

مەنزىلى تەرەپكە يېتەكلەيتتى. ئۆسۈملۈك دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ئۈنۈپ ئۆسۈشىدىن ئىختىيارسىز راھەتلىنىدىغان مايسىغا ئوخشىتاتتى. ھايۋانات دۇنياسىنى سەنائى ئۆزىنىڭ «سەيرال-ئىباد» دېگەن داستانىدا تەسۋىرلىگىنىدەك، سىرتى گۈزەل، ئىچى خۇنۇك شەھەرگە قىياس قىلاتتى. پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ كۈن كۆچۈرىدىغان ئادەملەرمۇ ئەنە شۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى — ياشاش ۋە نەسىل قالدۇرۇش. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ شۇ كېپىل، پەقەت، ھايات ئادالەتتە ئىدى. بۇ شەھەردە قوش ھۆكۈمدار-قاراڭغۇلۇق ۋە كۆلەڭگە بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاق ۋە قارا بىر جۈپ تۇلپارى بولۇپ، بۇ — كېچە ۋە كۈندۈز ئىدى. شەھەر ھۆكۈمدارلىرى نوقۇل ئۆز پايدىلىرىنى ئويلىشىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئاتلىرىغا يەم بولىدۇ.

جالالىدىن ئۇستازى ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتقاندا، كۆپىنچە سەنايى ۋە ئەتتارغا مۇراجىئەت قىلغىنىنى پات-پاتلا بايقاپ قالاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ھەيران قالمايتتى، بەلكى ئىچىدە مەمنۇن بولاتتى. چۈنكى، بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇ دېگەندەك يادلايتتى ۋە ئۇستازىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالاتتى. ئەمما سەئىد بۇرھانىددىن سىردانىي نوقۇل باشقىلارنىڭ پىكرىنى تەكرارلايدىغان تۇتى، دەپ ئويلاش توغرا بولمايتتى. ياۋروپا پېنى ئۈچۈن پەلسەپە ئاتالغۇلىرى قانداق خىزمەت قىلسا، سەئىد بۇرھانىددىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەيخلەر ئۈچۈن سوپى شائىرلارنىڭ مىسال ۋە ئوخشىتىشلىرى شۇنداق خىزمەت قىلاتتى. بىز مەزكۇر تېرمىنلارنى ئىشلەتكەندە، ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرىگە يۆلەنمەيلا ئىشلىتىۋېرىمىزغۇ.

شەھەرنىڭ ئاساسىي ئىللىتى بولغان ئاچكۆزلۈكنى شەيخ بىر كۆزلۈك، يەتتە يۈزلۈك،

تۆت ئېغىزلىق دەھشەتلىك ئەجدىھا قىياپىتىدە تەسۋىرلەيتتى. ھەسەت ـ كۆزى بويىندا، تىلى يۈرىكىدە بولىدىغان دىۋە سۈرىتىدە، ھايۋانىي ھېسلارنى بولسا، ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان سازلىقلاردا ئەمترەپ يۈرىدىغان ياۋايى مەخلۇقلارغا ئوخشاش گەۋدىلەندۈرەتتى. ئۇلار ھەمىشە ئەمترەپ يۈرۈشەتتى، باشلىرى بىرلا كۆزدىن، تەنلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز قوللاردىن ئىبارەت ئىدى.

شەيخ ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى مەجاز يولىغا باشلايتتى. ئىنسان بېشىدىن كەچۈرۈش مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسىنى كەچۈرۈپ بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات، مەۋھۇم ئېتىراس ۋە تىلەكلەر روھىغا كىرىشكە مەجبۇرلايتتى. خىيال ـ تەسەۋۋۇرى چەكسىز بولغان جالالىدىن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى.

قىش ئۆتتى، باھار يەنە ياز بىلەن ئالماشتى. جالالىدىننىڭ چېچى ئۆسۈپ، ساقىلى يەنە كۆكسىگە چۈشتى. ئەمدى ئۇ بۇدرە ئەمەس، بەل گۆرجەكتەك ياپىلاق ۋە يىرىك ئىدى. ئېگىز بويلۇق، قاتما گەۋدىلىك جالالىدىن ھەمىشە ئۆي ـ خىيالغا چۆكۈپ، ئەتراپىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىزدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ كېچىسى تۇساتتىن قورۇغا چىقىپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارايتتى، ياكى باھار شاماللىرىنىڭ ئۇنى سىيپاپ ئۆتۈشى خۇددى قۇياش نۇرىنىڭ ئەتىگەندە تام تۈۋىدىكى تاشقا چۈشكىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئەندىشە، ھاياجان ياكى بىر خىل ئالدىراش ـ ئىنتىلىشقا ئوخشاش بىر نېمە ئوراپ، ئاجايىپ بىر خىل تىترەك ئىچىدە قالاتتى. بۇ نېمىدۇ؟

بۇنداق دولقۇنلىنىشلار ھە دېگەندە ئۇنىڭ زوھدى، پەقىر
ۋە سەۋر مۇقاملىرىدا كۆرۈلدى. تەرىقەتنىڭ ئىككىنچى بىرىسى-
تەۋەككۈل ۋە رىزا مۇقاملىرى روھىي ئاسايىش ۋە مۇشاھەدەكار-
لىق① بىلەن ئۆتتى. ئۇ ھەيرانلىق قىياپەتلەرگە كىرىپ، بەزىدە
تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، بەزىدە ئۆزگەشلەپ تۇرغان دېڭىز،
بەزىدە يالقۇن، بەزىدە قاتار تىزىلغان چىراي قىياپەتلەرنىڭ
تۇسىنى ئالاتتى. ئەمما باشقا مۇرىتلارغا كۆرۈنىدىغان باشتىن-
ئاخىر ئاپئاق كىيىنگەن نۇرانە مويسىپىتلار ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيت-
تى. پىر شاگىرتىنىڭ مۇقامدىن مۇقامغا شىددەت بىلەن ئۆتۈشىنى
يوشۇرۇن بىر قانائەت بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇرەك-
كەپ كەچۈرمىشلىرى ۋە ھالەتلىرىنىمۇ دۇنياۋى ئۇلۇغ ئىشلار
تەرىقىسىدە تەسۋىرلەش قابىلىيىتىگە ھەيران قالاتتى.

شەيخ بىر كۈنى ئاخشىمى مۇرىتلىرى بىلەن بولغان سۆھ-
بەتتىن كېيىن، خىيالغا چۆكۈپ قالدى. سىرتتا ئىزغىرىن شا-
مال چىقىۋاتاتتى، ئىچكىرى ئۆيدە ئوت يالقۇنجاپ يانماقتا
ئىدى.

شەيخ ئوتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، تۇيۇقسىزلا بۇيرۇدى:

— زىياغا كاۋاب ئەكىلىپ بېرىڭلار! — دېدى. زىيا- ھەم-
مىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ياش مۇرىت گۇناھ قىلىپ قويۇپ
قولغا چۈشكەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا
بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ سەندەلدە كۆيۈۋاتقان ئوتقا تى-
كىلىپ، قانداق قىلىپ شەيخنىڭ كۆڭلىگە بۇ ئوي كېلىپ قالدى-
كىنە؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى.

مىسىردىن كېلىپ مەدرىسىگە چۈشكەن، سىردانىڭ سۆھ-
بىتىنى ئاڭلاۋاتقان دەرۋىش تەكەللۇپسىزلا بۇنىڭ سىرىنى سو-
راپ قالدى.

① قاراپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش، كۆزىتىش — تە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭدا سىر يوق، — دەپ جاۋاب بەردى سەئىد، — مانا يىگىرمە يىلدىن بېرى ھەرقانداق تىلەكتىن خالىيمەن. كۆڭلۈم پاك ۋە يوپ-يورۇق بىر ئەينەكتەك. ئۇنىڭ يۈزىدە بىرەر تىلەك پەيدا بولىدىكەن، بۇ — باشقىلارنىڭ تىلىكىنىڭ سايىسىدۇر. ئۇ كىمنىڭ تىلىكى، بۇنى بىلىش قىيىن ئەمەس. بۇلار مېنىڭ مۇرىتلىرىمغۇ!

جالالىدىن شەيخنى بىرقانچە قېتىم ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ پىكرى ۋە روھىي ھالىتى كۆپىنچە پىرغا تېپىشماق بولۇپ قالاتتى. سۇلتانۇل ئۇلىمانىڭ ئوغلى ئۆز تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن تۇيغۇلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان مىساللار شەيخنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەستى.

بۇ — جالالىدىننى باشلاپ كېتىۋاتقان يولنىڭ ئاخىرى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. ئۇ ھېسابلاپ باقتى، دەرۋەقە، ھە، دېمەيلا سوپىنىڭ سىناق يولىغا كىرگىنىگە بىر مىڭ بىر كۈن توشقانىدى.

ئۈچىنچى يىلى باھاردا سەئىد جالالىدىننى ئالدىغا چاقىردى.

— ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ يالغۇزلۇقىڭنىمۇ سىنىقىدىن ئۆتۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن. غارايىبات دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ، ئىلھام دۇردانىلىرىنى سۈزگەيسەن...

جالالىدىن بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بۇ سۆزلەرگە قانداق خۇش بولغان بولارئىدى. تەنھالىق ـ يولۇچىنىڭ ئاخىرقى سىناق. ئەمما ئارىلىقتا ئۆتكەن ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بىھۇدە ئۆتمىدى. ئۇ ئەمدى بۇ يولنىڭ ئاخىرى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ھەقىقەتلەرنى ئىزدەپ ئالغا ئىنتىلىسەن، لېكىن ھەقىقەتلەرگە

قاچان يېتسەن، ئومۇمەن يېتەلمەيسەن، بۇنى بىلمەيسەن. بىراق ئاۋۋالقى هالىتىڭگىمۇ ئەمدى قايتالمايسەن.

ئۇ رازىلىق ۋە قايىللىق مەنىسىدە بېشىنى ئەگدى.

سەئىد هۇجرا هازىرلاپ، گىلەم سېلىشنى، بىر كوزا سۇ ۋە ئارپا نان ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە هۇجرىغا جالالىددىننى ئۆزى باشلاپ كىردى. دۇئا بەردى ـ دە، ئىشىكنى مەهكەم قىلىپ ئېتىپ، ئۇنى يالغۇزلا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

تەنهالىق سىنىقى قىرىق كۈنگە سوزۇلدى. بۇ جەرياندا شەيخ ئىككى قېتىم كىرىپ، كوزىنى ئالماشتۇردى. ئاستا كىرىپ، مۇرىتىغا قارىماسلىققا هەرىكەت قىلىپ ئاستا چىقىپ كەتتى، جالالىددىنمۇ بۇنى بايقىمىدى.

بىرىنچى قېتىم ئۇ ئوي ـ خىيال بولۇڭىدا تاشتەك قېتىپ، سوپىلارنىڭ تەبىرى بويىچە، بېشىنى هەيرانلىق ياقىسىغا تىقىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا شەيخنىڭ يادىغا ئىختىيارسىز قۇرئاننىڭ ئايىتى چۈشتى: «سىزگە بۇ دەرستۇر، لېكىن سىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز.»

ئىككىنچى قېتىم شەيخ جالالىددىننى كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان هالدا كۆردى. ئۇ يۈزىنى تامغا قارىتىپ تۇراتتى. كۆز ياشلىرى ئۇنى قىستايتتى. شەيخ ئۇنى ئاۋارە قىلمىدى، دەردمەنلەرنىڭ ئاهى ئاللاغا يېتىدىغان بولسا، يەرۇ ئاسمانمۇ قانلىق ياشلارنى تۆكۈپ، يىغلىغان بولار ئىدى.

ئاخىر مۇهلەت تولدى. شەيخ مۇرىتىنى ئويلاپ، ئاخىرقى كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندە ئىشىكنى بۇزدۇرۇپ، هۇجرىغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزى كىردى.

جالالىددىن ئوتتۇرىدا تۇراتتى. ئۇستىدىكى تۈگۈلۈكتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشكەن نۇر ئۇنى يېرىم-ياتا يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس، مەيۇس تەبەسسۇم ئوينايتتى.

ھېچ نەرسە يوقكى، غەيرىي بىر ئالەم ئىرۇر،
ھەرنە ئىستەرسەن، ئۆزۈڭدە جەم ئىرۇر...

جالالىدىننىڭ قىرىق كۈن ئىچىدە ئېيتقان ئەنە شۇ دەسلەپكى سۆزى پىرنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇردى. قوللىرى قاناتتەك سىلكىنىپ، كۆك سەللىسىنىڭ دەستى يەلكىسىدىن كۆكرىكىگە، كۆكرىكىدىن يانا يەلكىسىگە ئىرغىدى. كۆكسىدىن بوغۇق بىر پەرياد ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ جالالىدىننى قۇچاقلىدى.

شەيخ دەسلەپ ھۇجرىغا كىرگەندە ئۇنىڭ يادىغا چۈشكەن قۇرئاننىڭ سۆزىگە مۇرىتى جاۋاب بەرگەنىدى. شەيخنىڭ پىكرىنى بىلىۋالغان مۇرىتى — مۇرىت ئەمەس، ئارىپ سانىلاتتى.

— سەن ھەممە بىلىملەر — ھەم ئىلمىي زاھىرى، ھەم ئىلمىي باتىننى ئىگىلىدىڭ، — دېدى شەيخ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، — ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە ھەمدۇ شۈكرانىكىم، مەندەك پەقىر ۋە ئاجىز بىر بەندىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن سېنىڭ كامالىتىڭنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلدى. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ نامى بىلەن قەدەم باسقايسەن، ئىنسانلارنىڭ يولىنى مۇنەۋۋەر ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شەۋكەت ۋە ھالاۋەتكە تولدۇرغايسەن...

شۇ كۈنى شەيخ جالالىدىنغا ئۆلىمالىق دەستۇرىنى ئوراپ، دەستىسىنى ئۇنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويدى. ئارىفلار كىيىدىغان يەڭلىرى كەڭ تون — خىرقە كىيدۈردى. ئۆزىنى پىرى-مۇرشەدلىكتىن ئازاد قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەنلىكىنى مۇرىتلىرىغا ئېلان قىلدى، ئاندىن كونياغا كەلگەندە جالالىدىن ئۇنى دەس-

لەپ ئۇرۇنلاشتۇرغان ھۇجرىغا كۆچۈرۈپ چىقتى.
جالالىدىن يەنە گۆھەرتاش مەدرىسىدە مۇدەررىس ۋە
خانىقا پىرى بولدى. يەنە ئۇ مۇرىتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ،
ۋەز ئېيتىپ، شاگىرتلىرىغا پەندۇ نەسىھەت قىلىپ، ئۆلىمالار
بىلەن بەس-مۇنازىرىلەر قىلىشىپ، ئىشىكى ھەممە خالايىققا ئو-
چۇق مەجلىسلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.
ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەملەر روشەنلىشىپ قالغان، ئۇ، ئۇلار-
نىڭ قەلبىنى كىتاب ئوقۇپ بىلگەندەك بىلىدىغان بولدى: پە-
قەت، ئۇلارنىڭ بېشىدىن كۆچۈرۈش مۇمكىن بولغان ھەممە
نەرسىنى كۆچۈرگەن، بىلگەندى. ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ئىنسان ئىن-
سان بولغۇچە بىسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان بارلىق يولنى
بېسىپ ئۆتكەندى. ئۇنىڭ نۇتقى ئىخچام ۋە ئىشەنچلىك جا-
راڭلايتتى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ
يادىدا قالاتتى، مەجلىسلەردە مۇخلىسلار، خانىقادا مۇرىتلار بار-
غانچە كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

## قايغۇ سادىسى

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتتى. جالالىدىن ئۇستازى بىلەن
ھەر كۈنى كەچتە يولۇقۇپ، سۆھبەتلىشەتتى، شۇ بىر كۈن ئىچىدە
توغۇلغان نۇرغۇنلىغان ئويلار، كۆرۈلگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە ئۇ-
نىڭ بىلەن پىكىرلىشەتتى، مۇزاكىرە قىلىشاتتى. كېيىنرەك بۇن-
داق سۆھبەتلەر كېمىيىشكە باشلىدى. سەئىد بۇرھانىددىن كەچلى-
رى ياكى تائەت-ئىبادەت بىلەن بەند بولاتتى، ياكى ئوي-
خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۇچرى-
شىشلار بىراقلا توختىدى.
سەئىد ئاخىر قۇشقا ئوخشاش قانات چىقاردى، شاگىرتى-

نىڭ ھەمىشە ئۇستازىنىڭ ئالدىدا بولۇشى ئۇنىڭ پەرۋاز قىلىشى-
غا دەخلى قىلدۇ، دېگەن ئەندىشە بولدى.

بىرنەچچە قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ جالالىدىنغا قەيسەرىگە كېتىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. لېكىن جالالىدىن ئۇنى- مايتتى. ئۇنىڭ ئۇستازىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇستازىنىڭ ھېكمەت ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىش، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى ئۇنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشاتتى. چۈنكى، جەڭچىنىڭ كەمىرىدىكى شەمشەر غىلابىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلايدۇ.

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇرىتلار بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولۇپ، ئۇنى قېچىرغا مىندۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر باراقسان باغقا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇلار شەھەر- نىڭ شەرقىدىكى ھەلقەبەگۇش دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشتى. بۇ جا- لالىدىن ئون يەتتە يىلدىن كېيىن موڭغۇللار بار جايغا چىقى- دىغان دەرۋازا ئىدى. يول مەملىكەتنىڭ ئىككىنچى پايتەختى قەي- سەرىگە تۇتىشاتتى. سەئىد بۇرھانىددىن تەسەۋۋۇرىدا كىشىلەر ئې- غىزىدا دەر- ئۇل- فەتھ («غەلىبە ئۆيى») دەپ ئاتىلىدىغان، ھەر دائىم سۇلتان قوشۇنلىرى يۈرۈشتىن بۇرۇن يىغىلىدىغان ئاشۇ شەھەر كۆرۈندى. ئۇ بۇ شەھەردە قانداق ئىستىقامەت قى- لىدىغانلىقى ھەققىدە ئويغا چۆمۈلۈپ كەتتى. قېچىرنىڭ يول يا- قىسىغا چىقىپ، ئوتلاشقا باشلىغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. قېچىر يول ياقىسىدىكى بىر ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈشى بىلەن، سەئىد بورھانىددىن يانپىشىچە قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتتى.

مۇرىتلار ئۇنى ئاران ھوشىغا كەلتۈرۈپ، قېچىرغا مىندۈ- رۈپ، ئەمىرلەشكەر ئىسفەھسەلەرنىڭ بېغىغىچە ئېلىپ باردى. بۇ يەردە شەھەر سېپىلىدىن يېرىم پەرسەخ بېرىدا شەيخنى قې-

چىردىن چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇشتى. چۈنكى چامدالغان ھەر-بىر قەدەم ئۇنىڭغا چەكسىز ئاغرىق - ئازاب كەلتۈرەتتى.

ۋەقەنى ئاڭلاپ، جالالىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇ پىچاق بىلەن شەيخنىڭ مەسسىنى تىلىپ پۇتىدىن چىقاردى. بوۋاينىڭ پۇتى سۇنغانىكەن. ئۇنىڭغا ئاغرىق باسىدىغان مەلھەم سۈرۈپ، ئۇستىخاننى توغرىلاپ دورىلىق ئۆسۈملۈكنى ئۇنىڭغا ئوراپ، سىرتىدىن قارىغاي قوۋزىقى قويۇپ تېڭىپ قويدى.

سەئىد بۇرھانىددىن ھەممىسىگە غىڭ قىلماي چىدىدى. لېكىن ئاخىرىدا تەنە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تىيەلمىدى:

— باركاللا مۇرىت! ئاۋۋال شەيخنىڭ ئىشتىياقىنى سۇن-دۇردۇڭ، ئاندىن ئۇ تىلىكىگە يېتەلمىسۇن دەپ ئايىغىنى! ...

جالالىدىن خىجالەتچىلىكتە قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى: شەيخ-نىڭ ئۆزى سەپەرگە چىقىشنى قارار قىلغانىكەن، ئۇنى توختىتىش ۋىلىشقا ئۆزىنىڭ نېمە ھەددى بار ئىدى!

شەيخ پۇتى تۈزىلىپ، ھاسا تايىنىپ، ھۇجرىدىن سىرتقا چىقىپ يۈرەلىگۈدەك بولغاندا، جالالىدىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— شەيخىم، نېمىشقا مېنى ئۇستازدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىسىز؟ كەمىنىگىز بىلەن بىرگە بولۇش ھەزرىتىمگە خوپ كەل-مىدىمۇ يا؟ — دېدى.

— بىر غاردا ئىككى ئارىسلان بىرگە تۇرالماس، — دەپ جاۋاب بەردى سەئىد بۇرھانىددىن، — سېنىڭ پات ئارىدىلا دوست-لىرىڭ كۆپىيىدۇ!

جالالىدىن بوۋاي بىلەن يۈرىكى مۇجۇلغان ھالدا خوشلاش-تى، ئۇنىڭغا گويا قايتا دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەئىد خېلىلا ئاجىزلاپ قالغانىدى.

راستىنلا ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قەيسەرى شەھىرىدىن كۆڭۈلسىز خەۋەر كەلدى: سەئىد بۇرھانىددىن سىردان پانىي ئا-

www.uyghurkitap.com

لەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى.

جالالىدىن شۇ كۈنلا زەرگەر سالاھىددىننى ئەگەشتۈرۈپ، قەيسەرىگە قاراپ ماڭدى. سالاھىددىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەرھۇمنىڭ پاناھىدا تەرىقەت سىنىقىدىن ئۆتكەن، بۇرھانىددىنىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇرىتى ئىدى.

«پىرىم سۇلتانۇل ئۆلىمادىن، — دەيتتى سەئىد بۇرھانىددىن، — ئىككى بىباھا خەزىنە ئىنئام ئالدىم — بىرى پاساھەت، بىرى ئىلھام. پاساھەتنى جالالىدىنغا بەخش ئەتتىم، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىلھام ھەددىدىن زىيادىدۇر، ئىلھامنى بولسا سالاھىددىنغا».

ئالەمدىن گۆھەرمۇ، سۇلتانۇل ئۆلىمامۇ ئۆتۈپ، ئەمدى نۆۋەت سەئىد بۇرھانىددىنغا كەلگەچكە، ساقىلىغا بۇرۇنلا ئاق كىرگەن ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق جالالىدىن بۇ دۇنيادا ئۆزىنى ھېچكىمى يوق، يېتىم، ھايات بازىرىدا ئادىشىپ قالغان بالىدەك ھېس قىلدى.

قىش شىپقاپ كېلىۋاتاتتى. تاغ داۋانلىرى تورالغان. ئالدىدا ـ ئەگىر ـ توقاي مۇشەققەتلىك يول. بۇ يولدا شامالغا ئۇچرىغان شامدەك ئۆچۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇ سالاھىددىنغا، ئۇ يەردىكى جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىككە موھتاج ئىدى.

كونيا ۋادىسىنى ئارىلاپ، ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان يامغۇر ئارىلاش قاتتىق شامالنى كېسىپ، ئىككى ئاتلىق كىشى كېتىۋاتاتتى. بىرى ئورۇق، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى خىيالغا تولغان، ئىسسىق تون كىيىپ، ھەيۋەتلىك دەستار ئورىغان، دەستارنىڭ پېشى شامالدا ماتەم تۇغىدەك يەلپۈنۈپ كېتىۋاتقان جالالىدىن، يەنە بىرى، يوغان گەۋدىلىك، قويۇق ئاق ساقاللىق، پاختىلىق قارا چاپان كىيگەن سالاھىددىن ئىدى. ئۇ يېغىۋاتقان يامغۇرغا پىسەنت قىلماي، ئىگەردە قەددىنى راۋۇرۇس تۇتۇپ

تىك ئولتۇراتتى. ئاپئاق ئۆسۈك قاشلىرى ئاستىدا مەسۇم بالى-
لارنىڭكىدەك كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا خاتىرجەم قارايتتى.

ئۇلار نەگە ئالدىراپ كېتىۋاتقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ پىرى سە-
ئىد بۇرھانىددىن توپراق ئاستىدا ئەمەسمىدى؟

كەچكە يېقىن تاغقا تۇتاش تۆپىلىكلەرگە ئورناشقان يېزا
كۆرۈندى. ئۆيلەر خۇددى يان باغىرلاردىن تۆۋەنگە قاراپ يۈ-
گۈرۈپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھەربىرى قىزغۇچ لاي
سۇۋاق كۇمىلاچ تاملىرى بىلەن دۇنياغا تەتۈر قارىغان بىر
مۆجىزىدەك قورغان. سول تەرىپىدە قومۇش ئۆسكەن كۆل كۆزگە
چېلىقاتتى. چاتقاللىق ئىچىدە ئۇزۇن تۇمشۇقلىرىنى سىلكىپ
ئاپئاق قاقىرلار سەيلە قىلىپ يۈرۈشەتتى. يېزا ئەتراپىدا ئۈ-
زۈمزارلىق، يوپۇرماقلىرى سولىشىپ خازان بولغان تاۋۇز پېلەك-
لىرى، شالاڭ زەيتۇنزارلىقلار سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بۇ زەرگەر سالاھىددىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كامىل يېزىسى
ئىدى. بۇ يەردە ئۇ ئاتىسى بىلەن تور توقۇيتتى، كۆلدىن
بېلىق تۇتۇپ ساتاتتى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ ھۈ-
نەرۋەنلەر توپىغا كىردى، ئۇ يەردىن زەرگەرچىلىكنى ئۆگىنىشكە
شاگىرت بولۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن
بولغان.

ئۇلار زەيتۇن يېغىدا پىشۇرۇلغان مەزىلىك ناننىڭ پۇرى-
قى بىلەن تېزەك ۋە نەم تارتىپ كەتكەن يۇڭنىڭ پۇرىقى بىر
ئالغان، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئىتلار قاۋاۋاتقان كوچىلاردىن ئۆتۈپ،
ئەخىيلەر شەيخىنىڭ خانىقاسى ئالدىغا يېتىپ بارغاندا، دۆڭلۈك-
لەرنىڭ ئۈستىدە يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

بۇ يەردىكىلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بولسا كېرەك،
دەرۋازا بىردىنلا يوغان ئېچىلىپ، ئىككى خىزمەتكار ئۇلارنىڭ

ئېتىنىڭ ئىزگىنىدىن تۇتۇپ مېھمانخانىغا باشلىدى. خانىقانىڭ ئىچكىرىسى چوڭ - كىچىك بىرنەچچە ھويلىغا بۆلۈنگەنىدى. تاغ سۈيى ئېقىپ كېلىدىغان ئېرىق ھەممە ھويلىلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ھېلىقى قومۇشلۇق كۆلگە چۈشەتتى.

خانىقا سالاھىددىنغا ياخشى تونۇش ئىدى. بىر چاغلاردا شەيخ ئۇنى شۇ يەردە ھۈنەرۋەنلەر جامائەسىگە قوبۇل قىلغانىدى.

يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۆزلىرىنى بىرقۇر تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ئۇلارنى تاماققا ئېلىپ مېڭىشتى. قېرى ئاشپەز، سېمىزلىكىدىن لىغىرلاپ تۇرىدىغان ئەرەب موماي ــ سالاھىددىننى تونۇپ، خۇش-خۇي تەبەسسۇم قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر دەستە نان بىلەن تاش تاۋاقتا تەرخانە ــ ئۇن ۋە قېتىقتىن تەييارلانغان تۇركچە تائام ئەكىلىپ قويۇشتى.

مېھمانلار يول ھاردۇقىنى چىقىرىپ، تاماق يەپ بولۇشقاندىن كېيىن ئۇلارنى شەيخ قېشىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىشتى.

ئۇلارنى كۆلچىكى بار ھويلىدىن ئېلىپ ئۆتتۈشتى. بۇ يەردە ئېگىز ئۆسكەن چوڭ چىنار دەرىخى بار بولۇپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا شەيخ ھاۋا ياخشى كۈنلىرى مېھمانلارنى ئەنە شۇ چىنار سايىسىدە كۈتسە كېرەك. خىزمەتكار ئېشىك ئالدىدا توختاپ، مېھمانلارغا يول بەردى. ئۇلار كېپىشلىرىنى يېشىپ، يېنىك مەسە بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ، ئىچكىرى كىرىشتى. قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىشتى.

سالاھىددىننى ئەخىلەر جامەسىگە قوبۇل قىلغان شەيخ ئالىدىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، لېكىن يېڭى شەيخ ئۇ مەرھۇمغا شۇنچىلىك ئوخشايتتىكى، بۇ ھال سالاھىددىنغا بىرقانچە يىل ئالدىغا ئەمەس، ئارقىسىغا كەتكەندەك تۇيۇلدى. شەيخ كونىيا ئۆلىمالىرىغا ئوخشاش قارا ئەمەس، سۈسەر ياقىلىق يېشىل چاپان كىيىپ، تاغ ئۆچكىسى

سى تېرىسىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ساقـ
لىنى سىيپاپ، مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە تەزىيە
بىلدۈردى:
— مەرھۇملارنىڭ ئارقىسىدىن بىرگە كەتكىلى بولمايدىكەن!
دۇنيا پانىي، خۇدايىم سىزگە سەۋر - تاقەت بەرگەي.
بۇ يەردىكىلەر ئۇلارنىڭ پىرى سەئىد بۇرھانىددىن ۋاپاـ
تىنى ئاللىقاچان ئاڭلاشقان، خەۋەردارلىق خىزمىتى بۇ يەردە
سۇلتان سارىيىدىكىلەردىن قېلىشمايتتى. خىزمەتكار ئاستا كىرىپ،
ئولتۇرىغا بىھى شەربىتى قاچىلانغان كوزىنى قويدى.
— مەرھەمەت! — دەپ تەكلىپ قىلدى شەيخ، ئۆزى پىياـ
لىنى قولىغا ئېلىپ ۋە خىزمەتكارنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىـ
نى كۈتۈپ، داۋام قىلدى، — بۈگۈن كەچقۇرۇن جامائەگە بىر
دېھقاننى قوبۇل قىلىمىز. ئىشتىراك ئەيلەپ، خۇش قىلغايسىز.
سالاھىددىن ئىلاج بارىچە يۇمشاقلىق بىلەن سورىدى:
— ئەجەبا، جامائەگە دېھقانلارمۇ قوبۇل قىلىنامدۇ؟
شەيخ تەبەسسۇم بىلەن:
— مۆھتەرەم ئۇستا، سىز بىر چاغلاردا دېھقان بولغان بولـ
سىڭىز، ئۇمۇ شۇنداقلا دېھقان. بىزنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىمىزدا
ئىشلەپ، بېلىق تۇتۇپ، قىشلىقى تەر تۆكۈپ، تىرىكچىلىك
قىلىدۇ.
شەيخ ھەممىدىن خەۋەردار ئىدى.
جالالىددىن بۇ كېچىسى يالغۇز ئارام ئېلىشنى ئىستەيتتى.
لېكىن مېھماندوستلۇق ۋە ئېھتىرام بىلدۈرگەن شەيخنىڭ تەكـ
لىپىنى رەت قىلالمايتتى.
ئۇلار ھويلىغا چىقىشقاندا، جامائەت جەم ئىدى. مەشئەل
بىلەن يورۇتۇلغان سەھنىدە ئەخىيلەر تام ياقىلاپ يېرىم دائىرە
بولۇپ، ئۇزۇن تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشاتتى. ھويلا ئىشىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا قوللىرىنى ئۆز يەلكىلىرىگەكىرەلەشتۈرۈپ ئىككى جارچى قىيتىپ تۇرۇشاتتى. شەيخ پەشتاقتا چىقىپ، مېھمانلارنى ئىككى تەرىپىگە تەكلىپ قىلىپ، باشلاڭلار، دەپ ئىشارەت قىلدى. جارچىلار يۈگۈرۈشۈپ ئەخىيلەر ئاقساقىلىنىڭ يېنىغا كېلىشتى: بىرىنىڭ قولىدا بىر پىيالە سۇ، يەنە بىرىنىڭ قولىدا چەمدە ياسالغان تۇزلۇق قاچا بار ئىدى. ئاقساقال سۇغا تۇز سېلىپ، پىيالىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ھەقىقىي شاگىرتلار! ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۈنەرۋەن كاسىپلار!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — جاۋاب بەردى شەيخ.

— ئارىپ ۋە زاھىدلارنى رەھمەت قىلسۇن، كېلىپ كەتكەنلەرنى رەھمەت قىلسۇن، جۈملە مۆمىنلەرنى رەھمەت قىلسۇن!

ئەخىيلەر ئاقساقىلى شەيختىن باشلاپ، ھەممىسىگە قولىدىكى پىيالىنى بىر-بىردىن تۇتتى. ئۇلار پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاز-ئازدىن ئىچىشەتتى. ئاخىرىدا ئاقساقال پىيالىنى جارچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقتى.

— ھەزرىتىم، بىر بۇرادىرىمىز ھۈنەرۋەنلەر يولىغا كىرمەكچى!

— ئىسمى نېمە؟ — سورىدى شەيخ.

— ئەلى، مۇھەممەد ئوغلى.

— ئۇستازى كىم؟

— بۇرادەر فەخرى.

— ھەمراھلىرى كىملەر؟

— ئاكا-ئۇكا پەررۇھ ۋە كامال!

— مۇناسىپ كىشىلەر! ئېلىپ كېلىڭ!

ئۈچ ئەخىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

جارچىلار بوسۇغا ئالدىغا بىر جۈپ گىلەم سېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە قىزىل كەمەر ۋە خەنجەر قويۇپ قويۇشتى.

ئىشىكنى ئۈچ قېتىم تاقىلداتتى.

— كىرىڭ! — دەپ ئىجازەت بەردى شەيخ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئۇستازىنىڭ كەينىدىن ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئېگىنىدە مېڭى بار بىر يىگىت كىردى. ئىككى بۇرادەر - ھەمراھلار ئۇنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇۋېلىشقانىدى.

ئۇلار كاتتا يېقىنلاشقاندا، ئۇستازى جارچىلارغا ئوخشاش قوللىرىنى بويىنىغا گىرەلەشتۇرۇپ تۇتۇپ، تەزىم قىلدى-دە:

— ئەخسىلەر شەيخى ۋە ئاقساقىلى، بۇرادىرىمىز ئەلى پۈتىڭىزغا باش قويۇشقا ئىجازەت قىلىشىڭىزنى سورايدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى — كارۋىنىمىزغا قوشۇلۇپ، ئەخسىلەر يولى بىلەن مېڭىش، بېلىنى بۇرادەرلىك كەمىرى بىلەن باغلاشتۇر. پەرمايىشىڭىز نېمىدۇر؟ — دېدى.

— قائىدە بويىچە سىناق قىلىنسۇن!

ئۇستاز تىزلاندى. ئەخىي ھەمراھلار قورقۇپ-چۆچۈپ قالغان دېھقاننى ئىككىنچى گىلەمگە ئۆتكۈزدى. ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىشتى، ئۇلار ھامان ئۇنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى.

ئەخسىلەر ئاقساقىلى سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، سەن ئەخسىلىك يولىغا كىرمەكچىسەن، ئايا، قەلبىڭ قولىقى ھوشيار تۇرغاي، مەلۇمىڭ بولغايكى، ئەخسىلىك يولى ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. قەلبى ۋە قولىنىڭ قاتتىقلىقىغا ئىشەنمىگەنلەر بۇ يولغا كىرمىسۇن، ئىللا، زىيادە① ئەمەس، زەبۇن② بولغايلار. بىزنىڭ يولىمىز — رىئايە،

① باي، بەختىيار، كەڭتاشا — ت.

② ئاجىز، زەئىپ، مەغلۇب — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمان ۋە ئىرپان يولى. كۆڭلۈڭ نېمە دەيدۇ! ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىشقا قۇربىڭ يېتەرمىكىن؟

سۆز بېسىپ، تەمتىرەپ قالغان دېھقان مۇشتۇمى بىلەن بۇرنىنى ئېرتتى، ئەخىيلەر ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— يېتىدۇ! — دېدى ئۇ ئارانلا بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— سىناشقا رازىمۇسەن؟

— رازىمەن!

— ئۆزۈڭ «رازىمەن» دېدىڭ. ئاللا، بىزدىن گۇناھ ساقىت. خۇدا ھەققى، ئېيتقىنا، ئەخىيدە يېپىق ۋە يۇمۇق نەچچە؟

— ئۈچ.

— قايسىلار؟

— تىل، كەمەر، كۆز.

— كۆز نېمىشقا يۇمۇق بولۇر؟

— باشقىلارنىڭ گۇناھى، باشقىلارنىڭ ئۇياتلىق ئىشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن.

— ئەخىيدە ئوچۇق بولۇش قانچە؟

— تۆت!

— قايسىلار؟

— قول، يۈز، داستىخان، كۆڭۈل.

— تائام - يېمەك قائىدىسىچۇ؟

— ئون ئىككى.

— قايسىلار؟

— سول پۇتىنى بېسىپ، ئوڭ پۇتىنى تىزدىن پۈكۈپ، سەل ئۆزىتىپ ئولتۇرۇش. تاماقنى چايناپ يۇتۇش. ئاۋۋال ئېغىزنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن چايناش، قولىنى مايغا چىلىماسلىق... شۆلگىيىنى ئاققۇزماسلىق... باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قارىماسلىق. بېشىنى قاشلىماسلىق. كۈلمەسلىك... تاماقنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى

مېھمانغا قويۇش. تاماقتىن كېيىن قولنى يۇيۇش.

— تۇغرا يۇرۇش قائىدىسى قانچە؟

— بەش.

— قايسىلار؟

— ماڭغاندا كىبىرى-ھاۋا قىلىپ ماڭماسلىق. ئەتىراپىغا ھاڭۋېقىپ قاراۋەرمەسلىك ... ئاشىقلارنىڭ كەينىدىن ماڭماسلىق ... ياشقا چوڭلارنى ياندىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىك ... شېرىكلىرىنى كۈتتۈرۈپ قويماسلىق ...

ئۇستاز شەيخكە بۇرۇلۇپ قاراپ:

— داۋاملاشتۇرايمۇ؟ — دېدى.

— بولدى، كۇپايە! — دېدى شەيخ.

— مۇناسىپ! يارايدۇ! — دېگەن خىتابلار ھەر تەرەپتىن ئاڭلاندى.

شەيخ ئورنىدىن تۇردى. ئۇستاز ئەلىنىڭ قولنى قىيىقچە ياغلىق بىلەن ياپتى. بۇرادەر-قېرىنداشلار ئۇنىڭ ئىتتىكىنى قويۇپ بېرىپ، قىيىقچە ياغلىق ئۈستىدىن ئالىقانلىرىنى يېقىشتى.

— ئەزىز ئوغلانىمىز! ھۆرمەت ئەيلەكىم، ھۆرمەتكە نائىل بولارسەن. مېنىڭ كېيىمنى ئاڭلاڭلار دېمەكچى بولساڭ، سۆزۈڭنىڭ سالمىقى بولسۇن. بۇندىن كېيىن ھەسەتخورلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، چېقىمچىلىق، تەنبىھ-پىسەندە، نەپرەت ساڭا يات بولغاي. ھەممىدىن ئۇياتلىقى — باشقىلارنى ئېزىپ-خورلاش ۋە سۆزىدىن تېنىۋېلىش. بىلگىكە باغلىنىدىغان كەمەرنىڭ شەرىپىنى ئۇلۇغ بىلگەيسەن! پەيغەمبەر شەمشەرىدەك شەمشەر، ئارىغلار ئەقلىدەك ئەقىل يوق! شۇلارنىڭ كامالىغا يەتكەيسەن! قېنى، تۇر!

ئەلى ئورنىدىن تۇردى. مەشئەل خىرە يورۇتۇپ تۇرغان گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدىمۇ ئۇنىڭ يۈزى ھاياجاندىن قىزىرىپ، يۈزى-

www.uyghurkitap.com

دىكى مېڭىسىنىڭ كۆپچۈپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇرادەرلەر ئېيتىڭلار، ئۇ بۇ كەمەرنى باغلاشقا لايىقمۇ؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىكتىن شەيخ.

— لايىق! بولىدۇ!

ئۇستاز كەمەرنى گىلەمدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا دەم سېلىپ سۈيكۈچلەپ دۇئا ئوقۇدى.

شۇ چاغدا ئەلى ئىشنى رەسۋا قىلىشقا تاس قالدى. ھاياجاندىن ھودۇقۇپ، ئۇ يەنە مۇشتۇمىنى بۇرنىغا ئېلىپ باردى، قارىغاندا بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. لېكىن ئۇستازىنىڭ كۆزىگە كۆزى چۈشۈشى بىلەن شاپىدە توختىۋالدى ۋە قولىنى تۆۋەن چۈشۈردى.

ئۇستازى كەڭ، ئۇزۇن كەمەر بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى سىقىپ باغلىدى. ئۇچىنى تۈگۈپ قويدى. گىلەمدىن خەنجەرنى ئېلىپ كەمەرگە قىستۇردى.

— ھەق يولىغا كىردىڭ، بۇرادەر ئەلى مۇھەممەد! ئىلاھا، بۇ ئەستايىدىللىقىڭ قوبۇل بولغاي! ئىلاھا، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن! شەرەپكە يار، ئەخىيلەرگە مەدەتكار بولغايسەن! — دەپ ئېلان قىلدى ئەخىيلەر ئاقساقىلى.

ئەخىيلەر بىردەك: «ھۇ - ئۇ - ۋا» دەپ تۈۋلاشتى، ئۇلار ئاللانى ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىشاتتى.

جالالىدىن ئەخىيلەرنىڭ كونىيانىڭ ھۈنەرۋەنلەر رەستىلىرىدە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلاردىكى ئاددىيلىق ۋە ئادىللىقنى ھۆرمەت قىلاتتى. لېكىن بۇ جامائەنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قۇتلۇق مەرىكىسى - قوبۇل مەرىكىسىگە بىرىنچى قېتىم قاتنىشىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەخىيلەرنىڭ ئۆز ئادىمى، مۆھتەرەم زەرگەرنىڭ شاراپىتى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

ئاشۇ ئاخشىمى چارسىلداپ يېنىۋاتقان مەشئەلنىڭ يورۇ-

قىدا دېيىلگەن سۆزلەر جالالىددىننىڭ يىغانلىق كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر ئىز قالدۇردى. ئاشۇ تور توقۇپ، بېلىقچىلىق قىلىدىغان، ساۋاتسىز، ئەمما ئومۇمەن ئەمگەك ۋە ئومۇمىي بۇرادەرلىك بىلەن بىرلەشكەن كىشىلەر ئارىسىدا، ئىرادىسى مۇستەھكەم، لېكىن ئادالەت ئۈچۈن كۆكسىنى كەرگەن ئاشۇ سالاھىددىننىڭ يېنىدا، ئۇ ئۆزىنى قايغۇ بىلەن ئادىشىپ قالغاندەك، يالغۇزلۇقتا قالغاندەك ھېس قىلمايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يېزىنىمۇ، ئەخىيلەرنىمۇ پىنھان تۇتقان دۆڭلۈكلەرنىڭ يېنىدىن ئاتلىرىنى يۈگۈرتۈپ ئۆتۈۋېتىپ، جالالىددىننىڭ كۆڭلىگە ئۆزى بىلەن يانداشىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ سادا، لېكىن دانىشمەن ئۇستا مېنى ئاشۇ يار لېۋىدىن ياندۇرالايدۇ، دېگەن خىيال كەلدى. ئۇ يەنىلا ئويلايتتى، ئەجابا، ئۇلار سەئىد بۇرھانىددىننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلار ئەمدى ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدىغۇ.

شائىرنى ئۆزىنىڭ سەزگۈسى ئالدىمىغانىدى. ئۇ ئۇستازىدىن ئايرىلدى. ئەمما ئۇنىڭ قەبرى تەرەپكە بارىدىغان يولدا ئۆزىگە دىلداش، ئۆمۈرلۈك سادىق دوستى بىلەن دوستلۇقى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەخىيلەر ئارىسىدا مىڭلاپ ئىخلاسمەنلەرگە ئىگە بولدى. لېكىن شۇ چاغقىچە ئۆزى خېلى يول مېڭىشى لازىم ئىدى.

قەيسەرىيدىكى سۇلتان نائىبى ساھىپ شەمسىددىن شەخسەن ئۆزى سەئىد بۇرھانىددىننىڭ دەپنە مۇراسىمىنىڭ ئانچە ھەشەمەتلىك ئەمەس، ئەمما مەرھۇمغا لايىق ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆتۈشىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇردى. شەيخ ئۆمۈر بويى ھەر تۈرلۈك تاشقى، نامايىشكارانە ھەرىكەتلەردىن ھەزەر قىلىپ، ئىنـ

تايىن تەشنالىق بىلەن ھەقىقەتكە ئىنتىلگەنىدى.
جالالىدىن ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا يۆلەنچۈك بولغان نائىبىقا خاتىرە ئۈچۈن پىرىنىڭ بىر-ئىككى كىتابىنى بەردى-دە، قالغانلىرىنى ئېلىپ سالاھىددىن بىلەن كونياغا قايتتى.

سەئىد بۇرھانىددىنىڭ ئۆلۈمى جالالىدىن ئۈچۈن شۇنچىلىك زەربە بولدىكى، ئۇنىڭ تەرىقەت يوللىرى شۇنچە جاپا-مۇشەققەت بىلەن تىكلىگەن قانائەت قورغىنى، يەر تەۋرەپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، بىردەمدىلا يىمىرىلىپ، غۇلاپ چۈشتى. كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ تۇرغان قورغانلارنىڭ تۈپىسى ئاسمانغا توزۇدى: ئۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى بىلەن ئارام ئاسايىشلىق ئەزەلدىن دۈشمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.
سەئىد نەچچە قېتىم: «مەن بىر سارائدەك ئادەم. خوتۇن، بالا-چاقىلار ھەققىدە ئەنسىرەشكە زادىلا ۋاقتىم يوق. لېكىن سەن ئۇنتۇمىغىنكى، ئىسلام دىنىدا ئائىلە ۋە نىكاھ ۋاجىپ» دېگەنىدى.
بىر ئاز تەسەللى تېپىش ۋە پىرىنىڭ پەرمايىشىنى يەردە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن جالالىدىن ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلدى.
ئۇ سودىگەر مۇھەممەت شاھنىڭ تۇل قالغان ئايالى كىرە خېنىمنى تاللىدى. ئۇنى بىر چىنە سۇ بىلەن نىكاھ قىلدۇرۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى يەھيانى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالدى.
ئەسلى تەبىئىتى سىلىق ۋە خۇش خۇي كەلگەن كىرە خېنىم مەۋلانىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالال جۈپ ئىدى.
ئۇ بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. لېكىن بۇ نىكاھ

لەرىنىدىدە ئۇنىڭ گۆھەر بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىگە ئوخشى-
مايتتى.

جالالىددىن كېيىچىلەرنى شام يورۇقىدا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرى
ۋە سەئىد بۇرھانىددىننىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇپ ئۆتكۈزەتتى. كۈنـ
دۈزلىرى ئىلاھىيەت ئەسەرلىرى، سەنايى ۋە ئەتتارنىڭ دىۋانـ
لىرى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ پاكلىقى ۋە پارچە-پۇرات تەشۋىشـ
لەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكى ئۈستىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلـ
گەن ئەرەب شائىرى مۇتەننەبىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇتالىئەسىگە
بېرىلەتتى. لېكىن يا كېچىسىدىكى ئۇيقۇسىزلىقلار، ياكى جىسـ
مىنى جاپا-مۇشەققەتلەرگە سېلىشلار، ياكى ئاچلىق، ياكى نىكاھ،
ياكى كىتابلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى قايغۇنى باسالمايتتى.

پەقەت ئۇنىڭ مەسچىتتە جامائەتكە دەيدىغان ۋەزلىرىگە
ئاۋۋال يۈزلەپ، كېيىن مىڭلاپ كىشىلەر يىغىلىدىغان، مەدرىسە،
خانىقالار شاگىرتلار بىلەن مۇرىتلارغا تار كېلىدىغان بولۇپ
قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆز قەلبىدە ياڭرىغان قايغۇ-ئەلەمنىڭ
باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىلا بايقاپ
قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ تولىمۇ ئۆزى بىلەن ئۆزىلا بولۇپ
كەتكەن يىللىرى خانىقا قورۇسىنىڭ سىرتىدا بولۇۋاتقان ۋەقە-
لەر سالجۇق دۆلىتى پۇقرالىرىنىڭ قەلبىنى ھەسرەت-نادامەتكە
تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇباد I ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتـ
كەنىدى. ئۇنى ئوغلى غىياسىددىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى
ھەممە بىلەتتى. ئەمما كىشىلەر بۇ ھەقتە ئىما-ئىشارە بىلەنلا
سۆزلىشەتتى. قورقۇش، تەھلىكە پايتەختنى خۇددى زەھەرلىك
تۇماندەك ئورىۋالغانىدى. ۋەزىر كۆپەك يېڭى سۇلتاننى قورچاق-
تەك ئوينىتاتتى. يېڭى سۇلتان ئالاھىددىننىڭ يېقىنلىرىنى ۋە
ئۆزى خەۋپلىك دەپ سانىغان ئادەملەرنى ئىنتايىن رەھىمسىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. بەزىلەرنى ئۆز ئۆيىگە قاماپ، ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى، بەزىلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ ھەرخىل ئۇسۇلدا ئۆلتۈرەتتى، بەزىلىرىنى خىيانەتچى دېگەن قالپاق بىلەن قىلىچ بىلەن چانايتتى.

يېڭى سۇلتان ئۆز سەلتەنىتىدىن مەست بولۇپ، مەي، مۇسەللەس ئىچىپ، ھۆرلىقالار بىلەن بەند ئىدى. كۆبەك ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قەتلى قىلىنغانلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى تالان-تاراج قىلاتتى. سودىگەرلەرگە ئېغىر سېلىقلارنى سالاتتى، ھۈنەرۋەنلەرنى سىقىپ قېنىنى شورايتتى.

ئادەملەرنى بىرىنچى قېتىملىق چېقىمچىلىق تۆپەيلىدىنلا كوچا-بازارلاردا تۇتۇۋېرەتتى، ئۆيلەردىن سۆرەپ ئاچىقىپ دارغا ئاساتتى. كۆبەكنىڭ بۇ قاباھەتلىك قىلمىشلىرىغا پەتىۋا چىقىرىپ بېرىدىغان ئۆلىمالارمۇ تېپىلىپ قالاتتى. بۇ زاتلارنى كۆبەك ئەلۋەتتە قۇرۇق قول قويمايتتى.

سەئىد يۇرھانىددىن ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن، كونيادا ئۇزۇندىن بېرى قورقۇپ تۇرغان ۋەقە يۈز بەردى. بۇ خۇددى مەملىكەتتە ئەۋج ئالغان قاباھەتكە تىغمۇ-تىغ قارشى يۈز بەرگەندەك قىلاتتى: چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇزمىڭ قوشۇنى گىروزىن ۋە ئەرمەنلەرنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سالجۇق دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىردى. ئەرزىرۇم شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئاھالىسىنى قىرغىن قىلدى.

مەرھۇم سۇلتان ئالاھىددىن كەي قۇباد يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەنە شۇ ۋاقىتتا قارشى ئۆمۈر بويى تەييارلىق قىلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىلى بولغان ئوغلىغا مىراس قىلىپ مۇستەھكەم قورغانلارنى، ئون يىللاپ مەغلۇبىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن چىڭگىزخانمۇ ئەندىشىگە سالغان مىڭلىغان قۇدرەتلىك قوشۇننى قالدۇرغانىدى.

يەتمىش مىڭ جەڭچىدىن ئىبارەت بۇ قوشۇن چىڭگىز قوشۇنىغا قارشى چىقىپ سىۋەس شەھىرىنىڭ يېنىدا دۈشمەننىڭ يولىنى توستى. تەجرىبىلىك سەركەردىلەر تېخى ياش غىياسىددىنغا تاغ داۋانلىرىنى ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ يولىغا نۇرغۇنلىغان پىستىرمىلارنى قويۇش، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى ــ چىڭگىز ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەي، ھەربىر تاش، ھەربىر قىيانى مۇداپىئە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشتى. بۇ ئاقىلانە مەسلىھەت ئىدى. لېكىن غىياسىددىن بۇنى قوبۇل قىلمىدى. كۆبەككە ئەگىشىپ سارايغا تولغان خۇشامەتچىلەر ھەربىي ۋە ئۇرۇش ئىشلىرىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، سۇلتاننىڭ يوشۇرۇن نىيەتلىرىنى بىلىۋېلىشقا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمدار يالغۇز مەي ـ مۇسەللەستىنلا ئەمەس، جەڭگىۋار شان ـ شۆھرەت ئارزۇسىدىنمۇ مەست ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان: «ئىسلام سۇلتانىغا ياۋايى كۇردلارغا ئوخشاش تاغدا پىستىرما قۇرۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش مۇناسىپ ئەمەس. جەڭ مەيدانىغا چىقىپ، ئۇنى تار مار قىلىش كېرەك» دېيىشتى.

تاجۇ تەختىنى چىرمىغان خۇشامەتگۈيلۇق زەنجىرى بىلەن سالجۇق دۆلىتىنىڭ ئىشىمۇ تۈگەشتى.

1243 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇن كۈنى كۆسەتاغ ۋادىسىدا ئىككى بايراق توقۇنۇشتى: سالجۇق ـ ئابباسىيلارنىڭ قارا بايرىقى بىلەن چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ قىزىل بايرىقى.

ئۇلارنىڭ ھەربىي ئادەتلىرى بويىچە، چىڭگىزخان قىسىملىرى ئوڭ قاناتقا گىروزىن ۋە ئەرمەنىيلەرنىڭ خىللانغان باتۇرلىرىنى قويۇشتى. سالجۇقلاردىمۇ گىروزىن دەرلەن شەرۋەنزادە ۋە ئەرمەن شاھزادىسى ۋەن باشچىلىقىدا خىرىستىئان يالانما

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

كۆچلىرى بار ئىدى. لېكىن شەۋكەتلىك گىروزىنىڭ سەركەردىسى ئۆزىنى بىرىنچى بولۇپ دۈشمەن سېپىگە ئۇرۇپ، شۇ زاماتىلا ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالدى.

روھىي جەھەتتىن ئاجىز كىشىلەرگە خاس بولغىنىدەك سۇلتان غىياسىددىندىكى كۆرەڭلىك بىردەمدىلا قورقۇپ تىترەش بىلەن ئالماشتى. قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى پاراكەندىچىلىك ئۇنىڭغا مەغلۇبىيەت بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ جانىنى قولغا ئېلىپ، قوشۇنىنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ، ئاددىي جەڭچى كىيىمىنى كىيىپ تاقەت دېگەن تەرەپكە قاراپ قاچتى. قوشۇنىنى تەھلىكە باستى. تېخى قىلىچىنى قىنىدىن چىقارماي تۇرۇپلا، تۇش - تۇشتىن قېچىشقا باشلىدى. چىڭگىز ئەسكەرلىرى قاچقانلارنى ئىزمۇ - ئىز قوغلاپ، قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىشتى. ئۇلارنى مول نازۇ نېمەت، ھېسابسىز قورال - ياراق، ئوتقاشتەك گىلەملەر، ھەشەمەتلىك چېدىرلار كۈتۈۋالدى.

سۇلتاننىڭ چېدىرگاھى ھەشەمەتكە تولغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا سەلتەنەت ۋە قۇدرەتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە شىر، يولۋاس ۋە قاپلان باغلاپ قويۇشقانىدى. توشقان يۈرەك پادىشاھقا شاھانە ئىشارەتە تىمساللارنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟

شۇنداق بولسىمۇ موڭغۇللار قاپقانغا چۈشۈش ياكى پىستىرمىغا دوقۇرۇپ قېلىشتىن چۆچۈپ، ئۈچ كۈنگىچە جايلىرىدىن قوزغىلىشمىدى، سۈۋەس قەلئەسى يېنىدا ئۇلارنى مول سوۋغا - سالاملار بىلەن قازى نەجمىددىن قارشى ئالدى. بىر چاغلاردا ئۇ خارەزمدە موڭغۇللاردىن يارلىق بىلەن ئالتۇن تاختا - قوغدىنىش تاختىسىنى ئالغانىدى. ئۇ تاختا ۋە سوۋغا - سالاملار موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتتى: ئۇ شەھەرنى ئۈچ كۈنگىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا بۇيرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ جېنىنى ئامان قالدۇردى.

چارەك ئەسىرلىك باسقۇنچىلىق داۋامىدا چىڭگىزخان ئەمەلدارلىرى بىرئاز چۈشىنىپ قېلىشقانىدى: قاتتىق دەھشەت ۋەھىمە سېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، شەھەر تەسلىم بولسىلا، ئۇنىڭغا ئاز-تولا شەپقەت-مەرھەمەت قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۆلۈشتىن سېلىق ئۇندۇرەلمەيسەن-دە، لېكىن دەر-ئۇل-پەتە ئاتالمىش — قەيسەرى تەسلىم بولمىدى. ئۇنىڭ قىسمىتىمۇ باشقىچە بولدى. يەنى چىڭگىز ئەسكەرلىرى ئەرلەرنى قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى، زەئىپ-ناتىۋانلارنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى. ئاياللار، باللار ۋە ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى قۇل قىلىپ ئېلىپ مېڭىشتى. يولدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلەرنى ساقچىلار ئۇدۇللۇق ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

موڭغۇللار ئۈچ ئاي دېگەندە مەملىكەتنى خانىۋەيران قىلىپ، قىشلىق قارارگاھلىرى — كاۋكازغا چېكىنىشتى. ئۇلار ئۆز ئولجىلىرىغا ئاشۇ يەردىن بۇ ياقلارغا كۆز تىكىپ قاراپ تۇرۇشتى. پۈتۈن سالجۇق دۆلىتى ئۈستىدە چىڭگىز قوشۇنىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى.

زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلەر دەشت-جەزىرىگە ئايلاندى. ھۈنەرۋەنلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ھەيدەپ كېتىلدى، قالغان-قاتقان ئاھالىگە ئېغىر سېلىقلار سېلىندى. دالىلار ھۇۋلاپ، باغلار، ئۈزۈمزارلار قاقاسلىققا ئايلاندى. بىر چاغلاردا باي، پاراۋان بولغان مەملىكەتتە ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك باشلاندى.

باسقۇنچىلار ئۆزلىرىنى مەملىكەتنىڭ خوجايىنى بىز دەپ ھېس قىلىشاتتى. جالالىدىن قازانۋىرەن تۆپىلىكىدە تۇرۇپ، كونيا ئاھالىسىنىڭ ئامان قېلىشىنى كارامەت قىلىشى ئۈچۈن يەنە ئۇن بەش يىل ئۆتۈشى زۆرۈر ئىدى.

ئەمما ئاشۇ بىرىنچى قېتىملىق يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقتىن ھەپىسلى قۇرۇغان ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ غەربكە، ۋىزانـ

تىيە چېگرىدىلىرىغا قاراپ كېتىشمۋاتاتتى. ئۇلار بىر چاغلاردىكى قاچقان خارەزملىك ۋە خۇراسانلىقلارغا ئوخشاش، يوللارغا سىغىشماي كېتىشمۋاتاتتى. تۈركلەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرى، يىپەك ماللىرى، قىممەتلىك نەرسىلىرى ۋىزانتىيىلىك كېنەز ۋە سودىگەرلەرنىڭ قولىغا ئەرزانلا چۇشۇپ كېتەتتى. چۈنكى بىر سىقىم بۇغداينىڭ باھاسىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يۇقىرى ئىدى.

ئېغىر، مۇشەققەتلىك يىللار باشلاندى. چىڭگىزخان ئەمەلدارلىرى قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ يىلتىزىنى تۈپ ئاساسىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن مەملىكەتنى پارچىلاپ، ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا نىزاھ - تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىشتى. كونيادا بىر قېتىمدىلا ئۈچ سۇلتان — غىياسىددىننىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى تەخت ۋارىسى ئىدى. ئۇلار چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقىغا ۋاسسال — قارام ئىدى. ئۆزىنى سۇلتان ئالاھىددىننىڭ ئوغلى دەپ ئېلان قىلغان تۈركمەن باسمىچىلىرىنىڭ توپى پايتەخت ئەتراپىنى ئاھۇ زارغا تولدۇرغانىدى.

ھېچقانداق چىقىش يولى يوق، ھېچكىمدىنمۇ مەدەت كۈتكىلى بولمايتتى.

ئېغىر ۋە داۋالغۇش يىللىرىدىكىگە ئوخشاش پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى خۇداغا قاراتتى. ئۇلار تەسەللى ۋە روھىي تۈرغۇنلۇقنى رەسمىي روھانىيلاردىن ئەمەس، سوپى، شەيخلەردىن، ۋائىز ۋە زاھىدلاردىن ئىزدەشتى. ئۇلىما ۋە فەقىھلەر ئەمەلدار، بەگلەرگە ئوخشاش، سالجۇقىيلار پاناھلىقىدىمۇ، موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئوخشاشلا باياشات ياشاۋەردى. سوپىلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تۈرلۈك تەجرىبىلەردىن ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار نەپرەت ۋە نىزاھلار ئالدىدا بىر - بىرىنى ئاسراشقا دەۋەت قىلىشاتتى، زورلاۋان-

لىق ۋە ئەجەلدىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قىيىن بولسا، ئىلاج بار كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۈندەيتتى. مەلۇمكى، سوپى، شەيخلەرنىڭ نىيىتى ئۇ دۇنياغا باشلاش ئىدى. ئەمما ئۇلار شۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىدىكى، بۇنداق پەزىلەتلەرگە ھېچكىم ھەتتاكى موڭغۇل-لارمۇ تەڭ كېلىشەلمەيتتى.

ئەنە شۇ يىللىرى جالالىدىن كونيانىڭ ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ قەدىرلىك سوپى ۋائىزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ئۇ دۇنيا ھەققىدە بىلىش مۇمكىن بولغان كۆپ نەرسىنى بىلەتتى، ئەقىل-ئىدراك ئېرىشكەن ھەممە نەرسىگە ئۇمۇ ئېرىش-كەنىدى. ئەمما ئۇ ئۆز يۈرەك ھاياجىنىنى تىزگىنلىيەلمىسە قان-داق قىلىدۇ؟

ئۇ ئۆز-ئۆزىنى چۈشەندى، باشقىلارنىمۇ چۈشەندى، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلتۈرمىدى.

بىلىمدان كىشى، تاماق ئىزدەپ ئۇۋىسىدىن ئۇچقان، لېكىن ئوزۇق تاپالماي ئۇۋىسىغا نائىلاج قايتماقچى بولغاندا، خۇددى يولىدىن ئېزىپ ئارىسالدىلىقتا قالغان قۇشقا ئوخشايدۇ.

ئۇ دەمەشقتىن قايتقاندا يولدا ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەش-كەن ئاشۇ زاھىدنى پات-پاتلا ئېسىگە ئالاتتى: چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىدە خەلق قايغۇسىمۇ قوشۇلۇپ، ئۇ بارغانچە كۆچىيىپ، نادامەتكە تولۇپ جاراڭلايتتى. ئەمما داپ ساداسىدىن ئەسەر يوق ئىدى. تەبرىزدىن چىققان قۇياش كونيا ئۈستىدە نۇر چاچقان ئاشۇ ئۇلۇغ كۈنگىچە، ئۇستازى سەئىد سىردانىنىڭ «سەن پاتلا دوستلىرىڭنى كۆپەيتەلەيسەن» دېگەن كارامىتى ئەمەلدە كۆرۈلمىگۈچە داپ ساداسىنى ئاڭلىمىدى.

ئۇ ئەنە شۇ كۈنگە ئاتاپ ياندۇرۇشقا تەق قىلىپ ئېسىپ / قويغان چىراغدەك تەييار ئىدى. پەقەت تۇتاشتۇرغۇچى، ھايات

بىغشلىغۇچى ئۇچقۇننىلا كۆتەتتى.

مەنە شۇ كۆنىلا ئۇ مەڭگۇ ئۆچمەس بولۇپ يانىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆن كەلمىسە، ئۇ ئۆزى نىمە بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئاتىسى سۇلتانئۇل ئۆلماغا ئوخشاش مىڭلىغان ھەتتا ئونمىڭلىغان شەيخلەرنىڭ بىرى، مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى دانىشمەن ۋە سەۋدايى، ئالىم ۋە جاھىل، ئەسەبىي ھەم سالماقلىق ئونمىڭلىغان ئاشۇ شەيخلەرنىڭ بىرىلا بولىدۇ.

ئاشۇ كۆنى ئۇ تائەت ـ ئىبادەت، ۋەز ـ نىياز، زاھىدلىق، جاپاكەشلىك، ئىلمۇ ئىلاھىيەت ـــ ھەممىسىنى تەرك ئەتتى. ئىشقىدىن باشقا، ئىنسانغا مۇھەببەتتىن باشقا ھەممىسىدىن ۋاز كەچتى.

ئاھ، ماڭا مەشرۇق نەدۇر، مەغرۇپ نەدۇر،
بەلكىم كۆككە ئۇچارمەن، بەربىردۇر.
گەر ئۇندا بولمىسا سېنىڭدىن نىشان،
نە كېرەك ماڭا ئۇنداق جەننەتى رىزۋان.
ساھىبى تائەت ئىدىم، زاھىت ئىدىم.
ساھىبى مۇنبەر ئىدىم، ۋائىز ئىدىم،
ئەمرى دىل بولدى، قۇيۇندەك پىرقىراپ،
قالدىم ئاخىر بىر ساڭا ئاشىق بولۇپ ...
قوللىرىمدا دائىما قۇرئان ئىدى،
ماڭا ھەمراھ ھەر نەپەس، ھەر دەم ئىدى.
تىللىرىمدا دەممۇ دەم زىكرى خۇدا،
ئەمدى بولسا قوللىرىمدا دائىما
مەھبۇبىم ـ يارىم جاراڭلىق راۋاب ئىسرۇر،
شېئىرۇ رۇبائىي ماڭا ئاپتاپ ئىسرۇر ...

جالالىدىن ئورنىدىن تۇردى. ئاشۇ كۆن گويا ئارىدىن چا-

رەك ئەسىر ئۆتمىگەندەك، كۆز ئالدىدا شۇنداقلا نۇرلىنىپ تۇراتتى.
ئۇ خىزمەتكارنى ياڭراق ئاۋازدا چاقىردى:
— ھېسامىتدىن چەلەبىينى چاقىردۇەت!
ئۇ تەييار تۇراتتى. مۇھەببەت قۇياشىنىڭ شەرىپىگە ئۆ-
مۈر كىتابىنى تۈگىتىشكە تەييار ئىدى.
خىزمەتكار ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، سەنجەرى مەس-
چىتىگە كاتىبۇل ئەسرار ھېسامىتدىننى باشلاپ كىردى. شەھەرنى
يەنە كېچە قاراڭغۇلۇقى باسقان، ئىككى ئۇچى كۆككە قادالغان
يېڭى ئاي ئۇپۇقتىن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى.
ھېسامىتدىن مەسچىتكە قەدەم قويۇپلا، سالام - سائەت ئورنى-
غا مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى:
— ھەي، ھېسامىتدىن ھاياتبەخش! ئالتىنچى كىتابنى
باشلاشنى قانچىلىك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىسەن...
«مەسنەۋى»نىڭ ئاخىرقى جىلدى باشلانغانىدى.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باپ

# قۇياش بىلەن ئۇچرىشىش

ئاھ، يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك.

**ئابدۇلھەسەن ھەرەكانى**

### يولۇچى

ھىجرىيە، ئالتە يۈز قىرىق ئىككىنچى يىل ئەقراپ ئېيىنىڭ جۇمادۇل ئاخىرى ياكى مىلادى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق تۆتىنچى يىل، يىگىرمە بەشىنچى نويابىر كۈنى قەيسەرىدىن كونىيا تەرەپكە بارىدىغان يولدا يالغۇز بىر يولۇچى كېتىۋاتاتتى. ئۇ پاكىنەككىنە كەلگەن، كۆل رەڭ ئېشىكىنىڭ مېڭىشىغا چىداپ، بىر قېلىپتا چايقىلىپ، ئىللىق كۈز قۇياشىدىن نۇر ئېمىپ ياتقان ۋادىغا سىنچىلاپ قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ سالجۇق دۆلىتىنىڭ قانچىلىگەن شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇلۇپ، خانىۇ ۋەيران بولۇپ ياتاتتى. ئادەمسىز، چۆلدەرەپ كەتكەن يوللارنىڭ چېتىدە ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. سەمرىپ كەتكەن قاغا ـ قۇزغۇنلار يولۇچىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۈركۈپ

قويماي، ئېرىنچەكلىك بىلەن سەللا ئارقىغا چېكىنىشىپ قوياتتى.

ھاۋادا قۇرغۇيلار، سارلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئارىلاپ ئوقيالىرىنى ئاسقان ساقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقىسىدا بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئويىنىتىپ، يۇمۇق كۆزلۈك چاپارمەن ئۆتۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ بىرەر مەخپىي خەۋەرنى ئېلىپ، قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چىن تەرەپتىن كەلدىمۇ ياكى سەھرالار ئارىسىدىكى قاراقۇرۇم تەرەپتىنمۇ، قەدىمكى مەراقى تەرەپتىنمۇ، ياكى رۇسلارنىڭ چەكسىز ئورمانلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان، گۆگۈم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى ياغاچ ئۆيلەر بىلەن تولغان شەھەرلىرىدىنمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

كارۋان سارايلارنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەن، كېچىلىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئېدىر-تاغلار ئەتراپىدا بۆرىلەر گويا غالىب موڭغۇللارغا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندەك ھۇۋلىشاتتى.

يولۇچى ئەرزىرۇمدا بىرنەچچە يىل بالىلارغا ساۋاق ئۆگىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىرەر تونۇش چىراي كىشىنى كۆرەلمىدى. ۋەيرانىلىقلار ئارىسىدا قورقۇش-ۋەھىمىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن كىشىلەر سۆرىلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئاخشاملىرى ئاشۇنداق مەيدانلاردا تىكىلگەن ئوتاۋ①لاردا قىمىز ئىچىپ، شىركەيىپ بولغان موڭغۇل جەڭچىلىرىنىڭ قانداقتۇر بىرخىل سوزۇپ ئېيتىلىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى.

مۇبادا ئىخلاسمەن ھۈنەرۋەنلەر، ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ۋە مەدەتلىرى بولمىغان بولسا، يولۇچىمىزنىڭ بۇ ۋادىغا يېتىپ كېلەلىشى دەرگۇمان ئىدى. شۇلار ئۇنى تەبرىزدىن بۇ ياققا قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئەكىلىشكەنىدى.

بۇ يەرلەردە، كونىيا ئەتراپىدا، دەسسەپ-چەيلەنگەن

① ئاددىي كىگىز ئۆي، چېدىر، كەپە — ت.

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ھەرھالدا يەنىلا مېۋىلەر، مول ھوسۇللۇق باغلار ئۇچرايتتى، ئېزىپ ـــ تېزىپ كېلىپ قالغان، ئەمما تېخىچە ئەنسىزچىلىكتىن قۇتۇلۇپ كەتمىگەن دېھقانلار ئېتىزلىقلاردا بۇرۇنقىدەك تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى. ئارپا سوقۇپ، ماللارنىڭ تېزەكلىرىنى قۇرۇتۇشۇپ يۈرەتتى. ئەتراپتىكى ئېدىرلىقلاردا بۇرۇنقىدەك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا يەنىلا نۇرغۇنلىغان قوي پادىلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى. يوللاردا ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلار ئۆرلەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ئاۋۋال مۇنارلار، كېيىن كونىيا قەلئەسىنىڭ سېپىللىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شىر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ سۈرىتى بىلەن بېزەلگەن مەرمەر گۈمبەزلەر پارقىرىغىنىچە كۆزگە چېلىقاتتى. قەلئە ئەتراپىدىكى خەندەكلەر سۇ بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. بۇ سۇدا ئاسمان ئەكس ئېتەتتى. گويا ھەممە ياق مەمۇرچىلىق دېگەندەك، سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكلەر ئۈستىدىكى زەنجىرلىك ئاسما كۆۋرۈكلەر چۈشۈرۈلۈپ قويۇلغانىدى.

پۈتۈن مەملىكەت بويلاپ قاپلىغان دەھشەتلىك بوراندىن بۇ شەھەرنى قانداق كۈچ ساقلاپ قالدىكىن؟

يولۇچى يوغان، قېرى چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئېشەكنى توختاتتى. شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۈستىبېشىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، پېكىرىنى بىرئاز يىغىنچاقلاپ ئالماقچىدى. ئۇ ئىگەرگە ئېسىقلىق تېرە خۇرجۇننى يېشىۋېتىپ، چىنار سايىسىدە خۇددى ئۆزىنىڭ پاكار ئېشىكىگە ئوخشاش ئېشەكنى يېتىلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېھقاننى كۆرۈپ قالدى. ئېشەككە ئىككى دانە سوغا سېۋەت ئارتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن نېرىراقتا ـــ قوغۇنلۇقنى، ئۇنىڭ بىر چېتىگە خامان قىلىپ دۆۋىلەنگەن تاۋۇزلارنى كۆرۈپلا، يولۇچى ئېشەكنىڭ بېشىنى شۇياققا بۇرىدى.

ئېشەكنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دېھقان خۇدۇكسىرەپ

كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدي ۋە ھەيران بولغىنچە تۇرۇپلا قالدى.
ئۇ شالۇۇرى سۆگىچىگە چۈشۈپ تۇرغان، كەڭ، قىزىل كەمەر
باغلىغان بىر تۈرك ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى كونىيانىڭ توپىسىغا
ئوخشاش جىگەر رەڭ بولۇپ، گويا ئۇنى ئاپتاپتا قاقلاپ قاق
قىلىپ قۇرۇتۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇڭ ياڭىقىدا يىرىك،
تۇغما مېڭى قاپىرىپ چىقىپ تۇراتتى. يولۇچى يېقىنراق كېلىپ
ئۇنىڭدىن تاۋۇز سورىدى.

دېھقان دۆۋىلەنگەن تاۋۇز تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىككى دانە
قوزىۋاي تاۋۇزنى تاللىدى-دە، ئۇلارنى سالماقلاپ، شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ
كۆرۈپ، ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، ئەكېلىپ يولۇچىغا ئىك-
كى قوللاپ تۇتتى. لېكىن پۇل ئالمىدى ۋە ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەل-
گەن مۇساپىردىن پۇل ئېلىش مۇسۇلمان ئادەمگە ياراشمايدۇ، دېدى.

يولۇچى رەھمەت ئېيتىپ ئېشىكىنى چىنارغا باغلىدى.
سايىگە بورىنى سېلىپ، خالتىسىدىن ئارپا نان، بىر كىچىك كوم-
زەك ۋە بىر پىچاقنى ئالدى. شۇ ئارىلىقتا ئارقا تەرەپتىن
دېھقانىنىڭ:

— ئىسسىپ قېلىۋىدى، سوۋۇتۇش كېرەك ئىدى! قۇدۇق
مانا بۇ يەردە! — دېدى ئۇ ئېشەككە تاۋۇز ئارتىۋېتىپ. ئۇ
يولۇچىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى، — شۇغى-
نىسى قۇدۇققا سالىدىغان بۇ چېلەك بەكمۇ كېلەڭسىز، ئاسانلا
ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ! — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك.

— بۇنىڭ يولى ئاسان! — دېدى يولۇچى. ئۇ خالتىسى-
دىن ئۇزۇن تانىنى ئېلىپ، تاۋۇزلارنى چىرماپ باغلىدى-دە،
ئاندىن بىر ئۇچىنى تۇتۇپ، ئۇنى سالماقلاپ كۆرۈپ دېھقانغا
بەردى.

— پەمىڭىزگە قايىلمەن! — ماختاشتىن ئۆزىنى تىيەلمىدى
دېھقان. يولۇچى گەپ قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ تاۋۇزلارنىڭ قۇدۇق ئىچىدە سوۋۇشىنى كۈتۈپ، چىنارغا يۆلەنگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئېھتىمال ئۇنى يول ئازابى ھاردۇرغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ يېشىنىڭ قىرىقتا ياكى ئەللىكتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. يۈزى قارامتۇلراق كەلگەن، شالاڭ ساقاللىق، بۇخاراچە ئالا بالداق تون كىيگەنىدى. ئايىغىدا يۇمشاق ئۆتۈك، بىر ئەنلىك سەللە ئورىغان. ئۇنى بۇ سىرتقى قىياپىتى بىلەن ئوتتۇراھال بىر سودىگەر دېيىشكە بولاتتى. لېكىن كۆز قارىشى سودىگەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۆلچەپ ئىش قىلىدىغان، تەشۋىشلىك، كېبىرى يوق، نەزەرى ئۆتكۈر بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھېلىراقتا تاڭنى ئېلىشۋاتقاندا، دېھقان ئۇنىڭ خالتىسىدا شەيخلەرنىڭ ھاسىسىغا قادىۋالىدىغان تۆمۈر قوببىچاق — ئەلەم ۋە مۇقەددەس ئايەتلەر يېزىلىپ، قېيىققا ئوخشىتىپراق تىكىلگەن قالپاقنى كۆرۈپ قالدى. ياكى ئۇ دەرۋىشمىدۇ؟

ياق، ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ — ئۇنىڭ قولى دەرۋىشلەرنىڭ قوللىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئەمگەك سۆيەر قول، تىرناقلىرى قوپال ۋە ياپىلاق. ئۇ تاۋۇزلارنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەپچىل چىرماپ باغلىدى. ھەي، بىلىش تەس. ھازىر بۇ يوللاردا كىملەر تەمتىرەپ يۈرمەيدۇ دەيسىز.

يولۇچى يەنىلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا خىلمۇ خىل ئىشلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قويۇق ساقاللىق، ھېيلىگەر، جاھىل، باغرى تاش، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قىياپەتلىرى، چىرايلىرى ئۆتەتتى. شەھەرلەردىكى كوچا - كويلار، ۋەيران قىلىنغان قەسىرلەر، قورۇلار، يول - رەستىلەر ئۆتەتتى. ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەنىدى. لېكىن پىكىرىنى يىغىۋېلىش قانچىلىك زۆرۈر بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا زورلىمايتتى: ئاشۇ بىر - بىرىگە

كىرىشىپ كەتكەن ئىپقىسمىدىن كىرەكلىك سۆز، كىرەكلىك مىساللارنىڭ ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كېلىۋىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. روھىنىڭ ئۇچقۇر ئاتقا ئوخشايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئاتنى ياخشى ئۆگەتسە، مەنزىلگە ئۆزى يەتكۈزىدۇ، ئۇنى قىستاش، بىقىنداش ھاجەتسىز - زىيانلىق.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تەبرىز كوچىلىرى نامايان بولدى. خان خۇلاگۇ ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۆز قارار گاھىغا ئايلاندۇرغان ھازىرقى تەبرىز ئەمەس، خۇشال، شوخ بالىلىق چاغلىرى ئۆتكەن تەبرىز. ئۇ ئاددىي سېۋەت توقۇيدىغان ئاتىسىنى كۆردى — ئۇنىڭ ئاتىسى رەھىمسىز ۋابا كېسىلى تارقالغان يىلى ئانىسى بىلەن بىرگە قازا قىلغانىدى.

ئەنە ئۇ يەتتە ياشار بالا ئاتىسى بىلەن كۆل بويىدا ئولتۇراتتى. بىچارىدە ئىشتانمۇ يوق، يېڭى جاراھىتىنى غاجاپ قويمىسۇن دەپ باشتىن بويى بىرلا ئۆزۈن خالتا كۆڭلەك كىيگەن. ئۇنى تۇنەك كۆنى سۈننەت قىلىشقانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ھەتتا «ئىپە» مۇ دېمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆزىنى يېتىلگەن ئەرلەر قاتاردا كۆرۈپ، ئاتىسى بىلەن بىللە مەغرۇر ئولتۇرىدۇ.

كۆلدە ئۆردەك باللىرى ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى، ئۇلار تېپىزرەك يەرلەردە باش چۆكۈرۈپ، تۇمشۇقلىرىنى شاپىلدىتىپ پاتقاقلارنى سۈمۈرۈشەتتى. قىرغاقتا بولسا، ئۇلارنى تۇخۇمىدىن چىقارغان ئانا توخۇ قانات قېقىپ پالاقلاپ يۈرەتتى. ئۇ باللىرىنى روكۇلداپ چاقىراتتى، قاناتلىرىنى قېقىپ باقاتتى...

مانا كۈتكەن بىر ئەمەلىيەت توغرا كەلدى... ئۇ ئۆمۈر بويى، تاكى چاچ - ساقىلى ئاقارغۇچە ئۆزىنى توخۇ بېسىپ چىقارغان ئۆردەك بالىسى دەپ ھېس قىلاتتى. يىراق قىرغاقلاردا قانات قېقىشىپ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەرگەن ئاتىسى بىلەن بىلىم بەرگەن شەيخ ئەبۇبەكرىلا قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇستازى ئەبۇ بەكرىمۇ سېۋەت توقۇپ، تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇ ئادەتتىكىلا ئۇستا بولماي، ھۈنەرۋەن ئەخىيلەر جامەسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسە ئۆگەتتى. ئۆزى نېمىنى كەشپ قىلسا، باشقىلاردىن نېمىنىلا ئۆگەنگەن بولسا، شۇنىڭ ھەممىسىنى: ئەخلاق ئاساسىنى، ئالەم ۋە ئادالەت تەسەۋۋۇرىنى، ئىقبال ۋە ھەقىقەت ماھىيىتىنى ئۆگەتتى. ئاشۇ ساددا دىل دېھقانىنى ھەيران قالدۇرغان ھۈنەرنىمۇ شۇ ئۆگەتكەنىدى.

ئەمما ئۇنىڭدا ئەبۇبەكرى ئاجرىتالمىغان، بىلەلمىگەن بىر نەرسە بار ئىدى. ھېچكىم ھازىرغىچە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئوتنى بايقىمىغانىدى. ئۇنى زامان گويا توخۇلار ئارىسىدا ياشايدىغان كۆرۈمسىز ئۆردەك بالىسىنىڭ قىسمىتىگە مەھكۇم قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ شەيخ ئەبۇبەكرىنى تاشلىدى. ئۆزىنى چۈشىنىدىغان دوست، ئۇستاز ئىزلىدى. قەدىردان جامائەت، ئانا شەھىرىنى تاشلاپ چىقتى. ئۇ قانچىلىگەن يوللارنى بېسىپ، قانچىلىگەن شەيخلەر بىلەن ئۇچراشمىدى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىدى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسيانكار روھىنى بايقىيالمىدى. ئۇنىڭ مۇرەسسەسىز پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئاڭلىمىدى. ھەتتاكى ئۇ ئالدىدا خېلى ۋاقىت ساۋاق ئالغان ئالىم ۋە دانىشمەن ئىبنى ـ ئەل ـ ئەرەبىيمۇ بايقىيالمىغانىدى. ئۇ ئۆز ئىلمى، زېرەكلىكى بىلەن ئۆز يولىدا ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىدى. بىراق پەن ۋاستىدىن مەقسەتكە ئايلانغانىكەن، ئۇ ھەقىقەت يۈزىگە پەردە تارتىدۇ. ئۇ شۇ توغرۇلۇق ئىبنى ـ ئەل ـ ئەرەبىيگە ئېيتقاندا ئۇ بېشىنى ئېگىپ:

— ئوغلۇم، سۆزلىرىڭ قامچىغا ئوخشاش شەپقەتسىز!...— دېگەن.

باغدادتا مەشھۇر شەيخ ئەۋھەدىددىن كىرمانى بىلەن ئۇچراشقاندا:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سۇ قاچىلانغان كۆپتە ئاينى كۆرۈۋاتىمەن!

ئارىفلارنىڭ گۇڭگا تىلى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. شەيخ ھەر قەترە سۇ، ھەر زەررە تۇپراقتا ھۆسنى مۇتلەق، ھۆسنى ۋەھدەتنى كۆرىمەن دېمەكچىدى. يەنى ھۆسنى ئىنكاسىنى كۆرىمەن دېمەكچىدى.

— مۇبادا بويىنۇڭغا چىقان چىقمىغان بولسا، بېشىڭنى كۆتۈر! — دېدى يولۇچى، — ئاسمانغا قارا، نېمىشقا شۇ ئاينى ئاسماننىڭ ئۆزىدىلا كۆرمەيسەن؟

بۇنى ئىبنى-ئەل-ئەرەبىمۇ چۈشىنەلمىگەن، كىرمانىمۇ ئاڭلىمىغانىكەن، باشقىلاردىن نېمە كۈتۈشكە بولىدۇ؟ لېكىن، مۇشۇ يورۇق ئالەمدە ئۇنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بولىدىغان بىرى بولۇشى كېرەك. بەلكى ئۇ ئىمارەتلىرى چىڭگىزخان قوشۇنى كېلىشتىن ئاۋۋالمۇ، ھازىرمۇ مۇستەھكەم تۇرغان ئەنە شۇ شەھەرلەردىدۇر. دۇنيانى قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسە يوق دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇ خۇددى توخۇنىڭ قوينىدىن ئۆمىلىگىنىچە چىقىپ، ئۆزىنى سۇغا ئاتقان ئۆردەك باچكىلىرىدەك ئۆزگە ئوخشاشلارنى ئۇچرىتالماي سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قەلبىنى غاجىغان ھەقىقەت دۇنيا يۈزىنى كۆرمەي، پىنھانلىقچە قالىدۇ...

— مەرھەمەت!

يولۇچىنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغان دېھقان، سۈيى تەپچىرەپ تېمىپ تۇرغان تاۋۇزنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېشەككە ئارتىلغان، يەرگە تېگەي-تېگەي دەپ تۇرغان سېۋەتلەرمۇ تاۋۇزغا لىق تولدۇرۇلغانىدى.

— مەن بىلەن بىللە ناشتا قىل بۇرادەر، — دېدى يولۇچى ئارپا نېنى بىلەن كوزىنى كۆرسىتىپ.

دېھقان رازى بولدى. بورىنىڭ بىر چېتىگە يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ، بىر بۇردا ناننى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئالدى، يولۇچى ئۆز نېسۋىسىنى چىشلىمىگۈچە، ئۇنى ساقلاپ كۈتۈپ ئولتۇردى. كېيىن بىرئاز تارتىنىپ، لېكىن ئەستايىدىل چايناشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى، ناننى چاينىشىغا قاراپ (ئاۋۋال ئۇنىڭ قوۋۇزى تەرەپتە چايناپ، تاماقتا باشقىلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتمايتتى) يولۇچى ئۇنىڭ ئەخىيلەر جامەسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى، بىر چاغلاردا ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغانىدى.

يولۇچى تاۋۇزنىڭ ساپىقى تەرەپتىن بىر پارچىنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن تىلىم - تىلىم قىلىپ تىلىپ، ئۇنى بورا ئۈستىگە بىر - بىرلەپ تىزدى. دېھقان بەلبېغىدىن پىچىقنى ئالدى («راست! ئەخىيلەرنىڭ تىغى»). ئۇنى شىمىغا سۈرتۈۋېتىپ، تىلىنغان تاۋۇزنى كېسىپ - كېسىپ پارچىلىدى - دە، ئۇنى بىر - بىردىن ئاغزىغا سېلىپ، نان بىلەن قوشۇپ چايناشقا باشلىدى.

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي غىزالاندى. دېھقان بىرئاز ئەدەب ساقلاپ، ئاندىن سورىدى:

— جانابلىرى ئۇزاق يول بېسىپ كېلىۋاتقان ئوخشايلا. دۇنيادا نېمە گەپلەر بار؟

— دۇنيادا سەۋر - بەرداشلىق تۈگىگەن، مەستلىك - سەرمەستلىك① چېكىگە يەتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى يولۇچى، — ياكى سىلەردە باشقىچىرەكمۇ؟ — ئۇ ئەتراپىنى ئىشارەت قىلدى.

— بىزدىمۇ توپتوغرا ئىككى يىل ئاچارچىلىق بولدى، — دېدى دېھقان ئەدەب يۈزىسىدىن سۆھبەتدىشىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ

① ئېغىر مەست بولماق. مەستلىكتىن ھوشىنى يوقاتماق — ت.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قارىماي، — بىزنىڭ كامىل دېگەن بۇ يېزىدا بار-يوقى ئون ئىككىلا جان تىرىك قالدۇق، قالغانلىرى قازا تاپتى. ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ يىل خېلى ياخشى كەلدى.

— ئاللا مەرھەمەتلىك، لېكىن ئادەملەر غاپىل!

دېھقان سۆھبەتدىشىنى باشقىچە كىيىنىۋالغان سوپى دەپ ئويلىدى، نېمىشقىكى، سۆزلىرى دەرۋىشلەرگە ئوخشاش مەجھۇل ئىدى. دېھقان يولۇچىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن:

— توغرا، غاپىل، لېكىن ھەممىلا ئادەم ئۇنداق ئەمەس. كونيادا خۇدانى بىر دەپ تونۇيدىغان شەيخۇ قەلەندەرلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق!

يولۇچىنىڭ يۈزىدە ئاۋۋال ئۆچمەنلىك ئالامىتى كۆرۈندى. شەيخلەر ئىمىش! ئۇ يول بويى قانچىلىگەن شەيخلەرنى كۆرمىدى. ئۇلار بازاردىكى جارچىلارغا ئوخشاش ۋارقىراشقىنى ۋارقىراشقان: «ھاي، بۇ ياققا كېلىڭ، چېچىڭىزنى قىرىپ، ساقىلىڭىزنى يۇلۇڭ، مېنىڭ قولۇمدىن مۇبارەك جەندىنى ئېلىڭ!» نوقۇل ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتى، ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنىلا ئويلىشىدۇ! زاھىدلار ئىمىش! ئۇلارنىڭ دۇنيا بىلەن ئىشى يوق، نوقۇللا ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقىنىلا ئويلىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادارلىقلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن كۆز-كۆز قىلىشىدۇ. تەقۋادارلىقنىڭ تەقۋاسىدىنمۇ ئېغىرراق ئىللەت يوق!

— شەيخلەر ۋە سوپىلار دىن بىلەن دىيانەتنىڭ ئۇلۇغ سەپىرى يولىدىكى قاراقچىلاردۇر! — دېدى يولۇچى كەسكىن ئاھاڭدا، — ياخشىسى مۇنۇ سۇدانىدىن مەي سۇمۇر!

دېھقان يۈزىدىكى تەبەسسۇم بىلەن قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. مۇشتۇمى بىلەن بۇرنىنى سۈرتتى. شەيخلەر ھەققىدە شۇنداق گەپنى قىلغانمۇ بارمۇ! تېخى ئۆزى دەرۋىش ئىمىش! تېخى مەي ئىچىشنى تەكلىپ قىلىشىپۇ...

www.uyghurkitap.com

بەلكى، ئەخىي ــ سەربازدۇر؟ شۇلار مەي ئىچىشىدۇ. سوپىلارنى ياخشى كۆرۈشمەيدۇ. نېمىشقا ئۇ يەردە ئەخىيچىسگە ئولتۇرمايدۇ، تاماقنى ئوڭ قوۋۇزى بىلەن چاينىمايدۇ؟

— ھېچ بىلەلمىدىم... لېكىن بىزنىڭ سالاھىددىن زەرگەر تەقۋادار شەيخ، مەدەتكار. ئۇ بولمىغان بولسا، ئاللىقاچان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەر ئىدىم. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يېزىلىق...

زەرگەر سالاھىددىن يېزىدا تۇغۇلغان. بەلكى ئەخىيلەرنىڭ شەيخىدۇر. ھەي بۇرادەر، بۇرادەر! شەيخ، دەرۋىشلەر ئىككى قوللاپ سۇرەتكە يېپىشىپ، مەزمۇننى كۆرمەيدۇ. ھەتتا بۇ دۇنيادىن قاچماي، مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىغان، ئۆزىنى ئادەملەردىن چەتتە قويماي، خەلق بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىدىغان ئەخىيلەرمۇ، ھۈنەرۋەنلەرنى بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى موڭغۇللارنىڭ ئەلمىدىن ھىمايە قىلىدىغان، ئۇلارغا بىردىنبىر يۆلەنچۈك ئاشۇ ئەخىي بۇرادەرلەرمۇ ۋاستىنى ــ مۇراسىم، مۇقەددەس كىتابلار، ئەنئەنىلەرنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقان. ئۇلارنىڭ جامائەسى بولسا، بىر يەردە بولۇپ، ھەقىقەت يۈزىنى توسۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەخىيلەردىن ئايرىلىپ كەتكەنىدى.

دېھقان بىرئازدىن كېيىن قوشۇمچە قىلدى:

— سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى مەۋلانە جالالىددىنمۇ ھەقىقەتچى شەيخ.

يولۇچىنىڭ يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ھاياجىنىنى سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن سۇدانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن مەي ئىچكەن بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇلارنى سەن بىلىسەن! بىز بولساق مانا بۇ ئابىي زەمزەمنى ئىچىمىز، شۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىمىز دەررۇ ئۆز جايىغا چۈشىدۇ. قانمۇ، تاۋۇز شەربىتىمۇ، مۇسەللەسمۇ ــ بىزگە پەردىبىر!

ئۇ بېشىنى ئارقىغا تاشلىدى.

نامەشرۇ ئىچىملىكنى سۇدەك غورتۇلدىتىپ ئىچىۋاتقان يولۇچىغا قاراپ: ئۇ سودىگەرمۇ، سوپىمۇ، ئەخىيمۇ ئەمەس، دېگەننى ئويلىدى دېھقان. ئۇنىڭ ئالدىدا بابا ئىسھاقنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان مۇرىت ئولتۇراتتى.

چىڭگىزخان قوشۇنى كېلىشتىن بەش يىلچە بۇرۇن تەقۋادارلىق بىلەن كۆن كۆرۈپ يۈرگەن بابا ئىسھاق دېھقانلارنى ئاسىي سۇلتان، ئۆز ئاتىسىنىڭ قاتىلى غىياسىددىنغا قارشى تۇرۇشقا قوزغىدى. ئۆزىنى رۇسۇلىللا — ئاللانىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتىدى. داڭدار بەگلەرنى قىلىچلار بىلەن چانىدى، سەلتەنەتنى قولغا ئېلىشقا تاسلا قالدى. جەڭچىلەر، مۇرتەد ۋە كاپىر بابا ئىسھاقنى ئەمەسيا قەلئەسىنىڭ مۇنارىغا ئېسىپ ئۆلتۈردى، دەپ قايتا - قايتا جار سېلىشسىمۇ، ئادەملەر ئىشەنمەيتتى. ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئاسقىلى بولاتتىمۇ!

دېھقان يەنە باشقا خىيالغا چۆشتى: شەيخلەرگە قارشى غەزەپ، قان ۋە مەي ھەققىدىكى سۆزلەر — يوشۇرۇن ئىشارەت. ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى پايتەخت ئەتراپلىرىنى ۋەيران قىلىپ، «ئالاھىددىن كەي قۇبادنىڭ ئوغلى، ھەقىقىي سۇلتان بىز بىلەن!» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن تۈركمەنلەرنىڭ مەخپىي ئادەملىرىدىنمىدۇ؟

دېھقان تۇيۇقسىز بۇنداق خىيالنىڭ يادىغا كېلىپ قېلىشى بىلەن بىرئاز تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزاردى، چېكىسىدىكى مېڭى بىلەن قوشۇلۇپ يۈز - كۆزلىرى ھۆپپىدە ئوت ئالغاندەك بولدى. ئۇ سۇدانغا قولىنى سۇندى.

— كىم بىزگە دوست بولسا — شۇ ئۇلجىغا شېرىك!

بۇ — بابا ئىسھاق ئىسيانچىلىرىنىڭ شوئارى ئىدى، ئۇلار شۇ شوئار بىلەن مەلەتيا، سىۋەس، تاقەت، ئەمەسيا شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، غىياسىددىن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىشقان، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بايرىقىنى تارتتۇۋېلىشقانىدى. غىياسىددىن شۇ چاغدا، ھازىر موڭ-غۇللار بىلەن بىرلەشكەندەك، پەرەڭلەر بىلەن بىرلەشمىگەن بولسا، سۇلتان ۋە ئۇنىڭ بەگ - ئەمەلدارلىرىمۇ ساق قالمايتتى. قىر شەھەر يېنىدىكى جەڭدە ئىسيانچىلارنىڭ قاتارىدا ھەتتا ئاياللارمۇ جەڭ قىلىشقانىدى، پەقەت ياللانما پەرەڭلەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا غىيا-سىددىن غەلىبە قازانغان. ياش باللاردىن باشقا، بارلىق دېھقانلار قىلىچلار بىلەن چانالغان، خۇددى غەيرىي دىنندىكىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ھۆكۈمەت خەزىنى-سىگە ئېلىنغانىدى، قالغان قىسمىنى، ئاياللارنىمۇ قوشۇپ ئەسكەر-لەرگە بۆلۈپ بېرىشكەنىدى.

شۇ چاغدا ئەخىيلەر دېھقانلارنى قوللىماي خاتا قىلغانىدى. شەيخكە تېزرەك خەۋەر قىلىش كېرەك. ئەگەر بابا ئىسھاقنىڭ دېھقانلىرى، ھەقىقىي سۇلتان (مەملىكەتنى ياتلارغا ئاياغ ئاستى قىلدۇرغان ئۇلار ئەمەس) ۋە ئەخىي بۇرادەرلەر بىرلىشىدىغان بولسا، موڭغۇللاردىن نام - نىشانىمۇ قالمايتتى!...

يولۇچى خۇشمۇ بولمىدى، ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى، ئۇ ئۆزى-نىڭ ئاۋۋالقى بىپەرۋالىقى بىلەن سۇدائنى دېھقانغا بەردى. ئاق كۆكۈل دېھقان ئۇنى باسمىچىلارنىڭ ئايغاقچىسى ياكى بىرەر دېھ-قانلار سەركەردىسىنىڭ يوشۇرۇن ئەلچىسى، دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇ پەقەتلا ئۆز قەلبىنىڭلا ئەلچىسى ئىدى.

ئۆتكۈر خورما شارابىغا كۆنۈكمىگەن دېھقان بىر ئوتلاپ يۇ-تۇپلا، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان يولۇچى:

— يىگىتكە ئولجا — ئۇنىڭ يۈرىكىلا بولدى. بۇ ئولجا شېرىك-چىلىكنى خالىمايدۇ، ئۇ پەقەتلا دوستىغا بېغىشلىنىدۇ، — دېدى.

شۇ سۆزلەرنى دەپ سۆھبەت تۈگىمىدى دېگەندەك، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرغان بورىنى يىغىشتۇردى. قۇدۇقتا

يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۆستەڭنى قېقىشتۇردى. قوللىرىنى يۇدى. دېھقاندىن شەھەردىكى كارۋان سارايلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھەلقەبەگۇش دەرۋازىسى تەرەپكە — ئۆز قىسمىتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

## مەرجە – ئەل – بەھرەيىن

يولۇچى كۆزىنى ئاچقاندا، قۇياش گۈرۈچ سودىسى قىلىنىدىغان كارۋان سارىيىنىڭ گۈمبىزىدىكى تۆكلۈكتىن مارىلاپ قاراپ تۇراتتى. ھويلىدىن سۇنىڭ شىرىلدىشى، «تاق-تۇق» قىلغان ئاياغ تىۋىشلىرى، سەرراپلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. شەنبە كۈنى ئىدى. لېكىن يېڭى سودا ھەپتىسىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولۇشىغا قارىماي، كارۋان ساراي خېلىلا جىمجىت ئىدى. مېھمانلار ئاز، ھۇجرىلارنىڭ يېرىمى بوش تۇراتتى.

ئۇ خانىقا، مەدرىسىلەرگە كۆنەلمەيتتى. خانىقالاردا شەيخ تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرتىپلەرگە بويسۇنۇش، يىغىنلارغا قاتنىشىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇشنى خالىمايتتى، بىرەر سوپىلىق ئېتىقادىغا چېتىشلىق يېرىمۇ يوق ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدى.

مەدرىسىدە كۆتكۈچىلەر ئۆز ھوقۇقلىرىغا تايىنىپ، ئۇنىڭغا سوئال بېرىپ، ئىلاھىيەت يۈزىسىدىن بەسلىشىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ بەزى ئۆلىمالارغا ئوخشاش، خالىغان چاغدا، خالىغان سوئالغا جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرمايتتى، بەلكى جاۋابىمۇ بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئويلىغانلىرىنى ئۆز سۆزى، ئىبارىسى بىلەن ئېيتىدىغان بولسا، ئۇنى كاپىر ۋە دەھرىگە چىقىرىۋېتىشلىرى مۇمكىن ئىدى. بۇ توغرىدا ئۇنىڭ تەجرىبىسى بار، ئۇ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرماي، كۆپلىگەن مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى كېزىپ چىق-

قانىدى، ئۇنى بىكارغىلا «ئۇچار» دەپ ئاتىمىغانىدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە، خانىقا ۋە مەدرىسىلەردە ئۇنى تونۇپ قېلىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى، بۇنداق بولۇشنى ئۇ زادىلا خالىمايتتى. ئۇ ئەركىن يۈرۈشنى، ئاتاق ۋە شان-شۆھرەتتىن، مەرتىۋە ۋە تەرتىپ-قائىدىلەردىن، قۇرۇق گەپ سېتىش ۋە مەۋھۇم ئۇچرىشىشلاردىن خالىي بولۇشنى ئىستەيتتى: ئۇ سەييياھ ئىدى، سەيياھلارغا ئەڭ قولاي قونالغۇ — كارۋان ساراي ئىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ساقىلىنى تارىدى. بەلبېغىنى باغلىدى. ھەم داستىخان، ھەم كۆرپە ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان بورىنى يىغدى. باش تەرەپىدىكى خالتىدىن دەمەشىق كىمخاب تونىنى ئېلىپ كىيدى. خالتا ئىچىنى ئىزلەشتۇرۇپ، كاشكۇل ۋە ئاللانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئەلەم بىلەن بىللە لاتا قالپاق تۇرغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تەبىرىزلىك ئەخىيلەر شەيخىنىڭ كونىيالىق ئەخىيلەر شەيخىگە يوللىغان مەكتۇپىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئەخىيلەردىن ياردەم سورايتتى.

ھەممە نەرسىنىڭ جاي-جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قول-تۇقىدىكى كىچىك خالتىدىن بىر دانە ئالتۇن پۇل، بىر كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ بېلىگە تۈگدى. يەنە خالتىنى ئاختۇرۇپ، زەر ۋە نۇقرا① بىرلەشمىسىدىن ئىشلىگەن ئۈزۈن يىپىنى ئېلىپ، ھويلىغا چىقتى. سۇيى ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان جۈمەك قېشىغا بېرىپ تەرەت ئالدى. ئاندىن ياتىقىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالدۇرۇش ئۈچۈن خوجايىنىنىڭ قېشىغا باردى. خوجايىن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى دەمەشىق كىمخاب تونىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى شۇ زامات ئورۇندىدى، ساندۇقتىن قىممەت باھا قۇلۇپلارنى ئېلىپ، بىردەمدىلا ئالدىغا تىزىۋەتتى. بۇ ھەلەب ۋە گېنۇيا

① كۈمۈش — ت.

ئۈستىلىرى ياسىغان، ئەرمەنچە، گرۇزىنچە، سەمەرقەنتچە، بۇخاراچە ئۇسۇللاردا ئىشلەنگەن ياپىلاق، يۇمىلاق، ئىلمەكلىك ۋە راۋان، ئىككى تىللىق قۇلۇپلار ئىدى. ئۇ ئەڭ ئىخچىر، ئېچىلىپ ئېتىلىشى قىيىن، ئاچقۇچى ئۈچ چىشلىق قۇلۇپنى تاللىدى. خوجايىن بىر تىللا سورىدى. ئۇ سودىلىشىپ ئولتۇرماي، ئالتۇننى ساندۇق ئۈستىگە تاشلىدى-دە، ئاشقىنىغا بىر بورا بىرىشنى ئېيتىپ، ئاچقۇچنى ئالا-بۇلىماچ بىر يىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ هازىرقى تۇرقىدىن بەدەۋلەت دەمەشىق سودىگەرلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشلەرنىڭ هۇجرىسىغا ئوخشاش خانىسىدا كاشكۇل، قۇرئان، كىچىككىنە بورا ۋە چاپاندىن باشقا هېچقانداق نەرسىنىڭ يوقلۇقى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن؟

دەرۋازا ئالدىدا سەرراپلار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلاردا هەر قانداق تەڭگىنى-مىس تومپۇرلار، ئالتۇن دىنارلار، مىسىر ياكى هەلەب يۇسۇپىيلىرى، گېنۇيا فلارىنلىرى، ۋېنىتسىيە دوكاتلىرى①، كۈمۈش تەڭگىلەرنى سۇلتان ئاقچىسىغا تېگىشىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. سۇتخورمۇ، دەللالمۇ، كۆپىنچە جەللاپمۇ يەنىلا شۇ سەرراپلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلارغا خالىغانچە پۇل بېرىلىپ، پەقەت سەرراپلار ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىلا چۈشىنىدىغان، سىرلىق بەلگىلىرى بار بىر پارچە چەمدىن ئىشلەنگەن بېلەت ئېلىناتتى. كېيىن بۇ بېلەتكە قاهىرە ياكى بۇخارا، دەربەند ياكى گېنۇيادىكى خالىغان بىر سەرراپتىن شۇ مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولاتتى.

يولۇچى سەرراپىنىڭ گېلىمىنىڭ ئۈستىگە كۈمۈش دەرهەم تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ئون ئاقچا ئالدى-دە، بېلىگە تۈگدى، ئاندىن پېشايۋان ئاستىغا بورىسىنى يېيىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ئۇ ئالدىرىمايتتى. ئۇزۇن پاراكەندىچىلىك يىللىرىدا بىرەر ئىش باشلاشتىن بۇرۇن بىر كۈننى ئەنە شۇنداق كوچىدا ئولتۇ-

① پۇل، تەڭگە، ئاقچا ئىسىملىرى —ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇپ، ئىككىنچى كۈننى بازار ئارىلاپ ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ئەنە ئاشۇ ئىككى كۈن داۋامىدا كۆپىنى كۆرگەن سەيياھنىڭ سىنچى نەزەرىگە ئاساسىي نەرسە — بۇ شەھەر نېمە بىلەن، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ — بۇ ئايان بولاتتى. كۈتمىگەندە بەزىدە ئاللىكىملەرگە ئۇچرىشىپمۇ قالاتتى.

سودىگەرلەر جامەسى بىرلىشىپ سالغان گۈرۈچ-پۈرۈشلۈق كارۋان سارىيى ئىككى چوڭ كوچا كېسىشكەن جاي — چارسۇغا يېقىن يەردە ئىدى. دەرۋازىنىڭ دەل ئۇدۇلىدا ھەشەمەتلىك مەدرىس قەد كۆتۈرگەن، ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا يەنە باشقا بىر مەدرىس ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغاندەك تۇراتتى. يان كوچا تەرەپتىن ھاممامنىڭ گۈمبەزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى، يىغىپ ئېيتقاندا بۇ يەر تازا ئاۋات بىر جاي ئىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن كوچا-كويىنى مەدرىسە تالىپلىرى قاپلىدى. بىرلىرى قارنىنى تويدۇرۇش غېمىدە بازار تەرەپكە — كۆپلىرى ئاشخانا ۋە يېمەكلىكلەر سېتىلىدىغان جايلارغا، ئايرىملىرى بولسا، سىلىق-سىپايىلىك بىلەن مۇدەررىسلەرگە ئەگىشىپ، مەخسۇس يىغىلىشلار، دىۋانخانىلارغا قاراپ مېڭىشاتتى.

مۇساپىر سودىگەرلەر بازاردىن ئانچە رازى بولۇپ كەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئوچۇق چىراي قايتىشاتتى — ھەپتىنىڭ بىرىنچى سودا كۈنى زادىلا كېلىشمىگەندەك ئىدى. ھە-ھۇچىلار، جەللاپلار، كارۋان بېشىلار، سەرراپلار بىلەن بىر قەپەس غىزىلدىشىۋالاتتى. دەرۋىشلەر ئەگرى تاياقلىرىنى توكۇلدىتىپ، كاشكۇللىرىدىكى مىس پۇللارنى شاراقلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ، ئالىدىغانلىرىنى ئېلىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇشاتتى.

كوچا-كويىنى تولدۇرغان توپ-توپ كىشىلەرنى ئارىلاپ، ئوتۇن-سامان، خالتا-سېۋەت، بۇلاق سۈيى لىق تولدۇرۇلغان تۈنكە تۇڭلار ئارتىلغان ئېشەكلەر غىرقىرىشىپ ئۆتۈشمەكتە ئىدى.

سۇ توشۇغۇچىلار، ھالۋا ياساپ ساتقۇچىلار، تەنىزىكەشلەر خېرىدار-
لارنى توۋلاپ چاقىرىشاتتى. ئومۇمەن تىرىكچىلىك ئۆز قىنىدا ئاقماقتا
ئىدى. ئەگەر شۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن چى-
قىپ تۇرغان بىر خىل مەيۈسلۈكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە
چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ ئاپىتىمۇ، ئاچارچىلىقنىڭ پالاكىتىمۇ بول-
مىغاندەكلا ئىدى. سودىگەرلەر روھلۇق ھالدا ئەمەس، ئانچىكى
پەس ئاۋازدا توۋلاپ قويۇشاتتى، سەرراپلارمۇ ئادەت بويىچە،
ئالىقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ قويۇشاتتى. ئايرىم ئوتۇنچىلارنىڭ
چىرايلىرىدا كۆپىرەك قايغۇ-ھەسرەت ئالامەتلىرى بار ئىدى.

تۇساتتىنلا كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى. قومۇشلۇق
ئۈستىدىن شامال ئۇرغاندەك، ھەممە باشلار بىر تەرەپكە بۇرۇلدى.
يا سۇلتان، ياكى موڭغۇل ئەمەلدارى، ياكى باشقا بىر ئەمەلدار
كېلىۋاتقانغا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى يولۇچى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ
قۇلىقىغا:

— مەۋلانە جالالىدىن كېلىۋاتىدۇ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ بۇ نامنى بۇندىن ئون يىلچە بۇرۇن دەمەشقتە ئاڭلىغانىدى.
كېيىن، بەزىدە ھەلەبتە، بەزىدە ئەرزىرۇمدا، بەزىدە قەيسەرىيدە
ۋە تەبرىزدە بۇ نام پات-پاتلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇرغانىدى.
مانا مۇشۇ نام ئۇنى سەپەرگە چىقارغانىدى.

ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، يول ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى.

كېلىشكەن يوغان قېچىر مىنگەن ئۆلىما، خۇددى پىيادە
ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا كېلىۋاتقان داڭلىق چەۋەندازدەك، ئوڭ-
سول تەرىپىگە لىق تولغان مۇرىتلار، شاگىرتلار بىلەن تۆت
كوچىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ قويۇق قارا ساقىلى كۆكسىگە
چۈشكەن، بېشىغا ئورىغان دەستارىنىڭ ئۇچى ئوڭ مۈرىسىگە
ساڭگىلىغان، ئۇزۇن يەڭلىك خىرقە چاپان-پېرىجە كىيگەن بۇغدايئۆڭ-
لۈك كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەرنى كۆرمەيۋات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاندەك، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ ۋارقىرىشىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، كۆزىنى يەرگە تىككىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ياكى راستىنلا چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ياكى ئادەملەرنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

يولۇچى ئادەملەرنى جەينەكلىرى بىلەن نېرى-بېرى ئىتتىرىپ، ئېتىلغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. قولىنى قېچىرنىڭ تۇمشۇقى ئالدىدا پۇلاڭلاتتى، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يەڭلىرى جەينەكلىرىگىچە سۈرۈلۈپ، تومۇرلىرى ئېشىلگەن يىپلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن قولى كۆرۈندى — ئۇ قېچىرنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتتى.

ئاشۇ خەيرلىك شەنبە كۈنى جالالىدىننى پاختا سودىگەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان پەمبە فۇرۇشان مەدرىسىگە يەنە مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلىشقانىدى.

مۇنازىرە ماۋزۇسى ئىككى ھەدىس ئىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: «ئاللا ئاۋۋال ئاق گۆھەرنى ياراتتى». يەنە: «ئاللانىڭ ئاۋۋال ياراتقىنى ئەقىلدۇر» دېگەن.

«ئاق گۆھەر» ئىبارىسى ئەرەب تىلىدا «ئەل-ئەقىل-ئەۋۋەل» دەپ يېزىلىدىغان ئاشۇ بىرلەمچى ئەقىلگە باراۋەرمۇ؟ مۇنازىرە ئەنە شۇ ھەقتە قىزىپ كېتىۋاتاتتى. مۇتلەقلىك، ئۇنىۋېرسالىلىق، پوتېنسىئاللىق① «ئەل-ئەقىل — ئەل-ئەۋۋەل» نى ئۈچ جەھەتتىن شەرھىلىگۈچى ئۈچ جەھەتمۇ ياكى ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايىمۇ؟

ئىككى ھەپتىدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان مۇنازىرە جالالدىننىڭ زېتىغا راسا تەگكەنىدى. بۇ مۇنازىرە ئىشتىراكچىلىرى — ئالىم ۋە ئۆلىمالار بىر-بىردىنى چۈشىنىش، باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە

① نامايەن بولماق، كۈچ-قۇۋۋەت دەرىجىسى - ت.

رەقىبىنىڭ بىرەر خاتالىقى ـ كەتكۈزۈپ قويغان جايىنى تۇتۇۋېلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى مات قىلىپ، ئۆز ئۆلىمالىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن يىغىلىشاتتى. سۆزلەۋاتقان ئۆلىما، سۆز ئارىسىدا نەپەسىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن بىردەملا توختاپ قالسا، باشقا بىرى شۇئانلا سۆزنى ئەپقاچاتتى، ھەدىس ۋە ھېكمەتلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. بۇ جاننى تىكىپ، ھەقىقەت ئىزدەش ئەمەس، بەلكى ھەر كىم بىلىمدانلىقى، مەنتىق كۈچى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بارلىقى بىلەن ماختىنىدىغان بىر مەيدان ئىدى.

بۇ نەرسە جالالىدىننىڭ تاقىتىنى تاق قىلاتتى، لېكىن مۇنازىرىنى مەدرىسىنىڭ مۆتىۋەللى[ئ]ى، بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولغان سەيفىددىن ئۇيۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتناشماسلىققا ئىلاج يوق ئىدى. سەيفىددىن ئاخىر پەسكويغا چۈشۈپ، جالالىدىنغا تەن بەرگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق قىساسكارلىق ياكى تەكەببۇرلۇق بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى.

جالالىدىن كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن خىجالەت بولاتتى. بۇنداق ھالەت كېيىنكى يىللىرى پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ تۇراتتى. مىڭلىغان ئادەملەر ئالىم ۋە ئۆلىمالارغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىپ، ئۇلاردىن تىرىكچىلىك مۇشەققىتى ئالدىدا رىغبەت ۋە مەدەت كۈتۈپ تۇرغاندا، ئاق گۆھەر نېمە، ئۇ ئەل ـ ئەقىل ـــ ئەل ـ ئەۋۋەلگە تەگمۇ، دەپ بەس ـ مۇنازىرە يۈرگۈزۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ ھەر كىشىگە ئۆلچەپ بېرىلگەن ئەزىز ئۆمۈرنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىدۇ؟

ئۇ خىجالەتچىلىكنى ئاشۇ كۆزنىڭ ئىللىق ئاپتاپلىق كۈنى شاگىرتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەمبە فۇرۇشان مەدرىسىدىن قايتىۋاتقان چاغدىكىدەك كۈچلۈك ھېس قىلمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر مىغىلدايدىغان تۆت كوچىغا ،قىنلاشقانچە ئۇنىڭ بېشى

تېخىمۇ تۆۋەنگە ساڭگىلىماقتا ئىدى.

قېچىر چىپپىدە توختىدى. جالالدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ سودىگەر لىباسىنى كىيگەن سەييابھنىڭ قېچىرنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتقان، جەينەككىچە يەڭلىرى تۇرۇلگەن قولىنى، تال - تال ساقىلىنى كۆردى، ئۇنىڭ تىكەندەك سانجىلىدىغان نەزەرىگە دۇچ كەلدى.

1244 - يىلىنىڭ 26 - نويابىرى. كۈزنىڭ ئادەتتىكى بىر كۈنى. بۇ كۈنى سەلتەنەتلەر تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوڭ قوشۇنلار مەيدانغا چۈشمىدى. مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆز ھۆكمىگە ئالغان سۇلالىنىڭ ئاساسچىسى تەختكە چىقمىدى. يېڭى قىتئە ئېچىلىپ، يېڭى بىر قۇدرەت كەشىپ قىلىنمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدە بىر ئۆمۈر نەقىشلىنىپ قالىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسىمۇ روي بەرمىدى. پەقەت ئىككى ئىنسان ئۇچراشتى، خالاس.

لېكىن ئۇ كۈن يىراقلىشىپ، ئەسىرلەر زۇلمىتىگە قوشۇلغانسېرى بۇ ئۇچرىشىش نەتىجىسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى تېخىمۇ روشەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئىككى ئىنسان ئۇچرىشىپ، بىرى ئىككىنچىسىدە ئۆزىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشسە — بۇ ھەممىشەم ئالامەت ھادىسە، ئېھتىمالكى، دۇنيادىكى ئەڭ ئاجايىپ مۆجىزىلەردىن بىرى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان كۈنى پەقەت شۇلارنىڭلا شەخسىي قىسمىتىدە ئۇلۇغ كۈن بولۇپلا قالىدۇ.

بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىلدىن كۆپرەك بۇرۇن كونيا شەھىرىدە ئۇچراشقان ئىككىيلەن بىرى ئىككىنچىسىدە يالغۇز ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر بۈيۈك ھادىسىنى — ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنسانىنى

كەشىپ قىلدى. ئەنە شۇ ئۇچرىشىش بولمىغان بولسا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ — جەنۇبتا ئەرەبىستانغىچە، شەرقتە ھىندونېزىيەدىن تارتىپ — غەربتە تاكى شىمالىي ئافرىقىغىچە بولغان مەيداندا ياشىغۇچى ئادەملەر ئۆزلىرىنى باشقىچە ھېس قىلىپ، باشقىچە تەپەككۇر قىلىشاتتى.

ئۇ كۈن «مەدەنىيەتلىك» ئاتىلىدىغان ئىنسانىنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتى ئۈچۈن سوقرات ۋە ئەپلاتون ،گيوتې ۋە شىللېرنىڭ ئۇچرىشىش كۈنلىرىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن بولدى.

شۇ كۈنى ناھايىتى چوڭ مەيداندىكى خەلقلەرنىڭ ئىشەنچ - ئېتىقادلىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرى، ھېكمەت - رىۋايەتلىرىنى ئۆز شېئىرىيىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسان روھىنى، ئۇنىڭ كامالەتكە يېتىشكە ئىنتىلىشىدىكى ئۇلۇغۋارلىقىنى ئاجايىپ بىر قۇدرەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن جالالىدىن رۇمى دۇنياغا كەلدى.

شۇنىڭدىن بۇيان نى - نى ئۇلۇغ ۋەقەلەر، نى - نى شاۋكەتلىك ناملار ئۇنتۇلدى. زامان تاشلارنى ئۇۋۇتۇپ، كۆل قىلىپ كۆككە سورىدى. بىز ھەتتا ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە جالالىدىن قاتناشقان پەمبە فۇرۇشان مەدرىسى نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق بىلمەيمىز. لېكىن جالالىدىن رۇمى بىلەن شەمسىدىن تەبرىزى ئۇچراشقان جاي ئىنسانلارنىڭ قۇتلۇق خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالدى.

ئەگەر كونياغا بارىدىغان بولۇپ قالسىڭىز، مەركەزگە يېقىن-لا يەردىكى «سالجۇقپەلەس» مېھمانخانىسىنى ئىزدەپ تېپىڭ. ئۇنىڭ مائارىپ نازارىتىگە ئۇدۇل چۈشكەن بۇرجىكىگە بېرىپ تۇرۇڭ. ئادەملەر بۇ جاينى «مەرجە - ئەل - بەھرەيىن» — «ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلۇشى» دەپ ئاتاشقان. بۇ ۋەقە 1244 - يىلى 26 - نويابىردا يۈز بەرگەندى.

ئىنسان ئەينەك بولمىسا (ئۇ سىلىقلانغان تۆمۈرمۇ ياكى

www.uyghurkitap.com

سۈنئىڭ يۈزىمۇ، بەرىبىر) ئۆز چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ باشقا بىر كىشىسىز ئۆزىنىمۇ بىلەلمەيدۇ، چۈنكى جامائەت ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان ئىنسان ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلىدۇ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشىنىدۇ.

ئەمما ئىنسان ئەينەك ئەمەس. ئۇ ئەكسىمۇ ئەتتۈرىدۇ ھەم يورۇتىدۇ. سۇبيېكتمۇ ئۆزى، ئوبيېكتمۇ ئۆزى. دېمەك، ئىككى ئىنسان، بولۇپمۇ، جالالىدىن ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستىغا ئوخشاش كىشىلەر ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشنىڭ غايەت مۇرەككەپ پسىخولوگىيىلىك جەريانىدۇر.

شائىرنىڭ دوستى بىلەن مۇتلەق ئوخشاشلىقى، ئۆزىنى ئېرىتىپ ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىشكە ئىنتىلىشى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ئۆز تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا ئىلاھىي ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلىش ئىدى. لېكىن بىر شەخسنىڭ ئىككىنچى شەخس بىلەن قوشۇلۇپ — كىرىشىپ كېتىشىگە يەتكىلى بولمايدىكەن، ھەقىقەتنى بىلىشمۇ نىسپىي بولىدۇ. ئوخشاشلىق ـ ئوخشىماسلىق ئارىسىدىكى زىددىيەت، دېمەك، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىلغان ئىنتىلىشمۇ قېلىۋېرىدۇ.

قېچىرنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان سىرلىق سەيياھ بىلەن دوستلىشىش جالالىدىن رۇمى ئىنسانپەرۋەرلىك دىئالېكتىكىسىنىڭ رېئال ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكىن باشقا كىشىدە بىزنى، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى، ئەنئەنىۋى تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، روھىي بۇرادىرىمىزنى ئېچىپ بېرىدىغان سۆز غەلىتە، بەزىسى ئەرزىمەس بىر سۆز بولۇشى غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرمامدۇ؟! ئۇلار كۆپىنچە پەقەت بىر بەلگە، سىرتتىن قارىغاندا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر نىشانە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. «سۆز — لىباس، — دېگەنىدى جالالىدىن رۇمى، — مەنە — ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر».

ئاشۇ 1244 ـ يىل 26 ـ نويابىر ئۇلار دەرھال تۆپ مەسىلە ھەققىدە گەپ باشلاشتى. بىراق ئۇلار ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ غايەت مۇھىم بولغان سوئال شۇنداق سۆز لىباسىدا بېرىلدىكى، ئارىدىن ئۆتكەن يەتتە يۈز يىل مابەينىدە ئۇ ئۇپراپ ـ توزۇپ، مەنە يۈكىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى سىرنى ئاچرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئالاھەزەل ئاشۇ دەۋر تەپەككۇرىنىڭ ئۇسلۇبىنى بىرقەدەر تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاشۇ چاغدا يولۇچى قېچىرنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ، جاللىدىنىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— ھەي، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا ماھىيەتلىرىنىڭ سەررافى①! ئېيتقىنا، كىم ئۈستۈن — مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ياكى بايازىد بەستەمىيمۇ؟

Ⅸ ئەسىردە ياشىغان سوپى بايازىد بەستەمىي تەسەۋۋۇپ ئەللامىلىرىدىن بىرى ئىدى. ۋەھدەتۇل ئىلاھى② ھەققىدە چوڭقۇر ئوي ـ خىيالغا پېتىش، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ قوشۇلغىنىدەك، شەخسنىڭ تامامەن يوقىلىپ كېتىش ھېسسىنى تۇغدۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ ئاشۇ بايىقىغانىدى. ئۇ: «يىلان پوستىنى تاشلىغىنىدەك، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام... ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن!» دېگەنىدى. بۇ ھالەتنى بايازىد فەنا③ دەپ ئاتىغان. كېيىنچىرەك كۆپلىگەن سوپىلار ئۇنى تەرىقەتتىن مەقسەت، دەپ ئېتىراپ قىلىشقانىدى. مۇتەئەسسىپ روھانىيلار بايازىدنىڭ سۆزلىرىنى ئىلاھىيلىقنى دەۋا قىلغانلىق، دېيىشىپ، ئۇنى

① سەرراف — پۇل ئالماشتۇرغۇچى. بۇ يەردە سىر يەشكۈچى ئۇلۇغ ئالىم مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن — ت.

② ئاللانىڭ بىرلىكى. — ت.

③ يوق بولماق، يوقالماق. ئۆزىدىن ۋە پۈتۈن بارلىقتىن كېچىپ، ئىلاھىيەتكە سىڭىنىش — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاپىر، دەپ ئېلان قىلىشقان ۋە ئۆز شەھىرىدىن قوغلاندى قىلىغانىدى. ئەمما سوپىلار ئۈچۈن بەستەمىي ئىنتايىن پاك، نوپۇزلۇق بولۇپ، «سۇلتانۇل ئارىفىن» ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانىدى.

شۇنىڭغا قارىماي ناتونۇش سەيياھنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان يول ئۈستىدە ئاشۇنداق سوئال بېرىشى يولسىزلىق ئىدى. سۇلتانۇل ئارىفىن بولغان سوپى كىم، خۇدانىڭ رۇسۇلى بولغان مۇھەممەد كىم! جالالىدىن باشقا ھەر قانداق تەقۋادار شەيخ ياكى ئۆلىماغا ئوخشاش جاۋاب بەردى:

— بۇ قانداق سەپسەتە؟ ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئۈستۈن!

شەمسىددىن شەكسىز شۇنداق جاۋابنى كۈتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىلتىقىمۇ ئەنە شۇ سوئالدا ئىدى. ئاخىر ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىر خىل نازۇك تەبەسسۇم ئويىنىدى.

— دۇرۇس، — دېدى ئۇ، — ئۇنداقتا نېمىشقا مۇھەممەد: «دىلىمنى غەم بېسىپ، ئىگەمنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى يەتمىش قېتىم توۋا قىلىمەن» دەيدۇ، بايازىد بولسا: «مەن ئۆزۈمدىكى ھەر قانداق قۇسۇرلاردىن قۇتۇلدۇم، جىسمىمدا خۇدادىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانۇ شەرەپكە تولۇقمەن!» دەپ ھۆركىرەيدۇ؟

جالالىدىن تويۇقسىزلا زەربە يېگەن كىشىدەك قەددىنى رۇسلىدى. بۇ ناتونۇش كىشى قوپاللىقىغۇ قوپال، ئەمما ھاماقەت-نادانلاردىن ئەمەس. قارىغاندا، ئۇمۇ جالالىدىن باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىدە باش قاتۇرغاندەك تۇرىدۇ، يەنى ھەقىقەتنىڭ مۇتلەقلىكى ۋە بىلىملەرنىڭ نىسپىيلىكى توغرىسىدا.

جالالىدىن جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆز ھاياجىنىنى يوشۇرماي، ناتونۇش كىشىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق تىكىلدى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغىنى يولۇقچىغىمۇ ئۆتتى. كېيىنرەك شەمسىددىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمدىكى بالاغەتنى① دەرھال بايقى-

① بۇ يەردە «تولۇق، يېتۈكلۈك...» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن — ت.

ۋالدى، مەن بولسام ئۇ سۆزنى تۈگەتمەيلا، ئۇنىڭ دىلىنىڭ ساپلىقىدىن مەست بولدۇم».

— مۇھەممەد ھەر كۈنى يەتمىش خىل يولنى بېسىپ ئۆتەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى جالالىدىن، — ۋە ھەر قېتىم يېڭى باسقۇچقا بىرىپ، ئالدىنقى باسقۇچتا ئېرىشكەن بىلىملىرىنىڭ ھېسابىغا توۋا-تەزەررۇ قىلاتتى. بايازىد بولسا، پەقەت بىرلا باسقۇچقا ئۇلىشىپ، شۇنىڭ مەرتىۋىسىدىن بېشى ئايلىنىپ، گاڭگىراش ئىچىدە شۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىدۇ...

كىم يۇقىرى، مۇھەممەدمۇ ياكى بايازىدمۇ؟... بۇ سۆزلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىدىكى يوشۇرۇن مەنا ئوقۇلمىغانلىقتىن سوئال خىرىستىئان دىنىنىڭ پېشىۋالىرىنىڭ، يىڭنىنىڭ ئۇچىدا نەچچە پەرىشتە تۇرالايدۇ، دېگەن ياكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ شۇ كۈنى جالالىدىن قاتناشقان ئاق گۆھەر ۋە ئەل-ئەقىل-ئەۋۋەل ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرىگە ئوخشاش، مەنەسىز تۈيۈلۈشى مۇمكىن. ئەمما ئەسلىدە، شەمسىددىن باشقا نەرسىنى سورىغانىدى: مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشكە قارىتىلغان داۋالار توغرىسىمۇ ياكى ھەر قانداق بىلىم نىسپىي بولۇپ، ھەربىر يېڭى باسقۇچ ئالدىنقىسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتمۇ؟ ئۇ بەرگەن سوئالنىڭ مەنەسى، ھازىرقى زامان تىلىغا كۆچۈرگەندە، ئەنە شۇنداق ئىدى. مانا بۇ سوئالغا جالالىدىنغىچە ھېچكىم تۇتاملىق بىر جاۋاب بېرەلمىگەنىدى.

جاۋابنى ئاڭلىغان شەمسىددىن، بىر ئاھ ئۇردى-دە، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

ھەرھالدا، قەدىمكى سالنامىلاردا شاھىدلارنىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ، ئاشۇنداق يېزىشىدۇ.

ئادەتتە «ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى» ئىبارىسى ئانچىكىملا بىرەر ۋەھىمە ياكى ھاياجانلىق ئىشلار شائىرنىڭ روھىي قۇدرىتىنى

www.uyghurkitap.com

تەشكىللەپ كۆرسەتكۈچى بىر ئۇبىدان مۇبالىغە ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.

لېكىن ئويلىساق، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ زامانلاردا كىشىلەر سۆيۈپ، سۆيگۈدىن كېسەل بولۇپ، شۇ كويىدا ئۆلۈپ كېتىشكەن. دوستى بىلەن ھەپتىلەپ سۆھبەتلىشىپ تويۇشمىغان چوڭقۇر مەنىلىك پىكىر ياكى ئۆتكۈر بىر ماقال ئاڭلىغاندا، كۆز يېشى تۆكۈشكەن، داد-پەرياد چېكىشكەن. بىز ھازىر ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان ھاقارەتلەر ئۈچۈن ئۇلار ھەتتا شۇ ھاقارەت قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈشكە، ياكى ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە تەييار تۇرۇشقان. ئادەتتىكىدىن سەل غەيرىيرەك بىرەر ھادىسىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشقان. ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنداقلا مۇھەببەت، غەيرىي مۇبالىغە دەپ بىلمىسە كېرەك.

سىۋىلىزاتسىيە① ئىنسانلارنى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتە ئېغىر-بېسىق بولۇشقا ئۆگەتتى. ئەمما شەكىلنى مەزمۇندىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەسىرىمىزدىكى كىشىلەر ھەددى-ھېسابسىز كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ئېھتىمال بۇلارنىڭ تەپەككۇرىدا مەنتىقىلىق ۋە مەۋزۇنلۇق② نەچچە ھەسسە ئۈستۈندۇر. لېكىن بۇلار ئاشۇ ئون ئۈچىنچى ئەسىردىكىلەرگە ئوخشاش كۈچلۈك ھېس قىلالامدىكىن؟ «ھەر قانداق مەھرۇمىيەت③ — مۇيەسسەرىيەت④، ھەرقانداق مۇيەسسەرىيەت — مەھرۇمىيەت» دېگەنىدى جالالىدىن رۇمى.

①مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئېرىشكەن مەدەنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت باسقۇچى. مەدەنىي تەرەققىيات — ت.

② ئۆلچەملىك، ۋەزىنلىك... — ت.

③ يوقىتىش، ئايرىلىپ قېلىش، مەھرۇم بولماق — ت.

④ مۇيەسسەر بولماق، ئىگە بولماق، ئېرىشمەك — ت.

ئۇ يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، يولۇچىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ، ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى سىلاپ، قوللىرىنى بىرنەچچە قېتىم كۆكسىگە يېنىپ ـ ئېچىپ ھەرىكەتلەندۈردى.

شەمسىددىن كۆزىنى ئاچتى. ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. خالايىق، ئالىم ـ ئۆلىمالار، جالالىددىننىڭ مۇرىتلىرى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، ھەيران بولغىنىچە تۇرۇشاتتى.

جالالىددىن يولۇچىنى يۆلەپ، زەرگەر سالاھىددىننىڭ ئۆيىگە باشلىدى. ئۇلار سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئاشۇ يەرگە، خالىي جايغا قايتىشتى.

## ئىنسانىي كامىل

جالالىددىن رۇمى بىلەن شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ سۆھبىتى توختىماي ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. بۇ ئايلار ئۆتۈپ، كونيادا دەسلەپكى باھار شاماللىرى ئۇچۇشقا باشلىدى، جالالىددىننى بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ قىياپىتىدە باشقا بىر ئادەم تۆرەلگەندەك تۇيۇلدى.

«قاچانكى شەمسىددىن پەيدا بولدى، — دەپ ئەسلىگەنىدى كېيىنچىرەك شائىرنىڭ ئوغلى ۋەلەد، — ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتى، ئۇنىڭ شولىسىدىن مەۋلانىنىڭ سايىسى يوقالدى... ئۇ شەمسنىڭ سىياقىغا قاراش بىلەن، يېشىلمىگەن سىرلار كۈندەك ئاشكارا بولدى. ئۇ ھېچكىم كۆرەلمىگەننى كۆرۈپ، ھېچكىم ئاڭلىيالمىغاننى ئاڭلىدى. ئۇ شەمسنى: «شاھىم، دەرۋىشنىڭ سۆزىنى ئاڭلا. مېنىڭ ئۆيۈم ساڭا لايىق بولمىسىمۇ، مېنىڭ ساڭا بولغان كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ ئۆيىنى ئال. قۇلنىڭ بىساتى ئۇنىڭ خوجايىنىغا تەۋەدۇر، شۇڭا بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭدۇر!»

دېدى، مەۋلانە ئۇنىڭ سىماسىغا، تەڭداشسىز پاكلىقىغا، جەۋھەر دېڭىزىغا ئوخشاش سىرلارغا كان نۇتقى بىلەن ئادەمگە جان بېغىشلىغۇچى سۆزلىرىگە ئەسىر بولغانىدى... ئۇ ئۇنىڭسىز ھېچقاياقا بارالمايتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە قارىمىسا، گويا نۇر مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولاتتى... كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا تاقەت قىلالمايتتى. گويا ئۇ بىر بېلىق ئىدىكى، شەمسى بولسا-دېڭىز ئىدى. شەمسىدىن ئۇنى بىر دۇنياغا باشلىدىكى، ئۇ يا تۇرك، يا ئەرەبنىڭ چۈشۈگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ساۋاق بېرەتتى، يېڭى بىلىملەرنى ئېچىپ بېرەتتى. مەۋلانىمۇ باتىنى① بىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. لېكىن شەمسى يېشىپ كۆرسەتكەن نەرسە باشقىچە، پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىرفان② ئىدى...»

جالالىددىننى سىرلىق دوستى باشلىغان دۇنيا-قانداق دۇنيا، ئۇ بەرگەن بىلىملەر-قانداق بىلىملەر ئىدى؟

ئۇلار خالىي جايغا چېكىنىپ، نېمىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھەتتا شائىرنىڭ ئوغلىمۇ خەۋەرسىز. ئەمما جالالىددىننىڭ پەرمايىشى بىلەن «ئەسرار كاتىپلىرى③» شەمسىددىننىڭ جامائەت ئىچىدە ئېيتقان ھەممە ھېكايەت ۋە رىۋايەتلىرىنى، ھەربىر سۆزىنى بىر يىلدىن كۆپرەك مۇددەت ئىچىدە يېزىپ تۇرغان. بۇ يېزىلغان خاتىرىلەرنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «مۇلاقەت» دېگەن كىتابتا جەملەنگەن. بۇ كىتاب بىرنەچچە نۇسخىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا قىلىنغان سۆز، كەلتۈرگەن مىساللار گۈڭگا ۋە كىنايىلىك ئىدى.

① روھى، كۆڭۈل، ئىچكى تۇيغۇ...-ت.

② بىلىش، تونۇش (تەپەككۇر بىلەن)-ت.

③ يوشۇرۇن ئىشلار كاتىپلىرى، سىرلار كاتىپلىرى — ت.

بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى: «مۇقەللىد① مېنىڭ سۆزلىرىمنى يا تەكرارلىيالمايدۇ، يا ئۇلارغا مەنە بېرەلمەيدۇ. ئۇلار مەۋھۇم ۋە مۇرەككەپتۇر. مەن ئۇلارنى يۈز ھەسسە ئېيتىپ بەرگۈم، ھەر قېتىمدا بىر يېڭى مەنىسىنى يېشىپ بەرگۈم كېلىدۇ، لېكىن ئاساسىي مەنىسىنىڭ ھېچكىمگە ئايان بولمىغىنى، دەخلىسىز ۋە ساپلىقىچە قالغىنى ياخشى» دېگەنىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى مەۋھۇملۇق مەلۇم دەرىجىدە مەجبۇرىيەتنىڭ تۈپەيلىدىندۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ رەسمىي ئەقىدىلىرىنى سەگەكلىك بىلەن قوغداپ تۇرغان روھانىيلارنىڭ تەقىپىدىن چۆچۈپ، پىكىرلىرىنى ئاشكارا ئېيتمايدۇ.

لېكىن ھەر ھالدا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە جالالىددىننىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭدىن مەلۇم خۇلاسە چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

شەمسىددىن ئالىملار ھەققىدە كىنايە بىلەن سۆزلەيدۇ. قۇرۇق كىتابىي ئالىملىق ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاجىزلىق ئالامىتىدۇر. (جالالىددىننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەڭ: «ئالىملىرىمىز ئۆز ئىملالىرىدا قىلنى قىرىق يېرىدىشىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئاساسىي نەرسىنى بىلىشمەيدۇ!») شەمسىددىن ئېتىقادنى بۇرمىلىغۇچى ئۆلىما ۋە فەقىھلەر، سوپى-شەيخلەر ھەققىدىمۇ كەسكىن ھالدا: «شەيخلەر ۋە سوپىلار — دىن ۋە دىيانەتنىڭ ئۇلۇغ يولىدىكى قاراقچىلاردۇر» دېگەنىدى. ئالىملار ئىلىمنى، شەيخ ۋە ئۆلىمالار ئېتىقادنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇشۇۋالغان. ئۇ ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ قولىدىكى ئىلىمۇ ئىمكان «ھەقىقەتنى يوشۇرىدىغان پەردىلەر». چۈنكى ئىلىممۇ، ئىمانىمۇ-مەقسەت ئەمەس، ۋاستە.

① تەقلىد قىلغۇچى-ت.

بۇنىڭدىن مەقسەت نېمە؟ «دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ئىنسان ئۈچۈن، پەقەت ئىنسان ئۆزى - ئۆزى ئۈچۈندۇر» — دەيدۇ شەمس. ئاشۇ دەۋر كىشىسى ئۈچۈن تەبىئىي بولغىنىدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەستىقىنى قۇرئاندىن ئىزدەيدۇ. قۇرئان-نىڭ ئون يەتتىنچى سۈرىسىدىكى يەتمىشىنچى ئايەتتە: «ۋەلەقەد كەررەمنا بەنى ئادەمە...»① دېيىلگەن. ئاللاھى كەرىم نە تەخت، نە سەماۋاتنى ئۇنداق ئەزىزلىمىگەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بەس، يەتتە قەۋەت ئاسمانغا يېتەمسەن ياكى يەتتە قەۋەت يەر ئاستىغىمۇ، بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ كۆڭۈل رايىنى سۆيۈ-شۈڭ، ئۇنىڭغا مەدەتكار بولۇشۇڭ كېرەك. ئۆزىنى ئۆزى بىلگەن ئادەم ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ» — دەيدۇ يەنە شەمسى. (جالالى-دىننى ئەسلەڭ: «سەن ساماۋى ۋە زېمىنى ئىككى ئالەمگە بارا-ۋەرسەن. ئەمما ئۆز باھايىڭنى بىلمىسەڭ، بولمىغىنىغۇ؟»)

شەمسىددىن تەبرىزى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىنىڭ يۈ-زى كەبىگە قارىغان. كەبىنى ئېلىۋەتسەڭ مەلۇم بولىدۇكى، ئىن-سانلار بىر - بىرىنىڭ قەلبىگە سېغىنىدۇ، بىرىنىڭ قەلبى - باشقى-سى ئۈچۈن سەجدىگاھ».

مەقسەت — ئىنسان. لېكىن كەلسە - كەلمەس ئىنسان ئەمەس. پەقەت ئۆز مەتپەئەت ۋە ئېھتىياجى بىلەن بەند بولغان، تىرىكچىلىك تەشۋىشلىرىدە چېپىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈلەلمىگەن بىرى ئۆز ئىنسانىي ماھىيىتىنى بىلىش يولىدا ئۆزىگە پەردە بولىدۇ. (ئويلاڭ: «سەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، پەقەت بىرلا نەرسىنى - دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، شۇنى ئۇنتۇمىساڭ، بولغىنى. ئۆزۈڭنى ئەرزىنىگە ساتمىغايسەن، جەزمەن باھايىڭ ئۈستۈن!»).

مەقسەت - مۇكەممەل ئىنسان، ئىنسانىي كامىل. خوش،

① بىز ئادەم ئەۋلادىنى بارلىق مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتتۇق.

ئۇنداق بولسا شەمسىددىن ئۈچۈن قانداق ئادەم كامىل ئىنسان بولغان بولىدۇ؟ ئۇ يەنە قۇرئانغا، دىنىي رىۋايەتكە مۇراجىئەت قىلىدۇ: «روسۇلۇللانىڭ تائەت ـ ئىبادەت شەۋكىتى ـ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇشى ئىدى».

ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇغان ئىنسان — شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ نەزەرىدە ئىنسانىي كامىل ئىدى.

كۆپلىگەن تەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش شەمسىددىنمۇ دۇنياغا مانىستىك① نۇقتىئىنەزەردە قارايتتى. ئۇ دۇنيا — ۋاھىددۇر، دېگەن ئېتىقادتا ئىدى. لېكىن ئاشۇ دەۋرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇ ئەنە ئاشۇ ئېتىقادنى دادىل ۋە كەسكىن خۇلاسە چىقىرالىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەسەۋۋۇپنىڭ بارلىق ئېقىملىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ قوشۇلمىدى. «ھەممە ئۆز شەيخىگە يۆلىنەر، — دەيدۇ ئۇ، — مەن بولسام سۇنى بۇلاقنىڭ ئۆزىدىن ئىچىمەن. سۆزۈمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى شۇكى، مەندىكى يوشۇرۇن سىرلار ئاشكارا بولسىدى پۈتكۈل دۇنيا بىرخىل تۇسكە كىرىپ، قىلىچمۇ، قايغۇمۇ قالماس ئىدى».

پۈتۈن ئالەم، دەيدۇ شەمسىددىن، قۇدرىتى ئىلاھنىڭ نامايىشىدۇر. ئىنسانىي كامىل — مەقسەت، ئالەمنىڭ گۈلتاجىدۇر. ئۇ شۇ يەردىن يەنە بىر قەدەم ئالغا تاشلايدۇ: «ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇپ، دۇنيا بىلەن بىرىككەن ئىنسان تەڭرىگە باراۋەردۇر. ئەسلەڭ: ئاھ، سىز خۇداگۇيلار! خۇدانى ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى، خۇدا — ئۆزىڭىز!».

ئەگەر ئىنسانىي كامىل خۇداغا باراۋەر بولسا، ئۇنىڭ كامالەت يولىدىكى ئەمگىكى ۋە مۇھەببىتى، ئىنسانىي كامىلغا بولغان سىدقۇ ـ ساداقەت يولىدا ئىنتىلىشلىرىمۇ مۇقەددەستۇر. شەم—

① بارلىقنىڭ ئاساسى بىر (ماتېرىيە ياكى روھ) دەپ قارايدىغان پەلسەپىلىك تەلىمات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىددىن ئىنسانلار بىر - بىرىدىن بايلىق، نەسىل - نەسەب، مەۋقە - مەرتىۋە، ھەتتاكى دىنىي ئېتىقادقا قاراپ ئاجرالمايدۇ دەپ توغرا ئېيىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەرى ئادەملەر. «ماڭا كاپىرنى كۆرسەت! — دەپ خىتاب قىلىدۇ ئۇ، — مەن ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي. مېنى كاپىر دەپ ئاتا، مەن سېنى تاۋاپ قىلاي. كۇپۇر — ئىماندا، ئىمان — كۇپۇردىدۇر».

ۋەلەدنىڭ ئۆز ئاتىسى ھەققىدىكى: «ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە باراۋەر بولدى: يۇقىرىمۇ، تۆۋەنمۇ ئوخشاش»، دېگەن سۆزلىرىنى ئەنە شۇ مەنىدە چۈشىنىش كېرەك...

شەمسىددىن تەبرىزى جالالىددىنغا بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىغا زامىن بولغان بىلىملەرنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى ئەنە شۇنداق، ئۇنىڭ پانتېئىستىك①، گۇمانىستىك② غايىلىرى، شەكسىزكى، مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئەخىيلەر جامەسىگە ئۇيۇشقان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەيپىياتلىرى بىلەن سۇغىرىلغانىدى. لېكىن ئەخىيلەر ئۆز نىزاملىرى، ئەنئەنىۋى چەكلىمىلىرى بىلەن شەمسىددىن ئۈچۈن تارلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ جامائەسى، ئۇنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئومۇمىي كىشىلىك جەمئىيىتى ئالدىدا بىر پەردە ئىدى. ئەنە شۇ چەكلىمىلەر ۋەجىدىن ئۇلار فېئوداللارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بابا ئىسھاق باشلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللىمىدى.

مانا شۇ سەۋەبتىن شەمسىددىن سېۋەت توقۇيدىغان شەيخ ئەبۇبەكرىنى تەرك ئەتتى، ئەخىيلەر بىلەن مۇناسىۋەتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزمەي، ئۇلارنىڭ مەدەتلىرىگە تايانسىمۇ، ئۆز غايىلىرى ئۇلارغا ياقمىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەقەللىي گەپنى دېگەندە، تېخى دۇنيادا ھېچكىم ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلمى-

① تەبىئەتنى خۇدانىڭ مۇجەسسەملەنگەن ھالىتى دەپ قاراش ــ ت.

② ئىنسانپەرۋەرلىك ــ ت.

غانىدى. «زادىلا بىرەرسىنى ئۇچرىتالمىدىم، ئۇچراتقىنىم پەقەت مەۋلانە بولدى» دېگەنىدى شەمسىددىن.

شەمسىددىن جالالىددىندا يوشۇرۇنۇپ ياتقان، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بايقىيالمىغان كۈچلەرنى ئۇنىڭغا ئېچىپ بەردى.

«ئىشىك ھەم يېپىلغانىدى. ئۇنى پۈترا قىياپىتىدىكى پادىشاھى ئەزەم ئېچىپ، ئاستانىدا پەيدا بولدى».

بۇ كۈچلەر شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇلار ئۈچ قاتلام ئىستىبدات — سۇلتانىزم ئۈلىما تەلقىن قىلغان ئىلاھىيەت سىمالىرى، دەمەشق ۋە ھەلەب شەيخلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن تەستىقلانغان كىتابىي ئەللامىلىق، سەئىد بۇرھانىددىن قول ئاستىدا ئۆتكەن سوپىيانە تەرىقەت سالمىقى ئاستىدىمۇ تۇگىشىپ كەتمىدى، ئەكسىچە، ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە قۇيغان قازاندىكى ھوردەك بارغانچە كۈچەيدى.

شەمسىددىن بۇ كۈچنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈپ، قاپقاقنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا جالالىددىننىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ئۆزى يىللار بويى زارىقىپ كۈتكەن داپ ساداسى ياڭراپ، پۈتۈن دۇنياغا تارالدى.

كۆز يېشى ۋە پەريادلار ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشىنىڭ خۇشاللىق مەدھىيىسى، سەزگۈرلۈك غۇرۇرى، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ئېتىقاد بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

كۈپرىيەت ئۇممانىدىن تاپتىڭ ئەجەب دۇرى ئىمان،
جەننەتىيسەن، بولسىمۇ دوزاختا گەر ماكانىڭ...

ئىلگىرى جالالىددىن مۇقەددەس كىتابلار، ئىلاھىيەتكە دائىر رىسالىلەر، سوپىيانە شېئىرلارنىڭ مۇتالىئەسى بىلەن بەند بولاتتى. ئۆزى كىتابىي بىلىملەرگە خېلى ئوبدانلا بېرىلگەن شەم-

سەددىن كۆردىكى، ئۇنىڭ دوستى زامان ئىلمىنى ئىگەللەپتۇ،
ئېلىپ كىتابلار، كۆپلىگەن ئالىملارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ نەزە-
رىدىن دۇنيانى توسقاندەك، روھ تىرىك ئادەمنى ئۆلۈك قائىدى-
لەرنىڭ كىيىنىگە ئورىغاندەك. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ قولىدا ئاتىسىنىڭ
پەندۇ - نەسىھەتلىرىنى، سۆيۈملۈك ئەرەب شائىرى مۇتەنەببىنىڭ
دىۋانىنى كۆرگەن شەمسىددىن چىداپ تۇرالماي، سەپراسى
ئۆرلەپ:

— ئوقۇما! ئوقۇما! — دەپ توۋلىغاندى.

شەمسىددىن قاتتىق تۇرۇپ ئۇنى «ئاينى قۇدۇقتا ئەمەس،
ئاسماندا كۆزىتىش»كە ئۈندەيتتى.

شەمسىددىن ئۆلىمالارنىڭ تۇرقىغا قاراپ سەجدە قىلىشنى،
ئۇلارنىڭ جانلىق ھايات ئالدىدىكى قارىغۇلۇقى بىلەن ئەركىن
پىكىر ۋە تۇيغۇلار ئالدىدا قورقۇپ تىترەشلىرىنى كەسكىن ھالدا
ئەيىبلىدى. «تىرىك خۇدايىمىز بار تۇرۇپ، ئۆلۈك خۇدانىڭ
نېمە ھاجىتى».

ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇ سۆز ئىشلىتىلگەن بولسا، شۇ پىـ
كىر كۆشەندىلىرى ئۇنى نىگىلىست① دەپ ئاتىشاتتى. شۇ چاغدا
ئۇنى «بىئەدەب جاھىل» دەپ سۆكۈشكەنىدى. شەمسىددىن تەبىرى-
زىنى شۇنداق دەپ كەمسىتىش يەتتە يىردىم ئەسىردىن بېرى
كىتابتىن كىتابقا كۆچۈرۈلۈپ كەلدى. تېخىچە بىرەر ئالىم بۇنى
تارىخىي ئاساسلارغا تايىنىپ، تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ بەرمىدى.

شەمسىددىن سوپىيانە سۆھبەتلەردە چەتتىكى بىر بۇلۇڭغا
كىرىپ ئولتۇرۇۋالاتتى ۋە كۆپ چاغلاردا گەپمۇ قىلماي جىم
ئولتۇراتتى. ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇلار ئۇنى ئاسىي
دەپ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر قېتىم ھەدىسلەر،
بۇرۇن ئۆتكەن شەيخلەرنىڭ ھېكمەتلىرى، ئەۋلىيالارنىڭ مۆجى-

① دىنسىز كونا ئادەتلەرگە قارشى — ت.

ژىلىرى ھەقىقەتكى ئۇزۇنىدىن ئۇزۇن رىۋايەتلەرگە تايىنىش توغرىسىدا بولغان سۆھبەتنى ئاڭلاپ، چىداپ تۇرالماي، بۇلۇڭ- دىن چاچراپ تۇرۇپ:

— قاچانغىچە ئۆمرىڭىزنى پالانچىنىڭ سۆزى، پۇستانچىنىڭ ھېكمىتى دەپ زايە قىلىسىز! ئەسلى ماھىيىتى بىلەن ئۆزۈڭلار- نىڭ سۆزى يوقمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغانىدى.

خانىقانى ھەيرانلىق ئارىلاش ئېغىر جىمجىتلىق باستى. بۇ ھادىسە زامانداشلارغا شۇنداق تەسىر قىلغانىدىكى، كېيىن ئۇنى ھەممە تارىخ ۋە سالنامىلەردە قەيت قىلىشقان.

جالالىدىن ئۆز دوستىنى «سۇلتانۇل گەدايىن» دەپ بىكار ئېيتمىغانىدى. ئۇ ئۆز روھى ۋە قىياپىتى بىلەن ئېسىلزادى- لەرگە خاس، ماھىيىتىدە شۆھرەتپەرەسلىك يوشۇرۇنغان تەكەل- لۇپقا، ئىچىدە غەرەزلىك زەھەر سىڭگەن نازاكەتكە، ئاشۇ دەۋر ئۆلىمالىرىنىڭ دائىرىسىگە، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلە - يوسۇنلىرىغا قارشى ئىدى. ھەققانىي ۋە كەسكىنلىكى بىلەن ئۇ راستىنلا خەلق تەرەپدارى ئىدى. ئۇ جالالىدىنغا يېڭى بىر دۇنيا ئاچقانىدى.

جالالىدىن بۇرۇن مۇرىتلىرىغا ساۋاق، مۆمىنلەرگە پەتىۋا بېرەتتى، ۋەز ئېيتاتتى، شاگىرتلىرىغا پەندۇ نەسىھەت قىلاتتى، ئۆلىمالار بىلەن تالاش - تارتىشلارنى قىلاتتى.

ئەمدى ۋەز - دۇئالار شېئىر، مۇزىكا بىلەن، ئاھۇ پەر- يادلار ئۇسسۇل - قوشاقلار بىلەن ئالماشتى. بۇرۇن ئۇ ھەمىشە مەيۈس، بېشى ساڭگىلىغان ھالدا يۈرەتتى. ئەمدى بولسا چىرايى ئوچۇق، خۇش خۇي يۈرىدىغان بولدى. قوللىرىغا كىتاب ئالماس- تىن، ئۇنى نەي بىلەن راۋابقا ئالماشتۇرغانىدى.

تەشۋىق، پەتىۋا، بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىغا تاشلاندى.

ئۇ شېئىر بىلەن مۇزىكىنى دەپ، دوستى قاتنىشىدىغان

www.uyghurkitap.com

ياما يىغىلىشلىرىنى دەپ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچتى. بۇ توغرۇلۇق جالالىددىننىڭ ئۆزى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇچۇقراق ئېيتىدۇ:

مەن ئۇتارۇتتەك كىتابقا ئۆچ ئىدىم،
ھەر قەدەم دەپتەر ـ قەلەمگە دۈچ ئىدىم.
لېكىن يۈزۈڭ كۆردۈم ـ دە، مەست بولدۇم شۇئان،
سۇندۇرۇپ، ئاتتىم قەلەمنى بىر تامان.
كۆز يېشىمدا يۇيۇنسام ــ راھەت ماڭا،
بولدى يۈزۈڭ قىبلە تائەت ماڭا.
يوق چىدام، گەر بەندى ھىجران ئەيلىسەڭ،
ياخشىدۇر جېنىمنى خازان ئەيلىسەڭ.
رازىمەن، بېشىم ھەۋەيدا① بولمىسا،
ئۇندا ئىدراكىڭ ئەگەر جا بولمىسا.
كەبە ئىچرە مېھرى جانپەرۋەر ئۆزۈڭ،
مەسچىتۇ بۇتخانىدا سەرۋەر ئۆزۈڭ
بۇردا نانىڭدىن تويۇپمەن شۇ قەدەر،
قەترەئى ئابى ـ زىلالىڭ② جان قەدەر.
سەن ئاۋاز بەرسەڭ، ئىلاھ دەپ، شۇندامەن،
مەن ئىلاھى دەپ سېنى، خۇرسەندە مەن...

كىتابلارنىڭ چاڭ باسقان سەھىپىلىرى، مەدرىسلەرنىڭ قېلىن كومىلاچ تاملىرى، زاھىدلارنىڭ رەسىم ـ يوسۇنلىرى، تائەت ـ ئىبادەت ۋە قانۇن ـ قائىدىلىرى بىلەن يىللار بويى چەكلىنىپ كەلگەن پايانسىز ئالەم تۇساتتىن ئۆز رەڭگىرويى، خۇش پۇ-

① ئېنىق، روشەن ئاشكارا ـ ت.
② سۈزۈك سۇ ـ ت.

زاقلىرى، ئىرىك ئادەملىرى، ئىشتىراسلىرى بىلەن جالالىدىنىنىڭ
كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى.

سوكۇنات ئىچىدىكى شەھەرنىڭ زۇلمەت باسقان كوچىسى
ئاستاندىن ھالقىپ تاشقىرى چىقىش مەنئى قىلىنغان پۇقرالار،
يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرى، گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى،
باغلارنىڭ ياشناپ مۇشكى-ئەنبەر تارقىتىشلىرى، كۆككە تاقى-
شىپ تۇرغان تاغلارنىڭ كۆز يەتمەس چوققىلىرى، قايناۋات-
قان ئاۋات بازارلار، ئادەملەر توپلىرى ئىچىدە تىمىسقىلاپ
يۈرگەن يانچۇقچىلار، زەرگەرلەرنىڭ تىنىمسىز بولقا ئاۋازلىرى،
قەلئە سېپىللىرى ئۈستىدىكى قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان كېسىل-
گەن باشلار، بەگلەرنىڭ مەغرۇرلۇق بىلەن بۇرۇتلىرىنى تولغاش-
لىرى، ئىنئام تەلەپ قىلىۋاتقان پادىشاھلار، چېگگىز قوشۇنلىرى
بېسىۋالغان يېزىلارنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈشلىرى، پەنجىرىلىرىنىڭ
ئىچىدىن مارىشىپ تۇرغان كېنىزەكلەر، پېشانىسىگە تامغا بېسىل-
غان قۇللار، سۇلتان ئىشخانىسىدىكى كاتىپلارنىڭ قەلەملىرىنىڭ
شىرتىلداشلىرى، ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلغان قارچىغىلار، ھاممام-
لارنىڭ تاملىرىدىكى رەڭمۇ رەڭ رەسىملەر، مەينەتچىلىك ئىچى-
گە پاتقان دەرۋىشلەرنىڭ بالىلارنى خانىقالارغا دەۋەت قىلىشلىرى،
شەيخلەرنىڭ رىياكارلىقلىرى، ئاشىقلارنىڭ ئۆز پۇتلىرىغا سانجىل-
غان تىكەنلەرگە پەرۋا قىلماي، ۋىسالغا يېتىشكە ئالدىراشلىرى،
ئۆلىمالارنىڭ ئىشەك بازىرىدىكى بېدىكلەرگە ئوخشاش ئىغىزلىرى-
دىن كۆپۈك چاچرىتىپ، بىرلىرىنى سۆكۈپ ئەيىبلەشلىرى،
ھەر كىمنىڭ ئۆزى بىلگىنىچە ۋارقىراپ، چۇقان كۆتۈرۈشلىرى،
لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرلا — ھەممىسىلا مېلىنى
قىممەترەك سېتىۋېلىشلا ئىكەنلىكى، سوپىلارنىڭ ئاپتاپسىنىپ،
خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشلىرى، مەيخانىلاردا ھەربىي ئەمەلدار-
لارنىڭ كەيپ-ساپا قىلىشلىرى، كوچىلاردا لوكچەكلەرنىڭ بىر-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرى بىلەن ياقا سىقىشىشلىرى، تىويىلاردىكى داقا ـ دۇمباق، سۇنايلارنىڭ نالە قىلىشلىرى، سودىگەرلەرنىڭ شاھمات، داڭقا ئويناپ ئولتۇرۇشلىرى، ئەتتارلارنىڭ چەت ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن مۇشكى ـ ئەنبەرلەرنى ماختاپ توۋلاشلىرى، تۇتى قۇشلارنىڭ دانىشمەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاشلىرى، يالڭاياغ مالايلارنىڭ جەزخورلارغا ئىشىك ئېچىپ كۆتۈۋېلىشلىرى، سۇ ۋە شامال تۈگمەنلىرىنىڭ گۈرۈلدەپ ئايلىنىشلىرى، چەۋەندازلارنىڭ چاۋغان توپى ئويناشلىرى، دېھقانلارنىڭ ئاچلىقتىن قىرىلىشلىرى، يۈك بېسىلغان كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىنى يېيىشلىرى، باللارنىڭ ياغاچ ئات مىنىپ كوچىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، سۇلتاننىڭ خەۋەرچى كەپتەرلىرىنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشلىرى، سەركەردىلەرنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بايراقلارنىڭ يەلپۈلدەشلىرى، ساراڭلارنىڭ بازارلاردا تىتقۇشلاپ يۈرۈشلىرى، كەمبەغەللەرنىڭ سۇغا نان چىلاپ يەپ ئولتۇرۇشلىرى، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ـ چەيلەشلىرى، تىلەمچىلەرنىڭ كىچىك رومالچىلار ئۈستىگە چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى لەۋلىرى بىلەن تېرىپ يېيىشلىرى، مۇردا يۇغۇچىلارنىڭ مەستچىتلەردە جەسەتلەرنى يۇيۇۋاتقانلىقى، داموللىلارنىڭ بىپەرۋا شاگىرتلىرىنىڭ تاپىنىغا پالاق ئۇرۇشلىرى، باغرى تاش ـ رەھىمسىز ئادەملەرنىڭ دوستلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنى خۇددى چىشىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ قالغان قالدۇق نەرسىدەك تۈكۈرۈۋېتىشلىرى، مەسىلەرنىڭ ئالىجوقىلىقلىرى، جاھىللارنىڭ ئەزۋەيلەشلىرى، ئاردىلارنىڭ دېڭىزغا ئوخشاش سۈكۈتتە تۇرۇشلىرى، نادانلارغا ئەقىل ئۆگىتىش — قورام تاشنى تاتىلىغانغا ئوخشاش ئىكەنلىكى، بەزىلەرنىڭ ئەقىلدىن، بەزىلەرنىڭ تەلۋىلىكتىن مەست ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

ئۇ ئۆز شېئىرىدا بارلىقنى، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت-

نى ئەكس ئەتتۈردى. دېڭىزنىڭ بۇنىڭدىن مىليون يىللار بۇرۇن ياشىغان جانلىقلارنى سۈزۈك كەھرىۋا شەكلىدە قىرغاققا چىقىرىپ تاشلىغىنىدەك، ئۇنىڭ شېئىرىيىتى شۇ دەۋر ھاياتىنى، ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلىرىغىچە بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.

لېكىن تەپسىلاتلار ئىچىگە ئۆرلىپ قالمىدى، قۇرۇق بايانچىلىقىمۇ بېرىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەقسەت بۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ ۋائىزدىن① شائىرغا ئايلانغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتلىرىنىڭ بىرەر بۆرجىكىنىمۇ يوقاتمىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى — كامالەتكە يەتكەن ئىنسان بولۇش، شۇنىڭغا ئېرىشىش ئىدى.

- بۇنداق كىشىلەر دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ. سەپەرگە چىقىشسا، ئاي ۋە كۈن ئۇلارغا — ياستۇق بولىدۇ، ئات مىنىپ ماڭسا يەتتە قەۋەت ئاسمان ئايىغى ئاستىدا قالىدۇ؟ ئۇلار يۇلتۇز پىيالىسىدىن مەي ئىچىشىدۇ. بىر - بىرى بىلەن ھەقىقەت ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. قامەتلىرى چىناردەك راۋۇرۇس. قانلىق دولقۇنلار قۇتۇراپ، ئۆز قايىنىمىغا ئالسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىگە قىلچە داغ تەگمەيدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سانسىزلىغان تىكەنلەر سانجىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە يەنىلا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەسىر، لېكىن مەيگە ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرىنى جەھەننەم ئوتى ئوراپ كۆيدۈرۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، موھتاجلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ ھۆكمىدە، لېكىن ئۆزلىرى ھېچكىمگە بېقىنغان ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن تاجدار، بايراقدار سۇلتانلار — بىر پۇل. ئۇلارغا ئالقىش ۋە مەدھىيە - سانا ھاجەتسىز. ئۇلار مىڭلىغان كىشى بولسىمۇ، ئەمما بىر كىشىدەك بىر نىيەتتە.

① سۆزمەن، ۋەز ئېيتقۇچى - ت.

ئاسماندا بىرلا قۇياش، بىرلا ئاي بار، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا سانسىزلىغان ئاي ۋە قۇياش بار. ھەر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرىدە ھەممىلا كىشى — پادىشاھ. ئۇلاردا قارىمۇ، مۇھتەسىپمۇ، كارۋانبېشىمۇ، جاللاتمۇ يوق. ئۇلار كىبىرلىكنىمۇ، نەپرەتنىمۇ بىلىشمەيدۇ، پەقەتلا بىر ـ بىرىگە سېغىنىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارى، ھەردىلدىكى سۇلتان — مۇھەببەت.

شائىرنىڭ نەزەرىدە، ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان ئازاد ئىنسان ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ ئارزۇ مەۋھۇم ئەمەس، يوقىتىلغان جەننەتتىكى ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياكى ئۇ دۇنيادىكى بېھىشتا ئوخشاش، يىراق كېلەچەك قويىندىمۇ ئەمەس ئىدى.

ھەرقانداق ئىنسان كامالەتكە يېتىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەم مۇقەددەستۇر. ئېھتىمال، ئۇ — ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاستىدا ياتقان بىر تىلەمچىدۇر ياكى بولمىسا ئۇ ئاۋۇ ئۆتۈك ياماۋاتقان موزدوزدۇر، بەلكى ئۇ ماڭلىيىغا تامغا بېسىلغان مەنىۋى قۇلدۇر ...

ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق دەۋردە شۇنداق كىشىلەر بولىدۇ، جاھاننىڭ جېنى ئۇلارنىڭ كۆكسىدە ئۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى ھەممىلا ئادەمگە كۆرۈنۋەرمەيدۇ. ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل كۆزىگە ئىگە بولۇش، كامالەتكە توشقان بولۇش كېرەك.

— دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان، ئىنسانىيەتكە يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىغان شەمسىددىن، تەبىئىيكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئارزۇ قىلغان ئىنسانىنىڭ تىمسالى جەملەنگەنىدى. شەمسى ئەرەب تىلىدا «قۇياش» دېگەن بولىدۇ. شائىر دوستىنى «ئۆزى ھەم سەركەردە، ھەم قوشۇن، قۇياش ۋە نۇردىن قوشۇنى بولغان پادىشاھ» دەپ ئاتىدى.

«شەمسىنىڭ قۇياشى نۇر چاقناتسا، ھەممە كۆلەڭگىلەر غايىب بولار، شەمسى سۆزى چىقسا، قۇياش ئۇيۇقتا ئۇنىڭ شولىسىغا غەرق بولار».

شەمسىددىن شائىر ئۈچۈن «ھاياتنىڭ سىرلىرى»غا ئايلاندى.

لېكىن شائىرنىڭ ئۆزىمۇ شەمسىددىننىڭ نەزەرىدە كۆكسىدە جاھاننىڭ جېنى ئۇرۇپ تۇرغان كامالەت ئىگىسى ئىدى. جالالىدىن دوستىدا باشقىلار كۆرەلمىگەن نەرسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىرنى ئېنىقلىدى. جالالىدىننىڭ ئۆزى بولسا، شەمسىددىننىڭ ئۆزى ئىگە بولالمىغان ھەر قانداق مۇشكۈل نۇقتىنى ئېنىقلاش ۋە بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سۆز بىلەن مەنە، ماھىيەت بىلەن ھادىسىگە ئوخشاش بىر - بىرىدىن ئاجرالماس بولۇپ بىرلەشكەن. ئۇلار ئەمدى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياشىيالمايتتى.

جالالىدىن دوستىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ بىرلىكىمىزنى بىلىشكە ھېچقانداق كىشى قادىر ئەمەس، ئۇ ھېچقانداق خىيال ۋە تەسەۋۋۇرغا سىغمىغاي. مەن «ئۇ» دەيمەن، لېكىن بىزنى پەقەت سۆزدە پەرقلەندۈرگىلى بولار، ئەسلىدە مەنمۇ، ئۇمۇ يوق. بىز — ئىككى ئالەمنىڭ قوشماق گۆھەرلىرىدۇرمىز. بىزنى ئاجرىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسان ھەممە يەرنى كېزىپ، ئاسمانغا ئۇچۇپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئۆزلۈكىدىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەي. ۋاھىد① دائىم ۋاھىدلىقىچە قالغۇسى».

جالالىدىننى ئۆز مەسلەكدىشىغا ئايلاندۇرغان شەمسىددىن ئۇنى يېگىنچە يولغا — ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئەركىن ئىپادى-

① بىرلىك - بىر پۈتۈنلۈك - ت.

لەش يولىغا باشلىدى، شۇنداقلا بۇمۇ شەمسىددىننىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئىدى.

بۇ يول بىر سەما يىغىنى ئىدى. مۇزىكا، ئۇسسۇل جالالىددىننى شۇنداق ھالغا سالاتتىكى، ھاياجانلىق غەزەللەر ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ كېلىۋېرەتتى. شەمسىددىن تەبرىزى ئۇنى شائىرغا ئايلاندۇردى.

جالالىددىننىڭ مەنىۋى كۈچلىرىنى ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش ئاسارىتىدىن ئازاد قىلغان دوستى، تۇرلۇك ئېگىز - پەس سۆزلەرگە قارىماي، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ھەر تۇرلۇك كۈتۈلمىگەن دەشنەملەردىن ئاسراپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى — شائىرنىڭ ۋاقىت - پۇرسىتىنى ئاسرايتتى. ئۇ مەدرىسىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ، جالالىددىن بىلەن كۆرۈشىدىغان كىشىلەرنى باشقۇراتتى.

— مەۋلانە ساڭا نىمەت ئىنئام ئېتۇر، سەن ئۇنىڭغا نىمە بىلەن كەلدىڭ، شۈكرانىسىغا نىمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەيتتى شەمسىددىن.

شەمسىنىڭ بۇنداق تەكەللۇپسىزلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن بىر شەيخ:

— بىزدىن نىمە ئېلىپ كەلدىڭ دەپ سورايسەن، ئۇنداقتا ئۆزۈڭ نىمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىغانىدى.

— مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا بېشىمنى پىدا قىلدىم،— دېگەنىدى شەمسى تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا.

بۇ سۆزلەر ھەقىقىي بېشارەت بولۇپ چىقتى.

## ھىجران ۋە ۋىسال

ياش، ئەمما ھۆرمەتكە ئىگە بولغان شەيخ، مۇدەررىسلەر ئۇستازى، تەقۋادار ۋائىزدا بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ئادەمنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ نامۇ شەرىپى پۈتۈن روھانىيلار تەبىقىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا ئۆلىما ۋە فەقىھلەر، شۇنداقلا سەۋر - تاقەتلىك سوپىلارمۇ بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەندى. لېكىن ھەممىدىن كۆپرەك پاراكەندە بولغانلار ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى.

زادى نېمە سەۋەبتىن شەيخ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ئۇلار كىچىككىنىلا خۇداغا ئېتىقاد قىلغان بەندىلەر ئىدىغۇ. «بىز شەيختىن شۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى ئاڭلىدۇقكى، ئۇنى باشقا ھېچ بەندە ئاڭلىمىسۇن، — دەپ ئاھۇ زار چېكەتتى ئۇلار، — ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس. بىز شەيخكە سادىق قۇللار ئىدۇق. ئۇ بىزنى خۇددى قارچۇغىدەك ئۆز پەنجىگە قامالىۋالغانىدى. بىز ئۇنىڭغا ئاز بولمىغان مەنپەئەت يەتكۈزدۇق. بىزنىڭ تۆپەيلىمىزدىن ئۇ شۆھرەت قازاندى، دوستلىرى كۆپەيدى، دۈشمەنلىرى تۇنجۇقتى. ئاۋۇ شەمسى دېگەن بىزنىڭ بېشىمىزغا پۈتكەن بىر بالا بولدى، ئۇ دېگەن نەسىل - نەسەبىنىڭ تايىنى يوق بىر دەرۋىش. مەۋلانىنى سېھىرلىگۈچى جادۇگەرنىڭ ئۆزى شۇ ئەمەسمۇ؟ خالايىق ۋەزدىن، بىز ساۋاقتىن ئايرىلدۇق. ھەممەيلەن ئۆز قەلبىدىن ئايرىلدى. ئاۋۇ جاھىل ۋە بىئەدەپ بولسا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىت ياكى جىسەكچىسىدەك ئولتۇرۇۋېلىپ، مەۋلانە بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارنىڭ ھەممىسىدىن كۆرۈشۈش ھەققى سوراپ ئېلىۋاتىدۇ؟!»

شەمسىددىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلايتتى ۋە كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېڭى دوستى بولسا، دۇنيا بىلەن مەست، ھېچنېمىنى بايقىمايتتى.

قىشلىقى ئالدى ئەمەلدار قاراتاينىڭ ئاكىسى ئۆز مۈلكىنىڭ خەيرىسى ھېسابىغا بىر مەدرىس سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېچىلىشىغا كونيا شەھىرىنىڭ بارلىق ئۆلىما ۋە مۇتەۋەللىلىرىنى چاقىردى. سابىق قۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇنانلىق قاراتاي سۇلتانغا خىزمەت قىلىپ، تاج - تەخت نائىبى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بەزى يېڭى مەسلەك يولغا كىرىپ قالغانلارغا ئوخشاش، ئۇ تولىمۇ مۇتەئەسسىپ ۋە تەقۋادار ئىدى. ئۇ سۇلتانۇل ئۆلىما ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۆلىمالار ئۇنى ئاتىسىنىڭ ۋارىسى دەپ تەن ئالمىغاندا، جالالىدىننى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنمۇ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ تەكلىپىگە بويۇن تولغاش — ئەمەلدارغا ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. ئەمما كونيادىكى مەرىپەت ئەھلىگە شەمسىدىن تەبرىزىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ بىر قولاي پۇرسەت ئىدى.

ئۇلار مەدرىسىگە بىرگە كىرىشتى. شۇ ھامانلا جالالىدىننى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئەڭ تۆرگە — قازى سىراجىددىن ۋە قاراتاي بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرغۇزدى. شەمسى بولسا خالايىق بىلەن پەگادا، كەش بازىرىدا قالدى.

ئادەتتە بۇنداق يىغىنلاردا بىرەر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تالاش - تارتىش قىلىناتتى، ئۆلىما ۋە ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - ئىرپانىنى نامايىش قىلاتتى. بۇ چاغدا مەجلىستە قايسى ئورۇن، قايسى بۇرجەكنىڭ ئۈستۈنلۈكى يەنى ئابرويىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەققىدە مەسىلە كۆتۈرۈلدى. بىر قاراشتا مەنىسىزدەك تۇيۇلىدىغان بۇ گەپ شۇ دەۋر ئۈچۈن مۇھىم ئىدى. —

بىز قەدىمكى رۇس دۆلىتىدىكى بويارلار قەسىرلىرىدە قانچىلىگەن تالاش - تارتىش، جەڭگى - جېدەللەر بولۇپ، قانلارنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى بىلىمىز. «ئورۇن باشقا ئەمەس، باش ئورۇنغا مۇناسىپ»، دەپ پۇقرالار ئاشۇ جاي ھەققىدىكى ئىشلارنى تەنقىد قىلىشقانىدى. ئادەمنىڭ شەنى، جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى

نوپۇزى، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ ئابرويى ئۇنىڭ ئولتۇردىغان ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك بولاتتى.

مەھەللە ـ يۇرتۋازلىق، فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ تەبىقىۋى ــ ئېرارخىيىلىك تەرتىپىنى ئىپادە قىلاتتى. تەبىئىيكى، ئورۇن مەسىلىسى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىدېئالوگىيىچىلىرى بولغان روھانىيلارنىڭ بېشىنىمۇ ئاز قاتۇرمىغانىدى.

ئۆلىما ۋە شەيخلەر بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە تايىنىپ، پۈتۈن قۇۋۋەت ۋە مەنتىقىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر ئورۇننىڭ ئىككىنچى ئورۇندىن ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. لېكىن قۇرئاننىڭ ھەربىر سۈرىسى دېگۈدەك ھەربىر رىۋايەت ۋە ھېكايەتكە زىت كەلگەنلىكىدىن باشقا بىر سۈرە باشقا ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنىمۇ تېپىپ دەۋېرىشتى.

تالاش ـ تارتىش سوزۇلۇپ كەتتى. شائىر ئىشىككە، شەمسىدىن ئولتۇرغان بوسۇغىغا قاراپ، كۆڭلىدە نەپرەت ۋە ئەلەم قوزغالدى. لېكىن ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆز نۆۋىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىۋەردى. ئاخىر نۆۋىتىمۇ يېتىپ كەلدى.

ــ ئالىم ۋە ئۆلىمالار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاي ــ مەدرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇدەررىسلەر ئولتۇرىدىغان سۇپا. ئارىفلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئورۇن ــ خانىقانىڭ بىر بۇلۇڭى. چۈنكى ئىلىم شۇ يەردە يىغىلىدۇ. سوپىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاي ــ ئاياغ كىيىملىرى سېلىنىدىغان تاپسا، چۈنكى خاكسارلىق سالىكى روھى① ھەقىقەتلەرگە زىننەتتۇر. ئاشىق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاي ــ مەھبۇبىنىڭ يېنىدۇر...

---

① سالىكى روھى ھەقىقەت ــ ھەقىقەت يولچىلىرى ــ ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇ سۆزلەرنى دەپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر يول بوشاتتى. ھەممەيلەن سۇلتانۇل ئۇلەمانىڭ ئوغلى، مۆھتەرەم شەيخ ۋە ئەللامە، ئەل ئىچىدە ئاللىقاچان يامان ئاتلىق بولغان، نەسىل-نەسەبى نامەلۇم بىر ئاققۇن بىلەن يانمۇ-يان بىر قاتاردا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئازغىنا تەرەددۇتتىن كېيىن جالالىدىننىڭ ئوغلى ۋەلەد، سالاھىددىن زەرگەر، «كىتابۇل — ئەسرار» ھېسامىتتىدىن ۋە يەنە بىرقانچە مۇرىتلار ئەگىشىشتى. باشقىلار ئورنىدا مىت قىلماي ئولتۇرۇۋېرىشتى.

مەدرىس ئىچى پىچىر-پىچىر گەپكە تولدى. بىرىنچى بولۇپ شەيخ سىراجىددىننىڭ شاگىرتى ئېسىنى يىغدى. ئۇ شاۋقۇن-سۈرەننى بېسىپ، ئىستىھزا بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھە، ئاشۇ مەھبۇب قېنى؟

جالالىدىن:

كۆرمەك ئىستەرسەن، ۋەلي يوقتۇر كۆزۈڭ،
باشتىن-ئاخىر يارسەن، مەھبۇب ئۆزۈڭ! —

دەپ خىتاپ قىلدى-دە، مەجلىسنى تاشلاپ ماڭدى.

بۇ ۋەقە ھەققىدىكى سۆز-چۆچەك پۈتۈن شەھەرگە تارقاپ، دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قورغانلىرىدىن ئېشىدىي سۇلتان سارىيىغىچە يېتىپ باردى. بەگلەرنىڭ غەزىپى چەكسىز ئىدى. بۇ قانداق گەپ: بىر يۈزسىز ئاققۇن ئۇلەمائى كىبرەمنى يولدىن ئازدۇرسا، روھانىيلىق شەنىنى يەرگە ئۇرۇپ، بىر شىبتىلە ئۇسسۇلچىلاردەك ئەدەب-قائىدىنى ئۇنتۇپ، كېچە-كۈندۈز ناخشا ئېيتىپ، ئويىنسا... ئۇنداقتا ئەۋلار ئاتا-بوۋىلاردىن مىراس بولۇپ قالغان خۇدا قوللىغان تەرتىپلەرگىمۇ چېقىلىشتىن يانمىغۇدەك.

ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە تەتۈر بولىدۇ: ئالىلا ئۆزى كەچۈرگەيۇ، تەختكە چۈپرەندىلەر چىقىپ، ئەمەلدار ۋە بەگلەر ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى جىسەپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قىلىشىدۇ... بىزگە ھېلىقى قاراقچى بابا ئىسھاقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى يەتمەمدۇ، تېخى كېلىپ پايتەختتە بۇنداق كېلىشمەسلىكنىڭ بولۇشى تولىمۇ يامان ئىش...

قاراتاي ئۇلارنى تىنجىتىشقا ئۇرۇندى. ئارىغلار ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان كىشىلەر، دەيتتى ئۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشمەيدۇ. دۇنيا ئەزەلدىن قانداق بولسا، شۇنداقلىقىچە قالىدۇ. قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ...

ئىش تەتۈرىگە يۈزلەندى. شەمسى كوچىغا چىقىشىغىلا، نامدار ئەمەلدارلار ئۇنى دەشنەم، ھاقارەتلەرگە كۆمۈپ، تەھدىت ۋە ھەيۋە قىلىپ، ھەتتا قىلىچلىرىغا قولىنى ئۇزىتىپ قىلىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى.

جالالىدىن ئىشىنىڭ ئوڭۇشلىشىغا ئۈمىد باغلاپ، قاراتاي باشقىلارنىڭ بىزنى رەنجىتىشكە يول قويىماس، دەپ ئويلايتتى. ھەر ھالدا شۇ يىللىرى ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئىككى ئەمەلدارىنىڭ بىرى ئىدى.

بىراق شەمسىددىن ئەمدىلا قاراڭغۇ مەدرىسىدىن چىقىپ، قۇياش نۇرىدىن كۆزلىرى قامىشىپ تۇرغان دوستىغا قاراپ تۇراتتى. بىرلىك ــ تەرەپبازلار كۈرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بۇ دۇنيادا مۇھەببەت ۋە نەپرەت بىر ـ بىرى بىلەن ياندىشىپ ماڭىدۇ. مۇھەببەت قانچىلىك ساپ ۋە پاك بولسا، ئۇ يامان غەرەز كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە شۇنچە دۇچ كېلىدۇ. بۇنى ئۇ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ياخشى بىلىدۇ.

يىللار ئۆتۈپ، جالالىدىنغا ھۇنەرۋەنلەرنىڭ ئاقساقاللىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىملار، سازەندىلەر ھەقىقەتسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقاندا، ئۇ ئۆزى ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرگۈچىمۇ تولۇق قۇتۇلالمىغان خام خىياللاردىن ئۇلارنى يىراق تۇرۇشقا ئۈندەپ، قەدىمكى خەلق ماقالىنى ئېيتىپ بېرىشنى ياخشى كۆردى:

سېنى كەمستىشتى، تەھقىرلەشتىمۇ؟
ئاكەسلەر تىنچقىنا ياتمايدۇ.
مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئاتار ئۇلار،
مېۋىسىز دەرەخكە — ئاتمايدۇ.

ئاشۇ ھېكمەتكە ئۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى: ئۇلۇغ دوستىنىڭ ھاياتى ھەم تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر روھىيىتىدىن نامىنى ئۆزى ئۆچۈرۈۋەتكەن ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھەق تۆلىدى.

شەمسىددىن نەپرەتنىڭ پەسىيىشى ئۈچۈن مەلۇم بىر ۋاقىت ئۆتۈشى لازىملىقىنى چۈشىنەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كونيادىن غايىپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئەمما جالالىدىن ئۈچۈن ئايرىلىش ھەققىدە ئويلاشمۇ بىر ئازاب ئىدى.

ئەي ئەزىز دوست، كۆزلىرىم ياش، مېنى تەرك ئەيلىمە،
كەتمە، ئاي مەندىن يىراق، ئاسمان، مېنى تەرك ئەيلىمە،
يەر، مېنىڭ تاپىنىمدا تۇر، دەۋران، مېنى تەرك ئەيلىمە،
ئۆزگە ئالەمگە مېڭىپ، كارۋان، مېنى تەرك ئەيلىمە.
جىسمىمدا جان سەن ھەمىشە، جان، مېنى تەرك ئەيلىمە.
كۆك ئارا سەندىن مۇنەۋۋەردۇر ئۇ ماھى ئەنۋەرى،
قولدىكى قۇتلۇق تايىنىڭ يولدا جېنىم رەھبىرى.
مەندىكى چەۋگانىمەن نىگاھىڭنى سالمىغىن مەندىن نېرى،

① چەۋگان — ئاتلىق ئوينىلىدىغان توپ — ت.

قىستىما ئىپتىڭنى، ھەي ئەرمەن، مېنى تەرك ئەيلىمە.
چىشىمىمدا جان سەن ھەمىشە، جان، مېنى تەرك ئەيلىمە.

شەمسى ئىپىملەرنى دېگەن، ئۆز دوستىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن قانداق دەلىللەرنى كەلتۈرگەن — بۇ بىزگە قاراڭغۇ. ئەمما بىر نەرسە ئېنىقكى: ئۆزىنىڭ ئۆلگىنىگە ئايلانغان دوستى — مەسىلەكداشتىن ئايرىلىپ، يالغۇز قېلىش جاللادىن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ ئايرىلىشنى ئەقلى تەن ئالسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا تەن ئالالمايتتى:

سەن ھاياتى جان ماڭا، ئەي جانان ئۇنتۇما بىزنى،
سالماقچىسەن ئارىغا ھىجران، ئۇنتۇما بىزنى،
روھىي زېمىندا قانچە سادىق دوست تاپالارسەن،
لېكىن ئارىمىزدا باردۇر ئەھدە، ئۇنتۇما بىزنى.
ئاينى ياستۇق ئەيلەپ ئەزىز بېشىڭ قويارسەن،
شۇ بېشىڭدا پەرۋانىدىم، ئۇنتۇما بىزنى.
يىقىتارمەن ھىجران تېغىن ئىشقىم بىلەن مىسلى پەرھاد،
سەن ئۆزۈڭ شېرىن نىگارىم، جانان، ئۇنتۇما بىزنى.
كۆزۈم قارىچۇقىدا سەن بولدۇڭ مىسالى مەردۇم①،
ھەي باغلاردىكى ئەتىرگۈل، رەيھان، ئۇنتۇما بىزنى.
قاي كۈنى يۈزۈڭگە چۈشتى كۆزۈم، ئەي شەمسى،
ئىشقىم - ئىمانىم بولدى، ئىمان، ئۇنتۇما بىزنى.

شەمسىددىن تەبرىزى بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى دۈشمەنلىرىنى شاد، دوستلىرىنى غەمناك قىلماسلىق، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىزىغا

① كىشىلەر، ئىنسانىيەت. شەمسىيلىك، ئادەمگەرچىلىك — ت.

چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن، ھېچكىم بىلەنمۇ خوشلاشماي، بۇ يەرگە قانداق پەيدا بولغان بولسا، خۇددى شۇنداقلا غايىب بولدى.

«كىتابۇل ئەسرار»لاردىن بىرى شائىرنىڭ سۆزلىرىنى مۇنداق يېزىپ قالدۇرغان: «ئۇستازى بېھەزىر، ئەركانى خەيرىيە، ماھىيەتۇل روھ، ئاۋۋال ـ ئاخىر بەندىلەر ئۈچۈن نۇرلۇق ھەقىقەت ــ ئاللا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، دىدارىنى بىزگە نېسىپ ئەتسۇن ــ ئالتە يۈزقىرىق ئۈچىنچى يىل شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى ئەزمى سەپەر ئەيلىدىلەر».

ھىجرىيە 643 ـ يىل 21 ـ شەۋۋال ــ 1246 ـ يىل 15 ـ فېۋرال دېگەنى. ئۇلار بار ـ يوقى ئون بەش ئاي يىگىرمە بەش كۈن بىللە تۇرغان. جالالىددىننىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئايرىلىشمىغان. شەمسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ھېچكىمگە، ھەتتا دوستلىرىغىمۇ نامەلۇم بولسىمۇ، شائىر ئۇ ئۆزى بىرەر يەردىن دېرەك بېرىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئىدى.

بىر ئاي داۋامىدا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر، كۆپىنچە دوستلار نىقابى بىلەن غەنىملەر① ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلاشتى، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

يىللار بويى سەرسانلىق، دىنىي مەكتەپلەر، سوپىيانە گۇرۇھلار، خەلق ھەرىكىتى ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ جامائەتلىرى بىلەن تونۇشلۇقى ۋەجىدىن شەمسىدىن يوشۇرۇنۇش ماھارىتىنى ئوبدان ئىگىلىۋالغانىدى.

ئۆلىما ۋە دەرۋىشلەر، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بەگلەر، شەمسىدىن يوقىلىشى بىلەن مەۋلانە ھوشىنى تېپىپ يەنە سېپىمىزگە قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئۈمىد باغلىشاتتى.

جالالىددىن بولسا، شەمسىددىننىلا ياقلاپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان بىرنەچچە شاگىرتىدىن باشقا (ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال ھۈنەرۋەنلەر، ئەخىي بۇرادەرلەر ئىدى) ھېچكىمنى كۆرۈشنى

① قاراقچى، دۈشمەن ــ ت.

خالىمىدى. ئۇ ئۆزىگە كەڭ ـ ئازادە قىلىپ، كۆلرەڭ ھىندى رەختتىن يەكتەك تىكتۈردى. بېشىغا بېغىررەڭ قالپاقچە تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىنچىچامغىنا سەللە ئورىدى، ئايىغىغا ئۇسسۇلغا قولاي قىلىپ مەسە ـ كەش كىيدى، غەم ـ قايغۇنىڭ نىشانى بولسۇن دەپ ياقىسىنى چاك تىلىپ قويدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەۋلەۋىيلەر يولىنى تۈزگەن سۇلتان ۋەلەد بۇ كىيىمنى مۇراسىم كىيىمىگە ئايلاندۇردى.

جالالىدىن شۇندىن كېيىن زادىلا يا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا، يا مەسچىتنىڭ مۇنبىرىگە چىقمىدى. شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش يىغىنى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ـــ ساما يىغىنلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى ئېتىقادىنى ئېلان قىلىدىغان مۇنبىرى بولۇپ قالدى.

كېيىنچەرەك خەلقىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى دۆلەتمەن كىشىلەرنىمۇ ئۇنىڭ شائىرلىق ئىقتىدارى ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلدى. جالالىدىننى سۇلتان سارايلىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قەسىرلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ بۇنداق تەكلىپلەرنى بەزىدە قوبۇل قىلاتتى، لېكىن زامانىدىشى كەنىيگە ئوخشاش ئىنئام ـ ئېھسان ئېلىش ياكى قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىش غېمىدە، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارەت ـ قابىلىيىتىنى پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى ۋە ساراي مەھرەملىرىنى مەدھىي ـ سانا بىلەن ماختىمايتتى.

بىر قېتىم كەنىي شائىر سەنائىي ھەققىدە ئورۇنسىز گەپ قىلىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئەمەس، دەپ ئەيىبلىمەكچى بولىدۇ. سەنائىينى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى دەپ بىلىدىغان جالالىدىن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئۆتكۈر سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇرىدۇ:

ـــ ئاغزىڭنى يۇم! ئەگەر بارلىق مۇسۇلمانلار سەنائىينىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلەلىسە ئىدى، جىمىكى مۆمىنلەرنىڭ بېشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالپىقى يەرگە چۈشكەن بولارئىدى. سەن بولساڭ ئۆزۈڭگە ئوخشاش مىڭلىغان ئادەملەر ئارىسىدا، بار ـ يوقى بىرلا مۇسۇلمانىسەن!

جالالىددىن كەمبەغەل بىچارىلەر ياكى ئۆز مەسلەكداشلىرى قېيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئارىغا چۈشۈپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئالدىغا باراتتى. پادىشاھلارمۇ ئادەم، شۇنداقلا ئۇلارمۇ ھەقىقەت ئەمرى، ئەۋلادلار ھۆكمىگە بويسۇنۇشى كېرەك، دېگەن گەپنى دەپ قويۇش ئۈچۈن باراتتى.

جالالىددىن: «ئىنسانلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزمەكچى بولساڭ، ئىنسانلىقىڭنى ئۇنتۇ» دېگەن قەدىمكى نەقىلنى بىلەتتى، شۇنداقلا ئادەمزاتقا نەپرەت بىلەن قارىغۇچى ھەرقانداق باغرىتاشمۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ كېتەلمەيدۇ، دېگەننىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئادىمىيلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئادىمىيەتكە خاس زەئىپلىكىگە ـــ ئۆزىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش ئىستەكلىرىگە تايىناتتى.

ئايلار ئۆتتى. جالالىددىننىڭ يىغىلىشلىرى تېخىمۇ قويۇق تۈس ئالدى. زەرگەر پەرىدۇن سالاھىددىن ئۆز كەسپداشلىرىنى مەۋلانىنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. كونىيا ئەخىيلىرىنىڭ سەردارى ھەسەن ھىسامىددىن ئۆز ئىگىلىكىدىن ۋاز كېچىپ، «كاتىبۇل ئەسرار» بولدى، ئۇستازىنىڭ شېئىرلىرىنى سەمەرقەنت ياكى باغداد قەغىزىگە يېزىشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلدى. بۇنىڭدىن باشقا «ساداقەت جامى»دىن سۇ ئىچكەن باشقا ئەخىي ـ بۇرادەرلەرمۇ بۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار يا دەرۋىش، يا سوپى بولۇشتى، ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنىرى بىلەن بولىشۋەردى. ئۇلارنىڭ يار ـ يۆلىكى بولمىغان بولسا، ئېھتىمال، جالالىددىن رۇمى دېگەن شائىرمۇ بولمىغان بولارئىدى: ئۇلارسىز ئۇ قانداق ياشاپ، قانداق ئىگىلىك تىكلەپ، قانداق قىلىپ شاگىرتلىرىنى باقالار ئىدى.

لېكىن ئايرىلىش ـ ھىجران جالالدىننى ئىسكەنجىگە ئېلىـ
ۋالغانىدى:

مەندە نە ئىمان، ئەقلى ـ ھوش،
نە سەۋر، نە ئارامى جان،
بىردەم پاراغەت بەرگىلى،
ئارامى جانىم، كەل، كەل،

ھەردەمدە باغرىم ئۆرتىنىپ،
ھەر چاغ بۇ رەڭگىم زەپىران،
سۆز تېپىلماس دەردىم ئېيتقىلى،
روھىي راۋانىم، كەل، كەل!

دەردىڭنى چەكتىم شۇ قەدەر،
ئاتەشتە ياندىم شۇنچىلىك،
كۆيدۈم، چېچىلدىم ھەر تەرەپ،
كەل، مېھرىبانىم، كەل، كەل!

ئەينەك بولۇپ مەن ھەر نەپەس،
ۋەسلىڭنى ئەيلەر ئىدىم ئايان،
چاك باستى يۈزۈمنى ئاقۋەت،
كەل، جانجانىم، كەل، كەل!

دەريا بويلاپ ساھىل بىلەن،
دولقۇنلايمەن ھەر تامان.
ئەرزىمنى ئېيت، تاڭ ساباسى،
يەتسۇن پىغانىم، كەل، كەل!



تېپىلماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېشىڭدا ئوينايمىز قۇيۇن،
سانجىلمىش تاپىنىڭغا مىڭ تىكەن،
لېكىن بىر سۆز قىلغىن سەن،
كەل، ئەي جاھانىم، كەل، كەل،
بەرگىن ئامانىمنى كەل، كەل!

جالالىدىننىڭ ۋاپاتىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن تارىخشۇناس ئەپلاكى: «شەرىئەت پېشىۋالىرى، كۆڭۈل كۆزى كور خۇدا پەرەستلەر، تەكەببۇر جاھىللار تەھقىر، ھاقارەت يولىغا چۈشۈپ، ھەرخىل بولمىغۇر يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى تارقىتىشتى. ئۇلار: ئەپسۇس، سۇلتانۇل ئۇلىمانىڭ ئوغلىدەك ئەللامەئى كېرەم رەقىس ۋە سەما① روزايىو نىيازلارنىڭ كاساپىتىدىن سەۋدايى جۇنۇنلۇق يولىغا كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىگە سەۋەب بولغان — ھېلىقى كاساپەت تەبرىزلىك، دېيىشەتتى» دەپ يازغانىدى.
جالالىدىن بۇنىڭغا مۇنداق شېئىر بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى:

گەر بۇندا جۇنۇنغا يېتەلىسىدى ئەپلاتۇن،
ئىنشادا چېكەر ئىدى سىياھ ئورنىغا خۇن.
ئاھ، ماڭا مۇيەسسەر بولمىش شۇنداق سەۋدا،
كىم ئەھلى جاھالەت ئۆگىتەر ئەقلى فۇنۇن②.

بۇ جەرياندا ئۆز شەيخلىرىنىڭ يېگىنچە ئېتىقادى، ئۇنىڭ شەمسى بىلەن دوستلۇقىدىن رەنجىگەن مۇرىتلار بايقۇۋېلىشتىكى، شائىرنىڭ ئۆپچۆرىسىگە خەلق ئارىسىدىن چىققان يېڭى مۇخلىسلار

① نەغمە — ناۋا، ئۇسسۇل — ت.
② پەنلەر، پەنلەر يۇرتى، ئىلىم ـ پەننىڭ يىغىندىسى (بۇ يەردە دانا، بىلىمدان، ئالىم مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن) — ت.

تۇپلاشقان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا پىردىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باشپاناھلىقىدىن مەھرۇم قىلىنىشقان. كېيىنرەك ئۇلۇغ ۋەزىر دەرىـ جىسىگە كۆتۈرۈلگەن سۇلتان ئايەنلىرىدىن① بىرى — ساھىب ئاتىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلار جالالىدىننى پۈتۈنلەي قولىدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاخىر ئۇنىڭ ئالدىغا تەزىم قىلىپ كېلىشتى، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا تۆۋا ـ تەزەررۇ قىلىشتى.

ئىنسان قەلبىنىڭ قات ـ قېتىغا كىرىۋالغۇچى سەنئەتكار ۋە شائىرلار، ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلغۇچى ئالىملار، نېمىشقىدۇر، ھەييارلىق ۋە ئادەتتىكى ئىغۋالارنىڭ ئالدىدا كۆپىنچە ئېسەنكىرەپ قېلىشىدۇ. ئالەم كەشپىياتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ لاياقەتسىز كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان سەۋەب ۋە مەنپە- ئەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاخىرىغىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتىشى قىـ يىن. ھىيلىقىلار بولسا، ھىيلە ـ مىكىر، پىتنە ۋە ئىغۋا دولقۇنلىرىدا بېلىق سۇدا ئۈزگەندەك ئۈزۈشىدۇ. بۇ مۇھىتتا ئۇلار يايراپ يۈرۈشىدۇ، بۇ مەيداندا ئۇلار ماھارەت چوققىلىرىغا كۆتۈرۈلۈشىدۇ.

جالالىدىن ئالدىغا تەزىم قىلىپ ـ باش ئېگىپ كەلگەنلەرنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالدى.

لېكىن بۇرۇنقى دوستلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ قەلبىنى قايغۇ ـ ئەلەمدىن خالىي قىلالمىدى.

بولمىغاي ھېچكىمدە بۇنداق سەۋدا،
باغرىمدا يوق بۇنداق تەمەننادىن ئەسەر.
گوياكى بۇ يەردە قاپتىمەن تەنها،
گوياكى بەشەر مۇلكىدە② مەن غەيرىي بەشەر.

① يېقىنلىرى، دوستلىرى — ت.

② مەشەر مۇلكى — بۇ يەردە، بۇ ئالەمدە، ھاياتلىقتا — ت.

شەمسىنىڭ كونىيادىن كەتكىنىگە نەق بىر يىل تولدى. قاتتىق سوغۇق قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى كىيىملىرى جۇل - جۇل، سوغۇقتىن غالىلداپ تىترەپ تۇرغان بىر دەرۋىش شائىرنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. تاترىپ - كۆكىرىپ كەتكەن يۈزى، مەينەتچىلىكتە چۆككەن جەندىسىگە قارىغاندا، ئۇ ئەڭ تەقۋادار، بىرەر نىزام ۋە گۇرۇھقا بويسۇنمايدىغان بىر قەلەندەرگە ئوخشايتتى.

ئۇ تەزىم بىلەن نەيچە قىلىپ ئورالغان مەكتۇپنى جالالىدىنغا ئۇزاتتى.

— خوتۇن، ھەي خوتۇن! — دەپ چاقىردى جالالىدىن، — خۇش خەۋەر! ئۆيدە نىمىلىكى بولسا، ھەممىسىنى يىغىشتۇر! خۇش خەۋەر!

شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ، ئۇستىدىكى يەكتىكى بىلەن ئايىغىنى يەشتى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئائىلىدىكىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. بىرىنچى بولۇپ ئۆگەي ئوغلى يەھيا ئورنىدىن تۇردى. يېقىندا توغۇلغان قىزى مەلىكە چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. كىرە خېنىم ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۇنىڭ پېشىگە تۆت ياشلىق ئەلىم يېپىشىۋالغاندى. شائىرنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان ئۆگەي قىزى كىمياۇ تاقەت قىلالماي، ئىشىكتىن مارىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھاياجاندىن چوڭ - چوڭ بولۇپ ئېچىلغان كۆزلىرى ئالدىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا بولدى.

مەۋلانە ئۆزى پەقەت پايپاق، يالاڭ كۆڭلەك - ئىشتان بىلەنلا قېلىپ، يۈزلىرى قورقۇنچلۇق ناتونۇش بىرسىگە ئۆزىنىڭ ئۆتۈكى بىلەن مەللە رەڭ يەكتىكىنى كىيدۈرۈۋاتاتتى.

دەرۋىشكە ئاتاپ داستىخان سېلىندى. جالالىدىن ئۇنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشىگە مەھلىيا بولۇپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇ شۇنداق زوقــى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتىــكى، ئۇنىڭ ئالدىــدا ئولتۇرغان جۇلجۇل چاپان كىيگەن قەلەنــدەر ئەمەس، گويا قانــداقتۇر بىر ئەزىز مېھمان ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

دەرۋىشنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دەمەشقتىــن كەلگەنــدى. ئۇ شەمسىددىننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلمىدىم، دەپ قانچە قېتىــم ئېيتىــســمۇ، شائىــر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتاتــتى. ئۇ شەمســىنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا ئېيتماي سىــر ساقلاۋاتــدۇ، دەپ ئويلايتــتى. دەمەشق! دېمەك، ئۇنىڭ دوستى ئەنە شۇ يەردە پاناھلانغاندەك!

جالالىدىن دەرھال جاۋاب يازدى.

دەرۋىش ئەتىسى ئەتىگەنــدە تەرەت ئېلىپ بولۇشى بىلەن جالالىدىن مەكتۇپىنى ئۆيىدىكى بار بولغان ھەمــمە پۇلــى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا سۇندى ـ دە، ھازىرلا يولغا چۈشۈپ، بۇ خەتــنى ئۆمۈر قۇياشىغا تېزرەك يەتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى.

دەرۋىشنى قېچىرغا مىندۈرۈپ، تاكى شەھەر دەرۋازىســغىــچە ئۆزى ئۇزىتىــپ باردى، شەھەر سىپىلى ئۈستىــگە چىقىــپ، يولۇچى كۆزدىن غايىــپ بولغۇچە ئۇنىڭ كەينىــدىن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى.

يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پارچە خەت ئەۋەتتى. بىرىنــچىسىنى ــ دەمەشقتە كېتىۋاتقان چەم سودىگىرىگە بېرىپ ئۇنى ئەخىيلەر شەيخىگە تاپشۇرۇشنى تاپىلىدى؛ ئىككىنچىســنى ــ ئۆز مۇرىتى ئارقىلىق ئەۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىرىگىمۇ جاۋاب ئالالمىدى.

ئۇ ئوغلى ۋەلەدنى چاقىردى. ئۇنىڭغا ئۆزى يازغان مەكتۇپ ۋە زەرگەر سالاھىددىن بىلەن «كىتابۇل ئەســرار» ھېسابىدىن يىغىپ بەرگەن پۇللارنى بېرىپ:

ــ مېنىڭ ئەلچىم بولۇپ بارىسەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بۇ پۇللارنى قويۇپ، مېنىڭ نامىمدىن شۇنداق دېگىنكى، ئۇنى بۇلاپ ـ تالىغۇچى بۇلاڭچىلار تۇۋا ـ تەزەررۇ قىلىشتى، ئەمــدى مەرھەمەت

قىلىپ، يولغا چۈشسۇن، ــ دېدى.
ۋەلەد مەكتۇپنى ئاۋۋال كۆزىگە، ئاندىن كۆكسىگە تەگكۈزدى، تەزىم قىلىپ، دەرھال يول تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قاراپ ماڭدى.
مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:
«ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، سەن كېتىش بىلەن تەڭ ئاخشامدىن تاڭ ئاتقۇچە يانغان شامدەك ئېرىپ تۈگەشتىم. موم قالمىدى، كۆيۈپ بىر چوغقا ئايلاندىم. سىنىڭدىن يىراقتا تېنىم ۋەيران، روھىم ئاشۇ ۋەيرانلىق ئىچىدە بىر ھۇۋقۇشقا ئوخشايدۇ. ئېيتىڭىنىڭ تىزگىنىنى بىز تەرەپكە بۇرىغىنىكى، خۇشاللىق بىز تەرەپكە يۈزلەنسۇن. سەنسىز خۇشاللىقىمىز لەندىتى ئىبلىسقا ئوخشاش ھەركۈنى تاش بوران ئاستىدىدۇر. سەنسىز مېنىڭ ئاغزىمدىن بىرمۇ خۇشال سۆز ۋە مەنىلىك مىسرا چىقمىدى ... پەقەت مەكتۇپتا يازغان سۆزلىرىڭنى ئوقۇپ، خۇشاللىقىمدىن بەش ـ ئالتە غەزەل پۈتتۈم. ئاھ، شەمسى، سەن بىلەن ئەرمەنىستان، رۇم ۋە دەمەشىق پەخىرلىنىدۇ. تۈن زۇلمىتىنى تاڭ نۇرىغا ئۇلاشتۇرغايسەن!»

ۋەلەد يىگىرمىگە يېقىن سادىق ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقتى. «ھىجرىپ ـ چارچاشنى بىلمەي نى ـ نى ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتتۇم، تاغلاردىن ئاشتىم. يولدىكى تىكەنلەر كۆزۈمگە ئەتىرگۈل بولۇپ كۆرۈندى. ھەربىر جايدا ـ مۇشەققەتتىن ئاجايىپ مەنپەئەتلەرنى كۆردۈم. قىشنىڭ سوغۇقى شېكەردەك شېرىن، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى شاپتۇل شەربىتىدەك تاتلىق بولۇپ تۇيۇلدى» دەپ خۇشاللىق بىلەن خاتىرىلىگەنىدى ئۇ قىرىغان چېغىدا.
ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاتىسىنىڭ ئاق يول تىلەپ دۇئا ئوقۇغاندا ئېيتقان مۇنۇ مىسرالىرى جاراڭلايتتى:

جان دوستقا ئېيتىڭ، مۇرۇۋۋەت ئەيلىسۇن،
بىز تامان كاتتا سەپەرگە تەرەددۇت ئەيلىسۇن.
ۋۇجۇدۇم سىرى قىلىپ ئەيلەڭ خىتاب،
تاكى تەشرىپ ئەيلىسۇن ئول ماھىتاب①.
سۆزگە لېۋىن ئاچسا، ئاجايىپ دۇنيا ئاقار،
قىلسا پەرمان، كەينىگە دەريا ئاقار.
ئۇچمىغىن ئەھد بىلەن پەيمانىغا،
بەندە② بولماڭ ۋەدىسى يالغانىغا.
تاكى ئۇ مەھبۇبىجان قايتىپ بۇ دەم.
شۇل ئەزىز ئاستانىگە قويسۇن قەدەم.
شۇندا بولغاي بىر تاماشا ئاشكارا،
بۇنداق بىر ئىش كۆرمىگەن پەرۋەردىگارا...

ئەمما ۋەلەد دەمەشقتىن شەمسىددىننى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇنى يا ئابباسىيلارنىڭ چوڭ مەسچىتى ئەتراپىدىكى مەدرىس ۋە خانىقالاردا، يا دۇنياغا مەشھۇر دەمەشىق بازىرىنىڭ كارۋان سارايلىرىدا ئۇچرىتالمىدى.

ئۇزۇن ئاختۇرۇشلار، سوراپ - سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن، ۋەلەد بىلەن دەمەشقتە ئوقۇغان، تالىپلىق يىللىرىدا تونۇشقان ئەخىلەر شەيخى مەۋلانىنىڭ مەكتۇپىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

مەلۇم بولۇشىچە، شەمسىددىن دۈشمەنىنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ، ھەلەب ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. ۋەلەد بىر ھەپتە بۇرۇن توختىماي ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ھەلەبتە...

① گۈزەل، كېلىشكەن، ئاي يۈزلۈك، نۇرلۇق — ت.
② تۇتقۇن بولۇش — ت.

ئۇستىدە ئېمىل بۇخاراچە تون، بېشىغا بىر ئەنلىك سەللە ئورىۋالغان شەمسى مەدرىس ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن، كونـ يالىق مېھمانلار خۇددى پادىشاھ ئالدىدا تىزلىنىپ تەزىم قىلغان مۇلازىملاردەك، ھەممىسى تەكلا تىزلاندى.

مەۋلانىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىغا تۆـ كۆلگەن تەڭگىلەرنى كۆرۈپ، شەمسى تەبەسسۇم كۈلكىدىن ئۆزىـ نى تىيەلمىدى:

— قارىغاندا، مەۋلانە بىزنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلىماقـ چى ئوخشىمامدۇ؟ ئەگەر ماڭا، ئاتاڭ قەبرىدىن قوپۇپ، ھەلەبنىڭ يېنىدىكى تىللا بەشىر قىشلىقىغا كەپتۇ، سېنى بىر كۆرۈۋېلىپ، قايتىدىن كۆز يۇمماقچىمىش، دېيىشسە، مەن: «ئۆلسە ئۆلۈۋەرـ سۇن!» دېگەن بولاتتىم ۋە تۇرغان جايىمدىن قىمىرلىماس ئىدىم. لېكىن مەۋلانە بىلەن كۆرۈشۈشكە... مانا مەن تەييار!...

مەۋلانە شەمسىنىڭ دىلىنى «چىرايلىق سۆز، ساز ۋە سەناـ مەدھىيە» بىلەن ئېرىتىشنى تاپىلىغانىدى. بۇنداق دېمىگەندىمۇ، ۋەلەد ئاتىسىنىڭ پەرمانىنى قانداق قىلىسمۇ ئورۇنداشقا نىيەت قىلدى. ئۇ شەمسىدىنىڭ شەرىپىگە دەرھاللا سەما يىغىلىشى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئارىلىقتا كونيادا مەۋلانىنىڭ تاقىتى ـ تاق بولغانىدى.

تەلمۈرەر كۆزۈم ـ مەگەر نىگارىم كەلگۈدەك،
ئەنسىرەپ دىل، مەگەركى يارىم كەلگۈدەك.
جىبىنگىنى قوي گۆرۈڭگە، ئەگەر ئەبگار بولساڭ،
قۇي بادەنىكىم، تەشنائى ـ زارىم كەلگۈدەك.
خۇش خەۋەر شارابىدىن مەست بولدى قۇلاق،
دەيدۇ كۆز ياش تۆكۈپ: خۇمارىم كەلگۈدەك.
كۆر، ئىشق لەشكىرى چىقىپ، تىزدى قاتار سەپ،
بەس، سەۋر ـ چىدامكى، شەھسۇۋارىم① كەلگۈدەك.

① شەھسۇۋار — چەۋەنداز، ئاتلىق ئەسكەر، ئاتلىق پادىشاھ.

ئاخىر ۋەلەد شەمسىددىننى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.
شەمسى ھەرقانچە ئۆتۈنۈپ، قىستىمىسۇن، ئۇ ئاتقا مىنىشـ
كە ئۇنىمىدى: «سىز بىلەن بىردەك بولۇشقا مېنىڭ ھەددىم بارمۇ؟
پادىشاھ ئاتلىق ماڭسا، قۇلمۇ ئاتلىق مېڭىش — بۇ نېمىدېگەن
ھاماقەتلىك. سىز — مەرتىۋە ئىگىسىسىز، مەن - غۇلام①، سىز — جان،
مەن بىر بەدەن. سىز ئۈچۈن پۈتۈم بىلەنلا ئەمەس، بەلكى
بېشىم بىلەن مېڭىشقا تەييارمەن».

بېشىم بىلەن مېڭىشقا تەييارمەن؟ ۋەلەد ئۆمرىنىڭ ئاخىـ
رىغىچە ئاتىسىنىڭ نوپۇزىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. بىراق،
ئۇ ھەم ئىلمىي، ھەم قابىلىيەتلىك، ھەم ئەقىللىك ئىدى. ئۇ
كۆپلىگەن نەزمىي② ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى،
تۈرك شېئىرىيىتىگە ئاساس سالدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاتىسىنىڭ
شېئىرلىرى دەرىجىسىگە يېتەلمىگىنىگە نېمە ئىلاج بار. يۈز يىلدا
بىر كېلىدىغان بۇنداق بىر يۇقىرى قابىلىيەت بىلەن كۈچ سىنىـ
شىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ۋەلەدنىڭ ئەھۋا-
لى — تەقدىرى شۇكى، ئۇ تەبىئىتىدىن مۇرىت ئىدى.

مەۋلانە، ئوغلۇم تەقلىدچى بولالمىدىكىن ياكى داۋاملاشـ
تۇرغۇچى بولالمىدىكىن، دەپ بىكار ئەندىشە قىلمىغانىدى.
ئۇ دىنلار ۋە قائىدە - يوسۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرۇۋېلىپ، كۆڭۈل
ۋە ئەقىلنىڭ بېقىق مۇھىتىدا③ چاڭ - توزان بېسىپ، قېتىپ
قېلىشتىن ھەزەر قىلاتتى. سۇلتان ۋەلەد بولسا، جالالىددىننىڭ
ۋاپات بولغىنىدىن ئون يىل ئۆتمەيلا ئۇنىڭ نامىدا دەرۋىشلىك
گۇرۇھلىرىنى قۇردى. مانا بۇ جامائەت تېزلا ھۆكۈمدار تەرىپىدىن

① خىزمەتكار — ت.
② قوشاق، شېئىر — ت.
③ دىمىقتا، يېپىق مۇھىتتا — ت.

ئېتىراپ قىلىنىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.)

شەمسىددىن ئاتلىق، ۋەلەد ۋە باشقا مېھمانلار پىيادە، بىر ئايدىن كۆپرەك يول مېڭىپ كونياغا يېتىپ كەلدى.

لەرەندەگە يېتىپ بارغاندا ۋەلەد ئاتىسىغا چاپارمەن ئارقىلىق خەۋەر ئەۋەتتى.

جالالىددىن خۇش خەۋەر ئۈچۈن ئۆيىدىكى بار-يوقىنى ھەتتا بېشىدىكى سەللىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. شاگىرتلىرى بىلەن ئەخىيلەر باشلىقى ھەمراھلىقىدا پىيادە مېڭىپ، شەمسىددىننىڭ ئالدىغا چىقتى.

مەۋلانىنى كۆرۈپ، شەمسىددىنمۇ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن يەرگىچە ئېگىلىپ، بىر-بىرىگە تەزىم قىلىشتى.

مېنىڭ شەمسىم، مېنىڭ ئاپتاپىم كەلدى،
خۇش خۇي چىراي، ئول ماھتابىم كەلدى!
قۇلاقىم مۇژدەسى①، كۆزۈم روشنى،
بەزمە ئارا ئىچكىلى شارابىم كەلدى،
قاناتىم كەلدى ئەيلەي كۆككە پەرۋاز،
شېئىر كەلدى، جاراڭلىق خىتابىم كەلدى.
سابا، ئالەمنى تولدۇر نۇر بىلەن،
شەمسى كەلدى، مۇنەۋۋەر ئاپتىپىم كەلدى!

شەمسىددىن كونياغا 1247-يىلى 8-ماي كۈنى قايتىپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا تاپا-تەنە، تۆھمەت قىلغانلارنىڭ ھەم-

① خۇش خەۋەر ــ ت.

مىسى ئۇنىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ كېلىپ، ئۆزرە سوراشتى. شەمسى تۇۋا قىلغان دۈشمەن تۇۋا قىلمىغىنىدىنمۇ خەۋپلىكرەك، دېگەن تەمسىلنى بىلسىمۇ، ئۇلارنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ كەلگەن مۇرىت ۋە دەرۋىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى دوستمۇ ئەمەس، دۈشمەنمۇ ئەمەس ئىدى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى.

يەنە ئىلگىرىكى جۇشقۇن ھايات باشلاندى. ھەر كېچىسى يىغىلىش قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ساز چېلىپ، ئۇسسۇل-ساماغا چۈشۈپ كۆڭۈل ئېچىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ يىغىلىشلىرى ھەممىگىلا ئوچۇق بولۇپ، بارغانچە خالايىقنى ئۆزىگە كۆپلەپ جەلپ قىلغاندى.

ساما سۇلتان پايتەختتە ئادەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆز ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئىستەيدىغان ھەربىر سودىگەر، ئەمەلدار ۋە بەگ ئۆز قورغىنى، بېغى، ئۈزۈمزارلىرىدا شۇنداق يىغىلىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلارغا شەمسى ۋە مەۋلانە قاتناشمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكەن ھېسابلىشاتتى.

مەۋلانە ئۈچۈن يېڭى ئېتىقادنى ئايان قىلىش ئۇسۇلى بولغان سەما يىغىنلىرى ئۇلارغا چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ كەلتۈرگەن تالاپىتى بىلەن سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ ئېچىنىشلىق زاۋاللىقىنى ئۇنتۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىر ئەرمەك ئىدى. لېكىن بۇ، جالالىدىنىڭ شېئىرلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان — تۇنجى ئېچىلغان بىر كەڭ مەيدان ئىدى.

ئۇ بەزىدە شەمسىدىن ۋە ئەڭ يېقىن دوستلىرىغىمۇ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان پىكىرلەرنى شېئىر ئارقىلىق ئېيتاتتى:

سېنىڭ كۆپرۈك ئالدىدا ئىمان نەدۇر؟
سەمەندەر ئالدىدا چىۋىنچە جان نەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمان — سۇدۇر، كۇپۇر — تۇپراقتۇر قارا،
لېكىن بەرى كۆلدۇر ئاتەش ئارا.
گەرچە ئىمان — شامدۇر، كۇپۇر — شەبىستان①،
لېكىن قۇياش چىققاچ، دېيىشەر ھامان:
«بىزگە زۆرۈرىيەت يوق، تاپايلۇق بەرھەم!»②
ئىمان — دىن ئېتىدۇر، شۇنداق بولسا ھەم،
ئۇنداق ئات ئاشىقلارغا نېمە ھاجەت،
ئۇلارغا ئىشق ئارا شولىدىن سۇرئەت...

جاھالەت ۋە خۇرلۇقنىڭ كېچىسىدە، شائىرنىڭ دېمەكچى بولغىنى: ئىمان شام چىراغدۇر، لېكىن ئىنسانلارغا مۇھەببەت قۇياشى يورۇسا، ئىمان ۋە ئىمانسىزلىق دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

جالالىدىننىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى كەڭ — ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان بىلەن زادىلا مەۋھۇم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە ئىنسان كامالىتىنى مەدھىيىلەش ئىنسان شەخسىيىتىنى قۇتلۇقلاش بىلەن باغلىنىپ كېتەتتى.

شائىر ئۈچۈن ئۇنىڭ دوستى — شەمسىددىن تەبرىزى ئاتالمىش تىرىك ئىنسان، ئەمما نەقۋادار روھانىيلارنىڭ نەزەرىچە، شائىر ئۇنىڭغا يالغۇز خۇدا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگىلا بېرىلىشى رۇخسەت قىلىنغان سۈپەتلەرنى بېرىدۇ، ئۇ دوستىنى «ئالەمنىڭ خۇرشىدى، ھەقىقەت مەشئىلى، جاھاننىڭ جېنى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆزلەرنى مۇتەئەسسىپلەر ئالدىدا ھازىرمۇ كۇپرى - ئىشتىباھ③ سانىلىدۇ.

①كېچىلىك ياتاق، قاراڭغۇلۇت — ت.

② يوقىلىش، توختاتماق، توختاپ قالماق — ت.

③گۇناھ، شەك كەلتۈرۈش، ھەددىدىن ئېشىش — ت.

بىر قېتىم، كۆزگە يېقىن زەرگەر سالاھىددىننىڭ ئۆيىدە بولغان يىغىلىشتا ھېرىپ ھالىدىن كېتىشكە ئاز قالغان سازەندىلەر بىردەم ئارام ئېلىۋاتقاندا، بىر ياش دەرۋىش پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئەدەپ بىلەن شەمسىددىنگە يېقىنلاشتى.

— ئۇستاز، ئېيتىڭا، سىز ئەۋلىيامۇ؟

دەرۋىش تولىمۇ ياش ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ساددىلىق ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇنداق سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانىكەن، دېمەك، جاۋاب ئۇنىڭ ئۈچۈن غايەت مۇھىم ئىدى. لېكىن شەمسىددىن بايقاپ قالدى؛ بۇ يىگىتچاقنىڭ ساددىلىقىنىڭ كەينىدە كىملەردۇر سىناپ بېقىش مەككارلىقى بىلەن مارىلاپ تۇراتتى.

سوئالنىڭ تەكتىدە ئۆلۈم خەۋپى تۇراتتى. شۇ دەۋرنىڭ دىنىي تەپەككۇرى ئۈچۈن ئەۋلىيالىق، يەنى شەك-شۈبھىسىز ئىلاھىي نوپۇز ئالامىتى ھەققانىيەتنىڭ مۇقەررەر شەرتى ئىدى. كېيىنچىرەك ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىللىكلىك، ئىنسانلىق ياكى ئىلمىيلىق ئىگىلىدى. ئاددىي ئادەمنىڭ سۆزى ۋە پىكرى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تېگىشلىك، لېكىن ئۇ سۆز ۋە پىكىر خۇدا نامىدىن ئېيتىلغاچقا — بۇ تامامەن باشقا بىر مەسىلە. مۇقەددەس كىتابلار ۋە تەپسىردىن ئۆزۈندىلەرنى كەلتۈرۈش، پەيغەمبەر ھېكمەتلىرى بىلەن ھەدىسلەرگە تايىنىش، ئەۋلىيا دەپ تونۇلغان ئۆلىمالارنىڭ نوپۇزلىرىغا تايىنىش — غايىۋى-سىياسىي كۈرەشتە مۇھىم قورال، پىكىرنىڭ رېئال مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مەنپەئەتنى يوشۇرغۇچى مۇقەررەر پەردە ئىدى.

شەمسى «ياق» دەپ جاۋاب بەرسە، مەغلۇپ بولاتتى. بىراق «ھەئە» دېيىشمۇ خەتەرلىك ئىدى: ئەۋلىيالىق دەۋاسىنى قىلغان ئادەم شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلىشى، بەلكى مۆجىزە كۆرسىتىشى شەرت ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەمسىددىن تەبرىزى ئاقكۆڭۈل ئىرانلىق جۇھا ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىر كۈنى جۇھانىڭ ئالدىغا قوشنىلىرى چىقىپ: «كوچىغا قاراپىباققىنا، نېمىدېگەن ئېسىل نازۇ - نېمەتلەرنى كەلتۈرۈشۈپتۇ!» دەپتۇ. «ئۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟» دەپتۇ جۇھا. «قارىغىنا، ئۇ نەرسىلەرنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كىلىشىۋاتىدىغۇ!» — دەپتۇ قوشنىلىرى. «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى؟» دىگەن ئىكەن جوھا. شۇنىڭغا ئوخشاش مېنىڭ ئەۋلىيا بولۇش ياكى بولماسلىقىمدىن ساڭا نېمە پايدا؟

ئۆزى خەلق ئارىسىدىن چىققان، بىر ئوبدان كىتابخان ۋە ھەسساس① ناتىق بولغان شەمسى سۆزىدە خەلق رىۋايەت ۋە لەتىپىلىرىنى كۆپ ئىشلىتەتتى. ئۇ نۇتقىنى يالغۇز قۇرئان ئايەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، ماقال ۋە تەمسىللەر بىلەنمۇ بېزەيتتى. جالالىدىن رۇمىنىڭ دىققىتىنى كىتابىي ئالىملىقتىن خەلق ئىجادىيىتىگە باشلىغانمۇ شۇ. جالالىدىن رۇمى شېئىرىيىتى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى»سى ئاشۇ دەۋر بىلىملىرىنىڭ يىغىندىسى — كۇللىياتى، بەلكى شۇ دەۋر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭمۇ بىباھا خەزىنىسى دېيىلسە، بۇ — ئەلۋەتتە شەمسىدىن تەبرىزىنىڭ ياردىمىدىندۇر. بۇ بۈيۈك ئەسەردىكى كۆپلىگەن سىيۇژىت ۋە بۆلەكلەر شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ «كىتابۇل ئەسرار»لار توپلىمىدىن ئېلىنغان.

شەمسىددىن قانچىلىك زىرەكلىك بىلەن جاۋاب بەرمىسۇن شەھەردە باشلانغان ئىغۋانى توختىتىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئاددىي، ئىلاھىيەتتىن يىراق كىشىلەر، تەبىئىيكى، مەۋلانىگە ئەگىشىپ، شەمسىنى ئەۋلىيا دەپ بىلىشەتتى.

---

① زىرەك، ئۆتكۈر، بىلىملىك — ت.

«قەتئىي ئۇنىداق ئەمەس! — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشەتتى ئۆلىمالار ۋە يېقىندىلا تۇۋا - تەزەررۇ قىلغان مۇرىتلار، — مەۋلانە نېمە دەيدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. شەمسى ئەۋلىيا بولسا ئاللىقاچان مۆجىزە كۆرسەتكەن بولاتتى!»

## قاتىللىق

بىر قېتىم شەمسىدىنىڭ سۆھبىتىنى سوئاللار، نارازىلىقلار، مۇقەددەس كىتابلارغا تايىنىشلار بىلەن ئۈزۈپ، يەنە جېدەل - ماجىرا چىقارغاچقا، ئۇ كەيپى ئۇچقان هالدا ۋەلەدكە:

— كۆردۈڭمۇ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشىۋاتقىنىنى! ئۇلار مېنى يەنە مەۋلانىدىن ئايرىۋەتمەكچى. مەيلى، ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشىۋەرسۇن، بۇ قېتىم شۇنداق يوشۇرۇنايكى، ئىزىمنىمۇ تېپىشالمىسۇن! — دېدى.

جالالىدىن پالاكەت يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى سېزەتتى. ئەمما يېڭى هىجرانلىق هەققىدە ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئەكسىچە، دوستىنىڭ «شەمسى ئۇچقۇر» دېگەن نامنى ئالغىنىمۇ يېتەتتى. ئۇ كونيادا تۇراقلىشىپ، شۇ يەردە يىلتىز تارتىشى كېرەك ئىدى.

شائىرنىڭ ئۆگەي قىزى ئون ئالتە ياشلىق كىمىيا هەتتا مەۋلانىمۇ هۆرمەتلەپ كۆككە كۆتۈرىدىغان بۇ غەلىتە ئادەمگە خېلىدىن بېرى يوشۇرۇن كۆز تىكىپ يۈرەتتى. شەمسى هەققەتەنمۇ غەلىتە تەسراتلارنى قالدۇراتتى. ئۇنىڭ هەربىر ئىشى، يۈرۈش-تۇرۇشىدىمۇ چەكسىز بىر قەتئىيەت جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ شەيخنىڭ تەقۋادارلىقى زاهىدنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. لەۋلىرىدە دائىم بىر خىل كىنايىلىك تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە بىردىنلا غەزەپ بىلەن ئالمىشىدىغان قايغۇ - ئەلەم ئەكس ئېتەتتى. ساقىلى ئاقارغان بولسىمۇ، قەدەم تاشلاش-

لىرى يىگىتلەرنىڭ قەدىمىدەك بەردەم ۋە يېنىك ئىدى. سۆزى، كۆزقارىشى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى.

كۆزدە ئۇلار ئاددىيلا توي قىلىشتى. كىمىيا كىرە خېنىمنىڭ ھىماتلىقىدىن چىقىپ، مەدرىسىنىڭ شەمسىددىن ئۇچۇن ئاجرىتىپ بەرگەن ھۇجرىسىغا كۆچۈپ چىقتى.

شەمسىددىن كىمياغا خۇددى كىچىك بالا ياكى بىرەر گۆزەل قۇشقا باغلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭدىن نېرى كېتەلمىدى. بىرلىكتە ئۆتىدىغان كۈنلىرىنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى سەزگەندەك، ھەممىشەم ئايالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

لېكىن بۇ نىكاھ جالالىددىننىڭ كۈتكىنىدەك پالاكەتنى ئۇجۇقتۇرمىدى، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

بۇ يەردە، ھەتتا جالالىددىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خىيالىغىمۇ ئەكەلمىشنى خالىمايدىغان بىر ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ — لەرىندى شەھرىدە گۆھەر خېنىمدىن تۇغۇلغان، مەرھۇم ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان ئىككىنچى ئوغلى — ئالاھىددىن ئىدى.

ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى غەلىتە ئىدى. ھەممىشەم ئىشنى تەتۈرىسىگە بۇرايتتى، بولۇپمۇ ئاكىسى ۋەلەد بىلەن زىتلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ۋەلەد — نازاكەتلىك، غەيرەتلىك، كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ، ئالاھىددىن — باغرى قاتتىق، قارام، جېدەلخور ئىدى. بىر قېتىم ۋەلەدنىڭ بىر دىنار تىللاسى يوقاپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆينى تىتىشتۇرۇپ ئاختۇرۇۋېتىپ، ئۇ پۇلنى تاسادىپىي ھالدا ئالاھىددىننىڭ كىتابىنىڭ قېتىدىن تېپىۋالدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ۋەلەد ئىنىسىغا ھۆرپەيدى. ئۇ بولسا بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي، كۈلۈپلا قويۇپ:

— سەن ئەۋلىياغۇ، ساڭا پۇلنىڭ نېمە كېرىكى بار! — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتىسى ئۇلارنى تەستە ياراشتۇرۇپ قويدى.

جالالىدىن: ئوغۇل بالا ئاتىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن قۇتۇ-
لۇپ، ئۆز يولىنى تېپىشنى خالايدۇ. چوڭ بولغاندا ئەس-ھو-
شىنى ئوڭلىۋالار، دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئۇنداق بولمىدى.

تازا قابىلىيەتلىك ئالاھىددىن مەدرىسىنى ئارانلا تۈگەتتى.
ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇدەررىس بولدى، لېكىن كۆرۈنگەنلا
يەرلەردە ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپىسىنى ياكى ئاتىسىنىڭ شان-
شەۋكىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. ئائىلىسى كۆ-
پىنچە پۇل ۋە ئاشلىق يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى تارتاتتى،
ئۇ بولسا، ھەپتىلەپ باغلاردا ئەيش قىلاتتى، ئۇتتۇرۇقسىز ئۇلپەت-
لىرى بىلەن بولۇشىچە مەي ئىچىپ، چۆرە قىزلار بىلەن كەيپ-
ساپادىن قول ئۈزمەيتتى.

«خۇدا ھەققىدە، خۇدا ھەققىدە، خۇدا ھەققىدە ئەگەر
ئاتاڭنىڭ دىلىغا تەسەللى بېرەي دېسەڭ، ئۆيۈڭنى، ئۆز نەسلى-
نەسەبىڭنى ئۇنتۇمىغايسەن، چۈنكى سەن ئاتلىنىپ ماڭغان تەرەپ-
تە ئېزىتقۇدىن باشقا ھېچنەرسە يوق. كۆپلىگەن كىشىلەر ئاشۇ
ياققا ئاتلىنىپ مېڭىپ بېقىشقان، لېكىن ئۇياقلاردا زادىلا سۇ
تېپىلمايدىكەن. ھەممە نەرسە مۇشۇ يەردە تۇرسا، ئۇياققا بې-
رىشنىڭ ھاجىتى نېمە، ھاجىتى نېمە، ھاجىتى نېمە؟!... مەرد-
لىكىڭ، ئالىيجانابلىقىڭ، ئادىمىيلىكىڭدىن ئۈمىدىم شۇكى، سېنىڭ
تەلىيىڭنى تىلىگەن كۆڭۈللەرگە جاراھەت سالمىغايسەن. سېنىڭ
بىچارە ئاتاڭ ئون قېتىملاپ ئەمىر سەيفىتدىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملى-
رىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قانچىلىك مۇشكۈل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى-
كىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ھە، پەقەت سېنى دەپ ئاشۇ ئېغىر-
چىلىقنى كۆتۈردۈم. خۇدا ھەققى، ئۆز ئۆيۈڭدىن، ئۆز ئادەم-
لىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمىگەيسەن... ئاتاڭنىڭ كۆڭلىگە ئاراملىق بەر،

www.uyghurkitap.com

ئۇ ساڭا خەت يېزىشقا كەتكەن ۋاقتىنى پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ شۈكرانە قىلسۇن!» دەپ خەت يازغانىدى شائىر.

لېكىن قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەت، يالۋۇرۇشلار ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. بالىلارچە ھاماقەتلىك ئۇنىڭ تەبىئىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جاينى تېپىشقا، ئەركىنلىككە تەشنا ئىدى، ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەيىبلىرى، كىبرى بىلەن يارامسىز بىر ئادەم بولۇپ قالدى. نەدىكى مۇستەقىللىك! ئۇ خۇددى بىر قورچاققا ئوخشاش ئاكىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ باقسىمۇ، لېكىن بەئەينى كۆرۈش ئەينىكىدەك تەتۈرىنى تەكرارلايتتى.

شەمسىنىڭ كونىياغا كېلىپ، مەۋلانىگە دوست، ۋەلەدكە ئۇستاز بولۇشى ئالاھىددىنغا ئانچە ياقمىدى. شەمسىنىڭ ئۆيلىنىشى ئۇنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايىنىتىۋەتتى.

كىميا گۈزەل قىز ئىدى. ئۇ ئون تۆت ياشقا توشقاندا، ئالاھىددىن ئۇنى ئېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. لېكىن مەۋلانە ئۆزىنىڭ بۇ ئۆگەي قىزىغا ئىنتايىن ئامراق ئىدى، ئۇنى ئالاھىددىندەك ئادەمگە ئۆچىنچى خوتۇنلۇققا بېرىشنى خالىمايتتى. مانا ئەمدى كىميا لەنتى تەبرىزلىككە نىكاھلاپ بېرىلگەنىدى!

يېڭى كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل مەدرىسكە جايلاشتى. ئاشۇ يىلى كۈز قاتتىق سوغۇق كەلگەنىدى. شەمسى ئايالى بىلەن تاشقىرقى يالغۇز ئوچاقلىق ئۆيگە جايلاشقانىدى. ئۇلار ئۆينىڭ بىر چېتىگە پەردە تارتىپ، ئوچاققا يېقىنراق يەردىن ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلىۋېلىشقانىدى.

ئالاھىددىن ئاتىسىنى كۆرگىلى كەلگەن بولۇپ، بىرەر باھانە تېپىپ، كىميا بار ئۆيگە كىرىشكە ۋە ئۇنىڭغا دوقۇرۇپ قېلىشقا ئىنتىلەتتى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئاخىر شەمسىددىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

بىر قېتىم ئالاھىددىن جۇۋىسىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھۇجرىغا قارىماقچى بولۇۋاتقاندا شەمسىددىن ئۇنىڭغا:

— ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ، مېنىڭ پىكرىمنى بۆلۈشىنى مەنئى قىلغانىدىم. مەن بۇ يەرنى خالىي جاي دەپ تاللىغان. ئۇقتۇڭمۇ؟! — دەپ ئۇنى سىلكىشلىگەنىدى.

ئالاھىددىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىغا پايلىيالماي، چىرايلىرى تاتىرىپ-كۆكەرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتكەن، شۇندىن تارتىپ ئاتىسىنى يوقلىماس بولۇۋالغان. شەمسى بىلەن بولغان بۇ توقۇنۇشنى دوستلىرىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تازا مازاق قىلىشىغا ئۇچرىغان: «بۇ قانداق بولغىنى، بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاناھلىق تاپقان ئادەم، ئاشۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارسا بولامدۇ؟ بۇنىڭغا چىداش ئۈچۈن ئاياللاردەك قورقۇنچاق بولۇشلا كېرەك!».

ئالاھىددىننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى شۇنداق ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۈلپەتلىرى ئارىسىدا شەمسىددىن ۋە جالالىددىنغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەن بولغان ئەمەلدارلارنىڭ غالچىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئوغلىنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدىكى مىش-مىش گەپلەر جالالىددىننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم — ئاخىرقى مەكتۇپنى يازدى: «مۇبادا كىمدۇر بىرلىرى بىرەر غەيرىي مەقسەتلەر بىلەن ئوغلىمىزنى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە زىت بولغان غەيرىي يولغا باشلىغان بولسا، ئۇ شۇ يولدا سوكۇلداپ يۈگۈرۈشكە ئالدىرىمىغاي. كۆز ئالدىڭدا پۈتۈن ئالەم ئۆزگىرىپ، شۇ ئۆزگىرىۋاتقان ئالەم سېنىمۇ ئۆزگەرتسۇن. سەن ئۆز يولۇڭ بىلەن يۈگۈرۈپ، شۇ يولدىن ئاداشمىغايسەن... ئاشۇ ھۇجرىدا ئۆز ئاتام ياشايدۇ، دەپ پەرەز قىلغايسەن. نى-نى ئاق كۆڭۈل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەملەر باشقىلارغا ئەگىشىپ، يامان يوللارغا كىرىپ كەتكەن، لېكىن ئاقىل ئادەم بىرىنىڭ كۆزى ئەلەس ئىكەن دەپ ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئويغۇلۇقمۇ؟ پالانچى مۇنداق ئىكەن دەپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەگىشىش — ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس!...»

شائىر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلىرى: روھىي ساخاۋەت ۋە ئالىيجانابلىقنا كۆز تىكىپ، ئوغلىنى «رەزىللىك ۋە مەنمەنلىك يولىدىن يۈز ئۆرۈپ»، «ئىپلاسلىق ئەخلەتخانىسى»دىن قايتىپ چىقىشقا ئۈندىگەندى.

ئەپسۇسكى، ئالاھىدىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرى ئاللىقاچان رەزىللىك ۋە جاھالەتكە يەم بولۇپ بولغانىدى. ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلى بولغان بۇ ئادەم ئىنسانىيلىققا نەپرەت بىلەن قارايدىغان مۇتەئەسسىپ جاھىللارنىڭ يولىدا، شەمسىددىن ۋە مەۋلانە قىلغان ۋەزلەردىن، ئۇلارنىڭ خالايىققا بولغان تەسىرىدىن قورقۇپ - تىترەشكەن ئەمەلدارلارنىڭ قولىدا بىر قورال بولۇپ قالغانىدى.

قىشنىڭ باشلىرىدىراق زەرگەر سالاھىددىن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ باشقا ئاقساقاللىرى بىلەن بىرلىكتە، مەۋلانە ۋە شەمسىددىننى ساما يىغىلىشىغا تەكلىپ قىلدى. شائىر ئۇسسۇل ئويناپ، شېئىر ئوقۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى خۇشلۇقى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. سازەندىلەر ئۆزئارا بىرنەچچە قېتىم ئورۇن ئالمىشىشتى. ئەمما شائىر ھارغاندەك قىلمايتتى. تۈننى تاڭغا ئۇلايدىغاندەك ئىدى. بۇ روھىيەت بەزمىسى ئىككى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. يالغۇز قالغان كىميا كىرە خېنىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن، ياتقان ئورنىنىڭ قېشىدا تۇرغان، ئۈستىگە لىگەن كۆمتۈرۈپ يېپىلغان پەتنۇستىكى يوغان بىر تاۋۇزغا كۆزى چۈشتى.

پەتنۇستا يەنە ھەسەل بىلەن ماي ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغان پەھلەۋە① تۇراتتى. ياش چوكان ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شەمسىسى نەدىلا بولمىسۇن، يارىنى ئۇنتۇمايدۇ، پەھلەۋە — كىميانىڭ تولىمۇ ئامراق تامىقى ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.

ئېرىنىڭ قايتىشىنى كۈتە-كۈتە، ئۇ ئاخىر پەھلەۋەنى يەپ تۈگەتتى. تاۋۇز شەمسىگە قالسۇن، سەمادىن كېيىن ئۇ تاۋۇز يەپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن پەھلەۋە ئۇنى ئۇسساتقانىدى.

ئۇ بىر تىلىم تاۋۇز يېسە، شەمسى خاپا بولماس. تاۋۇز پارچىلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ سوغۇق، بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. پېشىن ۋاقتى بولاي دەپ قالدى، ئۇلارمۇ ئەمدى سالاھىددىننىڭ ئۆيىدىن قايتار؟!

ئۇ ئېرى ھەمىشە بېشىدىكى ياستۇق ئاستىغا قويۇپ ياتىدىغان چەم خالتىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىكى قىيىقچە قالپاق، ھاسىسىغا بېكىتىۋالىدىغان، خۇدانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئەلەم② كۆرۈنمەيتتى. شەمسى ساما يىغىنلىرىغا بارغاندا ئۇلارنى ئۆزى ئېلىپ كېتەتتى.

كىمىيا ئۇ يەردىن يەمەن ئەگرى پىچىقنى ئالدى. ئۇ تاۋۇزنىڭ ئىككى چېتىدىن شىلىپ ئېلىۋەتتى. ئېرى تاۋۇزنى ھەمىشەم شۇنداق تىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ: پىسىڭگىدە كۈلدى-دە، قىپقىزىل بىر چىشلەم تاۋۇزنى ئاغزىغا سالدى.

شەمسى چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە قايتتى، بىراق كىمىيا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدى. ئېرى پەردىنى قايرىدى، خوتۇنى

① سامسىنىڭ بىر خىلى — ت.

② بايراقچە... — ت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويۇقتا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. نېمە بولغاندۇ؟

— خوتۇن! خوتۇن! كەپتىردىم!

ئۇ جاۋاب بەرمىدى، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. كۆزلىرى چوك-چوك ئېچىلىپ قالغان، ئۇ كۆزلەردە ئازاب ۋە دەھشەت ئەكس ئېتەتتى. نەپەس ئېلىشى ئېغىر. شەمسى ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، ئېڭىشىپ قارىغاندىن كېيىنلا، كىمىيانىڭ بېشىنى بۇياققا بۇراشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە قاراپ، پەتنۇس ۋە تىلىنغان تاۋۇزنى كۆردى. بەلكى سۇ ئىچمەكچىمىدۇ؟ شەمسى ئورنىدىن دەس تۇردى. قولىغا تاۋۇز ۋە پىچاقنى ئالدى.

شۇ چاغدا كىمىيانىڭ كۆكسىدىن دەھشەتلىك بىر خىرقىراش ئېتىلىپ چىقتى.

شەمسىنىڭ قولىدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ، ئۇيۇل-ئۇيۇل قانغا ئوخشاش چېچىلىپ كەتتى...

مۇسۇلمانلار ئادىتى بويىچە، مەرھۇمەنى ئەتىسى دەپنە قىلىشتى. شەمسى ھال سوراپ تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ تەزىيىگىمۇ، تەسەللىلەرگىمۇ موھتاج ئەمەس ئىدى. يىغا-زار قىلغۇچىلارنىڭ نالىسى، ھاپىزلارنىڭ پەريادى ئىچىدە ئۈنسىز ھالدا تاۋۇتقا ئەگىشىپ ماڭدى. كەيندىن نەپرەت بىلەن قاراۋاتقانلارنى سېزىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۆلۈمگە گويا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئاداۋەتچىلەرنىڭ پىچىر-پىچىرلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى: «كاساپەت ... بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى». قانداقتۇر بىر تۆمۈر قول ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇيتتى.

مەدرىس ماتەم قوينىدا. شەمسىددىن ھېچقاياققا چىقمىدى. بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەختسىزلىك كەلتۈردى، ئۆزى ياخشى كۆرگەنلەرنى باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ۋە ئۆلۈمگە دۇچار قىلدى. خۇدايىم ساقلىسۇن،

مەۋلانىگە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆزىنى زادىلا كەچۈرمەيدۇ.

جالالىددىن ئۇنىڭ روھىي دېڭىزىغا غەۋۋاسلارچە چۆمۈپ، بىباھا ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تەردى. بۇ گۆھەرى ـ مەرۋايىتلار ئۇنىڭ، جالالىددىننىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى. ئۇ شۇ بايلىقىنى ئاۋايلاپ ئاسراپ، ئۇنى كۆپەيتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن شەمسىنىڭ غايىب بولۇشى شەرت. بۇ قېتىم ئۇ ھەممىسىنى پۇختا ئويلاپ قويدى. دەرۋىش ـ قەلەندەرلەر ئۇنى يوشۇرالايدۇ ۋە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىمۇ ئېلىپ كېتەلەيدۇ. ئۇلار پەيشەنبە كۈنى كېلىشكە ۋەدە قىلىشقان.

1247 ـ يىلىنىڭ 5 ـ دېكابىر ــ پەيشەنبە كۈننى شەمسىددىن ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆتكۈزدى. كەچقۇرۇن ئۇنى سىرتتا بىرلىرى چاقىردى. ئۇ ئالدىرىماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

بۇ ــ ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قەدەملىرى ئىدى.

سەھەردە جالالىددىن ۋەلەدنىڭ ئۆيىگە ئېتىلغىنىچە كىردى.

ــ تۇر! نېمانچە ئۇخلايسەن؟ شەيخىڭنى ئىزدە! ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى يەنە بۇرنىمىزغا پۇرىمايۋاتىدۇ!

ۋەلەد ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ھەيران بولغىنىچە ئاتىسىغا تىكىلدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەيتتى.

ــ ماڭ، ئىزدە! پۈتۈن شەھەرنى قوزغات! بول، تېزرەك!

ۋەلەد ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىنىپ، ھۇجرىسىدىن يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقتى. شەمسىددىن ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. يا مەدرىسىدە، يا ئەخىيلەرنىڭ يىغىندا، ياكى مەسچىت، خانىقالاردا، ياكى كارۋان سارايلاردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەر دەرۋازىلىرىدىكى كېچىچە جېسەكتە تۇرغان ساقچىلارمۇ دەرۋازىدىن ئۇنداق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ چىقىۋالغانلىقىنى كۆرۈشمىگەن. ئىزدەش داۋامىدا مەۋلانە كۆزمۇ يۇممىدى.

«ئۇ بۇ جۇدالىقتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتتى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەتىۋا بەرگۈچى شەيخ مۇھەببەتتىن مەست بولغان شائىرنى زاھىد مەيپۇرۇشقا ئايلاندى، دېدى. لېكىن ئۇ ئۆزۈم مېيىنى ئىچىپ، ئۆزۈم مېيىنى ساتقۇچى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى نۇردىن بۆلەك نەرسىنى ئىچمەيتتى» دەپ ئەسلىگەنىدى ۋەلەد كېيىنچىرەك.

جالالىدىن يەنە ماتەم لىباسى — مەللە رەڭ ھىندى رەختىدىن تىكىلگەن يەكتەكى بىلەن مىس رەڭ قالپىقىنى كىيدى، سارغۇچ ناۋات رەڭ سەللىسىنى ئاستىنى كەڭ، ئۈستىنى ئۇچلۇق قىلىپ بېشىغا ئوردى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتتى، پۇتىغا يۇمشاق مەسىنى كىيدى. تۆت قىرلىق ئەرەب راۋابىنى، ئالتە قىرلىق قىلىپ قايتا ياساتتى: بۇ راۋابتىن تارالغان سادا، مەشرۇق ۋە مەغرۇپ، شىمال ۋە جەنۇب، پەلەك ۋە جەھەننەم، قىسقىسى شەمسى نەدە بولمىسۇن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىشى كېرەك.

بۇ ئارىلىقتا تۈرلۈك خىياللارغا سالىدىغان، بىر-بىرىدىن دەھشەتلىك خەۋەرلەر ۋەلەدنىڭ قۇلىقىغا كىرىشكە باشلىدى. بەزىدە جوھۇتلار مەھەللىسىدىكى مەيخانىدا مەيخورلۇق قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى نۆكەر شەمسىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، مىيىقىدا كۈلۈشەتتى: «قۇياش يەر تېگىگە كىردى — تۈگىدى، قايتىدىن چىقمايدۇ». بەزىدە ئالاھىددىنىڭ ئۈلپەتلىرىدىن بىرى سوراپ-سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەنلەرگە: «شامالنى جەزىرىدىن، ئابىھاياتنى قۇدۇقتىن ئىزدە» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

دەرۋەقە ئالاھىددىن ئۆزى نەدە؟ ئۇنى قەيسەرىدىن تېپىشتى. گۈندۈزى تائەت-ئىبادەت قىلىپ، كېچىسى مەي ئىچىپ، نەق ساراڭ بولۇپ، سوغۇق سۇ، قانلىق ھامام ھەققىدە دەھشەت-

لىك سۆزلەرنى بولۇشچە ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرەتتى.

ياق، ياق! بۇلا ئەمەس، ۋەلەد ئۆزىنىڭ بېشىنى قاماللىۋالغان بۇ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى.

مەدرىسىنىڭ ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ يۈرگەن ئايال سۇ ئېلىش ئۈچۈن سۇخانىغا بارماي، يېقىنىلا يەردىكى، ماللارغا يېرىش ئۈچۈن سۇ تارتىدىغان قۇدۇققا قاراپ كېتىۋېتىپ، يولدا قان داغلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

ۋەلەد كېچىسى ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈپ ۋارقىراپ كەتتى.

كېيىن ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە كېچىسى قورقۇپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىز زادىلا ئويلىمىغان ياكى ئويلاشنى خالىمىغان پىكىرلەر چۈشىمىزدە زاھىر بولىدۇ، چۈنكى مېڭە ھەر تۈرلۈك ئىشارەت، ئالامەت، غەيرىي تەبىئىي سەزگۈلەرنى بىر جايغا جەملەپ، ئۇيقۇدىمۇ ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدۇرىدۇ.

ۋەلەد ۋە ئاشۇ دەۋرلەرنىڭ ئۆزگە دىندار كىشىلىرى ئۈچۈن چۈش — غايىبىدىن ئىشارەت ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم تاكى ئۆزى ھەقىقەتنى ئېنىقلىمىغۇچە ۋەلەد چۈشكىمۇ ئىشەنمىدى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىسى ئۇ ئەڭ يېقىن ئۈچ ئادىمى بىلەن مەدرىسىدىن چىقتى. چىراغ ياقماي، ئوغرىلاردەك تىمىسقىلاپ، يېقىن ئارىدىكى قۇدۇققا يېقىنلىشىشتى. ئاي شام يانغان، قىشنىڭ سوغۇق، قارامتۇل ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى.

قۇدۇق قاپقىقى «تاق» قىلىپ ئېچىلىپ، تۆمۈر چاڭگاقلار باغلانغان ئارقان، تۈۋى يوق قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇنىڭ شالاقلىغىنى ئاڭلاندى. ئارقان تۇتقان كىشى ئۇنى نېرى - بېرى قاتتىق سىلكىشتۈردى. ئاندىن ئارقاننى تۆپىگە تارتتى. ئارقان قاتتىق تارتىلغان بولسىمۇ، يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار تۆتى بىرلىشىپ ئۇنى تارتىشقا باشلىدى. ھاسىرىشىپ خېلى ئۇزاق تارتىشتى. ئۇلار ھەربىر كۈچەپ تارتىشقىنىدا، چاڭغاقتا ئىلىشقان يۈك قۇدۇقنىڭ چەتلىرىگە «گۈپ-گۈپ» قىلىپ ئۇرۇلاتتى. ۋەلەد سەسكىنىپ كەتتى.

ئاخىر ئۇنى قۇدۇق ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىشتى. سۇدا تۇرۇپ كۆپچۈپ كەتكەن جەسەتنى دەرھاللا تونۇدى: شەمسىددىن، چاڭغاقلار كىيىمىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورۇق بىقىنىغا سانجىلىپتۇ. ۋەلەد چاڭغاق تىغلىرىنى ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارتىپ چىقاردى. قان چىقمىدى.

جەسەتنى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە ۋەلەد ئىشەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر چارىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. لېكىن مۇردىنى ھېچكىم كۆرمەسلىكى كېرەك. پەقەت ئۇنىڭ سىرىنى ساقلاشقا قەسەم قىلىشقان ئاشۇ تۆت كىشىدىن باشقىسى بىلمەسلىكى لازىم.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا «لىپ» پىدە قىلىپ بىر پىكىر كېلىپ قالدى. يېقىنلا يەردە شۇ مەدرىسىنى سالدۇرغان ئەمەلدار — بەدرىددىن گەۋھەر تاشنىڭ بوش تۇرغان، بىر نەرسە-كېرەكلىرىنى قويىدىغان ئۆيى بار ئىدى. ئۇ مەدرىسىنىڭ يېنىدا-مەقبەرىمۇ سالدۇرۇپ، ئۆزىنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. شەمسىددىن تەبرىزىنى دەرھاللا شۇ يەرگە، پەقەت ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىۋېتىش مۇمكىن ئىدى.

ئون يىلدىن كېيىن ۋەلەدنىڭ ياش رەپىقىسى پاتىمە خېنىم كېچىسى تاسادىپىي ئويغىنىپ كېتىپ، ئېرىگە قاراپلا قورقۇپ كەتتى. ھېچقاچان ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرمىگەنىدى. ئېرى ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە يىغلاپ ئولتۇراتتى. نېمە بولغاندۇ؟ ۋەلەد ئۇنىڭ جاھىل ۋە جەسۇر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

لېكىن ئۇ بۇنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ سىرنى ئۆزگىلەرگە ھەرگىز ئاشكارىلىماي قويماسلىقى قەسەم قىلىشى كېرەك ئىدى...

پاتىمە خېنىم بۇ ھەقتە يېزىم ئەسىر ھېچكىمگە لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت قېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاللىدىنىمۇ، ۋەلەدىمۇ ئاللىقاچان بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، بۇ سىرنى قەبرىگە ئېلىپ كەتكۈسى كەلمەي، ئوغلىغا ئېيتىپ بەردى... ھېلىقى ئانا قورسىقىدىلا ئۈۋاللىقا ئۇچراشقا تاس قالغان، پەقەت مەۋلانىنىڭ شاراپىتى بىلەن دۇنيا يۈزىنى كۆرگەن ئوغلىغا ئېيتتى. جاللىدىنىڭ ۋاپاتىدىن ئەللىك يىل كېيىن نەۋرىسىنىڭ «كىتابۇل ئەسرارى» شەيخ ئەھمەد ئەفلاكىي بۇ ھېكايىنى يېزىپ قالدۇردى.

شەمسىنى سىرتقا چاقىرغان قەلەندەرلەر ئەمەس ئىدى. يەتتە كىشى يېپىرىم دائىرە بولۇپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىددىنمۇ بار ئىدى. شەمسى بۇ يەردە پەيدا بولۇشى بىلەن يەتتە دانە ئۇزۇن قاساپ پىچىقى تەڭلا ئۇنىڭ بەدىنىگە تىقىلدى.

قاننى تۇلۇملاردا ئېلىپ كەلگەن سۇ بىلەن يۇيۇپ، جەسەتنى قۇدۇققا تاشلاشتى.

«شەمسىدىن تاشلانغان قۇدۇق ۋەلەدكە چۈشىدە ئايان بولغان. ئۇ جەسەتنى دوستلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئېلىپ، دەپنە قىلىشقان» دەپ ھېكايە قىلغانىدى پاتىمە خېنىم.

ئەمما شەمسىدىنىنىڭ نەگە دەپنە قىلىنغىنى يەنە يەتتە ئەسىر سىر بولۇپ قالدى.

ئارىدىن يەتتە ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتتى. ئۆتكەن زامانلارنىڭ قېلىن تاملىرىدىن بىردە ئاغرىق، بىردە قايغۇ-

ھەسرەت ئاڭلىنىدۇ: ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتتى، ئۇ بەربىر ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپ، ئۇستىخانلىرى تۇپىغا ئايلانغانىدى.

بۇ دەۋر ئىچىدە نى - نى مەشھۇر ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ قەبرىلەرگە يەم بولدى. دۇنيادا نى - نى قاتىللىقلار، جىنايەتلەر يۈز بەردى.

يەتتە دانە ئۇزۇن قاسساپ پىچىقى، قاننى تولۇملاردا كەلتۈرۈلگەن سولار بىلەن يۇيۇشلار، جەسەت تاشلانغان قۇدۇق، ئەقەدەر پەسكەشلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان دەرىجىدىكى ئەخمەقلىق!

ھەر بىر ماجىرا، ئۇنىڭ مەنىۋى ماھىيىتى تولۇق ئېچىلغاندىلا، ئاندىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

جالالىدىن رۇمى 1247 - يىلى 5 - دېكابىر كۈنى كونيادا يۈز بەرگەن بەختسىزلىك ماجىراسىنىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنى كۆپچىلىككە ئېچىپ بەردى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ ماجىرا ئۆلمەس ۋە ئەبەدىي بولۇپ قالدى.

قەتلى قىلىنغۇچىمۇ، قاتىلىنىڭ ئاتىسىمۇ بىر - بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي كامىللىقنى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان، كامالەتكە يەتكەن ئىنسانىنى كۆرۈۋەتتى. ئەمما كامالەتكە يېتىش ئىمكانىيىتى ھەر بىر ئىنساندا مەۋجۇت ئىدى.

ئاللاھىددىن شەمسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قانغا بويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىپ، نامىنى تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەر روھىيىتىدىن ئۆچۈردى.

ئېسىڭىزدە بولسۇن: «بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىك ھەممىنى

ئۆلتۇرگەنگە تەڭ. بىر ئادەمنى تىرىلدۇرگەنلىك ھەممىنى تىرىلدۇرگەنلىككە باراۋەردۇر».

جالالىدىن ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغلىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغىمۇ بارمىدى. قاتىلنىڭ نەسلى نام-نىشانسىز تۇپراق ئاستىغا كىردى. يېرىم ئەسىردىن كېيىن ئالاھىددىنىڭ ئوغلى ۋەلەدنىڭ ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىزمۇ مەۋلانىنىڭ نەسلىدىن بولىمىز، ئاتا قىلمىشى ئۈچۈن نېمىشقا ئوغلى جاۋابكار بولۇشى كېرەك؟» دېدى. ۋەلەدنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا: «سىز ئاللىبۇرۇنلا پۈتىمۇيتىلگەن شاخسىز» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ پاجىئەنىڭ سىرىدىن بىرىنچى بولۇپ خەۋەر تاپقان كىشى ۋەلەد ئىدى. بىراق ئۇ نېمىمۇ قىلالايتتى؟ قاتىللارنىڭ بىرى — ئۆز ئىنىسى ئىدى، شۇنداقلا قاتىلنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭمۇ ئاتىسى ئىدى.

«مەۋلانىنىڭ يىغا-زارى يەتتە پەلەككە يەتتى،— دەپ ئەسلەيدۇ ۋەلەد،— ئۇنىڭ پىغانۇ نالىسىنى سەغىرمۇ①، كەبىرمۇ② ئاڭلايتتى. ئۇ قولىغا چۈشكەن بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ھاپىز، مەششاقلارغا③ تارقىتىپ بېرەتتى. شېئىر ئوقۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشمىگەن كۈنى، بىر دەم ئارام يوق ئىدى. قوشاق ئوقۇپ، ئاۋازلىرى پۈتمىگەن، تىللىرى كالۋالىشىپ سۆزلەشكە مادارى قالمىغان بىرمۇ ھاپىز قالمايتتى. پۇل-پۈچەك، ئىنئام-ئېھسان دېگەنلەر ھەممىنىڭ كۆڭلىگە تەگدى. ھەددىدىن زىيادە مەيخورلۇق قىلىشقاندەك، ھەممىسلا ھارغىن ۋە مەيۈس ئىدى. مەيخورلۇق كاساپىتىدىن كېسەلمەن بولغانلار ھوشلىرىنى يىغ-

① يېتىم - يېسىرلار. ② باي، دۆلەتمەن كىشىلەر. ③ خەلق سەنئەتكارلىرى، سازەندىلەر — ت.

شىپ، سەگىۋىلىشاتتى. ئۇلار تىنىمسىز ناخشىلىرى ۋە ناللىرى، ئۇيقۇسىزلىقلىرى بىلەن ھالىدىن كېتىشكەنىدى. ھارغىنلىقتىن ئۇلار ئۆلەر ھالەتكە يېتىپ، يۈرەكلىرى كۆرۈنمەس بىر ئوتتا كۆيۈپ، كۆل بولدى. پۈتۈن شەھەر قوزغالدى. شەھەر دېگىنى نېمە! دۇنيا قوزغالدى. ھەممىلا ئادەم: ئىسلام ئەركانى، شەيخۇل ئەزم جاھان سارىڭدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈيمىش. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خالايىق ئىماندىن ئايرىلىپ، شەرىئەتنى ئۇنتۇغانمىش. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنى ئىشق - مۇھەببەتكە ئۇرغانمىش. بارلىق ھاپىزلار شېئىر ۋە ناخشا ئېيتىپ، سازەندىلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ئەگىشىپ يۈرۈيمىش. سەغىرمۇ، كەبىرمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، سۆيگۈ ھەممىلا جاينى قاپلىغانمىش. شېئىر بىلەن غەزەل تائەت - ئىبادەتنىڭ ئورنىغا دەسسىگەنمىش. نامازمۇ، نىيازمۇ توگەپتىمىش. ئىشق — ئۇلارنىڭ دىنى دىيانىتى، مەستلىك، بىھۇدىلىك — بىردىنبىر مەشغۇلاتى. شەمسى تەبرىزى بولسا، ئۇلارنىڭ شاھىنشاھى ئىدى».

جالالىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ۋەلەد بار كۈچى بىلەن قاتىللىقنى يوشۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۇنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز ئاتىسىدىن سىر تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چارىسىمۇ يوق ئىدى.

دوستىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى مىش - مىشلار جالالىدىننىڭمۇ قۇلىقىغا ئانچە - مۇنچە كىرىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ ئىشەنمەيتتى. ئىشىنىشنىمۇ خالىمايتتى.

«ئۆمرى باقىي بولدى، دەپ كىم ئېيتقان؟ شەمسۇل ئۆمىد ئۆچتى①، دەپ كىم ئېيتقان؟ قۇياشنىڭ دۈشمىنى تام تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، قۇياش پاتتى، دەپ ئويلايمىش».

① ئۆمىد قۇياشى ئۆچتى — ت.

بىرى كۇچىدا، شەمسىددىننى كۆردۈم، دەپ ئېيتىپتىكەن، شائىر تۇننى شارتتىدە يېشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغان. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بىكارغىلا قىلغانلىقىنى، ھېلىقى كىشى يالغان ئېيتقانلىقىنى باشقىلار ئۇنىڭغا دېگەندە، جالالىدىن ئۆكۈنگەن ھالدا:

— مەن ئۇنىڭغا يالغان گېپى ئۈچۈن تونۇمنى بەردىم. راست دېگەن بولسا، جېنىمنى بېرەتتىم!— دېگەن.

ۋەلەد ئاتىسى شەمسنى تېپىش ئۈچۈن دەمەشققە ئاتلانغاندىمۇ بىر نېمە دېمىدى.

ئۇ كېيىن بۇ ھەقتە مۇنداق ئەسلىمە يازغان:

«مەۋلانە شەمسىددىننى دەمەشقتىن تاپالمىدى. لېكىن دوستىنىڭ سىرلىرى ئۇنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىنى ئاي بولۇپ يورۇتتى. ئۇ: بىز جىسمانىي جەھەتتىن بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، لېكىن ئىككىمىز بىر نۇر، ئىككىمىزنىڭ چىرايىمۇ بىر. خالىساڭ ئۇنىڭغا، خالىساڭ ماڭا قارا. ھاي، تالىپلار! كەمىنە — ئۇ دېمەكتۇر، ئۇ بولسا — مەن...— دېگەنىدى. مەۋلانە دەمەشققە خۇددى قىرغاۋۇلغا ئوخشاش باردى - دە، قىران قارچۇغىدەك بولۇپ قايتىپ كەلدى».

دوستىنى ماددىي ئالەمدە يوقىتىپ قويغان جالالىدىن ئۇنى ئۆز مەنىۋى ئالىمىدە قايتا كەشىپ قىلدى.

ئەنئەنە بويىچە، شائىرلار غەزەل ئاخىرىدىكى ئاخىرقى بېيىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى مەلۇم قىلىپ پۈتۈپ قويۇشىدۇ. جالالىدىن بولسا، شەمسىددىن تەبرىزى نامىدا غەزەللەر يېزىشقا باشلىدى. غەزەللەرنى ئۇنىڭ قايتا كەشىپ قىلغان دوستى توقۇۋاتماقتا، شائىر بولسا پەقەتلا بىر كىتاب، پەقەتلا بىر ۋاستىچى، خالاس. غەزەللەر ئۇنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا تۇغۇلدى، بەس،

ئۇلار — شەمسىددىنىڭمۇ غەزەللىرى. «كەمىنە — ئۇ دېمەك، ئۇ بولسا — مەن».

شائىر شەمسنى ئىزدەپ بىر توپ دوستلىرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم دەمەشققە ئاتلانغاندىمۇ ۋەلەد ئۇنى توختاتمىغان. جالالىددىن بۇ قېتىم دوستىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالارمەن، دېگەن ئۈمىدتە ھەر بىر ئۆتكۈنچىنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈپ، كوچا، بازارلارنى كەزمىدى، شېرىكلىرىگە خانىقا ۋە مەدرىسلەر، ئايرىم تۇرار جاي، كارۋان سارايلارنى ئاختۇرۇشنى بۇيرۇمىدى. بىرنەچچە ئاي ئۈزلۈكسىز كېچە-كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگۈدەك قوشاقلار قوشۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكۈزدى. سۈيى سوغۇق، تېزرەك ئاقىدىغان بەرەدە دەرياسى بويلىرىدىكى رەۋزەتۇل ئىسلام دەپ ئاتىلىدىغان، ياپيېشىل چىمەنزارلارغا پۈركەنگەن قەدىمكى دەمەشق كونىياغا ئوخشاش، شېئىرۇ غەزەللەرگە تولدى. شەمسى مۇبادا شۇ ياقلاردا بولسا، بۇ مۇھەببەت چارلىشىغا مۇقەررەر بىرەر ئىنكاس قىلغان بولارئىدى، بەلكى كەلگەنمۇ بولارئىدى. لېكىن شەمسى كەلمىدى.

جالالىددىن يەنە كونىياغا قايتتى. بۇ قېتىم ئۇنداق جۇشقۇن، شىددەتلىك قىياپەتتە ئەمەس، يېڭى شاگىرت ۋە مۇرىتلىرىنىڭ ئارىسىدا خىيالچان، ئويچان كۆرۈنەتتى.

ئۇ دوستىنى قۇچاقلىيالمىدى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرۈشكە يەنە بىر قېتىم يېتەلمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى. لېكىن بۇ ھەقىقەت قۇياشى ئەبەدىي ئۆچتى، دېگەنلىكمىدۇ؟ «ئەگەر ئۇ مەن بولسام، مەن كىمنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنىڭ جامالى، ئۇنىڭ كامالتى — مەندە. بىر پىيالە مەيگە ئوخشاش قايناپ جۇشقۇنلىنىمەن، ھە، مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن!»

لېكىن ئۇ يەنە دەمەشققە ئاتلاندى.



www.uyghurkitap.com

قويۇپ تۇپراقى رۇمنى، بىز يەنە شەھىرى دەمەشقتەدۇرمىز،
خۇمارى زۇلپى سۇنبۇل، تەشنائى بەزمى دەمەشقتەدۇرمىز.
مەگەر شەمسۇل ھەقىقەت چېھرىسى ئۇنىڭدا نىھان بولسا،
مۇقەررەركى، غۇلامدۇرمىز، مۇلازىمى دەمەشقتەدۇرمىز.

بەلكىم شەمسىددىن ئۆز يۇرتىغا كەتكەندۇ؟
تەبرىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندۇ؟ ئۇ ئۆز دوستىنى
ئۆز كۆزى بىلەن بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا شۇ ياققـ
مۇ مېڭىشقا تەييار ئىدى. «شەمسىنىڭ ۋەسلىنى سېغىنغان
قەلبىم قۇلىقىمغا، تەبرىزگە ماڭ! تەبرىز تۇپرىقىنى تارغاق بىلەن
تارا! دەپ شىۋىرلايدۇ...»
ئاخىر بۇ قانلىق سىرنىڭ بېسىمى ئاستىدا چىدىغۇچىلىكى
قالمىغان ۋەلەد ئاتىسىغا ئۇنىڭ دوستىنىڭ بۇ يورۇق ئالەمدە
يوقلۇقى، ئۇنى ئىزدەش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيـ
تىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن سۆزلىدى،
ھەممە گەپنى بىراقلا ئوچۇق ئېيتىۋېتىش — جالالىدىننى ھا-
لاك قىلىش دېگەنلىك بولاتتى.

نىگارا نە قىلاي، باغرىڭنى كاۋاپ ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ.
يېلىندىم، كەتمىگىن، دەپ بەندى ھىجران ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ.
تېپىپ ھەر ئىشقا چارە ھەم قىلىپ ھەر دەردكە بىر دەرمان،
ئەجەب مەن بىچارە قالدىم، كۆزنى ياش ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ،
يۈزۈڭ ئاي ئەردى نۇرلۇق ھەم قۇچاقىڭ گۈلشەنى - گۈلزار.
قارا تۇپراقنى كۆزلەپ، ۋاھ خۇش سەپەر ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ.
سېنىڭ گۈزەل سۆزۈڭ نەدە، تەپەككۇر يۇلتۇزۇڭ نەدە؟
قويۇپ دوستلارنى بۇندا، دىلنى ۋەيران ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ.
نېچۇن ۋەسلىڭگە زار قىلدىڭ، پاناھ يەرنى ئىختىيار ئەتتىڭ،

كۆكۆل داغ ئىچرە قالدى، داغى ئارمان ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ؟
يىقىپ باغرىمنى شۇنچە ھەم نادامەت ئوتىغا تاشلاپ،
گويا سەن يوللىرىڭنى بەئەينى قان ئەيلىدىڭ، كەتتىڭ؟!

زامان جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ، كۆمۈرنى كۆلگە، تاشنى تۇپراققا ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن جالالىدىنىنىڭ قەلبىدىكى يارىلار مەڭگۈ ساقايمايدۇ.

ئادا بولدى بەرى، بولدى غايىب دوستۇم،
بۇنى كىم تىڭلىسۇن؟ ھەسرەت چېكەر كىم؟
جىگەرگە غەم ئوقى سانجىلدى پۈتكۈل،
سىپەر — قالقان بولدى چۆل — چۆل، ياش تۆكەر ئۇل.
ياتارمەن غەم چېكىپ تۇپراق ئارا مەن،
ئاشۇ تۇپراق كەبى غەمدىن قارامەن.
قايان كەتتىڭ، قايان، ئاھ، شەمسى تەبرىز،
مۇبارەك قەدىمىڭدىن بارمىدۇ بىر ئىز؟
ئۇ ئىدىكى ئالەم پەخرى بەشەرى،
كۆرمىدى بىراق ئۇنى ئالەم ئەھلى.
قولاقى، كۆزى بولسا گەر مۇقەررەر،
ئۇلار يىغلار ئىدى، ياق، يىغلىماس ئۇلار.
تىرىكلىك دەشتىدە گۈلشەن ئاشۇدۇر،
قولاقۇ دىللىرى روشەن ئاشۇدۇر.

ئارىدىن ئون يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىپتىسپ بىرىشى بىلەن «مەسنەۋى»نىڭ بىرىنچى كىتابىنى قەغەزگە چۈشۈرگەن «كىتابۇل ئەسرار» ھېساملىدىن نەچچە يىللىق قەدىردانلىقنى شىپى كەلتۈرۈپ، شائىردىن شەمسىددىن تارىخىنى ئالەمگە ئاشكارىلاش-

نى سورىدى. شائىر ئۇنىڭغا: «مېنى قىينىما! بۇ قانلىق ماجىرانى يادىمغا سالما! شەمسىددىن تەبرىزىدىن ئېغىز ئاچما!» دېدى.

دوستلىرى شائىردىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ھەقتە سوراشقا پېتىنىشالمىدى. ئۇنىڭ يارىسىنى تاتىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىسمىنى زادىلا تىلغا ئېلىشمىدى. شۇ سەۋەبتىن، شەمسى بىلەن جالالىدىننىڭ «مۇلاقەت» دېگەن كىتابى كۆچۈرۈلمىگەن پېتى قالدى. شائىرنىڭ دوستلىرى ۋە ئىز باسارلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە «لام» دەپ ئېغىز ئېچىشمىدى.

شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ سىرلىق يوسۇندا غايىب بولۇشى، ئۇنى قۇياشتەك، ھەقىقەتتەك باقىي دەپ بىلىدىغان بۈيۈك شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئارىدىن قانچىلىگەن زامانلار ئۆتسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ - ئۈمىد تۇغدۇرىدۇ. ئۇ گويا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى خۇددى بىر چاغدا كونيادا پەيدا بولغىنىدەك، يەنە مەۋلەۋىلەر خانىقاسى ئىشىكىدە پەيدا بولىدۇ. يېڭى مىڭ يىلنىڭ ھىدايەت ئىگىسى بولۇپ كىرىپ كېلىدۇ... دېگەن ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پەقەت ئەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كونا، كىچىك خانىقانى رېمونت قىلىش ۋاقتىدا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ قەبرىسى تېپىلدى.

ياغاچ قاپقاق، ئۇنىڭ تېگىدە — تۆۋەنگە چۈشىدىغان شوتا. ئېگىزلىكى ئادەم بويى كېلىدىغان ھەيران قالارلىق ئۆي. سول تەرەپ تام تەرەپتە ئۈستى گەج بىلەن سۇۋالغان تۆت بۇرجەك مەقبەرە.

قەبرە ئۈستىدە — سالجۇقىيلار دەۋرىدىن مىراس، ھازىر قۇرۇپ - تىنىپ كەتكەن قۇدۇق قالدۇقى بار.

ئۇنىڭ نېرىسىدا مۇنار. ئۇ خېلىلا كېيىن، ئوسمانىيلار سەلتەنىتى دەۋرىدە قۇرۇلغان. لېكىن مۇنارنىڭ تېمىغا قويۇل-

غان بىر تاشقا ئۆيۈلگان يېزىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر چاغلاردا ئۇ تاش چالالىمىن رۇمىنىڭ ئاتىسىغا تەقدىم قىلىنغان گۆھەر تاش مەدىرىسسىنىڭ مۇنارىغا قويۇلغانىكەن.

ئاجايىپ قىزغىن بىر ھاياجان قوزغالدى. بىز تەقدىرگىمۇ، مەدھىيىگىمۇ ئىشەنمەيمىز، بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىلدىن ئارتۇق بۇرۇن سوغۇق دېكابىر كېچىسى ئاشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈپ يوشۇرۇن دەپنە قىلىنغان شەمسىددىن ئاتلىق بىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەيمىز.

لېكىن بىز ئادەملەرنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىشىگە ۋە بۇ ئىنتىلىشنىڭ ئەبەدىيلىكىگە ئىشىنىمىز.

## ئالتىنچى باپ

# ئـوۋما

ھەر نەرسىنى زامان بۇزۇپ، خار ئەيلەر،
دۇنيا يىغار خەزىنىچى، بار ئەيلەر.
ئىختىيار قىلسا ئەگەر ئەسلىگە قايتىپ كەلەك،
غايىب پەردىسىدىن ھەق يەنە ئاشكار ئەيلەر.
ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا

## داپ ساداسى

جالالىدىن ھۈنەرۋەنلەر رەستىسىنى بويلاپ ئاستا، خىيالغا پاتقان ھالدا كېتىپ باراتتى. ئۇ سودىگەرلەر چاژا قۇرۇپ چاي ئىچىشىپ، خېرىدارلار بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئۈستى يېپىق لاپاسلاردىن ئۆتۈپ، ۋاپۇرۇشلار رەستىسىگە چىقتى. باھار-نىڭ دەسلەپكى قىزدۇرۇشى چۈشتىن كېيىن خېلى يانغان بول-سىمۇ، لېكىن قۇياش يەنىلا گەدەننى ئوبدانلا قىزدۇراتتى. دۇكانلارنىڭ سايىۋەنلىرىدىن تاكى يەرگىچە — كەينى ئوچۇق، تۇمشۇقى ئۈستۈن قايرىلغان، ھەرخىل بېزەلگەن، سېرىق، قىزىل، يېشىل ۋە كۆك يازلىق ئاياغلار مارجاندەك تىزىلغانىدى. قەنت-ناۋات ساتقۇچىلار باللارنى تىنىمسىز ۋارقىراپ چاقىرات-تى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا لىق ئاپىلسىن قاچىلانغان سېۋەتنى ئېشەككە ئارتىپ ماڭغان بىرى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ھامال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر دۆۋە پاخالنى يۆدۈپ، ئىككى پۈكلەنگەن پېتى كېلىۋاتاتتى. ئۇ يىراقتىن قارىغاندا خۇددى يوغان كىرپىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئادەملەر جالالىدىننى كۆرۈپ، گەپ - سۆزلىرىنى توختىتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىشەتتى. ئۇ بولسا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىيالغا پاتقىنىچە ماڭاتتى.

ئەتراپىدا قانچىلىگەن ئادەملەر! ئۇ ئۆزىنى دائىم ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا، شۇلارنىڭ بىرى دەپ بىلسىمۇ ئەمما ئۇ تولىمۇ يالغۇزلۇق ئازابىنى چېكەتتى.

ئۇ دوقمۇشقا بېرىپ قايرىلدى. دۇكانلاردا قىنغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش تاۋلىنىپ تاملاردا تىزىلىپ تۇرغان مىس لېگەنلەر، بويۇنلىرىنى قاقىرىدەك سوزغان نەپىس ئاپتۇۋۇلار، مىس ۋە تۆمۈرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ قىرىق ياشتىن ئاشتى. ئۇ پەللىگە يېتىپ، ئالەم ۋە ئادەملەرنى ئۆزىگە تارتقۇچە، ئۆمرى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇ يەنە يالغۇز، ئۇ ھەمنەپەس ئادىمىنى تاپتىم دېگۈچە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يەنە ئىزدەشكە باشلاش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنگە ئوخشايتتى.

يەردە بولسا — باھار، چۆللەرنى ئوت - چۆپلەر قاپلىدى. تېرەكلەر يوپۇرماق چىقاردى. ئەتىرگۈللەر دەسلەپكى غۇنچىلار بىلەن ياساندى.

ئۇنىڭ روھىمۇ قۇياشقا ئوخشاش، ھەممىلا تەرەپكە تارقاپسىڭىپ، ھايات بېغىشلايدۇ. ئەمما قۇياشمۇ ئۆز نۇرىنى ۋە يۈكسەكلىكىدە شۇنچە يالغۇز - تەنھا! كىم ئۇنىڭغا كۆزلىرى قاماشماي تىكىلىپ قارىيالايدۇ؟

ھەتتاكى قۇياشمۇ ئۆزىنى ئۆزى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەككە موھتاج.

ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ قانچىلىگەن ئادەملەر بار! لېكىن ئۇ-
لارنىڭ كۆڭۈل ئەينىكى تەكەببۇرلۇق پەردىسى بىلەن توسۇلغان!
ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشەمدۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆ-
رىدىغىنى — يەپ ئىچىش، بايلىق، مال - مۈلۈك كۆپەيتىش.
بايلىقنى كەلتۈرگۈچى پۇل، ئادەملەرنى مالدەك ئۇيان - بۇيان
ھەيدەشكە پۇرسەت بەرگۈچى ھاكىمىيەت. ئۇلارنىڭ قەلبى
ئۈستى - ئۈستىلەپ بۇيۇملار دۆۋىلەنگەن ئامبار، شۇلارنىڭ
ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ جانسىز، مەنىسىز بىر بۇيۇم. ئۇن-
داقتا، بۇيۇملاردىن، ئېھتىياجلاردىن ۋاز كېچىش كېرەكمۇ؟
ياق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش لازىم.
ئامبارنى كۆڭۈل تەپەككۇرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، ھەر-
بىر كېرەكلىك نەرسە ئۆز مەنىسىگە ئىگە بولسۇن، ئۇ ئىنسان-
نىڭ بىردىنبىر روھى ئارقىلىق باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر
بىلەن باغلانسۇن.

ئۇنداقتا، روھ دېگەن نېمە؟ ئۇ ئەقىلمۇ، كۆڭۈلمۇ ئەمەس...
بەلكى، ئۇ بىرلىكنى ئالاھىدىلىككە قوشۇش، ئالاھىدىلىكنى
بىرلىكتە كۆرۈش ئىشتىياقىدۇر. بەلكى، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئالەمنى
بىلىپ، دائىم چوڭقۇر ۋە ئالغا بېسىش، يېڭى - يېڭى مۆھىت-
لارنى ئىگىلەپ، پۈتۈن تاشقى، زاھىرىي ئالەمنى ئۆز ئىچكى
ئالىمىگە ئايلاندۇرۇش، ئۆز ئىچكى، باتىنى ئالەمنى تاشقى
ئالەم بىلەن قوشۇپ، بىر پۈتۈن قىلىش خاھىشىدۇر!

روھىيەتتىن مەھرۇم ئادەم ئۈچۈن ئالەم — مەنىسىز ۋە
خىلمۇ خىل نەرسىلەر تولغان ئامبار. پەقەت ئىنسان مەنى-
ۋىلىكى پۈتۈن كائىناتنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە ئايلاندۇرالايدۇ...

ھەربىر قىياق - مايسىدا، ھەربىر ساماۋى سەييارىدە،
دەسلەپ ئويغانغان پىكىر، ئانا قورسىقىدا مىدىرلىغان بوۋاقتا

ئومۇمىي بىر ماھىيەتنى كۆرۈپ، ئۇنى بار ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلمىشنى بىلىش كېرەك.

ئىنسان روھىيىتىنىڭ بۇلىقى ئەمىرۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەس، سارايلار ۋە ھەشەمەتلىك ئايۋانلارنىڭ سەھنىسىدە ئەمەس، مەنىۋى تەرەپتە — بېشى موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي، ئۇيقۇ ۋە تاماقتا تويىماي، ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئۆزىنى باشقىلارغا بەخشەندە قىلغۇچى، بولىقىسىنىڭ ھەربىر سوقۇلۇشى ۋە يىگىنىسىنىڭ ھەربىر سانجىلىشى بىلەن جانسىز ئەشيالار — نەرسە — كېرەككلەرگە جان كىرگۈزۈپ، ئۆز روھىغا لىباس كىيدۈرگۈچى ئادەملەرنىڭ مۇھىتىدا، ئۇلارنىڭ مېھنىتىدىدۇر.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا نەپىس، ئاھاڭدار سادا ئۇرۇلدى. بولقىلار يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا ئوخشاش بەزىدە قاتتىق، بەزىدە بوش توكۇلداپ ئاۋاز چىقىراتتى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇلۇشى خىلىلا تېزلىشىپ، بەزىدە تاسادىپىي جىمىپ قېلىپ، قايتىدىن يەنە باشلىناتتى. مانا شۇ يېقىملىق، ئاھاڭدار سادا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى ئېرىتتى، دوست — ھەمدەملىك بىر مەھەل ئويغىنىپ، پۈتۈن تېنىگە تارقىدى ۋە بارلىق ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى.

ئۇ بىرئاز توختاپ قۇلاق سالدى. بىر قولى يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بىر قەدەم ئالغا چامدىدى. بېشىنى ئوڭ مۇرىسى تەرەپكە قىڭغايتىپ، ئاۋۋال ئاستا، كېيىن ئىتتىك — ئىتتىك پىرقىراپ، چاڭ — توزان باسقان، ئادەملەر مىژىلدىغان كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

ئايا ياپراق، نىچۈك بۇنداق قۇتۇلدۇڭ بەندى زىنداندىن؟
ئايان ئەتكىن، ئايان، بىزمۇ قۇتۇلساق بىر يولى ئاندىن!

ئايا سەرۋى، ئاتاقلىقدۇرسەن، سىرىڭنى سۆزلە ئىنسانغا،
ئايان ئەتكىن، بىزمۇ بويى سوزايلى قەھرى ئاسمانغا!...

بازار ئەھلى دەرھال نېرى-بېرى قىلىشىپ، ئوتتۇرىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن شائىرغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى.

ئىشىككە ئەڭ يېقىن ئولتۇرغان خەلپە قولىدىكى كىچىككىنە بولقىسى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن جالالىدىنغا كۆزى چۈشتى.

باشقا شاگىرتلىرى ئىش بىلەن بولۇپ، ھېچ نەرسىنى سەزمىدى. ئۇستا ئۇلارنىڭ بولقىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز شائىرغا زوق بېغىشلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى...

سالاھىددىننىڭ يۈزىگە ئاستا-ئاستا تەبەسسۇم يۈگۈردى. ئۇ خەلپىگە ئىشارەت قىلدى-دە، بولقىسىنى قولىغا ئېلىپ، زىننەت ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان نېپىز تىللا يوپۇرماقلارغا بىر تەكشى ئۇرۇشقا باشلىدى. شاگىرتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، يەنە توكۇلدىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەزەر كۆزى خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، شېئىر ئوقۇۋاتقان شائىرغا ئىختىيارسىز تارتىلاتتى. بولقىلار ئېگىز-پەس ئۇرۇلاتتى. ئەسلىدە ئۇستىمۇ بولقىسىنى ئوتتۇر كەلگەن يەرگە ئۇرۇۋاتاتتى.

ئۇستىغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ شاگىرتلار ئىشىنى توختاتتى.

— ئۇرۇڭلار! قاتتىقراق ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى سالاھىددىن ئۇلارغا.

بولقىلار يەنە توكۇلداشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاھاڭى تېزلىشىپ، تېخىمۇ جاراڭلىق تۈس ئالدى. جالالىدىن دۇكان ئالدىدا تېخىمۇ جىددىيلىشىپ پىرقىرايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايا غۇنچە قىزىل قانلا، ئارا ئۆزۈڭنى تەرك ئەتتىڭ،
ئايان ئەتكىن، قانداق سۆيگۈ ئۇ، ئۆزۈڭنى تەرك ئەتكەن!...

سالاھىددىن ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شاگىرتلىرىغا:

— ئورۇڭلار! توختىماي ئورۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.
ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ پىرقىراشقا باشلىدى. ئاھاڭمۇ بىر، سۆزىمۇ بىر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ، ئالەم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندى.
لېكىن سالاھىددىن قېرىپ قالغاچقا، ھاسىراپ توختاپ قالدى، شائىردىن ئۆزىنىڭ جىسمانى تۆپەيلى تەزىم قىلىپ ئۆزرە سورىدى.
شائىر دوستىنى قۇچاقلاپ سۆيدى، ئۆزى يەنە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

بار ئىدى بۇندا بىر زەرگەر دۇكانى،
كۆز ئاچتى بۇلاقتەك مېھرى جاھانى.
ئەجەب مەنىسى يۈكسەك، چىرايى پاك،
ئارزۇم ئاشقاچ ئەمەلگە، غەرق مەستمەن، ياقام چاك.

شۇ كەچلىكى سالاھىددىن دۇكىنىنى شۇ بويىچىلا بىرىگە ئىنئام قىلىۋېتىپ، شائىر بىلەن بىرگە كەتتى ۋە تاكى ئۆلگۈچە شائىردىن ئايرىلمىدى.

يەنە ئول ئاي سەما سەھنىسىگە بالقىپ ـ پارقىراپ كەلدى،
ئەگەر شىددەتتە تۇركتۇر، كۆركى — سۇرەتتە ئەرەب كەلدى.
لىباسى ئاجايىپ — ئول يار، قىزىل كوزىدا ـ ئۇل مەي،
يەنە بىزگە ئاشۇ مەستۇر خۇمار، ئەيشۇ تەرەپ كەلدى.

كېتىپ تۈن، كەلدى تاڭ، نەلەردەسىز، ئەي مەردى مەيدانلار،
يانا ئۇل شامچىراغ، ئۇل شەمئى ئەسرار پارقىراپ كەلدى.
قۇچاقلاپ يۈرمەيدۇ جانلار، بۇ گەپكە مەن ئىشەنمەسمەن،
بارچە تامچە ئاقار ئۇمانغا①، شۇ سۆزدىن شاراب كەلدى...

شۇنداق قىلىپ، شائىر زەرگەر سالاھىددىننىڭ ئەينىكىدە شەمسىنىڭ سۈرىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى.

پىرى سەئىد سىردانىغا ئوخشاش، سالاھىددىن تەقۋادارلىقنى چېكىدگە يەتكۈزدى. پۈتۈن تەرىقەت يولىنى تولۇق قىلمىغۇچە ھەپتە، ئايلارنى تائەت - ئىبادەت، روزا - نىياز بىلەن يالغۇز - تەنھالىقتا ئۆتكۈزدى.

لېكىن سەئىددەك جىددىي، ئەسەبىي ئەمەس، تەبىئىي ۋە خاتىرجەم ئىدى.

ۋەلەد بۇ ھەقتە: «سالاھىددىندا شەمسىنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەچكە، ئاتام دوستلىرىغا: «مېنى قويۇڭلار، شەيخلىق مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. بۇندىن كېيىن سالاھىددىننىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىقتىدا قىلىپ، شۇنىڭغا ئەگىشىڭلار» دېگەنىدى. مەن ئاتامنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئۇ ماڭا: سالاھىددىننىڭ چىرايىغا قارا. ئۇنىڭدا ھەقىقەت سۇلتانىنى كۆرۈشكە غەيرەت قىلغىن. روھىيەت پادىشاھى، ئورنى ۋە چېكى يوق، مۈلكى — مەملىكەت ھۆكۈمدارى — مانا، شۇ سالاھىددىندۇر... بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ شۇنىڭغا تەسلىم بولغايسەن، دېگەنىدى» دەيدۇ.

جالالىدىن ئارتۇق ۋەز ئېيتىشنى خالىمايتتى. ئەمما سالاھىددىننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ ئاخىرقىسى دەپ، يەنە بىر قېتىم مەسچىت مۇنبىرىگە چىقتى.

ئۇ سالاھىددىننىڭ قېشىدا شەمسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماس-

① دېڭىز — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقىنى ئىستەيتتى. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق، — دەيتتى شائىر، — لېكىن ئارىغلار قەلبىمۇ رەشك تۇماندىن خالىي بولمىغاي».

ھەقىقىي روھىي ئۇلۇغلۇقنىڭ نېمىلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىلمىگەن مۇرتلارنىڭ ئىچىنى قانچىلىك رەشك - ھەسەت تاتىلاۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. ئۇلار شەمسىنىڭ غايىب بولغىنىغا خۇش بولۇشۇپ، بۈگۈن - ئەتىگىچە شائىرمۇ بېسىلىپ قالار ۋە ھەممە نەرسە ئاۋۋالقى ئىزىغا چۈشەر، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى. شائىرنىڭ سالاھىددىن بىلەن دوستلۇقى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىمۇ يوققا چىقاردى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سالاھىددىن دېھقان بالىسى، شۇلارغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاددىي بىر ھۈنەرۋەن ئىدى. باشقىلارغا ئوخشاش تاماق يەيدىغان، كېچىسى ئۇخلاپ، كۈندۈزى ئىشلەيدىغان، تىرىكچىلىكى ھەر كۈنى، ھەر سائەت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتىدىغان، ئاددىي كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئاۋام پەقەت ئۇلۇغ ئىنسانلاردا ئۆزىگە ئوخشاش جەھەتلىرىنىلا كۆرىدۇ، ئوخشىمايدىغان جەھەتلىرىنى تەن ئېلىشنى خالىمايدۇ، قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئۆز يۇرتۇڭدا پەيغەمبەر يوق» دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ، ئۇلۇغ ئەمەس، لېكىن ئۇلۇغلۇقنى دەۋا قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئۆز ئىللەتلىرىدىن دەبدەبىلىك مۇراسىملار، قاراۋۇللارنىڭ قىلىچلىرى بىلەن ساراي — قورغانلىرى، قوپال نۆتۈقلار ۋە كاناي قىرىشلار بىلەن تولغان جىددىيلىكلەر ئارقىلىق ئاجرىتىشامدىكىن؟

مۇرىت ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە غەيۋەت، ئىغۋا باشلاندى. بىرىدىن قۇتۇلۇپ، باشقىسىغا تۇتۇلدۇق، بىزنى يەنە تەۋرەتكىلى تۇردى. ھېلىقى شەمسىدىن قانداقلا بولمىسۇن بىر

ئۇ تارقاتقۇچى ئىدى، بۇ سالاھىددىن بولسا — كىچىككىنە يالتىرىغان بىر ئۇچقۇن. شەمسىددىن سۆز ۋە قەلەم ئىگىسى ئىدى، ئالىي ھىممەت ۋە ئەللامە ئىدى. ئۇنىڭ شەيخىمىزغا دوست بولۇشى دۇرۇس ئىدى!

بەزىدە تىرىكلەرنى پەسكە چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئۆلۈكلەر ئاجايىپ ماختىلىدۇ!

«قانداقلا بولمىسۇن، شەمسىددىن نازاكەتلىك بىر تەبرىزلىك ئىدى، — دېيىشەتتى ئۇلار، — ئۇ بىز كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىدىغان بۇ سالاھىددىنىدەك قوپال كونىيالىق ئەمەس ئىدى. بۇ سالاھىددىن يا ئوقالمايدىغان، يا يازالمايدىغان، ياكى ئىككى ئېغىز سۆزنى بىر-بىرىگە باغلىيالمايدىغان، ئۇۋۋاللىق نېمە، ساۋاپلىق نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر نېمە، بۇ قانداق قىلىپ بېشىمىزغا چىقىۋالدى؟ ئەتىدىن - كەچكىچە دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ، بولقىسىنى توكۇلداتاتتى، قوشنىلىرىغا ئاراملىق بەرمەيتتى. ئانچە - مۇنچە ئەپلەپ - سەپلەپ دۇئايى - فاتىھە ئوقۇيالىسىمۇ كاشكى، سوئال سورىساڭ قېچىرغا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق ئۇلۇغ ئالىم بولغان مەۋلانىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندۇ؟ دېيىشەتتى» دەپ ئەسلەيدۇ ۋەلەد.

سالاھىددىن ھەقىقەتەنمۇ ساۋاتسىز ئىدى. ئوقۇش ماھارىتى پىكىر قىلىش ماھارىتىنى باسالمىغىنىدەك، سۆز راتسىئونال — مەنتىقىي تەپەككۇر ھەققىدە ئەمەس، ھېسسىي ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەققىدە، يەنى «كۆڭۈلدە جۇش ئۇرغان ئىدراك» ئۈستىدە كېتىۋاتقاچقا، ساۋاتسىزلىق - ئەقىلسىزلىك، دېگەن گەپ ئەمەس.

سالاھىددىن خەلق ئارىسىدىن چىققان، خەلقنىڭ ساغلام زېھنى، ئۆتكۈر ھەقىقەت سەزگۈ سىخىمىنى ئۆزىدە جەملىگەنىدى. باشقىلار يىللار بويى جاپالىق ئەمگىكى

www.uyghurkitap.com

هېسابىغا ئۆزلەشتۈرگەن نەرسىنى ئۇ بىردەمدىلا تاللىۋالالايتتى. ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئۇستازلاردىن — سەئىد، شەمسى ۋە ئاخىردا جالالىدىننىڭ ئۆزى دەرس بېرىشكەنىدى. زەرگەر بىر قېتىم جالالىدىنغا: «ئۆزۈمدىكى نۇر مەنبەلىرىدىن ئۆزۈم خەۋەرسىز ئىدىم. سەن ئۇ مەنبە بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچتىڭ. پۈۋلەپ، يالقۇنجاتتىڭ» دېگەنىدى.

ئاۋام — ساۋاتسىز ئۇستا سالاھىددىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق غەنىملىرى① ئاۋام ئىدى.

سالاھىددىن ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش ئارقىلىق ئۆزىدە شۇنداق ئىرادە كۈچىنى تەربىيىلىدىكى، ئۇ ھەتتا ئۇستازلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە ئۆز تەسىرىنى خېلى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرەلىدى. ئۇ توغرۇلۇق ۋەلەد: «ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن ئۇ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئارىغلار يىللار بويى ئىزدىگەن نەرسىنى ئۇ بىر دەمدىلا بېرەلەيتتى. لەۋ ۋە تىلسىز سىرلارنى ئاچتى. بىر ھەرپ، ھەتتاكى بىر سۆزمۇ ئىشلەتمەي، ماھىيەت گۆھىرىنىڭ مېغىزىنى چاقاتتى. ئۇنىڭ نۇتقى دىلىدىن چىقىپ يەنە بىر دىلغا سىڭەتتى» دەپ يازغانىدى.

ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق كىشىسى بولغان جالالىدىننىڭ بار - يوق كۈچى ھافىزە ② قۇۋۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەييارغا ھەييار ئىلىمخورلاردىن ھەزەر قىلاتتى. سالاھىددىن ھەقىقەتنى باشقىلارنىڭ بىساتىدىن ئىزدىمەيتتى. ئۆلۈك تىللاغا جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تاپاتتى. شائىر ئىشىنەتتىكى، ئۆزىدىكى ئازغىنا كەمتەرىن ھەقىقەتنى تاپالىغان كىشى، ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىمۇ تاپالايدۇ. دېھقان بالىسى، زەرگەر سالا-

① غەنىم — دۈشمەن — ت.

② ئىنسانىنىڭ بىرەر پىكىر، چۈشەنچە ياكى خاتىرىنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى — ت.

ھىددىن غايىلەرنىڭ سۈرىتى ياكى ھەرپىنى ئەمەس، روھىنى بىلىۋالاتتى. جالالىدىننىڭ يېڭى ئېتىقادى بولغان ئىنسانغا مۇھەببەت، ئەمگەككە ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشنى چوڭقۇر قەلبىدىن ھېس قىلاتتى. جالالىدىن بولسا، بىر چاغلاردا شەمسىنىڭ ئەينىكىگە قارىغاندەك، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە تەلمۈرۈپ، ئۇن يىل داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئەمەلىيەتكە سېلىشتۇراتتى.

بىر قېتىم شائىر دوستلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە «خۇم» دېگەن سۆزنى «خۇنب» دەپ ئىشلەتتى. سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى ئۇنى تۈزەتمەكچى بولدى. شائىر ئۇنىڭغا: «مەن بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، لېكىن شەيخ سالاھىددىن شۇنداق تەلەپپۇز قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشمىكىمىز پەرزى ئەيىندۇر. ئۇنىڭ دېگىنى چىن» دەپ جاۋاب بەردى.

نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر غەپلەت باسىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ غاپىللىقتا قېلىش شارائىتىغا قاراپ ئۇنى بەزىدە ئىللەت، بەزىدە پەزىلەت دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىللەت — غاپىل بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممە نەرسىدىن سەگەك تۇرىمەن دەپ بىلگۈچى ۋە شۇ ۋەجىدىن، ئۆزىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ئۆزىگە ئەرك بەرگۈچى غاپىللىقتۇر.

بەگ ۋە ئەمەلدارلار ئۈچۈن سالاھىددىن شەمسىددىندىنمۇ خەۋپلىك ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىلىرىگە تەۋە، شۇڭلاشقا جالالىدىننىڭ سۆزلىگەن ۋەزلىرى ئاشۇلارنىڭ دىلىنى بەند قىلىپ، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغان نەپرەت بىلەن قورقۇنچ شائىرغا سادىق دەرۋىش ۋە مۇرىتلارنىڭ يېنىپ تۇرغان «ياخشى رەشك» ئوتىغا ماي قۇياتتى.

ئەمما ئېنىق كۆرمەي تۇرۇپ، ھېچقانداق مۇھەببەتمۇ

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. شائىر شەمسىددىننى قوۋۋەتلىگەن ھالدا: «ھەقىقەت ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەيتتى.

يەنە پىتنە ـ ئىغۋا ـــ قاتىللىقنى مەقسەت قىلغان ئىغۋا تارقىتىشتى. بۇ قېتىم زەرگەر سالاھىددىننى ئۆلتۈرۈشمەكچىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىللەت ۋە ئەيىبدار بولۇپ كۆرۈنگىنى ئۇنىڭ يۇقىرالىقى ـــ ئەسلىدە سالاھىددىننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدى. بۇنداق كۈچكە شەمسىددىن تەبرىزىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى.

پىتنىچىلەردىن بىرى توۋا قىلىپ، ھەممە گەپنى جالالىددىنغا يەتكۈزدى. شائىر قورقۇپ كېتىپ، دوستىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. سالاھىددىننىڭ قەتئىيەت ئۇرغۇپ تۇرغان، خاتىرجەم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ـــ تەشۋىشلەنمەڭ! مېنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ!

شۇ كۈنى ئۇ مەدرىسىگە ھەممىنى ـــ دوستلىرىنىمۇ، دۈشمەنلىرىنىمۇ توپلىدى. كەلگەنلەرنى ئالدىرىماي كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ـــ بىلىمەن، بەزىلەر مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، چۈنكى، مەۋلانىنىڭ مېنى يارىتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن. لېكىن بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن پەقەت ئادەتتىكى ئەكس ئەتتۈرگۈچى بىر ئەينەك، مەۋلانە ماڭا قاراپ ئۆز ئەمەلىيىتىنى كۆرىدۇ...

رىۋايەتكە قارىغاندا بۇ سۆزلەر شۇنداق قەتئىيەت بىلەن ئېيتىلغانكى، پىتنىچىلەر توۋا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، گويا بوغما يىلاننىڭ ئالدىدىكى توشقاندەك تىپىرلاپ قېلىشقان.

ئەمما گەپ پەقەت ئىرادە ۋە تەسىر كۈچىدە ئەمەس، بۇنداق سۈپەتلەرگە شەمسىددىن تەبرىزىمۇ ئىگە ئىدى. لېكىن شەمسى كونىيادا مۇساپىر ـ باشقا يۇرتلۇق ئىدى. ئۇنىڭدا سۆز

ۋە يالىڭاچ غايىلا بار ئىدى. سالاھىددىننىڭ كەينىدە كونىيا شەھىرىنىڭ، شۇنداقلا، پۈتۈن سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ ئەخىيلەر جامائىتىگە ئۇيۇشقان ھۈنەرۋەنلىرى تۇرۇشاتتى.

كۇساتاغ يېنىدىكى جەڭدە شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، سۇلتانلار ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى يىلدىن - يىلغا نەپسى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان چىڭگىز قوشۇنىنىڭ ئەمەل-دارلىرى ئۈچۈن باج - سېلىق يىغىش بىلەن بولۇپ كېتىشتى. ئەمما باج - سېلىقلار نەدىن ئېلىنىدۇ؟

يەر ئىگىلىرى، ئەمەلدار ۋە بەگلەر ئەبگارلاشقان، ئۇلار-نىڭ مال - مۈلكى ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە دېھ-قانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانىدى. پەقەت ھۈنەرۋەنلەرنىڭلا قولىدا ئاز - تولا مال - مۈلۈك، سەرمايە بار ئىدى. ئۇلارسىز يەر ئىگىلىرىدىن باج - سېلىق يىغىۋېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خەلقنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا زۆرۈر بولغان كىچىككىنە قوغداش قوشۇنىنى ساقلاپ تۇرۇشقا قۇربى يېتىشمەيتتى.

ئەخىيلەر ئۇيۇشمىسى پەقەت ھۈنەرۋەنلەر جامەسى بو-لۇپ قالماي، ياۋروپادىكى ئوتتۇرا ئەسىر رىتسارلىق ئوردېنىنى ئەسلىتىدىغان دىنىي — جەڭگىۋار بۇرادەرلىك دېيىشكىمۇ بو-لاتتى. ئۇنىڭغا ئەزا بولغان خەلپىلەر① قىلىچ تاقاپ يۈرۈشەتتى. ھەقىقىي جەڭچىلەردەك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا، قورال ئىشلىتىش-نى بىلەتتى. ياش ئەخىيلەردىن ئىبارەت جەڭگىۋار گۇرۇپپىلار شەھەر مۇداپىئەسىگە قاتنىشاتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ-لار مەملىكەت ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن ھەربىي كۈچ-كە ئايلانغانىدى.

پىتنىخور دەرۋىشلەرلا ئەمەس، ياللانما نۆكەرلەرگە ئىگە

① بۇ يەردە ئىز باسارلار، قورۇقچىلار مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن —ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلارمۇ ئەخمىلەردىن چۆچۈشەتتى. ئەلۋەتتە بۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. ئەرەب سەيياھىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ غەلىبىسىدىن بىرقانچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان نائىبلىرى بولمىغان جايلاردا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەخمىلەر ئۈستىگە ئالغان. ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ قارارى بىلەن ئەخمى - جەڭچىلەر كۆڭلىگە ياقمىغان زېمىندارلار، زالىم ۋە مۇستەبىتلەرنى سادىق مۇلازىملىرى بىلەن قوشۇپ قەتلى قىلىشقان.

ۋەزىر ئەزەم پەرۋانىنىڭ ئۆزىمۇ ئەخمىلەر كۈچىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ھۈنەرۋەنلەر جامائەتنى بىزدىن باج - سېلىقلارنى ئارتۇق ئېلىۋاتىدۇ، دەپ شىكايەت قىلىشقاندا، شائىر ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن پەرۋانە بۇيرۇقنى بىكار قىلغانىدى. شائىر ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ھەقىقىي ئەمەلىي سۆزنى قىلغاندا، پەرۋانە ئۇنىڭ ئالدىدا جىم تۇرۇپ سۆزنى ئاڭلىغان، شائىردىن مەسلىھەت سورىغان، چۈنكى ئۇلۇغ شائىرغا يېقىنلىشىش بىلەن ئۇ ئەخمى بۇرادەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر جامائىتىنى ئۆز تەرىپىگە تارتماقچى بولاتتى.

زەرگەر سالاھىددىن ۋە كېيىنچەرەك ئەخمىلەر ئاقساقىلى ھېسامىتدىن بىلەن دوستلىشىش شائىرغا ھەقىقەتەنمۇ زور تايانچ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدە پۈتۈن-سۈرۈك خەلق تۇراتتى.

ئەركانى دۆلەت — ۋەزىرۇ ۋۇزۇرا، ئەمەلدار ۋە بەگلەر شائىرنى زىيارەت قىلىشقا كېلەتتى، ئۇنى زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ شاگىرت ۋە دوستلىرىمۇ تۈرلۈك تائىپە - تەبىقىلەردىن: سودىگەر ھاجى ئەمىر، يىپەكپۇرۇش ئەخمى ئەھمەد، پاختىچى نەسىرىددىن كەتانى، دېھقان ئەلى مۇھەممەدلەرگە ئوخشاش كىشىلەر ئىدى.

لېكىن كۆپ سانلىق دوستلىرى ھۈنەرۋەنلەر: سابىق قۇل سىريانۇس، ساتىراش چۇپان دېللەك، ئۇستا ياغاچچى بەدىردىن، ھاپىزلاردىن ئوسمان شىرىپىدىن ۋە كامال كەۋۋەل، نەيچى ھەمزە، راۋابچى ئەبۇبەكرى، رەسسام بەدىردىن ياۋاش، سۈرەتچى يۇنانلىق ئەيسى - ئۇد - دەۋلە، ئەرمەنلىك ئۇستا كەلايان، مىمار بەدىردىن تەبرىزى، ھاممامچى ئەخىي نەتۇر، پايتەخت ئەخىيلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئەھمەد شاھ، مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار، يۇنانلار، ئىرانلىقلار، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر ئىدى.

شائىر مەدرىسىدە ئۇلار بىلەن سۆھبەت - مۇزاكىرىلەر قىلاتتى. ئاشۇلارنىڭ يار - يۆلىكىدە يىراق - يىراق جايلارغا سەيلە - ساياھەت قىلاتتى. سىللادىكى پراۋۋسلاۋلارنىڭ دانىشمەنى ئەپلاتۇن موناستىرىدا ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى. كونيانىڭ باغلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرىدا ئۇسسۇل ئويناپ، شېئىرلار ئوقۇيتتى. ئاشۇلار — ھۈنەرۋەن ۋە سودىگەرلەر، دېھقانلار ۋە سابىق قۇللار، ئەخىي بۇرادەرلەر ۋە ئەخىي جەڭچىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يېزىپ، يادلاپ، ئەل ئىچىگە تارقىتىشاتتى. شۇلار شائىرنى ئۆلىمالارنىڭ ھەسەتلىرى، ئەمەلدار ۋە يەر ئىگىلىرىنىڭ نەپرەتلىرىدىن ساقلايتتى.

بۇ نەپرەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇدرەتلىك ۋەزىر، سۇلتان نائىبى ساھىب ئاتا ئۆز مۇرىتلىرىغا: «مەۋلانە ئۇلۇغ زات. لېكىن ئۇنى ئاۋام ئارىغا ئېلىۋالغان. ئۇنى مۇرىتلىرىدىن ئاجرىتىپ، ھېلىقىلارنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىش لازىم»دېگەن.

بۇ گەپنى شائىر ئاڭلاپ، ئۇمۇ سالاھىددىنغا ئوخشاش، پېشانىمۇ بۇزماي، كۈلۈپلا قويىدى:

— مەيلى قوللىرىدىن كەلسە، بىلگىنىنى قىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەمي ئادەملەرنىڭ ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتى، ئۇلارنىڭ ۋەرگەر سالاھىددىننىڭ سىماسىدا ئەكس ئەتكەن مەنىۋى يۈكسەكلىكى ئاستا ـ ئاستا شائىرنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرىتىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، جىددىيلىكىنى پەسەيتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۇلۇغۋار تەمكىنلىك يولىنى تۇتتى. چۈنكى ئەمدى روھىي ئۇيغۇنلۇقتا ئېرىشكەن، ھەربىر ئەمەلى — پىكرىگە، ھەربىر سۆزى — كۆڭۈل رايىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇ:

«ئەبەدىيەت سۈيىدىن ئىچىپ، ئەبەدىي ئۇيقۇغا چۆكمىدۇق. بىز زاماننىڭ جېنى ـ دىلى، بەلكى بايرىقىدۇرمىز»، دېگەنىدى.

خەلق ئۇنى پەقەت ئەقلى، ئىدراكى بىلەنلا ئەمەس، قەلبى بىلەن قوبۇل قىلدى، ياخشى كۆردى. بۇ ھال شائىرنىڭ ھەقلىقىگە، ئۆز ئېتىقادىنىڭ ھەققانىيلىقىغا ئىشەنچ ـ ئۈمىدىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

## سۆز

سالاھىددىن بىلەن دوست بولۇپ يۈرگەن يىللىرى، شائىر ئۆمرىنىڭ ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ تېخى كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار ئىدى، يەنە كېلىپ تازا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئەتراپىدا دوستلىرى، مەسلەكداشلىرى يېتەرلىك ئىدى.

ئۆلتۇرۇپ قۇدۇققا تاشلانغان تەڭدىشى يوق شەمسى ئۇنىڭ ئۆزىدە، زەرگەر سالاھىددىندا ۋە مەسلەكداشلىرىنىڭ پىكىر پائالىيىتىدە ياشايتتى.

دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى — ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىندان. جالالىدىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى: قېتىپ قالغان قانۇن ـ قائىدىلەر، رەسىم ـ يوسۇنلاردىن قۇتۇل-

دى. ئۇ: «مەن دەستارنى يەشتىم، تائەت ـ ئىبادەتلەر چىنىمغا
تەگدى» دەپ ئېيتقاندى.

ھەممە مۇسۇلمان ئەنئەنىلىرىگە زىت بولغان ھالدا، ئۇ-
نىڭ ئىزداشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئايالالارمۇ پەيدا بولدى. چۈنكى
مۇھەببەت تەلقىنى، ئىنسان قەلبىنى ئۇلۇغلاش غايىلىرى خو-
تۇن ـ قىزلارنى چەتلەپ ئۆتەلمەيتتى.

كېيىنكى سالنامىچىلار تەقۋادارلىق ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ
نامىلىرىنى تىلغا ئېلىشمايدۇ. ئەمما ئايرىملىرىنىڭ
تەخەللۇسلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇلاردىن بىرى ــ سازەندە ۋە ناخشىچى، مۇخلىسلىرىنىڭ ئىنئام-
ئېھسانى بىلەن بېيىغان، گۈزەللىكى تۈپەيلىدىن تاۋۇس دەپ
ئاتالغان ئايال ئىدى. ئۇ ھەممە ئايال خىزمەتچىلىرىنى تارقىتى-
ۋېتىپ، شائىرنىڭ مەسلەكداش ـ ئىشدىشىغا ئايلانغان.

جالالىدىننىڭ دوستلىرى ئۇيۇشتۇرغان سورۇنلارغا ئەرلەر
بىلەن تەڭ قاتنىشىدىغان باشقا بىر ئايالنى فەخرىنىسا دەپ ئاتى-
شاتتى.

شائىرنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان بىر ئايال تاقەت
شەھىرىدىكى دەرۋىشلەر خانىقاسىنىڭ مۆتىۋەللىسى ئىدى.

شائىرنىڭ ئەمىر ۋە ئەمەلدارلار بىلەن خۇشى يوق ئىدى.
لېكىن ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئىشتا بىللە بولۇشنى ياخشى
كۆرەتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئەرلىرىگە ئوخشاش ھاكىمى-
يەت ۋە ئاچكۆزلۈك تەسىرىدىن تاشتەك قېتىپ كەتمىگەنىدى.
ئەمەلدار ئەمىنىدىن مىكائىلنىڭ ئايالى كەچلىرى ئاياللارنى يى-
غىپ، ئاياللار سورۇنلىرىنى تۈزۈپ، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى
ئوقۇشاتتى. ئۇنىڭغا گۈللەر تەقدىم قىلىشىپ، گۈلاپ① سېپىشەت-
تى. ئاشۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا سۇلتان غىياسىددىن بىلەن گۈر-

① ئەتىر، خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق ــ ت.

جىستان مەلىكىسى تامارانىڭ قىزى، ۋەزىر ئەزدەم پەرۋانىنىڭ ئايالى گۈمىج خېنىممۇ بار ئىدى. ئۇنى گۈرجى① دەپ ئاتىشاتتى.

گۈرجى خېنىم ئىبرىنىڭ قېشىغا — دۆلەتىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى قەيسەرىگە مېڭىش ئالدىدا جالالىدىنىنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى بۇيرۇدى: «مۇبادا ئايرىلىش پىراقى مېنى تاقەتسىزلەندۈرسە، ئۇنىڭ چىرايىنى بولسىمۇ كۆرۈپ تۇراي» دېگەنىكەن ئۇ.

مەلىكە بۇ ئىشنى كونستانتىنوپولدا تەلىم ئالغان قابىلىيەتلىك رەسسام ئەيىن-ئۇل-دەۋلەگە تاپشۇرغان.

رەسسام ئۇزۇن مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئاخىر، ئىسلام دىنىدا ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرىنى سىزىشنى مەنئى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچىلىك بىرنەچچە ياردەمچىلىرى بىلەن ئۇدۇل مەدرىسكە، جالالىدىنىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ سۆزلەشكە تەمشىلىشىگە، شائىر ئۇنىڭ نىيىتىنى بايقىۋېلىپ:

— مەيلى، قولۇڭدىن كەلسە، سىزىۋەر، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پەرۋانىنىڭ خوتۇنى ھەر ھالدا يېرىم گىرۇزىن ئىدى، ئەيىن-ئۇل-دەۋلە بولسا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يۇنان. ئەمما جالالىدىن — سۇلتان ئۆلىمانىڭ ئوغلى، يەتتە ئەۋلادىغىچە مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز رەسىمىنى سىزىشقا رازىلىق بېرىشى، تەقۋادارلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن كاپىرلىققا تەڭ چوڭ گۇناھ ئىدى.

ئەيىن-ئۇل-دەۋلە دەرھاللا ئىشقا كىرىشتى. ياردەمچىلىرى ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى قاھىرە قەغىزى، موي قەلەم ۋە بوياقلارنى ئەكىلىپ بېرىشتى. رەسىمدە شائىرنىڭ بوي تۇرقى ئەكس ئەتتى. ئاۋۋال رەسسام ھاياجانلىناتتى. ئىش ئاخىرلاشقاندا، ئەيىن-ئۇل-دەۋلە سىزىلغان رەسىم جانلىق

① گىرۇزىن قىزى، گىرۇزىنلىق — ت ه

تەسۋىر ئەمەس، شائىرغا بىرئاز ئوخشاپ قالىدىغان، نۇرسىز بىر سايە سىزىلىپتۇ، دەپ باشقىدىن باشلىدى. بىراق، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئىچكى دۇنياسىنى پەرق ئېتىش تەس ئىدى. ئۇ پات-پاتلا ئۆزگەرتىپ تۇراتتى، گويا ئۇنىڭ قىياپىتىدە تۈرلۈك-تۈمەن ئادەملەر بار ئىدى.

ئەيسەن-ئۇل-دەۋلە يىگىرمە پارچە قەغەزگە موي قەلەم سۈركىدى. لېكىن بىرەرىدىنمۇ كۆڭلى قانائەت تاپمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەم ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلدى.

جالالىدىن ئۇنىڭغا شېئىر بىلەن تەسەللى بەردى:

— ئۆزۈمنى كۆرسەم ئىدىم! بولسا ئىمكان!
قوشۇلسا ئاجايىپ رەڭ، مەھسۇلى چەندان.
مەگەر روھىمكى ئارامىن يوقاتمىش،
لېكىن جىنىم ئەجەب ئارامىن تاپمىش.
ئەگەرچەن قوشۇلسا جىنىمغا ئۇممان،
ئۆزۈممۇ بەھرى-ئۇممانىمەن تامامەن...

گۇرجى خېنىم ئەيسەن-ئۇل-دەۋلە ئىشلىگەن يىگىرمە نۇسخا رەسىمنىڭ ھەممىسىنى ساندۇققا قاچىلىدى-دە، قەيسەرىگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇ رەسىملەرنىڭ تەقدىرى مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئارىلىقتىكى يەتتە ئەسىر تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە قارىماي، شائىرنىڭ بويى بىلەن تەڭ قىلىپ سىزىلغان رەسىمدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا تاكى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنىدى. ئەمما، ئاشۇ بىردىنبىر نۇسخا 1906-يىلى ئىستانبۇلدا ئېنىكاپى خانىقاسى بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتتى.

خەلق مۇھەببىتىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن جالالىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى سۇلتانلارنىڭمۇ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، كۆڭلىدىكى گېپىنى توغرىدىن توغرا ئېيتالايتتى.

مەدرىسكە، ئۇنىڭ ئالدىغا سۇلتان ئىززەتتىن كەي كاۋۇس II ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن كەلگىنىدە، شائىر مېھمانلارغا جاي كۆرسىتىپ قويۇپلا، گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، شاگىرتلىرى بىلەن سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن.

ئۇ، سۇلتانىنىڭ ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەلمۇ قىلماقچى ئەمەسلىكىنى، ئۇ ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن تەخت-تاج تالاشلىرىدا مەۋلانىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

سۇلتان ياغاچچىلار، ساتىراشلار، كۆنچىلەرنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىپ:

— مەۋلانە ھەزرەتلىرى، مېنى ئۆز پەندى مۇبارەكلىرىگە مۇشەررەپ قىلغايلا! — دەپ سورىدى.

— ساڭا قانداق نەسىھەت قىلاي! — دېدى شائىر، — سەن چوپان بولۇشىنىڭ ئورنىغا بۆرە بولدۇڭ. ئاسراش-كۈتۈش ئورنىغا تالان-تاراج قىلدىڭ. ئاللا سېنى سۇلتان قىلدى، سەن بولساڭ ئىبلىسى لەئىنىنىڭ يولىنى تۇتتۇڭ!

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يىغلاپ چىقىپ كەتكەنمىش.

سۇلتان ئۆز مەھرەملىرى ۋە جالالىدىنىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىدا راست يىغلىدىمۇ، يوقمۇ، بۇنى ئېيتىش قىيىن. لېكىن يىغلىسا ئەرزىيتتى. چۈنكى شائىرنىڭ جاۋابى پۈتۈن شەھەر، ئەخىيلەر جامائەسى، جىمىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز تاج-تەخت تالى-

شىش جىددىي ئېلىشىشلىردا غەلىبە قازانغىلى بولمايتتى.
دېگەندەكلا ئىززەتتىدىنىنىڭ قىسمىتى تېزلا ئايان بولدى.
تەختتە ئۇنىڭ ئاكىسى ئولتۇردى. ئىززەتتىدىن كەيكاۋۇس II
غۇربەتچىلىكتە پاناھ ئىزدەپ، ئاۋۋال كونستانتىنوپولدا، كېيىن
سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ئىچىدە يىراق قىرىمدا يۈرۈپ، ئۆمە-
رىنى تېجىمەللىكتە ئۆتكۈزدى.
جالالىدىنىنىڭ سۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئۇ: «مەن
تۇپراقنى گۆھەرگە ئايلاندۇرسام، سازەندىلەرنىڭ دېپىنى تىللاغا
توشقۇزسام، ئۇسسۇلۇقتا تەشنالارنى شارابقا، قاقاس چۆللەرنى
شەربەتكە قاندۇرسام. پۈتۈن يەر يۈزىنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇپ،
سۇلتان تەختىگە پاسىبانلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، مىڭلاپ دارلارنى
چېقىپ، ئورنىغا مۇنبەرلەر سالدۇرسام» دەيتتى. ئۇ ئۆزىنى
«خوجايىنلارغا ئازادلىق خېتى① بەرگۈچى قۇل، ئۇستازلارغا
ئۇستاز بولغۇچى شاگىرت» دەپ ئاتىدى. «دۇنياغا تونۇگۇنلا
كەلدىم، لېكىن دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ئىشى بىلەن مەشغۇل
بولۇۋاتىمەن» دېگەنىدى ئۇ.
بەلكى شائىر ئۆزىنى مۆجىزىكار، ھىدايەت ئىگىسى دەپ
ئويلىغاندۇ؟ ياق، ئۇ مۆجىزىگە ئىشەنمەيدۇ.
ئۇ شاگىرتلىرىغا:
— ماڭا مۆجىزە ھەققىدە نەقىللەرنى دېيىشىدۇ، گويا پا-
لانچى بىر كۈندە كەبىگە يېتىپ بارغانمىش. بۇنداق مۆجىزىنى
بورانمۇ يارىتالايدۇ. ئۇچۇپ بىردەمدىلا خالىغان يېرىگە يېتە-
لەيدۇ. زىندىيەتتىن قۇتۇلۇش، پەسكەشلىكتىن خالىي بولۇش،
جاھالەتتىن ئەقىل-پاراسەتكە، روھسىزلىقتىن روھلۇقلۇققا كۆتۈرۈ-
لۈش — مانا بۇ مۆجىزە. شۇڭلاشقا سەن تۇپراق ئىدىڭ، گىياھقا
ئايلاندىڭ. ناباتات دۇنياسىدىن بىر تامچە قان بولۇپ، ھايۋانات

① ئاقلىق خېتى — تە.

دۇنياسىغا ئۆتتۇق. ئاخىر ھايۋانات دۇنياسىدىن ــ ئىنسانلىققا ئايلاندىڭ. مانا بۇ ــ قالتىس مۆجىزە!

ئادەم پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ. ئادىمىلىككە خاس ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۆز ئالىمىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ مۆجىزىكارلىقى توغرۇلۇق ئەمەس، يەر يۈزىدە ئىنسان بولۇش مۆجىزىسى ھەققىدە، ئىنساننىڭ چەك-چېگرىسىز ئىمكانىيەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەيتتى.

ئۇ ئەللىك ياشقا تولدى، يۈزلەپ، مىڭلاپ شېئىرلار يازدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «كىتابۇل ئەسرار»لار ھەممىنى يىغىپ «دىۋانى كەبىر» گە كىرگۈزدى. ئۇنىڭدا ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئۈچ غەزەل، بىر مىڭ يەتتە يۈز توقسەن رۇبائىي ئورۇن ئالدى، جەمئىي ئەللىك مىڭ مىسراغا يېقىن ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توقۇلغان، يېزىلغانىدى. چىڭگىز قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭ ياكى مەجنۇنتالنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشى، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئويۇنلىرى ياكى ئېچىرقاپ ھالسىرىغان ئىت، تاسادىپىي كەلگەن پىكىر، دوست-دۈشمەننىڭ سۆزى ــ يىغىن-چاقىلغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا شېئىر ئۈچۈن دەستەك ۋە ۋە باھانە ئىدى. شەمسى كەلگەندىن كېيىن ئۇ قولىغا قەلەم ئالمىدى. ھاياجانلىنىپ، جىددىيلىشەتتى، سۆزلىسە ۋارقىراپ-توۋلاپ، ھەتتاكى، خاپا بولۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزى، توۋلىشى، ھەتتا خاپا بولۇشى خۇددى خېمىكنىڭ تاۋىقىغا چۈشكەن قەلەيدەك، ئۇنىڭ ئوتىدا ئېرىپ، شېئىرىيەت ئالتۇنىغا ئايلىناتتى، ئۇلارنى «كىتابۇل ئەسرار»لار شېئىرىي دىۋانلار خەزىنىسىگە قوشاتتى. ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن بولغان بىر سۆھبەتتە: بەلكىم قالسام، شائىر ئەمەس، ۋائىز بولغان بولاتتىم، نېمىشقىكى،

شېئىر ئوقۇش-يېزىش ئۇ يەردە ئۇياتلىق ئىش ھېسابلىناتتى، بۇ يەردە — رۇم ئېلىدە خەلق مۇزىكا ۋە شېئىرىيەتنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن شېئىر توقۇيمەن، دېگەنىدى.

كىم بىلىدۇ، جالالىدىن بەلختە قالغان بولسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرگەن بولاتتى. ئوچۇقىنى دېگەندە موڭغۇللارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتەمتى تېخى.

لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، شېئىر ئۇنىڭغا مەقسەت بولغان ئەمەس. ئۇ دانىشمەن ۋە ئاجايىپ بىر سىما ئىدى. ئۇ ئۆز سەنئىتىنىڭ پەردە بولۇپ، ئاساسىي نەرسە — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قىسمىتىنى، ئۇنىڭ ئالەمدىكى ۋەزىپە-بۇرچىنى توسۇپ قويۇشىنى خالىمايتتى.

جالالىدىن شېئىرىيەت ھەققىدە ئاز سۆزلەيتتى. «شېئىرنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمىسام، ئۇ ھەقتە نېمە سۆزۈم بولغاي؟ مېنىڭ شائىرلىق ماھارىتىمدىن كۆرە، ئۇنىڭدىن مۇھىمراق ماھارىتىم بار» دەيتتى.

بىراق جالالىدىن ئۈچۈن شېئىرىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، قاپىيە ۋە شېئىرىي ۋەزىنلەر ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدىن. زىرەكلىك بىلەن قەيت قىلىشلىرىدىن بىلىش مۇمكىن، «مەن قاپىيە ئۈستىدە باش قاتۇرسام، مەھبۇبەم دەيدۇكى، مېنىڭ يۈزۈمدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىما ... نېمە ئۇ ھەرپ؟ باغنىڭ چۆرىسىدىكى قۇرۇق تام! مەن بېيىت ۋە غەزەلدىن قۇتۇلدۇم. شائىرلار باش قاتۇرىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — بىر پۇل، بىر پۇل، بىر پۇل!»

ئۇنىڭغا زاماندash شائىرلار يېڭى قاپىيە، يېڭى ئوخشىتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، سۆز ۋە قاپىيىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن قاقشىشىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ چوڭ-

www.uyghurkitap.com

قۇر بولمىغانلىقىدىن نالە قىلىشسا ئورۇنلۇق بولغان بولار ئىدى. پادىشاھقا مەدھىيە، بۇ ــ پادىشاھقا مەدھىيىلا، خالاس. ساراي شائىرى ئۈچۈن قالغىنى ئەمدى ماھارەت: ئۇ نۇقۇل ماختاشنى يورۇقراق، خۇشامەتنى قويۇقراق، ئوخشىتىشنى يېڭىراق قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىش ئىدى.

جالالىدىن بۇنداق شېئىرىيەتتىن قەتئىي يىراق ئىدى. «قەلبىمنىڭ قايناق قازىنىدىن قانلىق كۆپۈك چاچراتقايمەن، ئىككى ئالەم سىرىنى بىر سۆز بىلەن ئاچقايمەن!». ئۇ يەنە: «قاپىيە، سۆز ۋە فۇنۇن (پەن، پەنلەر يىغىندىسى) ــ بولسۇن بەرى كۇمپەيكۇم. تامامەن بىز ئۇنىڭدىن خالىي سۆھبەت قىلىمىز بۈگۈن!» دېگەنىدى.

جالالىدىنمۇ بەزىدە قاپىيە ۋە شېئىرىي ۋەزىنلەردىن قىسىلاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، پىكىرنى چېتىشتۇرۇپ زەنجىرلەپ قويۇشىدىن نالە قىلاتتى. ئۇ دىن ۋە مەزھەب قامال ـ چەكلىرىدىن قۇتۇلۇپ، بىدئەت ۋە خۇراپات زىندانىدىن قۇتۇلۇپ، تەبىئىيكى، قاپىيە مىزانلىرى ئالدىدا قاتتىقىنچە تىك تۇرالمايتتى.

جالالىدىننىڭ ئىلغارلىقىنى چۈشەنمىگەنلەر، ئۇنى قاپىيەلىرى ــ ئېنىق قاپىيەلەر ئەمەس، دەپ ئەيىب تېپىشماقچى بولۇشقانىدى، ئايرىم كىشىلەر تاكى ھازىرغىچىلا شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پىكىرى، ھېس ـ تۇيغۇسى ئەنئەنىۋى ساراي شېئىرىيىتى ئۆلچەملىرىگە سىغمىسا قانداق قىلىدۇ. شائىر ئۆزىمۇ بۇنى ھېس قىلاتتى.

«بۇ دۇنيا پانىي ۋە باقىيدۇر. قانداقلا بولمىسۇن پانىي ئىكەن، ئاز ـ ئازدىن كېتىدۇ، باقىيلارمۇ ئاز ـ ئازدىن يېتىدۇ». ئۇ كېلەچەكنىڭ شائىرى ئىدى. «ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر بىلەن سودا قىلىدىغان سېتىقچىلارنىڭ زامانى ئۆتتى. بىز يېڭى

رەختلەر بىلەن سودا قىلىمىز. بازار — ئۆزىمىزنىڭ!»

ئۇنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى زاماندىش ۋە ئىزداشلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئىدىكى، ئۇلار ئۇنى تولۇق ئىگىلەپ يېتىشەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋانى كەبىر» نى ماھىيەتكە قاراپ ئەمەس، شەكىلگە تايىنىپ، كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ قانۇن-قائىدىلىرى ئاساسىدا تۈزۈشتى. بىرخىل ۋەزىندە يېزىلغان شېئىرلارنى ئايرىم بىر جىلدقا يىغىپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىشتى. باشقىچە تەرتىپتە بېرىش ھېچكىمنىڭ، ھەتتا بۈيۈك شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن «كاتىبۇل ئەسرارى» ھېسامىددىن چەلەبىنىڭمۇ خىيالىغا كەلمىدى.

جالالىددىننى ئەللىك يېشىدا بىر شائىر ۋە تەپەككۇر ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشتى دېيىشكە بولاتتى. كونيا باغلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرىدا، گۆھەر تاش مەدرىسىسى قوينىدا تۇغۇلغان شېئىرلار قولدىن قولغا، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، مىڭلاپ كىلومېتىر ئارىلىقلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئۇزاق بۇلۇڭلىرىغىچىمۇ يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ھەممە چېگرالىرىدىن — سەمەرقەند ۋە بۇخارا، تەبرىز ۋە قاھىرە، يەمەن ۋە دەمەشق، كورداۋا ۋە مەلەگىدانلاردىكى ئادەملەر، چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىبداتلىقى ۋە سەلىپچىلەرنىڭ دەرد-ئەلەملىرى ھۆكۈم سۈرگەن كېچىلىرى خۇددى مەشئەلگە تەلپۈنگەندەك ئۇنىڭغا تەلپۈنۈشەتتى.

لېكىن شائىر ئۆزى ئېرىشكەنلىرىگە زادىلا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئالغا قاراپ ئىنتىلگەندى. چۈنكى، ئېرىشكىنىگىلا قانائەت قىلىش — مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە قەدەم تاشلاش — ھاياتلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشۇ ئەھمەدمەنۇ، ئەمما بۇرۇنقى ئەھمەد ئەمەسمەن،
سەمەندەر قۇشمەنۇ، لېكىن بۇرۇنقى دانىنى يېمەسمەن.
بار ئىدىكىم شۇنداق بىر شاھ، ئارزۇ قىلاردى ئۆزگە شاھلار،
ئاشۇ شاھ — ئۆزۈم، لېكىن بۇرۇن سەن كۆرگەن ئەمەسمەن.
ئۇنىڭ دەۋرانى ئۆتتى، ھەق بۇگۈن — مەن ، بىر بەنى ئادەم،
تېپىپ بۇ نۇقتىنى شۇنداق، يىقىلدى نەچچە دانىشمەن.
ئىچەرمەن دەممۇدەم بۇ ھەقىقەت شارابىنى ئەمما،
تۇرارمەن مۇستەھكەم، قەددىمنى شىردەك تۈتۈپ يانا.
مەيلى ۋەلى بول ۋە يا مەس-ھاراقكەش — بۇ مەن ئۈچۈن پەرقسىز،
جۇمەمۇ، يەكشەنبىمۇ ئوخشاش — بۇ مەن ئۈچۈن پەرقسىز...

جۇمە — مۇسۇلمانلارنىڭ، يەكشەنبە — خىرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كۈنى. لېكىن شائىر ئۈچۈن بارلىق دىن ۋە مەزھەبلەر ئوخشاش. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا، ئىرقىي، دىنىي، مىللىتى، تەبەقىسىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاشلا باراۋەر مۇراجىئەت قىلىدۇ: «ماڭا ۋەھدەت مەيىنى تۇتقىن، باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىل، تاكى جامائەت جەم بولۇپ، پەقەت سۈرەت-شەكىلدىكى پەرقلەرنى بىر تەرەپ قىلايلى. بىز ھەممىمىز بىر تۇپ دەرەخنىڭ شاخلىرى، بىر قوشۇننىڭ جەڭچىلىرىمىز».
جالالىددىننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى ھەققىدە قىلغان سۆزى شۇ دەۋر ئۈچۈن مىسلىسىز جاسارەت ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ بىر مەسىلەكتىكى سەپداش-ئىشداشلىرىدىنمۇ تۇيغۇ، تەپەككۇردا ئەنە شۇنداق جاسارەتنى تەلەپ قىلاتتى.
«بىز شۇنى كۆردۇقكى، ھەممە خۇشاللىق، ئۇلۇغۋارلىق ئاشۇ خەلق ئارىسىدا — ئادەملەر جەمئىيىتىدە ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ خەلققە جان تىكىپ خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدۇق».

ئۇ خەلق شائىرى ئىدى، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭمۇ شائىرى ئىدى.

ھەربىر ئۇلۇغ سەنئەتكار ئۆز باھاسىنى، ئۆز ئىجادىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇنى جالالىدىن رۇمىمۇ بىلەتتى.

بىر كۈنى ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. شاگىرت ئۇنىڭ دىۋانىنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەپ ھەسرەت چەكتى شائىر، — بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاستىغا بېسىپ ياتقىنىنى! ئەمما تەڭرى ئالدىدا! قەسەم قىلىمەنكى، بۇ كىتابلارغا سىڭدۈرۈلگەن روھ مەغرىپتىن مەشرىققىچە پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ يۈرسە، جىمىكى خەلقلەر ئۇنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ پايدىلىنىۋاتسا...

جالالىدىن ئىنسانىيەتنىڭ باقىيلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ ھاياتلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. «بىز سۇدەك ئېقىپ ئۆتىمىز، ئەمما خەلقىنىڭ قېنىدا مەيدەك ياشايمىز. بىر كۈنى پۈتىمىزنى سوزۇپ تۇپراقتا ياتساقمۇ، خۇددى كېمىگە چۈشۈپ يەلكەن ئاستىدا ئۇزاقلارغا سەپەر قىلغان سەيياھتەك دائىم-ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولىمىز».

ئۇ يېڭىلمىگەنىدى. يەتتە ئەسىردىن بېرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مەسچىت ۋە خانىقالاردا، بەزمىلەر ۋە دارىلفۇنۇنلاردا ئوقۇشماقتا. ئالىملار ئۆگەنمەكتە. ساۋاتسىز دېھقانلار يادقا ئېلىشماقتا.

ھىندىستاندىن شىمالىي ئافرىقىغىچە جالالىدىننىڭ شېئىرىيىتىدىن تەلىم ئالمىغان، ئۇنىڭ تەسىرىگە يولۇقمىغان بىرەر شائىرمۇ يوقتۇر.

ئون توققۇزىنچى ئەسىردىكى ئىران خەلق قوزغىلىڭىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىقى سۇلايمانخان ئۇنىڭ شېئىرىنى ئوقۇۋېتىپ، كىتابقا سەجدە قىلغانىدى.

ئاچ ئەمدى چىرايىڭنى، رەڭمۇرەڭ جەننەتنى ئىستەرمەن،
ئاچ لېۋىڭنى، قەترە-قەترە نېمەتنى دەريانى ئىستەرمەن.
بۇلۇتلار پەردىسىنى يىرت، يۈزۈڭنى ئاچ، نۇرلۇق قۇياش،
ئول سائادەت بەرگۈچى نۇرلانغان دۇنيانى ئىستەرمەن.
قۇلاقىمغا يەتسە ھەرچاغ گەر ئاۋازىڭ ، ئۇچ، دەرسەن،
پادىشاھ سالغان لاچىنىدەك ئۆز ئولجامنى ئىستەرمەن.
ئۆزۈڭسەن ئابى-رەھمەت، بىر پەستە ئەۋجىدە دولقۇنلىرىڭ،
چەكسىز بىر دېڭىزدىمەن، ئاشۇ ئەۋلىيانى ئىستەرمەن.
گاداھدۇرمەن، لېكىن كۆزۈم سالماسمەن دۇررى-تاشلارغا،
قۇياش بىلەن مۇنەۋۋەر مىسلى ئەنقارنى ئىستەرمەن.

جالالىدىن ئاشۇ دەۋرنىڭ خەلق تىلىدا ئىجاد قىلدى. پارس تىلى ئوتتۇرا ئەسىردە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا خۇددى ياۋروپادىكى لاتىن تىلىغا ئوخشاش ئورتاق ئەدەبىي تىل ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. لېكىن جالالىدىننىڭ ھەلەب شەھىرىدە يېزىلغان ئەرەبچە شېئىرلىرى، يۇنان خەلق تىلىدا پۈتۈلگەن پارچىلىرى، تۈركىي تىلىدا يېزىلغان مىسرالىرى بار.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيانىڭ نۇرغۇن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. گيوتې ۋە گېگېللارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە قىلىپ ئىنتايىن ياخشى تەسىر ئالغان. XX ئەسىردىكى ھىندىستاننىڭ بۈيۈك شائىرى مۇھەممەت ئىقبال ئۇنى ئۆز ئۇستازى ۋە پىرى دېگەنىدى. ئۇلۇغ تۈرك شائىرى، كوممۇنىست نازىم ھېكمەت تۈرمىدە يازغان رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىنچى بېيىتىدا جالالىدىن رۇمىنىڭ مىسرالىرىنى مىسالغا ئېلىپ، ئىككىنچى بېيىتىدا ئۆزى ئۇنىڭغا جاۋابلارنى يازغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

ئاخىرقى رومانىدا «مەسنەۋى»نىڭ مۇقەددىمىسىدىن مىساللارنى كەلتۈرگەن.

جالالىدىن ئۆزى ۋە ئىزباسارلىرىنى «ئاشىقلار» دەپ ئاتايتى. بىرىنچى تۈرك ئاشىقلىرىدىن بىرى قارا دېڭىز بويىدىن كونياغا ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ياش دېھقان ئىدى. ئۇ جالالىدىننىڭ ۋاپاتىدىن سەل بۇرۇن شائىرنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىگە قاتناشقىنىدا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ قېرىغان چېغىدا ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق تۈرك تىلىدا شېئىرىي ھېكايە يازدى.

شۇ دەۋرگە كەلگەندە دەرۋىشلەر يولىغا كىرگەن، تۈرك تىلىدا قەلەم تەۋرەتكەن سۇلتان ۋەلەد ئەمەس، فېئوداللارغا قارشى چىققان خەلق ھەرىكىتىگە ۋە بابا ئىسھاق تەرەپدارلىرىغا قوشۇلغان ئاشۇ دېھقان جالالىدىن رۇمى شېئىرلىرىنىڭ ئىسيانكار گۇمانىستىك روھىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئاددىي دېھقاندىن چىققان بۈيۈك تۈرك شائىرى يۇنۇس ئىمرا ئىدى.

مانا ئارىدىن ئالتە ئەسىر ئۆتتى، تۈرك شېئىرىيىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى ئېقىم بويىلاپ ماڭدى. بىرى — ئۆزىگە خەلق ئىجادىي ئەنئەنىلىرىنى سىڭدۈرگەن ئاشىقلار شېئىرىيىتى، يەنە بىرى — سۇلتانلار، ئىمتىيازلىق تەبەقىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئاسايىشلىق بېغىشلىغان ئەنئەنىۋى دىۋان شېئىرىيىتى. بىرىنچى ئېقىم باشلىغۇچىسى — يۇنۇس ئىمرا، ئىككىنچى ئېقىمنىڭ باشلىغۇچىسى — سۇلتان ۋەلەد. بۇ ھەر ئىككى ئېقىم جالالىدىن رۇمى دېگەن دېڭىزدىن باشلىنىدۇ.

ئۇ ئەللىك يېشىدا ئەنە شۇ دېڭىزى — ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىلىم تەجرىبىسى، ھەق ۋە ھەقىقەت يولىدا تاپقان بارلىق بىساتىنى ئىنسانلارغا قالسۇن، دەپ ئايرىم بىر كىتاب قىلىشقا تەي-

يارلاندى. ئەۋلادلار «پارسى قۇرئان» (پارسچە سۆزلۈك قۇرئان) دەپ ئاتالغان بۇ كىتابنى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ «مەسنەۋى» دەپ ئاتىدى.

مەسنەۋى — قاپىيىلىك قوش مىسرا دېگەنلىكتۇر. كۆپلىگەن شائىرلار مەسنەۋىدە كىتاب تۈزۈشكەن. لېكىن ئەمدى «مەسنەۋى» دېيىلىسىلا جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ قانداق يېزىلغانلىقى ئۆزىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كوچىدا، شاگىرتلار بىلەن ئۇچرىشىش ئورۇنلىرىدا، ئۆيىدە، ساما يىغىنلىرىدا ياكى ھاممامدا شائىر ھاياجانلىنىپ، شېئىر ئوقۇشقا باشلايتتى. ھېسامىددىن شۇ جايدىلا كەشتىلەپ تىكىلگەن جىلتىسىدىن قەغەز، بەلبېغىدىن سىياھدان، يېڭىدىن قەلىمىنى ئېلىپ، ھەممە ئىشىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان شېئىرلىرىنى يېزىۋالاتتى.

«مەسنەۋى» دىن پەقەت شائىرنىڭلا ئاۋازى ئەمەس، ئۇنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئۇلار سوئال بېرىشىدۇ، بەزىدە ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. بېرىلگەن سوئاللار بىلەن شائىر ساياھەتلەرنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن شۇ كۈننىڭ ۋەقەلىرى — ئۆلىمالار بىلەن بەس-مۇنازىرە، مەھسۇلاتنىڭ كەملەپ كېتىشلىرى، سارايدىكى نىزاھ-ئىختىلاپلار، خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۆزى مۇتالىئە قىلغان كىتابلار، ئەپسانىلەر، لەتىپىلەر، قۇرئان سۈرىلىرى، مۇتەننەپ، ئەتتار ۋە سانايى شېئىرلىرى، ئاتىسى سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ رىۋايەتلىرى، شەمسىددىن بىلەن ئۇچرىشىشلار، سەئىد سىردانىنىڭ نەسىھەتلىرى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇ ھەممىسىنى بىناكارنىڭ ماھارىتى، ئىجاتكارنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئىشقا سالىدۇ، مۇھىم ئورۇننى تېپىپ ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇننى ھېسا-

مىتدىن تۇتىدۇ. ئۇ ئىلھام بېرىپ، ئىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شائىر ئۇنىڭغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ. «قۇياش چىقتى، — دەيدۇ ئۇ، — كېچىچە يېزىشقا مەجبۇر قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگەيسەن... ھېسامىتتىدىنجان، مېنىڭ ئېتىكىمدىن تۇتۇپ، كۆپ يىللىق قەدىردانلىق ھەققى، شەمسى ھەققىدە ھېكايە سۆزلىشىڭنى سورايمەن» دەپ ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلىدۇ.

جەڭگى-جېدەللەر، پەلسەپىلىك رىۋايەتلەر، بەس-مۇنازىرىلەر، لەتىپىلەرنىڭ ھەممىسىلا شېئىرغا ئايلىنىۋەردى. شائىر بەزمىدە شۇنداق ئەركىن ۋە راۋان سۆزلەيتتىكى، كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى سۆز بىلەن سۆزلەپمۇ ئۇنىڭغا يېتىشكىلى بولمايتتى. ئۇ كېرەك سۆزنى دەرھاللا تاپالايتتى. ئاشۇ ئەركىنلىك ۋە ساددىلىق، ھەممە پەسلىك سەزگۈسىنى ئويغىتاتتى — شائىرنىڭ قەلبىدە ئاشۇ قۇرلارنى تۇغدۇرغان ۋەقەلەرگە كىتابخان گويا يەتتە ئەسىردىن ھالقىپ بېرىپ قاتنىشىۋاتقاندەك بولىدۇ.

بىر قېتىم تاڭغا يېقىن خېلىدىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغان جالالىددىن بىر بۇردا نان يەيدۇ ۋە يېمەكلىكنىڭ ئۇنىڭ پىكىر قىزغىنلىقىنى بىرئاز باسىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ھېسامىتتىدىندىن قەلىمىنى يەنە بىر قېتىم قويۇپ تۇرۇشنى سورىغان: «ھاسىللى مەقسەت ھەممىشەم سەۋر بىلەن»①.

«مەسنەۋى»نىڭ بىرىنچى جىلدى مۇشۇ يوسۇندا ئاخىرىغا چىقتى.

لېكىن «يەنە بىر قېتىم» ئاسانلا كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇ ھېسامىتتىدىن بىلەن بىر چىشلەمدىن نان يەپ، قەلەمنى قويغان ئاشۇ سەھەرلىكتىن تاكى بۇ ئۆلمەس كىتابنىڭ ئىككىنچى جىلدى باشلانغانغا قەدەر ئارىدىن توپتوغرا بەش يىل ئۆتتى.

① مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش كېرەك — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئارىلىقتا جاللادنىڭ يەنە بىر يوقىتىش — ئەڭ ئاخىرقى، زەرگەر سالاھىددىننىڭ ۋاپاتىنى كۆرۈشمۇ بار ئىدى.

«مەۋلانە بىلەن سالاھىددىن ئىككى تەندىكى بىر جانغا ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئون يىل بىر-بىرى بىلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە خۇشال-خۇرام، ئىناق، ھىجران ئازابىنى تارتماي، بىرلىكتە ئۆتۈشكەنىدى. دىلى پاك، ئاق كۆڭۈل دوستلىرى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقانىدى. ئۇلار — قوش دېڭىز، باشقىلار كۆپۈك ئىدى. ئۇلار — قوشماق ئاي، باشقىلار يۇلتۇز ئىدى. ئۇلار — ئىككى شاھ، باشقىلار مۇلازىم ئىدى. ئۇلاردىن ھەممەيلەنگە مەدەت ۋە مەنپەئەت يېتەتتى» دەپ يازغانىدى ۋەلەد.

لېكىن سالاھىددىن بەكمۇ قېرىپ كەتكەنىدى. كېسەل بارغانچە شىپقاپ كېلىپ ئاخىر ئۇنى پۇتلاشتۇرغانىدى. ئۇ خۇددى شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان كېسەل ئازابىنى باشقىلارغا زادىلا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئۇ بۇ ياۋۇز كېسەل بىلەن بارلىق كۈچىنى چىقىرىپ ئېلىشتى.

ئادەتتىكىدەك، مەۋلانە ئۇنى ھەر كۈنى كۆرگىلى كېلەتتى. ئۇ دوستىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى بۇ پالاكەت كېسەلنى يېڭىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

بۇ ھەقتە ۋەلەد: «مەۋلانە ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشىنى زادىلا كۈتمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ سالاھىددىننىڭ كېسىلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئاخىر ئۇ: ‹ئىجازەت قىل، بۇ دۇنيانى تەرك ئېيلەپ، ئازابلاردىن قۇتۇلاي›، دەپ ئۆتۈنۈشكە مەجبۇر بولدى» دەپ يازغانىدى.

مەۋلانە سالاھىددىننىڭ بىرەر تىلىكىنى يەردە قالدۇرمىغانىدى. قانچىلىك ئېغىر بولمىسۇن، ئۇ بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تىلى—

كىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۆز دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىش، دېمەك، ئۇنىڭ مۇشەققىتىنىڭمۇ چېكىگە يەتكەنلىكى ئىدى.

ئۇ سالاھىددىننىڭ يۈزىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر خوشلاشتى. شۇندىن كېيىن ئۇنى كۆرەلمىدى. شۇ كەتكىنىچە ئۈچ كۈن كۆرۈنمىدى. كېسەلنىڭ ئىلتىماسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى بايقىدى. ئۆلۈمگە رازى بولغان سالاھىددىن مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى: «مېنى قايغۇ بىلەن ئەمەس، خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىڭلار. ساز-ناخشىلار بىلەن قەبرىگە قويۇڭلار».

شائىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلدى. 1258-يىل 29-دېكابىر كۈنى دەپنە مۇراسىمى بولدى. بۇنداق ئىشنى تېخىچە مۇسۇلمان دۇنياسى كۆرمىگەنىدى. داپ ۋە ناغرىلار گۈمبۈرلەپ، سۇنايلار چېلىنىپ، ھاپىزلار شېئىر ۋە ناخشا توۋلاپ ماڭدى. سورۇن ئالدىدا مەۋلانە يالاڭباشتاق ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، غەزەلخانلىق قىلاتتى.

ئۆزۈلدۈڭ ئوق كەبى، ھېجرىڭدە ئول يايى — كامان يىغلار،
سالاھىددىن، ساڭا كىم ئادەمدۇر، بىگۇمان يىغلار! ...

ئۆلىما ۋە موللىلار يەنە غەزەپلىنىشكە باشلىدى: بۇ تەلۋە، بۇ ئاسىي بەندە نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟

ئەمما جالالىددىننىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە بىر نېمە دېيىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى.

سالاھىددىنغا يىغلايدىغان يىغىسىنى يىغلاپ بولغاندىن كېيىن، شائىر نەق بەش يىلغىچە سۈكۈت ئىچىدە يۈردى. شەمسىددىن تەبرىزى شائىرنىڭ ئىچىگە بىر ئوت يېقىپ، ئۆزى ئاشۇ يالقۇندا پەرۋانىدەك كۆيۈپ كۈل بولدى، ئەمما جالالىددىننى شائىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ قويۇپ كەتتى.

شەمسى ياقتان ئوتتا جالالىددىننىڭ ئۆزىنىڭمۇ كۆيمىكى تۇر-
غان گەپ ئىدى. لېكىن سالاھىددىن ئۇنى ئۇ ئوتتىن ساقلاپ
قالدى: ئۇ بۇ ئوتتى بەگلەر نەپرىتىنىڭ قارا بورىنىدىن قوغدى-
دى، ئۇنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇپ، يولغا
سېلىپ تۇردى، سالاھىددىننىڭ ياندىشىپ، شائىر ئەقلىي ۋە ئۇلۇغ-
ۋار ئىشلارنى قىلدى، ئىلمىي كامالەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلدى.

ئەمدى ھەممە نەرسە كۆيۈپ تۈگەشكەن، ھەممە گەپ
دېيىلىپ بولغان. ئەگەر «مەسنەۋى»نىڭ ئىلھامچىسى، ئەخمى
تۈرك لەقەملىك ھەسەن ھىساممىددىن بولمىغان بولسا، ئۇ زەر-
گەرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سەئىد بورھانىددىننىڭ ئوخشاش، ئۆز
خىيالىغا چۆككىنىچە، جىممىدە ئولتۇرۇۋېرەتتى.

كونيادىكى پۈتۈن ئەخىيلەر جامائىتى ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى
ھىساممىددىن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شۇ جامائەتنىڭ باشلىقى
بولۇش ۋەزىپىسىنى رەت قىلىپ، بىر كىچىك خانىقاغا مۆتىۋەللە،
شائىرغا «كاتىبول ئەسرار» بولدى. ئۇ شەمسنى ياقلاپ، ئۇنىڭغا
ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى. سالاھىددىن بىلەن بىرلىشىپ، شا-
ئىرنى بەگ ۋە ئۆلىمالارنىڭ خىرىسلىرىدىن قوغدىدى. ئەخىيلەرنىڭ
ئاقساقىلى سۈپىتىدە ئۆز مۇرىتلىرىغا كەسىپ - ھۈنەرنى تاشلىۋەت-
مەي، شائىرغا، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا قارىشىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

سالاھىددىن دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، شائىر ئۆز ئىز
باسارلىرىغا يول باشلىغۇچى ئۇستاز قىلىپ «كاتىبول ئەسرار»نى
تەيىنلىدى. ھىساممىددىن ئۇلارغا دەرس ئېيتىپ، پەندۇ نەسى-
ھەتلەرنى قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا كېڭەش - مەسلىھەتلەرنى
بېرەتتى، قىيىنچىلىقلارنى ئاسان قىلاتتى. شائىر مەدرىسىگە چۈش-
كەن ھەممە مەبلەغ - ئىئانىلەرنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. ھىساممىددىن
ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە خىراجەت قىلاتتى.

بىر قېتىم يۇقىرى ئەمەلدارلاردىن بىرى تاجىددىن مۇھتاز



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقسارايي شەھرىدىن نۇرغۇن مەبلەغ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا دۇئا تەلەپ قىلغان. مەۋلانە ئۆز ئادىتى بويىچە پۇلنىڭ ھەممەسىنى ھېسامىددىنغا تاپشۇردى.

ۋەلەد دادىسىغا:

— ئۆز ئۆيىمىزدە ھېچ نەرسە قالمىدى، سىز بولسىڭىز ھەممە نەرسىنى ھېسامىددىنغا بېرىۋەردىڭىز، بىز قانداق قىلىمىز؟! — دېدى.

شائىر بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان ھالدا:

— ئوغلۇم، قەسەم قىلىمەنكى، ئون مىڭ سوپى بىلەن زاھىد ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۆيىمىزدىكى ئاخىرقى بىر نانىمۇ ھېسامىددىنغا بېرىمەن، — دېگەنىدى.

دوستلىرىدىن بىرى شائىردىن سورىدى:

— شەمسى، سالاھىددىن ۋە ھېسامىددىن ئۈچىنىڭ قايسىسى ياخشى؟

— ھەي بۇرادەر! شەمسى قۇياش ئىدى، سالاھىددىن بولسا — ئاي. شاھ ھېسامىددىن بولسا — يۇلتۇز... قۇياش پاتسا، تۈننى ئاي يورۇتىدۇ، مۇبادا ئاينى بۇلۇت توسۇۋالسا، تۈننى يۇلتۇزدىن باشقا يەنە نېمە يورۇتىدۇ؟!

شائىر ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئايرىلىپ قالغان كىشىلىرىنىڭ ئۆلگىسىنى ھېسامىددىندا كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا — ھېسامىددىنغا مېھرىنى باغلىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭ ھەممە تىلەك - ئارزۇلىرىنى ئورۇندىغان. زامانداشلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئىككىسىنى دەسلەپتە كۆرگەن كىشى مەۋلانىنى — شاگىرت، ھېسامىددىننى — ئۇستاز دەپ قالاتتىكەن.

«مەسنەۋى» ئۈستىدە ئىشلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مېھرى، غەمخورلۇقى بارغانچە كۈچەيگەن. بۇنىڭغا كىتابنىڭ ئۆزىلا ئىسپاتتۇر. ئۇنىڭ ھەر جىلد، ھەر بابىدا ھېسامىددىننىڭ

شەنىگە ھەمدۇ ـ سانالار تېخىمۇ ئېنىقراق يورۇپ تۇرىدۇ. بۈيۈك داستاننى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەپ، شائىرغا بەش يىل تەشۋىق قىلغانمۇ ئاشۇ ھېسامىددىن ئىدى. مىلادى 1264 ـ يىلى، ھىجرىيە 662 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى جالالىددىن «مەسنەۋى»نىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنى مۇنداق باشلىغان:

«مەسنەۋى» مەشقى ۋاقتىلىق توختىدى،
لازىم ئىدى بىرئاز ۋاقىت، توختىدى.
سۈت قىزىلقان رەڭگىنى ئالغۇچە تاكى،
ئانا قورسىقىدا بالا بولغۇچە تاكى،
ۋاقىت لازىم، ئۆتەر ۋاقىت تاقىتى ـ تاق.
ئول ھېسامىددىن مۇنىس①، شامى چىراغ.
بۇردى ئاسمان ئۆز نۇرىنى بۇ تامان،
«مەسنەۋى» دولقۇنلىنىپ ئاقتى راۋان.

«مەسنەۋى» — جاھان ئەدەبىياتىدا مىسلى يوق كىتاب. شۇنداقلا ئۇ شائىرنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بىرەر ھادىسە، ۋەقە قاتارلىقلارغا قارىتا يېزىلغان پارچە شېئىرلىرىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇ ئادەتتە ئوقۇلىدىغان شېئىرلارغا ئوخشاش ئوقۇلماي، ئۇنىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ ئوقۇشقا، قىرائەت قىلىشقا لايىقلاشتۇرۇلغان. XX ئەسىر شائىرلىرىغا باھا بېرىشتە ئۆلچەم قىلىنىدىغان بۇ كەشپىياتنى جالالىددىن XIII ئەسىردىلا ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

«مەسنەۋى»نى ئۇلۇغ سەنئەتكار ياراتتى. لېكىن ئۆزى ئانچە قىينىلىپ كەتمەي بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنى شېئىرىي شەكلىنىڭ داھىي ئۇستىسى دۇنياغا كەلتۈردى. لېكىن بۇ

① مۇنىس — دوست، خادىم — ت.

ئىشنى ئۇ شەكىل ئۈستىدە ئۆزىنى كۆپ ئۇرۇپ كەتمەيلا ئەمەل-
گە ئاشۇردى.

«مەسنەۋى» ئالدىنقىلا ئويلانغان رېجىغا ئىگە ئەمەس ھېچقانداق قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر نىزامى — ئەركىنلىك. پىكىر، روھىي ئەركىنلىك، ئىپادىلەش ئەركىنلىكى ھالەت - كەيپىيات ئەركىنلىكىدۇر.

ئون بەش يىل ئىچىدە ئالتە جىلد - يىگىرمە بەش مىڭ ئالتە يۈز ئون سەككىز بېيىت يېزىلغان. ئەمما بۇ — ئۇسلۇبى دۇنيا قاراش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن يىرىك بىر كىتابتۇر.

بۈيۈك شائىر تەپەككۇرنىڭ قۇدرەتلىك ساھىبى — ئىگىسى ئىدى. ئەنە شۇ قۇدرىتى بىلەن قۇراشتۇرۇش قىيىن بولغان نۇقتىلارنى قۇراشتۇرۇپ، قىياس قىلىش قىيىن بولغان نەرسىلەر-نى قىياس قىلىپ، ماھىيەتنى ئېچىشنى بىلەتتى. ھالەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان بولۇشى — «مەسنەۋى»نى ئالغا يېتەكلىگۈچى ئامىل، ئۇ دائىم جالالىددىننىڭ دىئالېكتىكىسىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالىدۇ.

شائىر تەپەككۇرغا چۆشۈپ، پىكىرلىرىنى ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلايدۇ. بىر پىكىر ئىككىنچى پىكىرنى، ئىككىنچىسى ئۈچىنچى پىكىرنى باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ پىكىرنىڭ تەستىقى ئۈچۈن خەلق ھېكايەتلىرىنى ئەسلەيدۇ. ھېكايەتلەردە ئادەم ۋە ھايۋانلار ھەققىدە سۆزلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن شائىر يەنە بىر ئەپسا-نىنى ئېسىگە ئالىدۇ. بىردىنلا ئۇ قەھرىمانلاردىن بىرىنىڭ قىيا-پىتىگە كىرىپ، ئۆز دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپ، لىرىكىنىڭ يۈك-سەك ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىنى بىردەم كۈلدۈرۈپ، بىردەم يىغلىتىدۇ. ئاندىن ئۆزىنى ئوڭلاپ، بىرىنچى ھېكايەتكە قايتىدۇ. يەنە ئۇ ھېكايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىپ، پەلسەپىلىك قاراشلىرىنىڭ بايا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىغا چۈشىدۇ. شاگىرتلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ. يەنە
ھېكايىگە كۆچىدۇ، ئۇنى ئاخىرىغا چىقىرىپ، دەسلەپتە يۈزەكى
دېيىلىپ، ئىخچام بايان قىلىنغان پىكىرنى كېڭەيتىپ ئىزاھلاشقا چۈشىدۇ.
ئەركىن شېئىرىي داستان ھاياتقا — كىشىلەر ئارىسىغا قاراپ
ئاقىدۇ. بەزىدە يامغۇر تامچىلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىدەك، كۈن
بىلەن تۈننىڭ ئالمىشىپ، يىللارنىڭ ئۆتكىنىدەك ياڭراق، بەزىدە
يالقۇنلاپ، ئۆتكۈرلىشىپ، بەزىدە خۇشال - خۇرام، بەزىدە بولسا
پەردىنى قايرىپ قويۇپ يالىڭاچ چىقىدۇ.
— بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ئالەم ۋە ئىنسانىيەت
بىرلىكى ھەققىدە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالەمنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى
بىلەن ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىللىقى ھەققىدە، ئىنساننىڭ
ئۇلۇغۋار ئىشلىرى توغرىسىدا، شۇنداقلا ئىنساننىڭ زەئىپلىكلىرى
توغرىسىدا، مۇھەببەت ھەققىدە، نەپرەت ھەققىدە.
«مەسنەۋى»نىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىش ئۈچۈن «مەس-
نەۋى»گە تەڭ كىتاب يېزىش كېرەك.
بۇنداق ھەجىمدىكى ئېپىك ئەسەر ئادەتتە خەلق تەرس-
پىدىن ئەسىرلەر داۋامىدىلا يارىتىلىدۇ، «مەسنەۋى» دە كۆپلە-
گەن ئەللەرنىڭ چۆچەك، رىۋايەت، ھېكايە، ئەپسانە، ماقال
ۋە تەمسىللىرى جەملەنگەن. لېكىن بۇ كىتابنى بىر كىشى
ياراتقان. ئەنە شۇ نەرسە تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. ئېھتىمالىم،
ئاشۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئوتتۇرا ئەسىردە «پارسچە قۇرئان» دەپ
ئاتاشقان.
كېيىنچىرەك «مەسنەۋى»نى «تەسەۋۋۇپ قامۇسى»
ۋە «ئۆز دەۋرى خەلق ئىجادىنىڭ قامۇسى» دەپمۇ
ئاتاشتى. بىراق ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە، ئىلمىي بىلىملەر مەجمۇ-
ئەسىدە ئەخلاقىي قائىدىلەر توپلىمى، پسىخو ئانالىز توغرىسىدا
قوللانما دەپمۇ ئاتاش مۇمكىن.

ئۇنىڭدا ھەممىلا نەرسە بار، ھەممە نەرسە توغرۇلۇق سۆزلەنگەن. ئۇ بىرلىكى چەكسىز رەڭدارلىقتا كۆرۈنگۈچى ئالەمگە ئوخشايدۇ.

«مەسنەۋى» دېڭىز سەيياھى سىندبادنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە، شاھلار، سەلتەنەتلەر تارىخى ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ.

«مەسنەۋى» — ئالەمنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىشكە ئىنتىلگەن ئىنسان روھىنىڭ بۈيۈك ناخشىسىدۇر.

بۇ ئادەتتىن تاشقىرى كىتابنى پەۋقۇلئاددە قىسمەت كۈتەتتى. ئۇ كىتاب پۈتۈشى بىلەن ئادەملەر ئۇنى يادلىۋېلىشقا كىرىشتى. «مەسنەۋى» نى يادقا بىلگەن كىشى مەسنەۋىخان① نامىنى ئالاتتى.

ئىراندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھىندىستاندا، كۆپرەك كىچىك ئاسىيادا مەخسۇس مەكتەپلەر — «دەررۇل مەسنەۋى» ئېچىلىپ، جالالىدىن رۇمىنىڭ داستانىنى ئۆگىنىش، ئىزاھلاشقا كىرىشكەن. «مەسنەۋى» توغرىسىدا ئونلاپ توپلاملار تۈزۈلۈپ، ئەرەب، تۈرك ۋە پارس تىللىرىدا يېزىلەپ جىلد تەھلىل ۋە تەنقىدلەر يېزىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ دىنىي مۇتەئەسسىپلىكى، دۇنيانىڭ كۆپلىگەن مەدەنىي خەلقلىرىنى ياۋايى دەپ بىلىدىغان بۇرژۇئا ياۋروپاسىنىڭ جاھىلانە تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن تاكى XIX ئەسىرگىچە ياۋروپا بۇ كىتابتىن خەۋەرسىز ۋە مەنپەئەت ئالالماي قالدى.

## مەڭگۈلۈك

كۈنيادا ھاكىمىيەت كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇ يەردە، بەزىدە بۇ يەردە ئىسيان ئوتلىرى ئۆرلەشكە

① مەسنەۋىچى، مەسنەۋىنى ئېيتقۇچى — ت.

باشلىغانىدى. بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشلىرى، قازىلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى، باج ـ سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدارلارنىڭ ئەلەم ـ لىرى ئاخىر بېرىپ مەملىكەتنى خانىۋەيران قىلدى. يېزىلار چۆلدەرەپ، كارۋان يوللىرىنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتتى. يوللاردا قاراقچىلار تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. بىر چاغلاردا قۇدرەتلىكلىكى بىلەن تونۇلغان سالجۇقىيلار دۆلىتىنىڭ زاۋاللىق كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

جالالىدىن بۇنىڭغا شاھىد بولۇشنى خالىمايتتى. ئۇ ھېسامىدىـ دىننى ئۆزىگە خەلىپە قىلىپ ئۆستۈرگەندىن بۇيان ئارىلىقتىن ئون يىل ئۆتتى. «مەسنەۋى»نىڭ ئالتىنچى جىلدى ئاخىرلىشىپ قالغاچقا، ھېسامىدىن ئاخىرقى سەھىپىلەرنى ئوقۇپ، شائىرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم تەھرىر ـ تۈزىتىش كىرگۈز ـ گەنىدى. چالا قالغىنى پەقەت ـــ ئۈچ شاھزادە ھەققىدىكى ھې كايەت ئىدى. لېكىن ئۇ شەمسىنىڭ كىتابىدا بار، ئۇنى ۋەلەدمۇ ئاخىرغىچە يېزىپ قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

شائىرنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، سائىتى يېتىپ قالغانىدى.

يەتمىش يىل جەريانىدا شائىر تىنىم تېپىش، شەپقەت كۆرۈش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، سەرسانلىق ـ سەرگەر ـ دانلىقلار، مۇشەققەتلەر چېكىپ، ھەقىقەتنى ئىزدەشلەر ئىرادىسـ نى تاۋلىغان بولسىمۇ، سالامەتلىكىنى خوراتقان، زاھىدلىق يىلـ لىرى، جۇدالىق ـ ئايرىلىش، ئىشقىي ئازاب چېكىشلەر بىلەن كۆ ـ يۈپ ـ قاغجىرىغان تېنى ئەمدى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى.

ئۇ ھېسامىدىنغا يازغان بىر خېتىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«تېنىم ـــ خۇددى بىر يېغىر باسقان ئات. گاھ ھالسىزلىـ نىپ يېتىپ قالىدۇ، گاھ يولۋاسقا، گاھ توكۇر ئېشەككە ئايلىنىـ دۇ. دىلىم ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئۇنىمايدۇ. بەزىدە سىلىكىيدۇ، بەزىدە نوقۇيدۇ. بىردەم چەتكە قاقىدۇ، بىر ـ

دەم تىك تۇرۇپ قالدۇ. يا تىرىلمەيدۇ، يا ئۆلمەيدۇ»

بىرقېتىم كىرە خېنىم ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز هالدا: — خوجىمىز ئۆچ - تۆت يۈز يىل ياشاپ، ئالەمنى مەنا ۋە ھەقىقەت نۇرىغا تولدۇرسا، نېمە بولار ئىدى! — دېگەندە:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن! مەن مىسىرنىڭ پىرئەۋنىنى ئەمەسقۇ! — دېگەن تېرىكىپ جالالىدىن.

نەدە ئۇ دۇنيائى زېمىن، نەدە ئۇ دۇرى جاھان؟!

تېز ئېچىلىڭ ئۇ زىندانلارنى، يېپىپتۇ زۇلمەت بىئامان!

ئۆزگىلەرگە خەير ئىستەپ: بەندى زىندان بولمىشمەن،

مەن بىراۋنىڭ مېلىغا قول سوزمىغاندىم ھېچقاچان!

ئۇ كۆپىنچە كۈنلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە، ئوي - خىيالغا پاتقان ھالدا ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە ئۆلۈم ھەققىدە غەلىتە شېئىرلارنى توقۇيتتى.

قەيەردىن ئۇچقان ئىنسانلار! يۈزۈڭنى ئاچ، كۆرۈشكە بىز زار!

قېيىقى سۇغا چۆككەنلەر! بېلىقتەك كۆرسىتىڭ دىدار.

مەگەر دۇردانىگە ئوخشاش روزغار سىزنى غۇبار ئەتسە،

غۇبار ئەمەس، خۇددى سۇرمە، سۇرتىلەر كۆزلەرگە ئۇل تەكرار.

تۇغۇلغانلار! ئۆلۈم قاقىسا گەر ئىشىكنى، مەي ئىچىپ كۈتۈڭ!

ئۆلۈم ئاشىقا ياتتۇر. تۇغۇلماققا جۈرئەت ئېتىڭ!

1273 - يىلىنىڭ كۈزى كونيادا قاتتىق سوغۇق بولدى، يامغۇر كۆز ئاچۇرمايتتى. ئۇستىخاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى.

بىر جۈمە كۈنى شائىر ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردا قالدى. ئۇستىبېشى چۆپ - چۆپ ھۆل، تىترە-

گەن پېتى ئىشىكتىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇزۇنچاق، بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن قىزىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى غەلىتە چاقنايتتى.

كىرە خېنىم تېۋىپلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ھايال ئۆتمەي، تېبىبىي ئىلىمنىڭ مەشھۇر ئەللامىلىرى ئەكمەلىددىن بىلەن غەزەنفەرى يېتىپ كېلىشتى. لەخمە بولۇپ ياتقان مەۋلانىنى ئۇزاق تەكشۈردى. ئاخىر كېسەلنى بەزگەك دەپ بېكىتىشتى.

بىرنەچچە كۈن دورا ئىچۈرۈپ، مەلھەم سۈرۈپ، ھەتتا قان ئېلىشتى. ئاخىر قىزىتمىسى پەسىيىشكە باشلىدى.

يېڭى ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى سەھەردە شەھەرنى بوغۇق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئويغاتتى. ئۆيلەر سىلكىنىپ تەۋرەيتتى. ئادەملەر ۋەھىمە ئىچىدە ھويلىلار، كوچىلارغا قېچىپ چىقىشتى.

كۈندۈزى يەنە ئىككى قېتىم يەر تەۋرىدى. بەزى جايلاردا ئۆيلەر ئۆرۈلدى. كەمبەغەللەر مەھەللىسىدە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئاستىدا قالدى. كونيا ئاھالىسى — بەگلەردىن تارتىپ، تاكى پەرۋانىغىچە بولغان ھەممىسى چېدىر ۋە ئاددىي كەپىلەرگە كۆچۈپ چىقىشتى.

كەچقۇرۇن جالالىددىننى ھۈنەرۋەنلەر بازىرىدىن ئالتە نەپەر ئەخىي ئاقساقال يوقلاپ چىقتى.

ۋەلەد ئۇلارنى ئاغرىقنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى.

شائىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىككى پۇتىنى داستىكى سوغۇق سۇغا چىلىۋالغان ۋە ئالدىدىمۇ سۇ تولدۇرۇلغان ئىدىش بار ئىدى. ئۇ بىردەم ـ بىردەم ئالىقىنىنى ھۆللەپ، قىزىتمىسىنى بېسىش ئۈچۈن كۆكسىگە، يۈزلىرىگە سۈرتەتتى.

ئەخىي ئاقساقاللار — ئىش بىلەرمەن كىشىلەرنىڭ مەۋلانىـ



www.uyghurkitap.com

نىڭ ھوزۇرىغا كىلىشتە باشقا مۇددىئالىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاسماندا ۋە يەردە، ھەتتا يەر ئاستىدا تۈرلۈك ۋەقە، سىرلار بار — شائىرغا بۇ ئايان، دەپ ئىشىنىدىغانلىقتىن، بۇ يەر تەۋرەشنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولار، بىز نىمە قىلساق بولىدۇ، كىمگە تايىنىش كىرەك، دەپ سوراشماقچى ئىدى. لىكىن شائىرنىڭ كىسەل ھالىتىنى كۆرۈپ، سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى.

جالالىدىن بۇنى بايقىۋالدى. قەدىمكى سالنامىلاردىن يەر تەۋرەش سەۋەبلىرى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. كونيادا يەر تەۋرەشنىڭ ئادەتتە دەسلەپكى ئىككى قېتىملىق زەربىسى خەتەرلىك بولاتتى. ئۇمۇ دائىملا شۇنداق بولىۋەرمەيتتى. شۇڭا شائىر ئۇلارنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتقاچ، ئۆزى قىينالغان ھالدا، نەپىسى قىسىلىپ، ئۆپكىسى پۇۋلەپ تۇرسىمۇ:

— بۇ يەر تەۋرەشتىن ئەمدى چۆچۈپ كەتمەڭلار! بىزنىڭ بۇ بەختسىز يېرىمىز مايلىق لوقما سوراۋاتىدۇ، — ئۇ ئالقىنىنى ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆكسىگە يېقىپ، كۈلۈمسىرىدى، — بۇنى تۇپراققا تاپشۇرۇش كىرەك. شۇ چاغدا ئۇ تىنچىيدۇ...

ئەتىسى شەيخ سەدرىددىن كۆنەۋى ھەيۋەتلىك تون كىيىپ، بېشىغا ئۇچ غولاچ كەلگۈدەك سەللە ئوراپ، مۇرىتىنى ئەگەشتۈرگىنىچە پەيدا بولدى. ئاشۇ قىرى تۈلكىنىڭ دەستىدىن جالالىدىن كۆپ ئەزىيەت چەككەنىدى. شائىرنىڭ شىئىرلىرى، سۆيۈملۈك راۋابى، ساز ۋە سامالىرىغا شەيخ ئاتقان ئۆچمەنلىك ۋە تۆھمەت تاشلىرى، شەكسىز ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى يېقىنلاشتۇرغانىدى. شائىرلار كىسەل سەۋەبىدىن ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىقى — ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كىتىدۇ، دەپ بىكارغا دىيىشمىگەن. بىراق شەيخ سەدرىددىن ئەقىللىك ئىدى، ھەر ھالدا ئۆز ۋاقتىدا چېكىنىپ، ئەس-ھوشى بارىدا قانات-قۇيرۇقىنى يىغىۋېلىشقا

ئەقلى يېتەتتى. ئۇ كېيىنكى يىللىرى شائىرغا ھۆرمەت بىلدۈ-
رۈش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۆزىنى ئۇنىڭ مۇخلىسى دەپ
ئېلان قىلغانىدى.

بۈگۈن ئۇ ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان شائىرغا ئۆزىنىڭ ھال-
ئەھۋال سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، جىسمانىي جەھەتتىن ئا-
جىزلاپ كەتكەن مەۋلانە روھىي جەھەتتىن چارچىغان بولۇشى
مۇمكىن، ئەمدى ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى ئوغلى ۋەلەد، خەلىپىسى
ھىسامىددىنىنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ ئولتۇرماس، دەپ ئۈمىد قىلاتتى.
سەدرىددىن بۇنىڭدىن ئۆزىگە مەنپەئەت كۈتەتتى. بۇ ئاخىرقى
ئۇچراشقانلىقىنى دەستەك قىلىپ، ئۇ ئۆزىنى شائىرنىڭ ۋارىسى
ۋە ئىزباسارى دەپ ئېلان قىلماقچىدى: چۈنكى، ئۆلۈكلەر
ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ-دە.

شەيخ ئىشارەت قىلدى. مۇرتى تەزىم بىلەن ئالدىغا
چىقىپ، بىرى ئانار، بىرى ئالۇچا شەربىتىگە تولدۇرۇلغان ئىككى
كومزەكنى شائىرنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويدى. بۇ شەربەتلەر
قىزىتمىنى بېسىشقا ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

شەيخ بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ، تەزىم قىلغاندىن
كېيىن:

— مەھبۇبى ھەبىبىمىز ئاللاھۇ كېرەم ئۆزى شىپالىق
بەرگەي، سۇلتانۇل روھ! — دېدى.

جالالىدىن چۆشەكتە قەددىنى بىرئاز رۇسلاپ، قىلچىمۇ
ئىستېھزا ئىپادىسى بىلدۈرمەي، قىزغىن جاۋاب بەردى:

— مەھبۇبى ھەبىبىمىز ئاللا بىلەن ئۇنىڭ بەندە ئاشىقى
ئوتتۇرىسىدا نېپىز بىر كۆڭلەك، يەنى، بىر چەك بارمىش! سىز-
چە قانداق، بىلمەيمەن، ئەمما، مەن ئاشىق-مەشۇقلار يالىڭاچ
بولۇپ قۇچاقلاشسا ياخشى دەپ، ئويلايمەن. ئاللا سىزنىڭ ئۆزى-
ڭىزگە شىپالىق بەرگەي، مۆھتەرەم شەيخ.

ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتى تەرەپتە يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ھېسامىتدىنغا قارىدى:

بولسىمۇ ئۈستۈمدىكى كىيىم نېپىز ۋە مەيىن،
ئىشق قۇچىقىدا ئۇ جۇۋىدەك قېلىن.
تەن كۆڭلىكىنى يېشىپ، يالىڭاچ بولۇپ،
قۇچاقلىشاي ئالەم بىلەن بۈندىن كېيىن...

شائىر توختاپ نەپىسىنى رۇسلىدى. سۈكۈنات قوينىدا ھېسامىتدىنىڭ قولىدىكى قومۇش قەلەمنىڭ شىتىرلىغىنى ئاڭلىناتتى. ئۇزۇن يىل داۋامىدا قۇلىقىغا سىڭىپ قالغان ئاشۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا باشقىدىنلا يېڭى نەپەس ئاتا قىلدى. شائىر بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرغان شەيخ سەدرىددىن، قولىدا قومۇش قەلەمنى تۇتقىنىچە قاراپ ئولتۇرغان ھېسامىتدىنغا قاراپ، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ دېدى:

كۆڭۈل ئىچرە نىچۈك ئالەم، نىچۈك سۇلتان، بىلمەسسەن،
تېنىم سارغايدى، شېخىم، ياپرىقىم ئاندىن، بىلمەسسەن.
مۇنەۋۋەر بىر قۇياشمەن، قوينى ئۈنچە، دولقۇنلۇق ئۇممانمەن،
زېمىن ئاستىمدىدۇر، دىلدا ياشار ئاسمان، بىلمەسسەن.
جاھان بوستانىدا بىر ھەسەل ھەرىسىمەن، ئۇچقىنىم - ئۇچقان،
ھەسەلدەك سۆزلىرىم، لېكىن ساڭا پىنھان، بىلمەسسەن.
كەلامىدىنىمۇ مۇبارەكتۇر ئۇلار، مەن ئاشىيان قۇردۇم،
كەپتەرلىگە دېگەيمەنكى، كېلىڭ، ئەي جان، بىلمەسسەن!
ئەقىل ياتتۇر ساڭا، يوق ئىمىش پەمۇ پاراسەت ھەم،
بىلەرمەن، دەپ لاپ سۆزلىمە، ئۇلىرىڭ يالغان، بىلمەس-
سەن! —

شەيخ سەدرىددىن كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي، خىيالغا چۆكۈپ، خەلپىسىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ھويلىدىن چىقتى. بۇ بىچارە ھويلىدا نە چۆرىلەر، خىزمەتكارلار، نە خۇش چىراي يىگىتلەر، نە ھەرەم ئاغىسى، نە دەرۋازىۋەن بولسۇن. بۇ جايدا ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى قىممەت باھالىق گىلەملەر، كەڭ، يۇمشاق كۆرسلار①، زەرباب پەردىلەرنىمۇ ئۇچراتمىدى. لېكىن بۇ يەردە ئۇ شۇنداق بىر قۇدرەتلىك كۈچكە دۇچ كەلدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا سەلتەنەتنىڭ بۇ ئالىي ئۆلىماسى بارلىق دۆلىتى ۋە شان-شۆھرىتى بىلەن قۇياش نۇرىغا يولۇققان شىشە مونچاقتەك، ئۆزىنى ئۆزى ئېچىنىشلىق ۋە پۇچەك ھېس قىلدى.

ئۆزىنىڭ پۇچەكلىكى ئەمدى ھەممەيلەنگە ئايان بولۇپ كېتىدىغاندەك شۈمشەيگىنىچە ھويلىدىن چىقىپلا ئاسمانغا قاراپ، بۈيۈك بىر بەختكە ئىگە بولغاندەك، ئاجايىپ بىر شىددەت بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

شەيخ بىلەن بولغان سۆھبەت شائىرغا قىممەتكە چۈشتى. ئۇ كۈن بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا مادارى يەتمەي يېتىپ قالدى.

1273 - يىلى 16 - دېكابىر — شەنبە كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولدى. شائىر ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىل ھېس قىلدى. كۈن بويى، تاكى كۈن پاتقۇچە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ھېسامىتتىدىن ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى يېزىپ تۇردى.

كۈن بويى ۋەلەد ۋە كىرە خېنىمدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئەلىم چەلەبىي نۆۋەتلىشىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى.

ۋەلەد نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. يۈزى قا-

① يۇمشاق ئورۇندۇق، سافا — ت.

رىيىپ، سوزۇنچاق بولۇپ، مەڭىزلىرىدىكى قىزىللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاتىسى ئۇنى ئاستا چاقىردى. ئوغلىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئىچىنىش ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى.

— مەن بىرئاز ياخشى... بېرىپ ئارام ئېلىۋال...

ۋەلەد ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن كۆز ياشلىرىنى يوشۇردى ۋە تاشقىرىغا چىقتى. جالالىدىن ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە دېدى:

قوي مېنى ئەمدى، مەن كۆڭلۈڭنى بۇزارمەن،
كۆيگەن جېنىم بىلەن ھالقىپ ئۆزەرمەن —
مۇھەببەت دېڭىزىدا، ئول ھىيلە-ناز، ئاي-ھاي،
مېنى قويماس تىرىك، پات غەرق قىلغاي.
مېنى بىل ئەيىبدار، دېمە ھەممىگە-خوپ،
قوي مېنى ئەمدى، ئۆزۈڭنى قىينىما كۆپ.
بۇ ئالەم ۋادىسىدا كۆز يېشى — دەريا،
نەچچىلەپ تۇغمەننى چۆگىلىتەر ئۇ، ئاھ!
ئاشۇ باغرى تاشلار، كەل، دەپ سالار ئۈن،
سورىماسكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن يا خۇن.
ساداقەتتىن ماڭا سۆز قىلما، ئاشىق،
ھەق ئىمىش مەھبۇبىڭ، بول ئۇڭا سادىق...

ھېسامىددىن قوللىرى تىترەپ، ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قەغەزگە سىياھ بىلەن ئەمەس، يۈرەك قېنى بىلەن يازدى. بۇ — شائىرنىڭ ئالەمگە ئەڭ ئاخىرقى ئىشق ئىقرارى، دەريا-دەريا تۆكۈلگەن كۆز ياشلار بىكارغا كەتمەس، ئۇلار، ئاخىر ھەققەت تۇغمەنلىرىنى چۆگىلىتەر، دېگەن ئۈمىدى ئىدى. بۇ يەنە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغلۇم ۋەلەد ماڭا مىراسخور بولۇپ قالماي، ھەقىقىي ئىز باسار، بەلكى ھەقىقەتكە سادىق ئىسيانكار بولسۇن، دېگەن ئىشەنچىسى - ئارزۇسىمۇ ئىدى.

يەكشەنبە ئېغىر جىمجىتلىق بىلەن ئۆتتى. شائىرنىڭ كېسىلى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. بۇ خەۋەر ھۈنەرۋەنلەر بازىرىغا، ئۇنىڭدىن دەرۋىشلەر خانىقاسىغا، مەسچىت - مەدرىسە، ھويلا ۋە ئۆيلەرگە، بەگ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قورغانلىرىغا، سۇلتان سارىيىغا، كەمبەغەللەرنىڭ مەھەللىلىرىگە، ئۆپچۆرىدىكى يېزا - سەھرالارغىچە تارقالدى. پۈتۈن كونىيا دەھشەتلىك زەربىنى كۈتۈپ، نەپەسىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇراتتى.

قۇياش غەربكە ئېگىلىشىپ، تىك تاغ چوققىلىرىنى شەپەق نۇرىدا بويىدى، شەھەر كوچىلىرىدا نالە - زار، پەرياد كۆتۈرۈلدى.

بەلخ ۋائىزى، سۇلتانۇل ئۆلىمانىڭ ئوغلى، ۋەلەد ۋە ئەلىم چەلەبىينىڭ پەدەرى بۈزرۈكۋارى①، شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ دوستى-جان جىگىرى، زەرگەر سالاھىددىن، ھىسامىتتىدىن چەلەبىي، ئالاھىددىن سىريانۇسلارنىڭ پىرى - ئۇستازى، سالجۇق سۇلتانلىقىنىڭ پۇقراسى، تەسەۋۋۇپ ئەللاماسى، مەدرىسە مۆتىۋەللىسى مەۋلانە مۇھەممەد جالالىددىن ئالەمدىن ئۆتتى.

لېكىن «مەسنەۋى» ۋە «دىۋانى كەبىر»نىڭ مۇئەللىپى، ئىنسانىيەت بىلەن بىرگە، ھەربىر يېڭى ئەۋلاد بىلەن قايتا تۇغۇلىدىغان بۈيۈك شائىر ۋە دانىشمەن جالالىددىن رۇمى كىشىلىك دۇنياسى بىلەن ئەبەدىي بىرگە بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى بىلەتتى: «مەن تەختتىن تاۋۇتقا سەكرەيدىغان سۇلتانلاردىن ئەمەسمەن، مېنىڭ پېشانەمدە ئەبەدىيەت مۆھرى چاقنايدۇ» دېگەنىدى.

① باشپاناھى، ئاتىسى، ئۇلۇغ ئاتىسى - ت

ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى:

مەن ئۆلگەن كۈنى ھەرگىز قىلماڭلار غەم،
ئۇنى ھىجران كۈنى دەپ ئويلىماڭلار ھەم.
بۇ ھىجران ئەمەس ئەسلا، ۋەسلى ـ ۋىسالدۇر،
ۋىسالدا غەم يېيىش ــ كۇپرى ـ ئۇۋالدۇر.
قۇياش پاتسا يەنە بولغۇسى پەيدا،
تۆكۈلسە يەرگە دان ــ بولغاي ھۆۋەيدا①!

شائىرنىڭ ئوغۇللىرى، دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى بىردە شىبىر ئوقۇپ، بىردە سۈكۈتتە تۇرۇپ، كېچىچە ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ چىقىشتى.

تاڭ ئېتىش بىلەن جارچىلارنىڭ ۋارقىراشقان ۋاڭ ـ چۇڭـلىرى كوچىلارنى بىر ئالدى:

ــ سەلاتى جىنازا! ... سەلاتى جىنازا! ... سەلاتى جىنازا!...

كونىيانىڭ كۆپلىگەن خانىدانلىرى، كارۋان سارايلىرى، خانىقا ۋە مەدرىسلىرىدىكى كىشىلەر ئاشۇ ئاخىرقى ۋىدالىشىش خەۋىرىنى كۈتۈپ ئۇخلىمىغانىدى. جارچىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن مىڭلاپ خالايىق كوچىلارغا ئېتىلدى. ئەرلەر، ئاياللار، باللار، ئەخىي بۇرادەرلەر، ئاقساقاللار، خەلپىلەر، ساراي مۇلازىملىرى، سودىگەرلەر، يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار، يالىڭاياغ، يالاڭباشتاق كىشىلەر، يىغىپ ئېيتقاندا چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھەممىسى قىرىق يىلدىن ئوشۇقراق شەھەر خەلقىگە تونۇش ئاشۇ كۆڭلەك يوپۇق يېپىنغان تاۋۇتقا ئۆزلىرىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئادەت بويىچە قەبرە بېشىدا سويۇپ، غېرىب ـ غۇرىبالارغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن سەككىز ئۆكۈزنى تاۋۇت ئالدىدا ھەيدەپ مېڭىشتى.

① كۆرۈنمەك. ئېنىق بولماق ـ ئۇنۇپ چىقماق ـ ت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماتەم ئەھلى ساراي ۋە جىنازا نامىزى ئوقۇلىدىغان، مەسچىت جامائىتى يىغىلىدىغان ئالاھىددىن دۆڭلۈكىگە بارىدىغان باش ئاچالغا كېلىشى بىلەن، خالايىق ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ قورشىۋېلىشتى. تۈركلەر بىلەن خۇراسانلىقلار، يۇنانلار بىلەن ئەرمەنلەر، پراۋۇسلاۋلار بىلەن يەھۇدىيلار — ھەممىسلا شائىر بىلەن ۋىدالىششىقا كەلگەن، ھەر قايسىسى ئۆز قائىدە-يوسۇنى بويىچە شائىر بىلەن خوشلىشاتتى. ھاپىزلار قۇرئان ئوقۇيتتى، بىرلىرى تەۋرات، پراۋۇسلاۋ روھانىيلىرى ئىنجىل ئايەتلىرىنى مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىشاتتى. ئاشىقلار راۋاب چېلىپ، نەغمە داپلىرىنى ئۇرۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدە كۆيۈپ - پىشىپ قوشاقلار ئوقۇشاتتى. خالايىق ئورىۋالغان بۇ ماتەم سورۇنىدا جىنازىنى ئورنىدىن قوزغاپ مېڭىشقا ئىلاجىسىز ئىدى.

شۇ ئەھۋالدا تۇرغاندا، پەرۋانىنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن — ئۇ ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە تۇراتتى — ساقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئادەملەرنى ئۇرۇپ قوغلاپ، يول ئېچىشقا باشلىدى. تازا مالىمانچىلىق بولۇپ كەتتى: تىلاۋەت يىغا - زارلار، قىرائەت بىلەن ۋارقىراش - جارقىراشلار، مۇزىكا بىلەن غەزەپلىك تۋۇلىششلار بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ قالايمىقانچىلىققا ئايلاندى...

بۇ شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنى خەلقتىن ئاجراتماقچى بولغان بىر ئۇرۇنۇش ئىدى. كىم بىلىدۇ، تاۋۇت تاسادىپىي يەرگە چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ئادەملەر تۈپىنىڭ قىستىشى بىلەن ساقچىلار، تاۋۇت ئەتراپىدىكى ئۆلىما ۋە فەقىھلار، شائىرنىڭ دوستلىرىنىڭ ھالى نېمە بولار ئىدىكىن. قارسىلداپ سۇنغان تاۋۇتنىڭ ياغاچلىرى ۋە يەردە ياتقان ئاق كېپەننى كۆرگەندە، ئادەملەر بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن ھەيران بولۇشۇپ، تورۇپلا

قىلىشتى. دوستلىرى شائىرنى قوللىرىدا كۆتۈرۈشتى، تاۋۇتنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان ئۇستىلارنىڭ تاقۇر-تۇقۇرىنى بىسىپ، قۇرئان ئايەتلىرى يەنە گۈرۈلدەپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

چوقچىيىپ تۇرغان قالپاقلىرىنىڭ ئۈستىدىن قىلىن دەستار ئورىغان ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇق، يىرىمجان بىر گەۋدە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ مۇئىنىدىن پەرۋانە تۇرغان يەرگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ — ئاشۇ يىرىم جان بوۋاي، بىر چاغدا جالالىدىنغا جاھىللارنىڭ سوئاللىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن يۈگۈرۈك فەقىھ ئىدى. ئۇ پەرۋانىنىڭ ئالدىغا بىرىپ، بىشى يەرگە تەگكۈچە تەزىم قىلىپ، قويۇق ساقاللىرىنى توپىغا مىلەپ:

— ئاھ، ئالەم پاناھى، مۇرۇۋۋەتكە تولغان، ئەمىرۇل ئۆمەرا! دىنى - ئىمان پىشىۋالىرى تەشۋىش ئىچىدە قالدى، ئۆز شەيخىنى دەپنە قىلىۋاتقان مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا نەسرانىي ۋە يەھۇدىيلەر نىمە قىلىدۇ؟ پادىشاھى ئىسلامنىڭ مەركىزىگە كىلىشكە ئۇلار قانداق جۈرئەت قىلىشقان؟ ئۇلارنى قوغلاشقا پەرمانى ئالىي بىرىڭكى، تاكى بەندەئى مۆمىن جالالىدىن مۇھەممەدكە سالاتى جىنازا ئوقۇغاي!... — دىدى.

— راست دىدىڭ، فەقىھ! — دەپ ئۇنىڭغا بىشىنى ئىرغىتتى پەرۋانە. شۇ ئاندىلا خىرىستىئان روھانىيلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئۆز قوۋملىرىنى ئىلىپ چىقىپ كىتىشنى بۇيرۇدى.

— ئەي مەرھەمەتلىك ھۆكۈمدار! قۇياش يەر يۈزىنى يورۇتقانىدەك، مەۋلانە ھەقىقەت نۇرى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يورۇتمىش. قۇياش — ھەممىنىڭ مۈلكى، شۇنداقلا مەۋلانە ئىيتقانىكى: «يەتمىش ئىككى خەلق مەندىن بىلىم ئۆگىنىدۇ. مەن — بىر نەيدۇرمەنكى، ھەر بىر پەدىدىكى سازىمدا يۈزلەپ سادالار ياڭرايدۇ!» ئەگەر قوۋملىرىمىزغا بۇيرۇساقمۇ، ئۇلار قولاق سالمايدۇ...، — دىدى بىر روھانىي.

— مەۋلانە — بىر نانغا ئوخشىشىدۇ، — دەپ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى يەھۇدىيلەر جامائىتىنىڭ روھانىيسى ھەيەفغا، — نان ھەممىلا ئادەمگە لازىم. ئەمىرىم، ئاچلارنىڭ ناندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى نەدە كۆرۈۋىدىڭىز؟...

مۇئىنىددىن پەرۋانە ئىلاجسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ نېمىشقا قىلالايتتى؟ بىرەر كۆچ بۇ مەرىكىدە مۆمىنلەرنى غەيرىي دىنلاردىن ئاجرىتالمايتتى. جالالىددىن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىدى.

مەيلى ئۇ، كىم بولمىغىن، كەل بەرىبىر،
دەھرى ۋە ئاتەشپەرەست بول، بەرىبىر.
نەچچە رەت ئەھدىڭنى بۇزغىن — بەرىبىر،
تا ئۈمىد قويماس سېنى ئاستانىمىز.
مەيلى سەن كىم بولمىغىن، كەل بەرىبىر...

تاۋۇتنى يەلكىلىرىگە ئېلىشتى. يەنە شېئىر ئوقۇش، دۇئا-تىلاۋەت، نەغمە-ناۋا، ئاھۇ زارلىق سادالىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. يەنە قىستا-قىستاڭچىلىقتا سۈرۈن يەنە توختىدى. يەنە قىلىچ ۋە كالتەكلەر ئىشقا سېلىندى. يەنە جالالىددىننىڭ تاۋۇتى يەرگە چۈشتى. ئادەملەرنىڭ مۇردىسىدە كۆتۈرۈلۈپ بارىدىغان بۇ ئارىلىقتا شائىر ھايات ۋاقتىدا يىگىرمە مىنۇتتىلا يېتىپ بارغان بولاتتى. مانا مۇشۇنچىلىك ئارىلىقتىكى يولدا تاۋۇت تۆت قېتىم سۇندى. ساقچىلار ئادەملەرنى تۆت قېتىم كالتەكلەشتى. شائىرنىڭ قانات-قولى بولۇپ كەلگەن ئۇستىلار تۆت قېتىم ئۇنىڭ ئاخىرقى ئورنى — تاۋۇتنى تۈزەپ ياساشتى.

سەھەردە يولغا چىققان قوشۇن پەقەت كەچكە يېقىن مەسچىتكە يېتىپ بارالىدى.

تاۋۇتنى تاش سۇپىغا قويۇشتى. ئالدىغا شەيخ سەدرىددىن كونەۋى چىقىپە يېڭىدىن تەسبىھىنى ئالدى. شائىر ئۆز تاۋۇتى

ئۈستىدە جىنازا نامىزى ئوقۇشنى گويا ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلغانمىش.

— مەرھەمەت قىلىڭ، ئاھ، پادىشاھۇل ماشايىق! — دەپ ۋارقىرىدى جارچى شەيخ سەدىرىددىنگە.

سەدىرىددىن تاۋۇتقا يېقىنلاشماقچىدى، شائىرنىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرغان تېۋىپ ئەكمەلىددىن چىداپ تۇرالمىدى:

— ھەي جاكارچى، ئاغزىڭنى يۇم! پادىشاھۇل ماشايىق پەقەت يالغۇز مەۋلانىلا ئىدى! — دېدى.

سەدىرىددىن قولىدىكى تەسبىھنى تۇتقىنىچە تاشتەك قېتىپلا قالدى. پۈتۈن شەھەر ئالدىدا رىياكارلىقى پاش بولغاندەك، بېشى پىررىدە بىر قايدى - دە، گۇپپىدە قىلىپ يەرگە يىقىلدى.

ئۇنى ئۇ يەردىن ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جىنازا نامىزىنى قازى سىراجىددىن ئوقۇدى.

— خالايىق، مەرھۇمنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىزلەر؟

— بىلىمىز! ؟ — مەيداندىكى ھەممەيلەن گۇررىدە قىلىپ جاۋاب بېرىشتى.

— مەرھۇم قانداق ئادەم ئىدى؟

— ياخشى ئادەم ئىدى!... جايى جەننەتتە بولسۇن!...

بۇ دەھشەتلىك كۈنمۇ ئاخىرلاشتى. سۇلتانۇل ئۇلىمائى بەلخى ۋە زەرگەر سالاھىددىن كونياۋى قەبرىلىرىنىڭ يېنىدا يەنە بىر قەبرە پەيدا بولدى. قۇربانلىققا سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشلىرى كەمبەغەل - نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. خالايىق تارقىلىشقا باشلىدى.

ھەممىدىن كېيىن شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن شەھەرگە قايتقان كىشى — ھېسامىددىن ئىدى. ياق، ئۇنىڭ دوستى، يولەنـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭ تېغى، ئۇنىڭ پىرى ئۇستازى مەۋلانە جالالىدىن قارا تۇپـ
راقىقا ئەمەس، ئۇنىڭ قەلبىگە دەپنە قىلىندى. ئۇ غوۋۋا نامازشام
قاراڭغۇسىدا ئۆيلىرىگە تارقىشىپ كېتىۋاتقان ئەنە شۇ ئىنسانلار
قەلبىدە ياشايتتى. ئۇستاز راست ئېيتقان:

ئەگەر ئۆلسەم، مېنى ئەسلا قارا تۇپراقتىن ئاختۇرماڭ،
ياشارمەن ئەھلى ئارىف كۆڭلىنى مەڭگۈ ماكان ئەيلەپ...

ئاشۇ كۈندىن ھازىرغىچە يەتتە يۈز يىل ئۆتتى. بىز كونـ
يادىكى ئالاھىددىن دۆڭلۈكى ئۈستىدە تۇرماقتىمىز. شەھەرنى قورـ
شاپ تۇرغان شەھەر سېپىللىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. شامال
دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېنىك تەۋرەتمەكتە. پەقەت يېرىم
ۋەيرانە ھالدا چوقچىيىپ تۇرغان مۇنار بۇ يەردە بىر چاغـ
لاردا مۇسۇلمان دۇنياسى قۇدرەتلىك سۇلتانىنىڭ سارىيى ئىكەنـ
لىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

دۆڭلۈك ئۈستىدىن شەھەرنىڭ باش ئۆتۈشمە يولىنىڭ
ئاخىرىدىكى مەسچىت مۇنارلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. مەسچىت گۈمـ
بىزى يېشىلغا مايىل ئىدى. ئۇ بىر قارىسا دېڭىز دولقۇنلىرىغا،
بىر قارىسا كونيانىڭ قىش ئاسمىنىغا ئوخشايتتى. بۇندىن يەتتە
يۈز يىل بۇرۇن ئەنە شۇ يولدىن جالالىدىن رۇمىنى كۆتۈرۈپ
ئۆتۈشكەن. يېشىل گۈمبەز — قۇببەئى ھەزرە ئۇنىڭ قەبرە
ئۈستىدە ئىككى يېرىم ئەسىر كېيىن ياسالغان.

مەسچىتتە ھازىر مۇزېي جايلاشقان. ئۇ يەردە شائىرنىڭ
پاختىلىق چوڭ چاپىنى①، ئۈچ دانە يۇڭ تەكىيىسى، شېئىرلىرىنىڭ
دەسلەپكى رويخېتى، زاماندâشلىرىنىڭ قول يازما كىتابلىرى ساقـ
لانماقتا. قۇدۇقتا تاشلانغان شەمسىددىن تەبرىزىدىن قالغان ئەلەم
ۋە كەشتىلەنگەن قېيىق قالپاقمۇ شۇ يەردە.

ئىچكىرىكى كەڭ سەينادا توختىماي شىرىلداپ سۇ ئېقىپ

① «تون» دەپ ئاتىلىدىغان چاپان — ت.

تۇرىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن، قاش - كۆزىنى قارا رومال بىلەن ئورىۋالغان دېھقان ئاياللار، قارا كۆزەينەك تاقاپ، تار ياكى كەڭ يوپكا كىيگەن، بويىنىغا فوتو ئاپپارات ئېسىۋالغان ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر، ئەتقەرە ۋە ئىستانبۇلدىن كەلگەن يولۇچىلار، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان تەرەپتىن كەلگەن سەييائىلار، ھۆرنەۋەنلەر، ئەمەلدارلار، تالىپلار قاتارلىق كىشىلەر يۈرۈشەتتى.

كىشىلەر مۇزېيغا ئاياغ كىيىملىرىنى يېشىپ قويۇپ كىرىدۇ. ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا قەدىمكى ئاھاڭ — شائىر ياخشى كۆرگەن راۋاب ۋە نەي بىلەن ئورۇندالغان ساز چېلىنىپ تۇرىدۇ. ئەينەكلىك تەكچىلەرگە ئاپئاق لىباسلار كىيىپ، ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان ئاشىقلارنىڭ كىچىك - كىچىك ھەيكەللىرى قويۇلغان. كىمدۇر بىرى يېنىمدا پىچىرلاپ، جالالىددىننىڭ قىلىن ئاق قەغەزگە يېزىلغان خېتىنى ئوقۇدى:

— ھەرقانچە ئوخشاش بولساڭ، ئاشۇنچىلىك بار بولغىن، ھەرقانچە بار بولغان بولساڭ، شۇنچىلىك ئوخشاش بولغىن.

مەسچىتنىڭ تاملىرىغا XVI ئەسىرنىڭ مەشھۇر خەتتاتلىرى خەتتى نەستەلىق نۇسخىسىدا بىرتۇتاش خەت يېزىشقان، قارىغان كىشىگە ئاجايىپ شېئىر گۈلشىنىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. يەنە كىمدۇر بىرى يېنىمدا تۇرۇپ ئوقۇدى:

ئالدىمدا تۇرسا قاچامدا قېتىق،
جاھان شەربەتلىرى نە كېرەك ماڭا.
گەرچە مەن ئاچ، قىينار ئۇ مېنى،
تېگىشمەسمەن ئەركىمنى قۇللۇق ساڭا...

سۇلتانۇ سەلاتىن، ۋەزىرۇ - ۋۇزرالارنىڭ ئىزلىرى ئالەمدىن ئاللىقاچان ئۆچتى. ئۇلارنىڭ پەرمانۇ پەرمايىشلىرى قېنى؟ سال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇقىلار سەلتەنىتىنىڭ پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ناملىرىنى بۈگۈن كىممۇ ئەسلەپ ئولتۇرىدۇ؟

يەتتە يۈز يىل ئۆتتى. جالالىدىننى ئەسلەپ، زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھەر كۈنى ئون ئالتە مىڭغا يېقىن زىيارەتچى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار نېمىشقا كېلىشىدۇ؟

كوچىغا چىقساق، قۇياش كونيا شەھىرىنى ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاسماندا رېئاكتىپ ئايروپىلاندىن چىققان ھورسىمان ئاق تۈتۈندىن ھاسىل بولغان ئىس تارقىلىپ كېتىۋېتىپتۇ. يەتتە يۈز يىل.

لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، جالالىدىن رۇمى بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ ئايىغى يەتكەنلىكىنى ئاڭلىيالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچىلىك ھەيران قالماس ئىدى. ئۇ ئۆز ئەقلى ۋە روھىي قۇدرەتلىرىنى تىزگىنلىۋالغان ئىنسانىيەت ئالەمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

ئۇنى ۋاسىتىلەر ئەمەس، مەقسەت ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەت — ئىنسانىي كامىللىق ئىدى.

بۇ كىتاب سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان غاپۇر غۇلام ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据苏联乌孜别克斯坦共和国吾甫尔。吾拉木文艺出版社乌孜别克文版1985年第1版翻译出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۇل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مۇتەللىپ

# جالالىدىن رۇمى

ئاپتورى: رادىي فىش (سوۋېت ئىتتىپاقى)
ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھاكىم مۇسا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.875، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1991 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 4870
ISBN7 — 228 — 01596 — 7/I·534
باھاسى: 3.50 يۈەن

责任编辑：帕提古丽·米吉提
责任校对：阿达来提·木塔里甫

加拉利丁·鲁米（维吾尔文）

（苏联）拉地皮西著
阿克木·木沙译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本12.875印张1插页
1991年10月第1版　1991年10月第1次印刷
印数：1——4,870

ISBN7-228-01596-7/I.534定价 3.50 元

MUEX